ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى



# میهری نقاب

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 978-7-228-09855-2
9 787228 098552 >
定价：17.00 元

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

# مېهرى نقاب

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间故事.6/《维吾尔民间文学大典》编委会编.－乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.2(2007.3重印)
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978－7－228－09855-2

Ⅰ.维… Ⅱ.维…Ⅲ.维吾尔族－民间故事－作品集－中国－维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第010418号

策　　划：阿布都热合满.艾白
　　　　　艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布勒孜.阿巴斯 等

维吾尔民间故事 — 6（维吾尔文）
《维吾尔民间文学大典》编委会 编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路348号 邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230毫米 32开本 11.375印张 2插页
2006年2月第1版 2007年3月第2次印刷
印数：4,001-7,000

ISBN 978 7 228 09855-2　定价：17.00元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

مېھرى نىقاب

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 32/1
باسما تاۋىقى: 11.375 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 4,001-7,000
ISBN 978-7-228-09855-2
باھاسى: 17.00 يۈەن

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن

ئۈرۈمچى

2006-يىلى



# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر
# 30 كىتاب نەشردىن چىقتى

## ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى

(2 كىتاب)

| | |
|---|---|
| 1. كۆك ياللىق بۆرە | 19.00 يۈەن |
| 2. كۆك گۈمبەز | 19.00 يۈەن |

## ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

(10 كىتاب)

| | |
|---|---|
| 1. بۇلبۇلگويا | 17.00 يۈەن |
| 2. يېرىل تېشىم، يېرىل | 17.00 يۈەن |
| 3. قىلىچ باتۇر | 18.00يۈەن |
| 4. ئەجدىھا يىگىت | 17.00 يۈەن |
| 5.كۈمۈشقاپ پادىشاھنىڭ قىزى | 18.00 يۈەن |

| | |
|---|---|
| 6. مېھرى نىقاب | 17.00 يۈەن |
| 7. ھۆۋەي باتۇر | 17.00 يۈەن |
| 8. دانىشمەن دىۋانە ۋە ئادىل پادىشاھ | 17.00 يۈەن |
| 9. مەلىكە بەرنا | 17.00 يۈەن |
| 10. بۇقا موزايلاپتۇ | 17.00 يۈەن |

## ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى

(5 كىتاب)

| | |
|---|---|
| 1. ئەمىرگۇر ئوغلى | 17.00 يۈەن |
| 2. نۇزۇگۇم | 17.00 يۈەن |
| 3. يۇسۇپ - زىلەيخا | 18.00 يۈەن |
| 4. تاھىر - زۆھرە | 18.00 يۈەن |
| 5. كاككۇك بىلەن زەينەپ | 19.00 يۈەن |

## ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

(5 كىتاب)

| | |
|---|---|
| 1. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ① | 15.00 يۈەن |
| 2. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ② | 12.50 يۈەن |
| 3. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ③ | 16.50 يۈەن |

4. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ④ 16.50 يۈەن

5. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ⑤ 15.00 يۈەن

## ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى

(2 كىتاب)

1. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ① 19.00 يۈەن

2. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ② 20.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى** 8.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى** 21.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق لاپىلىرى** 4.50 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى:** ھېسام چاقچاقلىرى 15.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرى** 13.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى** 5.00 يۈەن

**(بۇ بىر يۈرۈش 30 كىتابنىڭ ئومۇمىي باھاسى 480 يۈەن)**

# مۇندەرىجە

ئىگەمبەردى.................................................1
ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆرۈش ................6
قۇندۇز بىلەن يۇلتۇز..................................15
ئىپىق سۇلتان ........................................36
خۇرشىد مەرگەن ....................................41
باتۇر قىز ...............................................49
كەمەك ھەييار بىلەن مۇختەرھەييار ............58
تادان بىلەن گول ......................................70
شاھزادە بىلەن ئالتۇنبېلىقنىڭ دوستلۇقى .......87
شاھزادە نەۋجاھان ...................................100
ئارزۇگۇل ...............................................127
قانخور شاھنىڭ ھالاكىتى ..........................159
ئىلىم ـ ھېكمەتنىڭ خاسىيىتى .....................165
بەڭۋشى بىنارى ........................................177
مېھرى بىلەن ۋاپا .....................................200
پادىچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى .....................231
دېۋىنى قورقۇتقان باتۇر ............................244
زېرەك ....................................................249
ئەينەك تاغ ..............................................268
خىزىر نىياز .............................................289
قۇدرەتنىڭ كەچۈرمىشلىرى ..........................310
شەيتاننى ئالدىغان تاز ...............................328
مېھرى نىقاب ............................................334

# ئىگەمبەردى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا توقسۇنباي دېگەن بىر مەرگەن ئۆتكەنىكەن. ئەل - يۇرت ئۇنى: «ئاتقان ئوقى زايە كەتمەيدۇ» دەپ تەرىپلىشىدىكەن. توقسۇنباي يەتمىش ياشقا كەلگەندە، قوزۇقتا يىگىرمە يىل ئېسىقلىق تۇرغان ئوقيانى قايتا قولىغا ئېلىپ، ئۆزىنى بىر سىناپ باقماقچى بولۇپ يەنە ئوۋغا چىقىپتۇ.

توقسۇنباي ئېتىغا مىنىپ، بىر بەلدىن ئېشىپ، ئوتلاۋاتقان بىر توپ كېيىكنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ قاپتۇ. ئوقياسىنى ئوقلاپ، ئەڭ چەتتە ئوتلاۋاتقان بىر كېيىكنى ئېتىپتۇ، كېيىك شۇ يەرگىلا يىقىلىپتۇ. توقسۇنباي: «خۇدا، ماڭا ئۇزۇن ئۆمۈر بېرىپسەن، كۆز نۇرۇمدىنمۇ ئايرىماپسەن» دەپ خۇداغا شۈكۈر ئېيتىپ، كېيىكنى بېسىپ بوغۇزلىۋاپتۇ، ياش ۋاقتىدىكى ئادىتى بويىچە كېيىكنىڭ ئىچىنى يارماستىن، تۆشىنى ئايرىپ ئاپتۇ، ئازراق كاۋاپ قىلماق بولۇپ، بىر پارچە گۆشىنى ئەمدىلا كېسىۋېلىپ قولىغا ئېلىشىغا، گۆش چاچراپ چىقىپ كېسىلگەن ئورنىغا بېرىپ يېپىشىپ قاپتۇ. كېيىكنىڭ تاش ئۈستىدە تۇرغان تۆشىمۇ سىيرىلىپ چۈشۈپ، كېيىكنىڭ گەۋدىسىگە يېپىشىپ قاپتۇ. كېيىك ساپساق بولۇپ ئەسلىگە كېلىپ، ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ قېچىپتۇ. بۇ كارامەتكە توقسۇنباي ھەيران بولۇپ:

— ئەي كېيىك، ھېچبولمىغاندا بۇ سىرنىڭ باش - ئاخىرىنى بولسىمۇ بىلىپ قالاي، زادى ھايۋانمۇسەن، شەيتانمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. كېيىك كەينىگە قاراپ:

— مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئىگەمبەردىدىن سورا ! — دەپتۇ - دە، كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

توقسۇنباي تېخىمۇ ھەيران بولۇپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. بۇ سىرنىڭ تېگىگە يەتمەك بولۇپ، يىراق - يېقىندىكى ئىگەمبەردى ئىسىملىك كىشىلەرنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ، بۇ ئەتراپتا ئۇنداق ئادەم يوق ئىكەن. ئىزدە - ئىزدە چەت - ياقىدىكى بىر مەھەللىگە بېرىپ قاپتۇ. بۇ يەردە ئىگەمبەردى ئىسىملىك ئاپئاق ساقال بىر بوۋاي بار ئىكەن. بوۋاي مېھماننى ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن قارشى ئاپتۇ. تاماقتىن كېيىن، توقسۇنباي ھېلىقى كېيىكنىڭ ۋەقەسىنى سۆزلەپ، بۇ ئىشنىڭ سىرىنى سوراپتۇ.

ئىگەمبەردى ساقىلىنى سىلاپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ - دە، ئاخىردا: «خۇدا مېنىڭ سىرىمنى ئادەمزاتقا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بۇ كېيىكنى سىلىگە يولۇقتۇرۇپتۇ. ئەمدى ئېيتمىسام بولماس» دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ.

— ياش چاغلىرىم ئىدى، — دەپ ھېكايە قىپتۇ ئىگەمبەردى، — ئاتام ماڭا بىر باينىڭ قىزىنى ئېلىپ بەرمەكچى بولدى. قېيناتام بىزگە ئاتاپ يېڭى ئۆي سالغانىكەن. ئۆز ئاتامنىڭ رازىلىقى بىلەن قىزنىڭ ئۆيىگە ئوغۇلچىلاپ كىردىم. قىز توي كۈنى مېنى يېنىغا ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن بارمىقىدىن بىر تال ئۈزۈكنى چىقىرىۋالدى - دە: «قامچا بولۇپ كەت !» دېدى. ھېلىقى ئۈزۈك قىزنىڭ قولىدا قامچىغا ئۆزگىرىپ قالدى. ئۇ ماڭا قاراپ: «بۆركۈت بولۇپ كەت !» دەپ بىر قامچا ئۇرۇۋىدى، بىر بۆركۈتكە ئايلىنىپ قالدىم.

ئۆچتۆم، ئۆچتۆم، تاڭ سەھەردە بىر كىشىنىڭ ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى باراڭغا قوندۇم. ئۆي ئىگىسى مېنى كۆرۈپ: «تازىمۇ قىران بۈركۈت ئىكەن» دەپ تۇتۇپ ئوۋغا سالدى. كۆزۈمگە كۆرۈنگەننىڭ ھەممىسىنى ئالدىم. ھېلىقى كىشى بارغانسېرى بېيىپ، ئىززەت - ھۆرمەت تاپتى، پۇتلىرىمغا ئالتۇندىن زەنجىرلەرنى بېكىتتى. بىر كۈنى مۇشۇ ئالتۇن زەنجىرنى قىزغا ئېلىپ بارسام، بەلكىم مېنى ئۆز ئەسلىمگە قايتۇرار، دېگەن ئۈمىدتە ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۈم - دە، قىزنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ قوندۇم. قىز مېنى كۆرۈپ: «ئەي جانىۋدرىم، كەلدىڭمۇ؟» دەپ قولىغا ئېلىپ باش - كۆزۈمنى سىلاپ، پۇتۇمدىكى ئالتۇن زەنجىرنى يېشىۋالدى، ئاندىن ھېلىقى ئۈزۈكنى بارمىقىدىن چىقىرىۋېلىپ قامچىغا ئايلاندۇردى - دە: «ئىت بولۇپ كەت!» دەپ ماڭا بىر قامچا ئۇردى، مەن يوغان بىر ئىتقا ئايلىنىپ قالدىم.

ئۆز تەقدىرىمدىن ھەسرەتلىنىپ بېشىم قايغان تەرەپكە ماڭدىم. يېرىم كېچە بولغاندا سەككىز كىگىز ئۆي تىكىلگەن بىر قويچىلار مەھەللىسىگە يېتىپ كېلىپ، مال قورۇلىرىنىڭ چېتىدە ياتاتتىم، بىر چاغدا ئوپۇر - توپۇرچىلىقتىن ئويغىنىپ كەتتىم. قارىسام، قويلارغا بۆرە تەگكەنىكەن. بىر توپ بۆرە بىلەن ئېلىشىپ ھەممىسىنى تالاپ يىقىتتىم. تاڭ ئاتقاندا قويچىلار ئويغىنىپ، قاشانىڭ ئەتراپىدىكى بۆرە ئۆلۈكلىرىگە قاراپ ھەيران بولۇپ قېلىشتى، بىر قېرى قويچىنىڭ ماڭا كۆزى چۈشۈپ: «قاراڭلار، بۇ كىمنىڭ ئىتىدۇ؟ بىزنى كېچە كەلگەن بالا - قازادىن قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ!» دېدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ قويچىلارنىڭ ئەتىۋارلىق ئىتى بولۇپ قالدىم. ئۇلار مېنى كۆڭۈل قويۇپ باقتى، مەن بولغاچقا كېچىلىرى بەخىرامان ئۇخلايدىغان بولدى. ماللىرى كۆپىيىپ،

قورۇغا سىغمىغانلىرىنى سېتىپ ئالتۇنغا ئالماشتۇرۇشتى. بىر كۈنى قويچىلار ئارىسىدا بۇ ئالتۇنلارنى بۆلۈشۈش توغرىسىدا ماجىرا چىقتى. شۇ چاغدا ھېلىقى قېرى قويچى:

— ھەي قويچىلار، بىزگە نېمە يېتىشمەيدۇ؟ بۇ ئالتۇننى بۆلۈشۈپ نېمە قىلىمىز؟! ئۇنىڭدىن كۆرە بۇنى سادىق ئىتتىمىزنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويايلى، ئۇ كەلگەندىن بېرى مېلىمىز ئامان، تۇرمۇشىمىز تىنچ بولۇپ قالدى، — دېدى.

قويچىلار تېرىدىن ھەميان تىكىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ئالتۇنلارنى تىقىپ بوينۇمغا ئېسىپ قويۇشتى. ئەمدى بۇ ئالتۇنلارنى ئاپىرىپ بەرسەم، قىز ئىنساپقا كېلىپ مېنى ئەسلىمگە قايتۇرار، دېگەن خىيالدا شۇ كۈنى قويچىلار مەھەللىسىنى تاشلاپ، ئايالىمنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلدىم. ئايالىم باش – كۆزۈمنى سىلاپ، بوينۇمدىن ھەميانىنى يېشىۋالدى – دە، يەنە ئۇزۇكنى قامچىغا ئايلاندۇرۇپ: «مۈشۈك بولۇپ كەت» دەپ شىلتىدى. شۇ زامات مۈشۈك بولۇپ قالدىم. تالاغا يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئەمدى قېچىپ نەگە بارارمەن، دەپ، ئۆچ ئېلىش نىيىتىگە كەلدىم – دە، ئۆيگە ئاستا قايتىپ كېلىپ، ساندۇقنىڭ ئاستىغا مۆكۈنۈۋالدىم.

ئايالىمنىڭ بىر موماي خىزمەتكارى بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايى تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. بىر چاغدا ئۆيگە شۇ موماي كىرىپ كەلدى. كۆڭلۈمگە، ھەممە شۇملۇقنى تېرىۋاتقان مۇشۇ جادۇگەر بولسا كېرەك، دېگەن گۇمان چۈشتى – دە، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى مورلاپ ئويۇۋەتمەكچى بولۇپ، سەكرەپ مۈرىسىگە چىقىۋالدىم. ئۇ چۆچۈپ ماڭا قاراپ:

— ئەي، سەن ئىگەمبەردى ئەمەسمۇ؟ ماڭا چېقىلما، سېنىڭ بېشىڭغا چۈشكەن كۈنلەرنى بىلىمەن. ئۇ قىزنىڭ سەندىن باشقا ئوينىشى بار، ھەر كۈنى شۇ يىگىتنى بىلەن كۆڭۈل

ئاچىدۇ. قىزنىڭ خىيالى سېنى كۆزدىن يوقىتىش. ئىشەنمەسەڭ، قىز ياتىدىغان ھۇجرىغا كىرىپ بايقاپ تۇر. ئۇلار قوچاقلىشىپ يېتىپ ئۇيقۇغا كەتكەندە قىزنىڭ ئاغزىغا قويرۇقۇڭنى سۇركە، ئۇ ھېلىقى ئۈزۈكنى كېچىسى ئاغزىغا سېلىپ ياتىدۇ، قويرۇقۇڭنى سۇركىسەڭ، كۆڭلى ئاينىپ قەي قىلغاندا ئۈزۈكمۇ يەرگە چۈشىدۇ. ئۈزۈكنى ئېلىپ ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى كۆك تاشقا: «ئەمدى ئىگەمبەردى بولمەن» دەپ سۈركىسەڭ، ئەسلىڭگە قايتىسەن، — دېدى.

موماينىڭ سۆزىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، ئۇنىڭ دېگىنىچە قىلىۋىدىم، راستتىنلا ئەسلىمگە قايتتىم. ئۈزۈكنى قامچىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۆينىشى بىلەن قوچاقلىشىپ ياتقان ئايالىمنىڭ قېشىغا كېلىپ: «تۆگە بولۇپ كېتىڭلار !» دەپ شىلتىۋىدىم، ئۇلار بىر جۈپ ئەركەك - چىشى تۆگىگە ئايلاندى. ئۆيدىكى مال - مۈلۈكلەرنى تۆگىلەرگە ئارتىپ، ئۆز ئۆيۈمگە قايتىپ كەلدىم.

ئاتا - ئانام مېنىڭ خەۋىرىمنى ئالالماي بىر كۆزى ياش، بىر كۆزى قان ھالەتتە تۇرغانىكەن. خۇشال كۆرۈشتۇق. تۆگىدىكى ماللارنى چۈشۈرۈپ، ئۈزۈكنى يەنە قامچىغا ئايلاندۇرۇپ: «كېيىك بولۇپ كېتىڭلار !» دەپ تۆگىلەرگە شىلتىۋىدىم، تۆگىلەر كېيىككە ئايلىنىپ چۆلگە چىقىپ كېتىشتى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇلارنى يولۇقتۇرمىغانىدىم، ئۇ ئىشنىمۇ ھېچبىر كىشىگە تىنمىغانىدىم. بەلكىم سىزگە يولۇققان كېيىك شۇ كېيىكلەرنىڭ بىرەرى بولسا كېرەك.

ئىگەمبەردى ھېكايىسىنى شۇ يەردە تۈگىتىپتۇ. توقسۇنباي، يائاللا، شۇنچىلىك ۋاقىت ئوۋچىلىق قىلىپ يۈرۈپ بۇنداق ۋەقەنى ئاڭلىمىغانىكەنمەن، دەپ، ئىگەمبەردىگە رەھمەت ئېيتىپ قايتىپتۇ.

# ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆرۈش

زامانى ئاۋۋالدا زالىملار ئەتىۋار، ئادالەتلىكلەر خار، ھەسەتخورلار مەنسەپدار، ئاق كۆڭۈللەر زار بولغان، پارىخورلار بېيىپ، ساداقەتمەنلەر نامراتلاشقان، بىلىمسىزلەر يۈز تاپقان، ئىلىم ئەھلى خارلانغان، گۈلنىڭ ئورنىنى تىكەن، بۇلبۇلنىڭ ئورنىنى زاغ ئالغان بىر مەملىكەت بولغانىكەن. ئۇ ئەلنىڭ شاھى ناھايىتى دۆت ۋە كالۋا ئىكەن، قىرىق خوتۇنى بولسىمۇ، ھېچقايسىسىدىن پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنىكەن. بۇ شاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى تولىمۇ ئادىل، ئۇنىڭ خوتۇنى دانىشمەن ئىكەن.

ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ، شاھقا قېرىلىق يېتىپتۇ، ئۇ ئۆز پۇشتىدىن تامغان ۋارىسنىڭ يوقلۇقىدىن غەمگە پېتىپتۇ. ئوردىدىكى پىتنىخورلار، خائىنلار شاھلىق تەمەسىدە چاياندەك قۇتراپتۇ، ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپتۇ. سول قول ۋەزىر، دىۋانبېگى قاتارلىقلار ئوڭ قول ۋەزىرنى شاھلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى توسالغۇ دەپ قاراپ، ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش مەقسىتىدە بوھتانلارنى چاپلاپ، ئۇنى شاھقا چېقىپتۇ. شاھ غەزەپكە كەپتۇ، بىراق ئوڭ قول ۋەزىرگە ئاشكارا قول سېلىشنى ئەپ كۆرمەپتۇ ـ دە:

— ئۇ سەۋەبىنى بىلمەيدىغان، نام ـ نىشانسىزلا يوقىلى-

دىغان بىر ئەپلىك چارە تېپىڭلار، — دەپتۇ.

پېتىنخورلار شۇ كېچىنىڭ ئۆزىدە سول قول ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە توپلىنىپتۇ، تۈرلۈك ئامال - چارىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە دىۋانبېگىنىڭ تەدبىرى ھەممىگە ماقۇل بوپتۇ.

— شاھ ۋەزىرگە ھەرقانداق كېسەلگە شىپا بولىدىغان، ئادەمنى ياشارتىدىغان مېۋە تېپىپ كېلىشنى تاپشۇرسۇن، شەھەردىن ئاتلىق ماڭغاندا تۆت كۈندە يېتىپ بارىدىغان بىر تاغ بار، تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چوڭ باغ بار. بۇ كۆھقاپنىڭ دىۋىلىرىگە تەئەللۇق باغ، ھېلىقى مېۋە پەقەت شۇ باغدىلا بار. بۇ باغدىن ئادەم بالىسىنىڭ بىرەر تال مېۋە ئېلىپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. ئوڭ قول ۋەزىر شاھنىڭ پەرمانىنى ئورۇنداش ئۈچۈن شۇ باغقا بېرىشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئۇ يەردە دىۋىلەرنىڭ قولىدا ئۆلمىگەندىمۇ، باشقا ئىككى خەۋپتە ئۆلىدۇ، — دەپتۇ دىۋانبېگى.

— ئىككى خەۋپ نېمىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ باشقىلار.

— شەھەردىن ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتا بىر بۇلاق بار، دىۋىلەر بۇ بۇلاققا زەھەر تۆككەن. بۇ يەردىن ماڭغان ھەرقانداق يولۇچى شۇ بۇلاق سۈيىدىن ئىچمەي ماڭالمايدۇ. بۇلاق سۈيىنى ئىچمەي ئۆتۈپ كەتكەن تەقدىردە، ھېلىقى باغنى ساقلايدىغان تۆت ئىت بار، ئىتلار دىۋە نەسلىدىن، ھەرقانداق پالۋانمۇ ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدۇ، — دەپتۇ دىۋانبېگى.

ئۇلار بۇ ئاجايىپ تەدبىرنى شاھقا يەتكۈزۈپتۇ. شاھ بۇ تەدبىرنى ماقۇل كۆرۈپتۇ ۋە ئوڭ قول ۋەزىرگە:

— سەن ماڭا ئادەمنى ياشارتىدىغان، ھەرقانداق كېسەلگە شىپا بولىدىغان مېۋىلەردىن تېپىپ كەل ! — دەپتۇ.

ئوڭ قول ۋەزىر ئۆيىگە قايتىپتۇ، نېمە قىلىشنى بىلمەي بېشى قېتىپتۇ، خوتۇنى ئەھۋال سورىغانىكەن، شاھ تاپشۇرغان

ئىشنىڭ چارىسىنى تاپالماي قىينىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— سىلىنى ئۇلار دىۋىلەرنىڭ قولى بىلەن يوقىتىشنى كۆزلەپتۇ، — دەپتۇ ۋەزىرنىڭ خوتۇنى، — شاھ دېگەن مېۋدەلەر دىۋىلەرنىڭ بېغىدا بار، بۇ باغدا جاھاندا بارلىكى مېۋدەلەرنىڭ ھەممىسىنى تاپقىلى بولىدۇ. ئۇ باغدىكى ئاق ئەنجۈر ئادەمنى ياشارتىدۇ، سېرىق نەشپۈت ھەرقانداق كېسەلگە شىپا بولىدۇ، قارا ئەنجۈرنى يېگەن ئادەم مۆڭگۈزلۈك ھايۋانغا ئۆزگىرىپ قالىدۇ، كۆك نەشپۈتنى يېسە ئەسلىگە كېلىدۇ. سىلى شەھەردىن چىقىپ كۆنچىقىش تەرەپكە قاراپ تۆت كۈن ئاتلىق ماڭسىلا، ئاندىن دىۋىلەرنىڭ ماكانىغا بارىدىلا، ئۆيدىن چىقىپ ئىككى كۈن ماڭغاندىن كېيىن سۇسىز، گىياھسىز چۆلدىكى بىر بۇلاق بېشىغا بارىدىلا، بۇلاق سۈيى زەھەرلەنگەن، ھەرگىز ئىچمىسىلە، ئاتنىمۇ سۇغارمىسىلا. يەنە يېرىم كۈن ماڭغاندا بىر كىچىك دەريا بويىغا بارىدىلا. مانا مۇشۇ يەردە ئۇسسۇزلۇقلىرىنى قاندۇرۇپ، ئاتنى سۇغىرىپ، هاردۇق چىقارسىلا. تۆتىنچى كۈنى باغقا يېتىپ بارىدىلا. سىلى دىۋىلەرنىڭ ئۇخلىغان پەيتىنى كۈتسىلە، دىۋىلەر ئۇخلايدۇ، ئەمما باغنى ساقلايدىغان تۆت ئىت ئۇخلىمايدۇ. ئۇلارغا تۇيدۇرماي بىردىن قوينىڭ كاللىسىنى تاشلاپ بېرىدىلا، ئىتلار كاللىنى غاجاپ قاۋىمايدۇ، سىلىگە تەگمەيدۇ. سىلى سۆڭگۈچتىن كىرىپ باشقا ھەرقانداق مېۋىگە تەگمەي، ئاق ئەنجۈردىن تۆتنى، سېرىق نەشپۈتتىن تۆتنىلا ئالىدىلا، كۆپ ئېلىش خەتەرلىك. ئەنجۈر، نەشپۈتنى ئېلىپ چىقىپ يولغا راۋان بولىدىلا. يولدا ئەنجۈردىن بىرنى، نەشپۈتتىن بىرنى يەيدىلا، شۇنىڭ بىلەن ئۇسسىمايدىلا، قورساقمۇ ئاچمايدۇ. ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلمىسىلا، بولمىسا، رەقىبلىرى تەنتەنە قىلىدۇ، دوستلىرى ماتەمدە قالىدۇ. بۇ جەرياندا مەنمۇ ھەمدەم بولارمەنۇ، لېكىن تەقدىرنىڭ

ئىشىغا بەندە ئامال قىلالماي قالسا، ئۇششاق بالىلىرىمىزغا مۇشكۈل بولىدۇ....

ئوڭ قول ۋەزىر بىر چوڭ خۇرجۇننىڭ بىر بېشىغا قوي-نىڭ تۆت كاللىسىنى، يەنە بىر بېشىغا ئوزۇق - تۈلۈك ئې-لىپ يولغا چىقىپتۇ. دېگەندەك، توپتوغرا ئىككى كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن گىياھسىز، سۇسىز چۆلگە چىقىپ قاپتۇ. ھاۋا بەك قىزىپ، ۋەزىرنى تەشنالىق قىيناپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ-نىڭ كۆزىگە بىر تۈپ دەرەخ كۆرۈنۈپتۇ. ۋەزىر زور ئۈمىد بىلەن شۇ چىنار تۈۋىگە بېرىپتۇ. چىنارنىڭ تۈۋىدە توختاۋ-سىز ئېقىپ تۇرغان بىر بۇلاق بار ئىكەن. ئۇسسۇزلۇق، ئىسسىق ئازابىدا بېشى ئايلانغان ۋەزىر خوتۇنىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلماي، ئاتتىن چۈشۈپتۇ - دە، ئاتنى چىنارغا باغلاپ بولۇپ، قولىغا بىر ئوچۇم سۇ ئاپتۇ. دەل شۇ چاغدا بىر كۆك كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ ۋەزىرنىڭ قولىغا قانىتى بىلەن ئۇرۇپتۇ. ئۇ: «ۋاي...» دەپ قولىنى تارتقانىكەن، ئو-چۇمدىكى سۇ تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ قايتا سۇ ئالماقچى بول-غانىكەن، «بۇ سۇنى ئىچمەڭ، ئىچسىڭىز ئۆلىسىز!» دېگەن ئاۋاز كەپتۇ. ئۇ ھەيرانلىقتا ئەتراپقا قاراپتۇ، ئاسماندىكى كۆك كەپتەردىن باشقا ئۇچارقاناتمۇ، ئادەممۇ كۆرۈنمەپتۇ. شۇ چاغدا



ۋەزىر كۆك كەپتەرنىڭ ئۆز خوتۇنى ئىكەنلىكىنى پەملەپتۇ ـ دە، سۇنى ئىچمەي يولغا راۋان بوپتۇ.

ئوك قول ۋەزىر تۆتىنچى كۈنى يېرىم كېچىدە كۆزلىگەن مەنزىلىگە كەپتۇ. ئۇ خۇرجۇندىكى قوي كاللىلىرىنى بۆلۈۋە-دىكى ئىتلارغا تاشلاپ بېرىپتۇ، ئاندىن سۇغگۇچتىن باغقا كىرىپتۇ. قارىسا، باغ ئىچىدە مېۋىلەر مەي بولۇپ پىشىپ كەتكەنىكەن. ۋەزىر ئاي شولىسىدىن پايدىلىنىپ ئىزدەپ، ئاق ئەنجۇر، سېرىق نەشپۈتنى تېپىپ تۆتىنلا ئاپتۇ ـ دە، باغدىن قايتىپ چىقىپتۇ.

ئوك قول ۋەزىر ئوردىغا قايتىپ، بىر ئەنجۇر، بىر نەش-پۈتنى شاھقا بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھ ۋە ھىيلىگەر ئە-مەلدارلار سۇيىقەستلىرىنىڭ بەربات بولغانلىقىنى پەملەپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىچىدە چايان قاترايدىغان مەككارلار باشقا سۇيىقەست پىلانلاپتۇ.

— ھازىر ئەلدە ئىسيان تولا، جەڭگە تەييارلانمىساق بول-مايدۇ. ئەمما، لەشكەرلىرىمىزنىڭ قورال ـ ياراغلىرى يېتەر-سىز، شۇڭا كۆمۈر كۆيدۈرۈپ، پولات ـ تۆمۈردىن قورال ـ ياراغ ياسىمىساق بولمايدۇ، بىز مۇشۇنى باھانە قىلىپ ئەلگە ئوتۇن ئالۇنگى سالساق، يىغىلغان ئوتۇننى ئوك قول ۋەزىر شەھەر سىرتىدىكى ئايدالاغا مۇنار شەكلىدە قىلىپ تىزسا، ئۇ ئوتۇننىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ بولغۇچە ئوتۇنغا ئوت يېقىۋەت-سەك، — دەپتۇ سول قول ۋەزىر.

شاھ سول قول ۋەزىرنىڭ دېگىنى بويىچە پەرمان چۈ-شۈرۈپتۇ. ئوك قول ۋەزىر ئۆيىگە بېرىپ ئەھۋالنى خوتۇنىغا ئېيتىپتۇ ۋە:

— ئەمدى قۇتۇلۇش تەس، بۇ ئەجەل مېنىڭ بېشىمغا بد-مەھەل كەلگەن ئوخشايدۇ، — دەپ ھەسرەتلىنىپتۇ.

— سىلى ئەندىشە قىلمىسىلا، سىلى ئوتۇننى مۇناردەك قىـ-
لىپ تىزىۋەرسىلە، قالغان ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، — دەپتۇ ۋەزىرنىڭ خوتۇنى.

ۋەزىر ئوتۇننى مۇنارغا ئوخشىتىپ تىزىۋېرىپتۇ. ئوتۇن تىزىلىپ بولغاندىن كېيىن، شاھ: «ئوت يېقىلسۇن !» دېگەن مەنىدە كۆز ئىشارىتى قىپتۇ. ياساۋۇللار ئوتۇنغا تەرەپ - تە-
رەپتىن ياغ چېچىپ ئوت يېقىپتۇ، بىردىنلا يەر - جاھاننى ئوت ۋە تۈتەك قاپلاپ كېتىپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ جەزمەن ئۆلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن شاھ ۋە باشقا ئەمەلدارلار ئوردىغا قايتىپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ خوتۇنى سۇمۇرغ بولۇپ ئۇچۇپ كېلىپ ئېرىنى ئېلىپ كېتىپتۇ، بۇنى ھېچكىم سەزمەپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى تاڭ ئاتاي دېگەن چاغدا، ۋەزىرنىڭ خوتۇنى مۇنداق دەپتۇ:

— سىلى ھېلىقى ئاق ئەنجۈردىن بىرنى، سېرىق نەش-
پۈتتىن بىرنى ئېلىپ، مانا بۇ مەن تەييارلاپ قويغان جەننەت-
نىڭ ھۆر - پەرىلىرىگە خاس ئاق لىباسنى يېپىنىپ، تاج تاقاپ، ئوتۇن كۆيدۈرگەن ئايدالادىكى كۈلنىڭ تۆپىسىگە بېرىپ ئولتۇرىدىلا، تاڭ ئاتقاندا ناماز ئوقۇيدىلا. شۇ چاغدا شاھ ۋە باشقا ئەمەلدارلار نەق مەيدانغا كېلىدۇ، سىلى ئۇلارنى كۆرمى-
گەن بولۇپ نامازلىرىنى ئوقۇۋېرىدىلا، نامازلىرىنى ئوقۇپ بو-
لۇپ، دۇئاغا قول كۆتۈرگەندە: «ئۈچ كۈندىن بېرى جەننەتتە ئەجەبمۇ راھەت كۆردۈم، مۇشۇ پانىي ئالەمدىكى ھاياتمۇ ھايات بولامدۇ ! مەن جەننەتتە كۆرگەن راھەتنى بەلكىم مۇشۇ پانىي ئالەمگە بىر چاغلاردا ھۆكۈمرانلىق قىلغان سۇلايمان پەيغەم-
بەرمۇ كۆرمىگەن. ئاللا، ساڭا يۈزمىڭ رەھمەت !» دەيدىلا. دۇ-
ئا قىلىپ بولۇپ، يانلىرىغا كەلگەن كىشىلەر بىلەن كۆرۈشى-
دىلا. شۇنىڭدىن كېيىنكى گەپلەرنى مەن ئەھۋالغا قاراپ دىللى-

رىغا سالىمەن.

ئوڭ قول ۋەزىر خوتۇننىڭ دېگىنىدەك قىپتۇ.

شاھ ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى تاڭ سۇزۇلگەندە كېلىپ كۆرۈپتۇ: ئوڭ قول ۋەزىر بۇ چاغقىچە ھېچكىم كۆرمىگەن ئەڭ كاتتا تاج تاقاپ، كاتتا لىباس يېپىنىپ، قىبلىگە قاراپ، جەننەت راھەتلىرىنى بايان قىلىپ، خۇداغا شۈكۈر - سانا ئېيتىپ دۇئا قىلىۋاتقۇدەك. ئۇ ياشىرىپ كەتكەنمىش، چىرايىدىن پەرىشتىدەك نۇر يېغىپ تۇرغۇدەك. ئوڭ قول ۋەزىر شاھ قاتارلىقلارنى كۆرگەن بولسىمۇ، كۆرمەسكە سېلىپ:

— ئەي ئىبارا خۇدايا، كەرىمىڭ ئۇلۇغ، مېھىر - شەپقىتىڭنىڭ تەڭدىشى يوق ئىكەن، مەندەك بىر ئاجىز بەندەڭنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلاپ، جەننەتكە ئېلىپ بېرىپ، ئۇ يەرنىڭ نازۇ نېمەتلىرىگە، راھەت - پاراغەتلىرىگە نائىل قىلدىڭ، — دەپتۇ ۋە:

ھېچ ھالاۋەت تەڭ كېلەلمەس جەننەتتىكى راھىتىمگە،
كۆپ ئىبادەت تەڭ بولماس ئوتتا كۆيگەن تائىتىمگە.

دېگەن نەزمىنى ئوقۇپتۇ.

شاھ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى: «بۇ ئوڭىمىزمۇ، چۈشىمىزمۇ؟» دېيىشىپ، ھەيرانۇھەس بولۇشۇپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىرگە بولغان ئۆچمەنلىكلىرىنى ئىچىدە بىلىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئوچۇق چىراي كۆرۈشۈپتۇ. ئۇلار ئوردىغا قايتىپتۇ. شاھ ئوڭ قول ۋەزىرنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ گەپ باشلاپتۇ:

— سىز ئوتۇننىڭ ئۇستىدىن چۈشۈپ بولغۇچە، مېنىڭ ئالدىراڭغۇ، كەم ئەقىل چاپارمەنلىرىم ئوت يېقىۋېتىپتۇ، مەن ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالدىم. سىزنى قۇتقۇزۇشقا ئامال قىلالماي يىغلىدۇق، قاقشىدۇق. بۈگۈن ئوت ئۆچكەچكە، جەسىتىڭىزنىڭ كۈلىنى بولسىمۇ تېپىپ، نامىزىڭىزنى چۈشۈرۈپ، دەپنە

قىلايلى دېيىشكەنىدۇق، ئەمما بىز سىزنى هايات، ھەتتا ياشارغان ھالەتتە كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز.

— ئالىيلىرىغا رەھمەت، — دەپتۇ ئوك قول ۋەزىر.

— خوش، ئاللانىڭ سىزنى بىز بىلەن دىدارلىششقا قانداق نېسىپ قىلغانلىقىنىڭ بايانىنى بىلىشكە بولارمىكىن؟ — دەپتۇ شاھ.

— ئۇتۇننى تىزىپ بولۇپ، چۈشۈۋېلىشىمغا مۇمكىن بولمىدى، — دەپ سۆز باشلاپتۇ ئوڭ قول ۋەزىر، — رىزقىم شۇنچىلىك بولار، دەپ ئاللاغا سېغىنىدىم. مەن ئۇتۇن بىلەن كۆيدۇم، ئەمما جېنىم چىقمىدى. ئوت پەسەيگەن، ئىس - تۈتەكلەر تارقىلىپ بولاي دېگەندە: «تۇر ئورنۇڭدىن!» دېگەن ھەيۋەتلىك، ئەمما يېقىملىق ئاۋاز ئاڭلاندى. كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، مەھشەرگاھتا تۇرۇپتىمەن، ئەتراپىمدا پەرىشتىلەر ماڭا قاراپ، ئاللادىن ئەمر كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا خىزىر ئەلەيھىسسالام ئالدىمغا كۈلۈپ كېلىپ: «ئەي ئاللانىڭ بەختلىك بەندىسى، سېنىڭ پانىي ئالەمدىكى گۇناھلىرىڭ پانىي ئالەمنىڭ ئۆزىدە كۆيۈپ تۈگىدى، شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھازىر بولۇپ، ئاللانىڭ ئالدىدا قۇللۇق بىلدۈرۈپ، ساڭا ئاللادىن شاپائەت تىلىدى، ئاللا قوبۇل قىلدى. ئاللاتائالا سېنى: ‹جەننەتنى زىيارەت قىلسۇن، جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن تويغۇچە يەپ، ھەۋزى كەۋسەردىن قانغۇچە ئىچىپ قانسۇن، ئاندىن پانىي ئالەمگە قايتىپ بارسۇن، چۈنكى مەن ئۇنىڭ جېنىنى ئەزرائىل ئارقىلىق ئالمىدىم، ئۇ ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلمەي، پانىي ئالەمدە كىشىلەر ياسىغان دوزاختا كۆيدى. مەن قاچان ئەزرائىلغا ئەمر قىلىپ ئۇنىڭ جېنىنى ئالغۇچە ياشاۋەرسۇن› دېدى. سەن ھازىر جەننەتكە كىرىپ بەھۇزۇر سەيلە - تاماشا قىل. مانا بۇ جەننەت لىباسى، تاجىنى ئال» دېدى - دە، غايىب بولدى.

بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئالدىمغا قارىسام، ئالەمدە تەڭداشسىز باغۇ بوستانلىق بىر ماكاندا تۇرۇپتىمەن، ئەتراپىمدا جەننەتنىڭ ھۆرلىرى، ئۇلار ماڭا يول باشلىدى، پانىي ئالەمدە مەۋجۇت بولمىغان رەڭگارەڭ، ئاجايىپ قىممەتلىك لەئەل - ياقۇت، ئالتۇن، گۆھەردىن بىنا قىلىنغان كەڭ، ئاسمان - پەلەك قە-سىرلەردە ئالتۇن كۇرسىلاردا ئولتۇرۇپ سەيلە - تاماشا قىل-دىم، نازۇ نېمەتلەردىن تويغۇچە يېدىم. بۇلارنى ئادەم قانچە يېسە سىڭىدىكەن، ئازراق يېسىمۇ قورساق تويۇپ، زادى ئاچمايدىكەن.

ئوڭ قول ۋەزىر جەننەتنىڭ گېپىنى قىلىۋاتقاندا شاھ ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئاغزىلىرىدىن ئاققان شۆلگەي ساقال-بۇرۇتلىرىنى بۇلغاپتۇ، ھەممىيلەن جەننەتنى كۆرۈشكە ئالدىراپ-تۇ. ئەتىسىدىن باشلاپ ھېسابسىز ئوتۇن يىغدۇرۇپ، شاھ، سول قول ۋەزىر، دىۋانبېگى قاتارلىقلار ئوتۇننى تىزىپ مۇنار قىپتۇ ۋە ئۈستىگە چىقىپ، ئوتۇنغا ئوت ياقتۇرۇپتۇ - دە، كۆيۈپ كۈل بوپتۇ.

بىچارە پۇقرالار ئۇلارنىڭ زۇلمىدىن بىراقلا قۇتۇلۇپتۇ. ئادالەتپەرۋەر ئوڭ قول ۋەزىر شاھ بوپتۇ. ئەل ئاۋات، ئاۋام باياشات ياشاپتۇ.



# قۇندۇز بىلەن يۇلتۇز

بۇرۇنقى زاماندا گۆر ئوغلى سۇلتان دېگەن بىر شاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئادالەت بىلەن يۇرت سوراپ، مەملىكەتنى گۈللەندۈرگەچكە، پۇقرالارنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم، تۇرمۇشى با-ياشات ئىكەن. گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئەۋەزخان ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن ئەقىللىق، ئىرادىلىك ۋە با-تۇر بولۇپ چوڭ بوپتۇ. ئەۋەزخاننىڭ قىرىق يىگىتى بولۇپ، دائىم ئەۋەزخان بىلەن بىرگە شىكارغا چىقىدىكەن، جەڭ ما-ھارەتلىرىنى ئىگىلەيدىكەن.

پادىشاھ ئەۋەزخاننىڭ ئون ئالتە ياشقا كىرىپ قىران يى-گىت بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆيلەپ قويۇش نىيى-تىگە كەپتۇ - دە، ئوردا مەسلىھەتچىلىرىنى چاقىرىپ ئۆز ئويىنى ئېيتىپتۇ. ئوردا مەسلىھەتچىلىرى تۇرلۇك مۇلاھىزى-لەرنى قىلىشىپ، بىرقانچە قىزنى كۆرسىتىشىپتۇ. ئاخىر باي-لىقتا غەني دەرىجىگە، ئۆلىمالىقتا ۋەلي دەرىجىگە يەتكەن مىرئەلى دېگەن سودىگەرنىڭ گۈلچېھرە ئىسىملىك قىزىنى مۇۋاپىق كۆرۈشۈپتۇ. مەسلىھەت بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، مىرئەلىنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتىپتۇ، بۇ ئىلتىپاتقا مىر ئەلى قۇللۇق بىلدۈرۈپ، توي تەييارلىقى باشلىنىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئەۋەزخان قىرىق يىگىتىنى ئەگەشتۈ-

رۇپ شىكارغا چىقىپتۇ ۋە شىكاردىن قايتىپ گۇلچېھرەنى كۆرۈپ يانماقچى بوپتۇ. ئۇ مىرئەلىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ ھەممىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپتۇ، كېيىن قىرىق يىگىتى بىلەن گۇلچېھرە تۇرىدىغان مېھمانخانىغا كەپتۇ. ئۇ مېھمانخانا بوسۇغىسىدىن ئۇڭ پۇتىنى ئېلىشىغا، مېھمانخانىدا قىرىق كېنىزەكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان گۇلچېھرە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئەۋەزخاننىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە:

— ماڭا سەندەك گۆدەكلەرنىڭ كېرىكى يوق، ئۆز لايىقىڭنى تاپ! — دەپ ئاھانەت قىپتۇ. ئەۋەزخان ئالدىدا قىرىق كېنىزەك، كەينىدە قىرىق يىگىتنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىپ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپتۇ، يا ئالدىغا ماڭالماپتۇ، يا كەينىگە يانالماپتۇ، ئاخىر بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. يىگىتلەر ئۇنى كۆتۈرۈپ ئوردىغا ئېلىپ كېتىپتۇ ۋە بولغان ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ. گۆر ئوغلى سۇلتان ئەۋەزخاننى ئالدىغا چاقىرىپتۇ، ئەۋەزخان ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرگەن پېتى ئايىغىغا يىقىلىپ:

— ئەزىز ئاتا، ماڭا رۇخسەت قىلىڭ، ئۆز لايىقىمنى تاپمىغۇچە بۇ يۇرتتا تۇرمايمەن! — دەپ زار - زار يىغلاپتۇ.

گۆر ئوغلى سۇلتان تەختىدىن چۈشۈپ ئەۋەزخاننىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپتۇ ۋە يول تەييارلىقىنى قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۈچ كۈن يول تەييارلىقى قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى پۈتۈن شەھەر خەلقى چىقىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. گۆر ئوغلى سۇلتان ئەۋەزخان بىلەن خوشلىشىدىغان ۋاقىتتا:

— ئوغلۇم، «ئەر قانىتى ئات» دېگەن گەپ بار. مانا بۇ ئاتامدىن قالغان دۇلدۇلنىڭ بالىسى. يول ئۇزۇن، مەنزىل يىراق، سەن بۇ دۇلدۇلنى مىنىپ ئۆز بەختىڭنى ئۆزۈڭ تاپ، ئاتا - ئاناڭنى، تۇغۇلغان ئېلىڭنى ئۇنتۇما، ئامىن ئاللاھۇ

ئەكبەر ! ــ دەپ دۇئا قىلىپ، يىغلاپ يولغا ساپتۇ.

ئەۋەزخان ئاتىسى بىلەن خوشلىشىپ، دۇلدۇلغا مىنىپ يولغا چىقىپتۇ، توغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى ئارقىدا قاپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، چۆللەردىن كېيىن سايلار باشلىنىپ، جاھان قىزىپ كېتىپتۇ. ئىسسىق ۋە تەشنالىق ئەۋەزخاننىڭ ئىرادىسىنى يېڭەلمەپتۇ. ئۇ چېكى كۆرۈنمەيدىغان سايدا ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقانىكەن، بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزىگە بىر ئاق ئۆي كۆرۈنۈپتۇ. ۋاھ، بۇ قانداق ئىش؟ بۇ سايدا ئۆي نېمىش قىلىدۇ، دەپ ئويلاپ، ئات چاپتۇرۇپ يېقىنلاپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئىنتايىن چوڭ ئاق سېپىل، سېپىلنىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق تۇرغۇدەك. ئەۋەزخان دەرۋازىدىن ئاتلىق كىرىپتۇ. ئوتتۇرىسى كەڭ كەتكەن تۈپتۈز مەيدان، ئەتراپى بىرقانچە ھۇجرا، دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدا چوڭ بىر ئۆي بولۇپ، ئىشىكى ئوچۇق تۇرغۇدەك. شۇ ئەسنادا ئاسماندىن بىر كۆك كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ، مەيدان ئوتتۇرىسىدا قاراپ تۇرغان ئەۋەزخاننىڭ ئالدىغا چۈشۈپ بىر دومىلاپلا ئاجايىپ گۈزەل بىر قىزغا ئايلىنىپتۇ. ئەۋەزخان بۇ قىزنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئاشىق بوپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

ــ ئەي گۈزەل، مەن گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئوغلى ئەۋەزخان بولىمەن، تەشنالىقىمنى قاندۇرۇپ، مەن بىللە يۇرتۇمغا بارسىڭىز، قانداق... ــ دەپ سۆز باشلاپتۇ. پەرى قىز سۆز قىلماپتۇ ۋە دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئىشىكى ئوچۇق تۇرغان ئۆيگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئەۋەزخانمۇ دۇلدۇلنى بىر باستۇرۇپ، ئىككى باستۇرۇپ ئۆينىڭ ئالدىغا كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، پۈتۈن بەدىنىنى قاپقارا تۈك باسقان بىر تۆمۈرچى تۆمۈر بازغانلاۋاتقۇدەك. پەرى قىز ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئېگىشىپ سالام بېرىپتۇ، لېكىن بۇ قارا تۆمۈرچى پەرۋاسىز

ھالدا ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بوپتۇ. پەرى قىز تەكچىدە تۇرغان چىلىمنى ئېلىپ تاماكا سايتۇ ۋە قارا تۆمۈرچىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ، لېكىن تۆمۈرچى يەنىلا قاپىقىنى ئاچماي، بىپەرۋا تۇرغۇدەك. ئەۋەزخان بۇ ئىشلارنى كۆرگەندىن كېيىن چىداپ تۇرالماي، يەنە:

— ئەي گۈزەل قىز، مەن گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئوغلى ئەۋەزخان بولىمەن. مەندەك بىر شاھزادە بىلەن بىزنىڭ ئەلگە كەتسىڭىز، قانداق؟ سىزنى كۆز قارىچۇقۇمدەك ئاسرايتتىم، — دەپتۇ. قىز يەنىلا سۆز قىلماپتۇ ۋە چىلىمنى تۆمۈرچىگە ئەكېلىپ بەرگەندىن كېيىن ئارقىسىغا يېنىپ، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەپتۇ. ئەۋەزخانمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپلا كەپتۇ ۋە يەنە:

— ئەي گۈزەل قىز، مەن بولسام گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئوغلى بولىمەن. بۇنداق چۆلدە يۈرگۈچە بىزنىڭ گۈزەل يۇرتىمىزغا مەن بىلەن بىللە كەتسىڭىز، قانداق؟ — دەپ تەلمۈرۈپتۇ. شۇ ۋاقىتتا قىز ئەۋەزخانغا يەر ئاستىدىن بېقىپ:

— ئەي ئەۋەزخان، ئەھۋالىڭ ماڭا بەش قولدەك ئايان. سەن يەنە ئالتە يىلدىن كېيىن ئۆلىسەن، شۇڭا ئۆز بېشىمغا بالا تېرىپ، تۇل بولۇشنى خالىمايمەن. ئەجىلىڭ توشقۇچە ئۆز يولۇڭغا ماڭ، — دەپتۇ - دە، بىرلا دوملاپ كۆك كەپتەرگە ئايلىنىپ پەرۋاز قىلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئەۋەزخان، ئۇنى كۆزدىن يوقىتىپ قويمىسام بولاتتى، دېگەندەك، ئاسماندىن كۆز ئۈزمەي تۇرۇپتۇ. تاكى كۆك كەپتەر ئۇپۇق سىزىقىدىن غايىب بولغاندىن كېيىنلا: «مەن سېنى قەيەردىلا بولساڭ تاپىمەن» دەپ يولغا چىقىپتۇ. ساي تۈگىسە، چۆل باشلىنىپتۇ، چۆل تۈگىسە، يەنە ساي باشلىنىپتۇ، دەشت - باياۋان تۈگىمەپتۇ. ئەنە شۇنداق يول يۈرۈپ تۇپتۇز كەتكەن

بىر سايغا كەلگەندە، ئۇنىڭ كۆزىگە بىر كۆك ئۆي كۆرۈنۈپ-
تۇ. ئۇ كۆك ئۆيگە يېقىنلاپ بېرىپتۇ، قارىغۇدەك بولسا،
دەرۋازىسى تاقاقلىق ناھايىتى چوڭ بىر كۆك سېپىل تۇرغۇ-
دەك. ئۇسسۇزلۇقتا چاڭقاپ كەتكەن ئەۋەزخان دەرۋازىنى قې-
قىپتۇ، بىردەمدىن كېيىن دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكى ئېچى-
لىپ، كېلىشكەن بىر قىز چىقىپ دۇلدۇل ئۇستىدە تۇرغان
ئەۋەزخانغا سالام بېرىپتۇ. ئەۋەزخان ئۇنىڭغا:
— چاڭقىغان يىگىتكە بىر يۇتۇم سۇيىڭىز بارمىدۇ؟ —
دەپتۇ. قىز يەنە تەزىم قىپتۇ ۋە:
— خېنىمدىن سوراي، — دەپ قايتىپ كىرىپ كېتىپ-
تۇ. ئۇزاق ئۆتمەي دەرۋازا ئېچىلىپ، تۆت گۈزەل قىزنىڭ
ھەمراھلىقىدا ئاجايىپ ياسانغان بىر قىز چىقىپ ئەۋەزخاننىڭ
ئالدىغا كەپتۇ، ئەۋەزخانمۇ دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭغا
سالام بېرىپتۇ. قىز ئەۋەزخاننى ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ. ئۇلار
مېھمانخانىدا قىزىق پاراڭغا چۈشۈپتۇ. قىزلار ئۇزمەي يەل -



يېمىش، قەنت ـ گېزەك، مەززىلىك تائاملارنى توشۇپ ئەۋەز-خاننى مېھمان قىپتۇ.

سۆز ئارىلىقىدا قىز ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ چۆل-لەردە ياشىغۇچى مىرئەرەبنىڭ سىڭلىسى گۈلجامالخان ئىكەن-لىكىنى، ئۇنىڭ كۆڭۈل بەرگەن يىگىتى بىر قېتىملىق ياۋغا قارشى جەڭدە ھالاك بولغانلىقىنى، ھازىر ئۆزى چۆلدىكى مۇ-شۇ كۆك سىپىل ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئەۋەزخانمۇ ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىپتۇ. ئەۋەزخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان گۈلجامال ئۆزد-نىڭ بىلگەنلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئەۋەزخان ئۇچرىغان پەرىنىڭ يەتتە تاغنىڭ كەينىدىكى دىۋىلەر پادىشاھىنىڭ قىزى يۇلتۇز پەرى ئىكەنلىكىنى، يۇلتۇز پەرىنىڭ تەزىم قىلغىنىنى ئۆزى كۆڭۈل بەرگەن قارا دىۋە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ يەنە يۇلتۇز پەرىنىڭ ۋىسالىغا يەتمەك تولىمۇ مۈشكۈل، شۇڭا يۇلتۇز پەرىنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا شام پادىشاھىنىڭ قىزى قۇندۇزنى قولغا كىرگۈزۈش ۋە ئۇنىڭ يو-لىدا بارلىقىنى پىدا قىلىش لازىملىقى توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىپتۇ. بۇ مەسلىھەتتىن كېيىن ئەۋەزخان گۈلجامالدىن قۇندۇزنى قولغا كەلتۈرۈش ئامالىنى سوراپتۇ. گۈلجامالخان دوستانە مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— ھازىر شام شەھىرى پادىشاھىنىڭ قىزى قۇندۇزنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت ۋە گۈزەللىك جەھەتتە پۈتۈن دۇنياغا داڭقى چىققى. ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئەلنىڭ شاھزادىلىرى ئەلچىلەر ئە-ۋەتتى. بۇ ئەلچىلەرگە جاۋاب بېرىش شام شەھىرى پادىشاھىغا قىيىن چۈشكەچكە، ئۇ: «كىمكى باغدادقا كېلىپ، باغداد بىلەن شام ئارىسىدىكى ئات بەيگىسىگە قاتنىشىپ بەيگىدە ئۇتۇپ چىقسا، شۇنىڭغا قۇندۇز قىزىمنى ياتلىق قىلىمەن» دەپ جا-

كارلىدى. مۇشۇ جاكارغا ئاساسەن، ھازىر ھەرقايسى ئەللەرنىڭ شاھزادىلىرى باغدادقا قاراپ يولغا چىقتى. شۇ قاتاردا مېنىڭ ئاكام مىرئەرەبمۇ بەيگىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەتتى. ئۇ بەيگىدە چوقۇم ئۇتۇپ چىقىدۇ. ئۇ بەكمۇ مەرد يىگىت. شۇڭا، سىز ئۇنىڭ بىلەن دوست بولسىڭىز، ئۇ بەيگىنىڭ ئۇتۇقىنى سىزگە ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ. ئۇ پاكار ئەرەب دۇلدۇلىغا مىنگەن، بېشىغا كۆك سەللە ئورىغان، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، دوستلۇق ئۈچۈن مېنى ئارىغا سېلىڭ!

ئەۋەزخان بۇ بىر كېچىنى گۈلجامالخاننىڭ يېنىدا قىزغىن سۆھبەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ، تاڭ سەھەردە يولغا چىقىپتۇ. گۈلجامالخان ئۇنى ئاقىيول تىلەپ ئۇزىتىپتۇ.

ئەۋەزخان سايلارنى، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپتۇ. باش - ئايىغى كۆرۈنمەيدىغان تۇپتۇز كەتكەن چۆلدە ئۇنىڭ كۆزىگە كىچىككىنە بىر قارا نەرسە كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ دۇلدۇلىنى تېزلىتىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاپتۇ. قارىسا، ئورۇق جەدە بايتالغا مىنگەن، بېشىدا ئۇزۇن كولاھ، ئۇستىدە ملىڭ خىل قۇراقتا تىكىلگەن جەندە، قولىدا تاياق تۇتۇۋالغان بىر دىۋانە ھە دەپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقۇدەك. ئەۋەزخان، ھەرھالدا بىر ھەمراھقا يولۇقتۇم، يولدا ھەمراھ بىلەن زېرىكمەي ماڭىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا قاتارلىشىپتۇ ۋە: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىپتۇ. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزى دىۋانىنىڭ چىرايىغا چۈشۈپتۇ، كۆرۈپتۇكى، ئاغزىدا بىر تالمۇ چىشى يوق، ئېڭىكىدە بىرەر تال تۈكمۇ يوق، كۆزلىرىدە تىرىكلىكتىن ئەسەرمۇ قالمىغان، ھازىرلا گۆردىن ئېچىۋالغان مۇردىدەك بىر كوسا تۇرغۇدەك. ئەۋەزخان ئۇنىڭ بىلەن بىرگە مېڭىۋېرىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ، لېكىن كوسا زوۋان سۈرمەپتۇ ۋە ئارىلاپ ئەۋەزخانغا

قاراپ قويۇپتۇ. بۇلار ئۈچ كۈن بىرگە يول ماڭغاندىن كېيىن، بىر كۈنى سەھەردە كوسا ئەۋەزخاننى ئۆلتۈرمەك بولۇپ ئۇ- نىڭغا قول سالپتۇ. كوسىنىڭ يامان غەرىزىنى سەزگەن ئەۋەز- خان بىر خەنجەر ئۇرۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپتۇ - دە، ئۇنىڭ جە- سىتىنى قۇمغا كۆمۈپ قويۇپ، ئۇنىڭ قۇراق جەندىسىنى كى- يىپ، بايتالنى يېتىلەپ، دىۋانە قىياپىتىدە «باغداد قەيەردى- سەن؟» دەپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

ئۇزۇن ساي ئاخىرلىشىپ، دەل - دەرەخلەر كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ. ئەۋەزخان خۇشال بولۇپ، باغدادقا يېقىنلىشىپتى- مەن، دەپ، دۇلدۇلنى ئاستىلىتىپ باغداد شەھىرىگە قاراپ مېڭىپتۇ. يولنىڭ ئىككى تەرىپى چاتقاللىق بولۇپ، يول مې- ڭىش قىيىن ئىكەن. ئۇ كېتىۋېتىپ، غەلىتە بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ ئېتىنى توختىتىپتۇ، قۇلىقىغا نۇرغۇنلىغان چىۋىننىڭ غوڭۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بوپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، گە- دىنىگىچە قۇماق باسقان بىر تاز: «مەن ئات تاپماي قويمايمەن، مەن ئات تاپماي قويمايمەن!» دەپ بېشىغا ئۇرۇپ كېلىۋاتقى- دەك، بېشىغا ھەربىر ئۇرغاندا مىڭلىغان چىۋىن «ۋاژ» قى- لىپ ئۇچىدىكەن، بېشىدىن قولىنى تارتسا، مىڭلىغان چىۋىن «ۋاژ» قىلىپ قونىدىكەن. ئۇ تازمۇ جىلە بولغان ھالدا ھېچ نەرسىگە قارىماي كېتىۋاتقۇدەك. ئەۋەزخان كۆڭلىدە، مەن ئات ئۈستىدە بولغاندىن كېيىن، ئۇ تاز يولنىڭ سىرتىغا چىقىپ ماڭا يول بوشىتىپ بېرەر، دەپ ئاستا مېڭىپتۇ، لېكىن ئۇ تازمۇ ئۇدۇل كېتىۋېرىپتۇ. ئىلاجسىز قالغان ئەۋەزخان يولنىڭ سىرتىغا چىقىپ، يول بوشىتىپ بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ. تاز ئەۋەزخاننىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئەۋەزخان بىردىنلا ئويلىنىپ قاپتۇ. باغداد شەھىرىگە كىرىشتە بىرىنچى قېتىم يولۇقتۇرغان كىشىم مۇشۇ، بۇنىڭدىن گەپ سورىماي

ئۆتۈپ كەتسەم، ياخشى بولماس، گەپ سوراپ ئاندىن ماڭاي، دەپ، دۈلدۈلنى تېزگىنىدىن تارتىپ توختىتىپتۇ ۋە:

— ھەي تاز، ئىسمىڭ كىم؟ — دەپ سوراپتۇ. تاز كەينىگە قارىماستىنلا:

— ھەي قەلەندەر، مېنىڭ ئىسمىمنى سوراپ نېمە قىلاتتىڭ؟ بىلگۈڭ كەلسە، ئېيتىپ بېرەي، مېنىڭ ئىسمىمنى بۇ شەھەردىكىلەر: «چاتاقچى تاز» دەيدۇ، — دەپ قويۇپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئەۋەزخان، بۇ تازنىڭ «چاتاقچى تاز» دەپ ئاتالغىنىدىن قارىغاندا قولىدىن ئىش كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دوست بولايچۇ، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە:

— توختا ! سەن «ئات تاپماي قويمايمەن» دەيسەن، ئات ساڭا نېمىگە كېرەك بولۇپ قالدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەي دىۋانە، سەن ئالەمدىن بىخەۋەر ئوخشايسەن. ھازىر شام پادىشاھىنىڭ گۈزەل قىزى ئېلىش ئۈچۈن باغدادتا ئات بەيگىسى ئۇيۇشتۇرۇلماقچى. مەنمۇ ئەرلىك غۇرۇرۇم بىلەن بۇ بەيگىگە قاتناشماقچىمەن، — دەپتۇ تاز. ئەۋەزخان ئۇنىڭغا:

— كەل، مانا بۇ بايتالغا مىنىۋال. بىز دوست بولايلى، — دېگەنىكەن، تاز چاققانلىق بىلەن بايتالغا مىنگىشىپتۇ. بۇلار خۇشال ھالدا باغدادقا قاراپ ئات چاپتۇرۇپتۇ. باغدادقا كىرىپ كارۋان سارايغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، چاتاقچى تاز ئەۋەزخاننى بەيگىچىلەرنى تىزىملايدىغان مىرزىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ ۋە مىرزىغا قاراپ:

— ھەي مىرزا، بىرىنچى نومۇرغا چاتاقچى تاز، ئىككىنچى نومۇرغا قەلەندەر، دەپ يازغىن، — دەپتۇ.

مىرزا بۇلارنى كۆرۈپ يىرگىنىپتۇ ۋە:

— مىرزىخانىدىن چىقىش ! شاھنىڭ قىزى قۇندۇزنى

سەندەك تاز، دىۋانىلەرگە بەرمەيدۇ، ئۇنى شاھزادىلەر، بەگزادىلەر ئالىدۇ، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان چاتاقچى تاز غەزەپلىنىپتۇ ۋە بىر مۇشت بىلەن مىرزىنى يىقىتىپتۇ. بۇ خەۋەر باغداد خەلىپىسىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. خەلىپە چاتاقچى تاز بىلەن ئەۋەزخاننى ئوردىغا ئەكەلدۇرۇپ سوراق قىپتۇ. چاتاقچى تاز خەلىپە ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ:

— ئەي خەلىپە، سىلىنىڭ چىقارغان پەرمانلىرىدا: «كىم-دەكىم بولسۇن، ئات بەيگىسىدە بىرىنچىلىكنى ئالىدىكەن، ئۇنىڭغا شام پادىشاھىنىڭ گۈزلى قۇندۇزىنى بېرىمىز» دەپ جاكارلانغان. لېكىن، مىرزا پەرمانغا خىلاپلىق قىلىپ بىزنى بەيگىگە تىزىملىماي قوغلىدى، — دەپ ئەرز قىپتۇ.

خەلىپە بۇ تازنىڭ ئەرزىنى قوبۇل كۆرۈپ، ئۇلارنى قويۇپ بېرىپتۇ.

ئوردىدىن چىققان چاتاقچى تاز ئەۋەزخاننى ئەگەشتۇرۇپ مىرزىخانىغا يەنە كىرىپتۇ. ئۇ يەردە ئۆز ئىسىملىرىنى ياز-



دۇرغاندىن كېيىن قايتىپ چىقىپ، ئون بەش كۈنگىچە دەم ئال-غاچ، ئاتلىرىنى بېقىشقا باشلاپتۇ. ئەۋەزخان تۆت ياشار دۇل-دۇلنى يۈگەنسىز قويۇۋېتىپتۇ. دۇلدۇل خالىغان جايدىن ئوت - چۆپ يەپ، قايتىپ كېلىپ ئەۋەزخان تەييارلىغان بوغۇزنى يەپ، تۈكلىرى پارقىراپ كېتىپتۇ. چاتاقچى تازنىڭ بايتىلى ئالدىغا ئەكېلىپ بەرگەن يەمنىمۇ يېمەي تۇرۇۋاپتۇ.

ئەتە بەيگە باشلىنىدۇ دېگەن ئاخشىمى ئەۋەزخان چاتاقچى تازنى چاقىرىپ:

— مېنىڭ ئۇيقۇم قاتتىقراق، ئەتە سەھەردە ئويغىتىۋەت-كىن، — دەپتۇ ۋە قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

چاتاقچى تاز سەھەردە ئويغىنىپ قارىسا، نۇرغۇن چەۋەنداز ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقۇدەك. ئۇ ئالدىراپ بايتالنى توقۇپ مىنىپتۇ ۋە بىردىنلا ئەۋەزخاننىڭ ئاخشامقى گېپى ئېسىگە كېلىپ، بايتالنىڭ ئۈستىدىن چۈشمەيلا:

— ھەي قەلەندەر، تۇر، ھەي قەلەندەر، تۇرماسەن! — دەپ چاقىرىشقا باشلاپتۇ. لېكىن، ئەۋەزخان ئويغانماپتۇ. تاز بىر ياقتىن ئاچچىقلاپتۇ، بىر ياقتىن باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قېلىشتىن ئەنسىرەپ كېتىپ قاپتۇ. ھەممە چەۋەندازلار كې-تىپ بولغاندىن كېيىن دۇلدۇل كىشنەشكە باشلاپتۇ، لېكىن ئەۋەزخاننى ئويغىتالماپتۇ. ئاخىر دۇلدۇل چىداپ تۇرالماي ئە-ۋەزخاننىڭ بەلۋېغىدىن چىشلەپ تارتىپتۇ، ئەۋەزخان شۇ چاغ-دىلا چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ. ئۇ چاتاقچى تازدىن ئاغرىنغان ھالدا دۇلدۇلغا مىنىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئونىنچى كۈنى چەۋەندازلار-نىڭ كەينىدىن يېتىشىپتۇ. ئۇ توختىماي چېپىپ ئون بەش كۈن بولغاندا، چاتاقچى تازنىڭ كەينىدىن يېتىشىپ كەپتۇ ۋە:

— ھەي تاز، دوستلۇقنى بىلمەيدىكەنسەن، مېنى ئويـ-غىتىۋەتسەڭ بولماسمىدى؟ — دەپتۇ. تازمۇ غەزەپلىنىپ:

— ھەي قەلەندەر، شۇنچىمۇ ئۇخلامدۇ كىشى؟ سېنى ئويغىتىمەن دەپ چەۋەندازلارنىڭ كەينىدە قالدىم، — دەپ ئەۋەزخانغا يېقىنلاپتۇ. ئەۋەزخان:

— ئۇنداق بولسا، تېز ماڭايلى، — دەپ، بايتالغا قامچا ئۇرۇپ تاز بىلەن بىرگە چېپىپتۇ، بايتال ھە دېگەندىلا دۇلدۇلنىڭ كەينىدە قېلىۋېرىپتۇ. ئەۋەزخان ئىلگىرىلەپ، يىگىرمە كۆن بولدى دېگەندە پۈتۈن چەۋەندازلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇ دۇلدۇلنى توختىماي چاپتۇرۇپ يىگىرمە ئىككىنچى كۈنگە كەلگەندە، ئالدىدا يەنە بىر دۇلدۇلنىڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇنى قوغلاپتۇ. يىگىرمە تۆتىنچى كۈنى دۇلدۇلنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىپتۇ. قارىسا، پاكار ئەرەب دۇلدۇلىغا مىنگەن، بېشىغا كۆك سەللە ئورىۋالغان كىشى ئىكەن، بۇ جەزمەن گۈلجامالخاننىڭ ئاكىسى مىرئەرەب، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتەي، دەپ دۇلدۇلغا قامچا ئۇرۇپتۇ. ئۇ مىرئەرەبنىڭ ئوڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بوپتۇ، لېكىن ئەرەب دۇلدۇلى يولنىڭ ئوڭ تەرىپىنى توسۇپ، ئۇنىڭغا يول بەرمەپتۇ. سول تەرەپتىن ئۆتەي دەپ سول تەرەپتىن كەلگەندە، ئەرەب دۇلدۇلى يولنىڭ سول تەرىپىنى توسۇپ يول بەرمەپتۇ. ئامالسىز قالغان ئەۋەزخان ئۆز دۇلدۇلىغا ئەرەب دۇلدۇلىنى چىشلەپ يىقىتىشقا ئىشارەت قىپتۇ. دۇلدۇل ئەرەب دۇلدۇلىنىڭ ئارقا پاچىقىنى چىشلەپ ئۇنى يىقىتىپتۇ ۋە ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىپتۇ. لېكىن، ئەرەب دۇلدۇلى چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەۋەزخاننىڭ دۇلدۇلىنىڭ ئارقا پۇتىنى چىشلەپ ئۇنى يىقىتىپتۇ ۋە ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇ ئىش بىرقانچە قېتىم تەكرارلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئەۋەزخاننىڭ دۇلدۇلى زادىلا ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەلمەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەۋەزخان گۈلجامالنى ئارىغا سېلىپ دوست بولماقچى بوپتۇ

ۋە ئەرەب دۆلدۆلغا يېقىنلىشىپ:

— ئەي دوستۇم مىرئەرەب، سەن سىڭلىڭ گۈلجامالنىڭ يۈزىنى قىلىپ، دوستلۇق ئۈچۈن بەيگىنىڭ ئالدىنى ماڭا ئۆتۈنۈپ بەرسەڭ قانداق؟ — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان مىرئەرەب:

— سىڭلىم گۈلجامالنى ئارىغا سالغانلىقىڭ ئۈچۈنلا سەن بىلەن دوست بولۇپ قالاي. ساڭا ئاقىول تىلەيمەن، — دەپ دۆلدۆلنىڭ بېشىنى تارتىپ ئەۋەزخانغا يول بېرىپ، ئۇنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈپتۇ.

شام خەلقى: «بەيگىدە كىم ئۇتۇپ چىقىدىكىن؟» دەپ شەھەردىن ئۈچ كۈنلۈك يولغا چىقىپ تۇرغانىكەن، قارىغۇدەك بولسا، بېشىدا كۇلاھ، ئۈستىدە جەندە، قولىدا تاياق تۇتقان بىر قەلەندەر ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقۇدەك. كىشىلەر ھاڭ ـ تاڭ قېلىشىپتۇ، ھەر تۈرلۈك گۇماندا بولۇشۇپتۇ. بەزىلەر: «ئېھتىمال بۇ ساراڭ قەلەندەر يېرىم يولدىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ سەپكە قوشۇلۇۋالغان بولسا كېرەك» دېسە، بەزىلەر: «ھەرھالدا بىرىنچى بولۇپ كەلگەندىكىن چارباغدىكى مېھمانخانىغا باشلاش كېرەك» دېيىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۇنى چارباغدىكى مېھمانخانىغا باشلاپتۇ. ئەۋەزخان كېلىپ يەتتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، باغدادتىكى مىرزا پۈتۈن چەۋەندازلارنىڭ كەينىدىن دەپتەرنى ئېلىپ كەپتۇ. ئۇنىڭدىن بۇ قەلەندەرنىڭ بەيگە تىزىملىكىدە ئىسمىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سورۇشتۇرگەنىكەن، چاتاقچى تاز دەرھال:

— ئەلۋەتتە بۇ قەلەندەرنىڭ تىزىمى بار، ئۇ باشقىلاردىن يېرىم كۈن كېيىن يولغا چىقىپ بىزدىن ئۆتۈپ كەتكەن، — دەپتۇ. مىرزىمۇ شۇ زامات باش لىڭشىتىپ تەستىقلاپتۇ. شام پادىشاھى ئۆزىنىڭ بولغۇسى كۈيئوغلىنى كۆرمەكچى بولۇپ، خوتۇنى، قىزى ۋە ۋەزىرلىرىنى ئېلىپ چارباغقا كىرىپتۇ.

مېھمانخانا ئىشىكىدىن كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، بېشىدا كۇلاھ، ئۇستىدە جەندە، قولىدا تاياق تۇتقان بىر قەلەندەر ئولتۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن شاھ گەپ - سۆز قىلماي ئارقىسىغا يېنىپتۇ. لېكىن، ئىشىك يوچۇقىدىن كۆز تاشلىغان قۇندۇز قەلەندەر كىيىمى ئىچىدە ئولتۇرغان شاھزادىنىڭ ھۆسنىگە ئاشىق بوپتۇ. پادىشاھ ئوردىغا قايتىپ، خوتۇنى ئارقىلىق قىزىغا مەسلىھەت سالپتۇ. قىز ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ، بەيگىدە ئۇتۇپ چىققان كىشىگە تېگىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ، قۇندۇزنى ئەۋەزخانغا بېرىپتۇ. نىكاھ بولىدىغان كۈنى ئەۋەزخان قەلەندەرچە كىيىمىنى سېلىۋېتىپ، شاھزادىچە ياسىنىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئوغلى ئەۋەزخان ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىپتۇ. شاھ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ ۋە يارلىق چۈشۈرۈپ، ئەۋەزخاننى ئۆلۈك قول ۋەزىرلىككە تەيىنلەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇلار ئىنتايىن خاتىرجەم كۈن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، ئەۋەزخان بارغانسېرى ئورۇقلاپ خامۇش بولۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن قۇندۇز ئۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى سورىغانىكەن، ئۇ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— مەن يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ، چۆلدىكى ئاق ئۆيدە يۇلتۇز پەرىنى يولۇقتۇرغانىدىم. ئۇ ماڭا: «سېنىڭ ئالتە يىللىقلا ئۆمرۈڭ قالدى» دېگەنىدى. ھازىر تۆت يىل ئۆتتى. يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن مەن ئۆلسەم، سەن تۇل قالىسەن، شۇڭا ساڭا ئىچىم ئاغرىپ، غەمدىن ئورۇقلاپ كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قۇندۇز ئەۋەزخانغا تەسەللى بېرىپ:

— بۇنىڭدىن تولا ئەندىشە قىلىپ كەتمەڭ. مەن چوڭ ئانامدىن: «پەرىنى سۆيگەن كىشى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدىم. مەن يۇلتۇز پەرى بىلەن دوست، ئۇ پەيشەنبە

كەچتە مېنىڭ ھۇجرامغا كېلىدۇ، كېچىچە ئويۇن - تاماشا بىلەن تاڭ ئاتقۇزىمىز. سىز شۇ چاغدا ئۇنى بىر ئاماللاپ سۆيۈۋېلىڭ، — دەپتۇ.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپتۇ. پەيشەنبە كۈنى كەچتە يولتۇز پەرى قۇندۇزنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ ۋە قۇندۇز بىلەن مۇڭدىشىپتۇ. پاراڭ ئارىلىقىدا، يولتۇز قۇندۇزغا:

— سېنىڭ ئېرىڭ ئەۋەزخاننىڭ ئىككى يىللىق ئۆمرى قالدى، شۇڭا ئۇنى ياخشىراق كۈتۈپ كۆڭلىنى ئېلىۋال، — دەپتۇ.

قۇندۇز بۇ گەپنى ئاڭلاپ قايغۇغا چۆمۈپ جىم بولۇپ قاپتۇ. بىھۇدە سۆز قىلىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلغان يولتۇز دوستىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن، كېلەر پەيشەنبە كەچتە قۇندۇزنى ئۆزىنىڭ ماكانىغا تەكلىپ قىلىپ كېتىپ قاپتۇ. ھەپتە ئۆتۈپ پەيشەنبە يېتىپ كەپتۇ. قۇندۇزنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئەۋەزخان قۇندۇزنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، قۇندۇزنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن بىردىنلا قاتتىق بوران چىقىپ، ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن ئىككى قول كىرىپ ئەۋەزخاننى ئاچىقىپ كېتىپتۇ، بۇ يولتۇز پەرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قۇندۇزنى ئەكېلىش ئۈچۈن كەلگەن دىۋىلەر ئىكەن. ئۇلار ئەۋەزخاننى كۆتۈرۈپ يەتتە تاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يولتۇز پەرىنىڭ ماكانىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئەۋەزخان قارىغۇدەك بولسا، يولتۇز پەرى تەختتە ئولتۇرغۇدەك. دىۋىلەر ئەۋەزخاننى تەخت ئالدىغا ئەكېلىپ يەرگە قويۇپتۇ. ئەۋەزخان يەرگە يۈزىنى چاپلاپ دۈم يېتىۋاپتۇ. يولتۇز پەرى ئۇنى ئۆز يېنىغا تەكلىپ قىلسىمۇ، لېكىن ئەۋەزخان مىدىر قىلماپتۇ. يولتۇز پەرى تەختتىن چۈشۈپ:

— دوستۇم قۇندۇز، ئۆتكەنكى ئولتۇرۇشتا سېنى خاپا

قىلىپ قويدۇم، كەچۈرگىن، بۇگۈن سېنىڭ كۆڭلۈڭنى ئالاي، تۇر ئورنۇڭدىن، — دەپ ئەۋەزخاننىڭ بېشىنى شۇنداق يۆلىشىدىگە، ئەۋەزخان بېشىنى كۆتۈرۈپلا يۇلتۇز پەرىنىڭ يۈزىگە بىرنى سۆيۈۋاپتۇ ۋە قايتا يۈزىنى يەرگە يېقىپ يېتىۋاپتۇ. پەرىلەرنىڭ قائىدىسىدە ئۆزىنى ھەرگىزمۇ ئىنسانغا سۆيدۈرمەيدىكەن، شۇڭا يۇلتۇز پەرى يېنىدىكى دىۋىگە قاراپ غەزەپ بىلەن:

— قۇندۇز ئەدەپسىز بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭدىن بەزدىم، ئۇنى دەرھال ئۆز ھۇجرىسىغا ئاپىرىۋەتكىن، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. دىۋە ئەۋەزخاننى كۆتۈرۈپ ئۆز ھۇجرىسىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. ئىشنىڭ قانداق ئاخىرلىششىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان قۇندۇز ئەۋەزخاننى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— ئەمدى سىز ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسىز، — دەپ، ئۇنى يېنىشلاپ - يېنىشلاپ سۆيۈپتۇ. ئەۋەزخانمۇ خاتىرجەم بولۇپ، قۇندۇز بىلەن كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى كېچىسى ئەۋەزخان «ئاھ...» دەپتۇ - دە، چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئەۋەزخاننىڭ يېنىدا ياتقان قۇندۇز ئويغاق ئىكەن. ئۇ ئەۋەزخاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئاھ چېكىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. ئەۋەزخان مەھبۇبىگە كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ چۈشىدە ئۆز ئېلىگە بارغانمىش، دادىسى گۆر ئوغلى سۇلتان بىلەن ئانىسى گۈلجاھان تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئاھ چېكىپ: «ئوغلۇم ئەۋەزخان، قاچان كېلىسەن؟ سېنى قاچان كۆرىمەن؟ سېنى كۆرىدىغان كۈنلەرمۇ بولارمۇ؟» دەپ زار - زار يىغلاپ قارىغۇ بولۇپ قالغانمىش. بۇنى كۆرگەن ئەۋەزخان: «ئاھ، دادام، ئاھ، ئانام!» دەپ ئۆزىنى ئاتا - ئانىسىنىڭ باغرىغا ئاتقانمىش.

— سۆيۈملۈكۈم ! — دەپتۇ ئەۋەزخان ئايالىغا، — مەن تۇ-غۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇمدىن، ئاتا - ئانامدىن ئايرىلغىلى ئالتە يىل بولدى. چۈشۈمدە ئاتا - ئانامنىڭ مېنىڭ پىراقىمدا يىغلاپ، كۆزلىرىنىڭ كور بولغانلىقىنى كۆردۈم. رۇخسەت قىلساڭ، يۇر-تۇمغا بېرىپ ئاتا - ئانامنى كۆرۈپ كەلسەم، — دەپتۇ.

— بولىدۇ، مەنمۇ سىز بىلەن بىللە باراي. ئالدى بىلەن ئاتامدىن رۇخسەت ئالايلى، — دەپتۇ قۇندۇز. ئاندىن ئۇلار پا-دىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئۆز تەلىپىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ قىز - ئوغۇللىرىنىڭ تەلىپىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا رازىلىق بې-رىپتۇ ۋە يول ھازىرلىقىنى قىلىپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

ئۇلار بىرقانچە قېچىر مال - دۇنيانى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ، كۆپ يول بېسىپتۇ. بىر كۈنى چۆل - جەزىرىلەر-دىكى بىر قونالغۇغا چۈشۈپ قونۇپتۇ.

ئەۋەزخان سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ چېدىر ئالدىغا چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سېلىشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ چېدىردىن كۆز



يەتكۈدەك جايدا بىر بايراقنى كۆرۈپتۇ. شۇ ئەسنادا دۆڭ تەرەپتىن بىر كىشى ئات چاپتۇرۇپ كەپتۇ، ئۇنىڭ بىر قو-لىدا ئاق بايراق، بىر قولىدا بىر پارچە خەت بار ئىكەن. ئۇ چېدىر ئالدىغا كېلىپ خەتنى ئەۋەزخاننىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ - دە، توختى-ماستىن ئات چاپتۇرۇپ

كېتىپ قاپتۇ. ئەۋەزخان خەتنى ئېلىپ ئوقۇسا، ئۇنىڭدا: «گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئوغلى ئەۋەزخان ! سەن بۇندىن ئالتە يىل ئىلگىرى بىزنىڭ شام پادىشاھىنىڭ قىزى قۇندۇزنى ئەكېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئەلچىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، نەرسىلىرىنى بۇلاپ كەتكەنىكەنسەن، شۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالتە يىلدىن بېرى بىر لەك قوشۇنىمىز بىلەن سېنىڭ كېلىشىڭنى كۈتۈپ ياتقانىدۇق. مانا ئەمدى يېتىپ كەپسەن، دەرھال قورالنى تاشلاپ بىزگە ئەل بولۇپ، ئالدىمىزغا كەل، بولمىسا، جەڭگە ھازىرلان ! » دېگەن سۆزلەر يېزىلىپ، خەتنىڭ ئاخىرىغا دىۋانە شاھنىڭ مۆھرى بېسىلغانىكەن.

بۇنى كۆرگەن ئەۋەزخان خەتنى كۆتۈرۈپ قۇندۇزنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ ۋە ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ. ئۇلار ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ، جەڭگە تەييارلىنىپتۇ. ئەۋەزخان دۇلدۇلغا مىنىپ، شەمشىرىنى ئېلىپ، دۇبۇلغا - ساۋۇتلىرىنى كىيىپ جەڭگە چىقىپتۇ، ئارىدا قانلىق جەڭ باشلىنىپتۇ.

جەڭ باشلىنىپ يەتتىنچى كۈنى، دۈشمەن تەرەپنىڭ لەشكەر باشلىقى ئۆز قوشۇنىنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ بارلىق لەشكىرىنى يىغىپتۇ ۋە:

— ئەي باتۇرلىرىم، بىز ئازلاپ كېتىۋاتىمىز، بۇ تەرىقىدە ئۇرۇشۇۋەرسەك ئەۋەزخاندىن ئىنتىقام ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىمىز ھالاك بولىمىز، شۇڭا ياخشى تەدبىر كۆرۈشىمىز ئۈچۈن مەسلىھەت بېرىڭلار، — دەپتۇ.

ھەممەيلەن جىم تۇرۇپتۇ. شۇ ۋاقىتتا بىر قېرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەۋەزخاننى مەخپىي ئۆلتۈرۈش كېرەك، — دەپتۇ. بۇ چارە لەشكەر باشلىقىغا يېقىپتۇ. «ئەۋەزخاننى كىم ئۆلتۈرىدۇ؟» دېگەندە، يەنە ھېلىقى قېرى ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە يەنە قانلىق جەڭ باشلىنىپتۇ. ئەۋزخان ئات ئوينىتىپ ئۇلارنى قىر - چاپ قىپتۇ، ئۇلار بىردىنلا قېچىشقا باشلاپتۇ. ئەۋزخان كەينىدىن قوغلاپ مېڭىپتۇ. بۇ چاغدا بىر چوڭ تاشنىڭ دالدىسىغا مۆكۈۋالغان ھېلىقى قېرى ئەۋزخاننىڭ كەينىدىن ئوق ئۈزۈپتۇ، ئوق ئەۋزخاننىڭ سول بىلىكىگە تېگىپتۇ. ئەۋزخان ئات ئۈستىدە يېنىچە بولۇپ قاپتۇ. دۇلدۇل دەرھال كەينىگە يېنىپتۇ ۋە قۇندۇز تۇرغان چېدىرنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەپتۇ. شۇ ۋاقىتتا قۇندۇزنىڭ كۆڭلىگە بىر ۋەھىمە چۈشكەندەك بولۇپ سىرتقا چىقىپتۇ، قارىسا، ئەۋزخان دۇلدۇلنىڭ ئۈستىدە يېتىپ قالغان. ئۇ ئەۋزخاننى دۇلدۇل ئۈستىدىن چۈشۈرۈپ چېدىرغا ئەكىرىپ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ئۆزى كىيىپتۇ، ئەۋزخاننىڭ جاراھەتلىرىنى تېڭىپ ئۇنى ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى قورال - ياراغلارنى ئېلىپ، دۇلدۇلغا مىنىپ دۈشمەن سېپىنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئەۋزخاننىڭ ساق ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپتۇ، ھەر كۈنى جەڭ مەيدانلىرىدا ئايلىنىپ دۈشمەنگە ۋەھىمە ساپتۇ. ئەۋزخاننىڭ يارىلانغانلىقىغا يەتتە كۈن بولغان كۈنى ئۇنىڭ كېسىلى بەك ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ. قۇندۇز نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئۈمىدسىز ھالدا چېدىرنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا ئاسماندىن بىر توپ كۆك كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ چېدىرنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ ۋە بىر دومىلاپ بىر توپ قىزغا ئايلىنىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، يۇلتۇز پەرى ئۆزىنىڭ قىرىق كېنىزىكىنى ئەگەشتۇرۇپ كەلگەنىكەن.

قۇندۇز يۇلتۇز پەرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بېرىپتۇ، لېكىن پەرى ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالماي، كېنىزەكلىرىگە ئىشارەت قىپتۇ. قىزلار ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ. يۇلتۇز پەرى بولسا توپنىڭ ئالدىغا چىقىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۇسسۇل

ئويناشقا باشلاپتۇ. قۇندۇز بۇ ئەھۋاللارغا قاراپ زار قاقشاپ يىغلاپتۇ. چۈش بولغاندا، يۇلتۇز پەرى بىر ئىشارەت بىلەن قىزلارنى ناخشا ئېيتىشتىن توختىتىپتۇ ۋە قۇندۇزغا قاراپ:

— قۇندۇزئاي، ئاڭلاپ تۇرغىن، ئەۋەزخاننىڭ ئەجىلى توشتى، ئۇ بۈگۈن چۈش ۋاقتىدا ئۆلىدۇ، سەن تۇل بولۇپ دۈشمەنلەرگە ئەسىر بولىسەن. بۈگۈن سېنىڭ يىغلايدىغان، بىزنىڭ كۈلىدىغان كۈنىمىز. قېنى، سەن يىغلا، بىز كۈلەي-لى، — دەپ كېنىزەكلەرگە ئىشارەت قىلغانىكەن، قىزلار ناخشا باشلاپتۇ، يۇلتۇز پەرى قاتتىق كۈلۈپ، ئۇسسۇل ئوي-ناشقا باشلاپتۇ. قۇندۇزنىڭ يىغىسى ئەۋجىگە چىقىپ ھوشىدىن كېتىشكە تاسلا قاپتۇ. چۈش قايرىلىپ، كۈن ئېگىلىپتۇ. شۇ چاغدا يۇلتۇز پەرى ئىشارەت قىلغانىكەن، قىزلار توختاپتۇ. يۇلتۇز پەرى غەمكىن ھالەتكە ئۆتۈپ قۇندۇزنىڭ ئالدىغا بې-رىپتۇ ۋە تەزىم قىلىپ:

— ئەي دوستۇم قۇندۇز، سۆيۈملۈكۈڭ ئەۋەزخان ئۆلمىدى، ئۇ ئەمدى ئۆلمەيدۇ، بۇنىڭدا بەلكىم بىرەر سەۋەب بولۇشى مۇم-كىن، — دەپتۇ. قۇندۇز يىغىدىن توختاپتۇ ۋە مەردانە ھالدا:

— ئېسىڭدە بارمۇ، سەن مېنى كۆھىقاپقا ئېلىپ بارغى-نىڭ؟ شۇ ۋاقىتتا دىۋىلىرىڭ مېنى ئەمەس، ئەۋەزخاننى ئېلىپ بارغان. ئۇ ساڭا ئاشىق بولغاچقا، سېنى تەشنالىق بىلەن سۆ-يۈۋالغان، — دەپتۇ. يۇلتۇز پەرى كۈلۈمسىرەپ:

— بىزنىڭ ئادىتىمىزدە پەرى قىز ئۆزىنى سۆيگۈچى يى-گىتكە چوقۇم تېگىشى كېرەك، شۇڭا ھازىردىن باشلاپ مەن ئەۋەزخاننىڭ نىكاھىدا، — دەپتۇ - دە، كېنىزەكلەرگە كۆھى-قاپقا قايتىشنى بۇيرۇپتۇ ۋە ئۆزى چېدىرغا كىرىپتۇ. ئارقى-دىن قۇندۇزمۇ كىرىپتۇ. يۇلتۇز بولسا ئەۋەزخاننىڭ سول قو-لىنى ئۆزىنىڭ سول قولىنىڭ تۆپىسىگە قويۇپ، ئوڭ قولىغا

ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ ھۇرۇپ، جاراھەتنى سىلىغانىكەن، ئەۋەزخان ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئىككى قىز ئۇنىڭ ئالدىدا باش ئېگىشىپ تۇرۇپتۇ. ئەۋەزخان ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن دۇلدۇلغا مىنىپ دۈشمەن بىلەن ئۇچ كۈن جەڭ قىلىپ يولنى بوشىتىپتۇ ۋە دادىسىنىڭ شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بۇ نۆۋەت سەپەر كۆڭۈللۈك ئۆتۈپتۇ. ئەۋەزخان ئۆز يۇرتىغا بارغاندىن كېيىن شەھەر خەلقى ئۇنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ. ئۇ ئوردىغا كىرىپ تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان دادىسى گۆر ئوغلى سۇلتاننى، ئانىسى گۈلجاھاننى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىپتۇ، گۆر ئوغلى سۇلتان، گۈلجاھان تەڭلا:

— ئاھ بالام، سېنىڭ دەردىڭدە تولا يىغلاپ كۆزلىرىمىز كور بولدى، ئەمدى سېنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇق، — دېيىشىپتۇ. شۇ ھامان يۇلتۇز پەرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قولىغا ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ ھۇرۇپ، پادىشاھ ۋە گۈلجاھاننىڭ كۆزلىرىنى سىلىغانىكەن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يورۇپ كېتىپتۇ ۋە ئۆزلىرىنى ئەۋەزخانغا ئېتىپ ئۇنى باغرىغا بېسىپتۇ، ئاندىن قۇندۇز ۋە يۇلتۇزنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپتۇ. گۆر ئوغلى سۇلتان ئوغلى ئەۋەزخاننى شاھلىق تەختىگە تەكلىپ قىلىپ:

— سەن ئۆز بەختىڭ يولىدا ئىزدىنىپ مۇرادقا يەتتىڭ، ئەمدى سېنى خەلق ئارزۇلايدۇ، خەلقنىڭ ئارزۇسى يولىدا ئىزدەن، — دەپتۇ. ئەۋەزخان:

— خوپ، ئاتا، ئېيتقانلىرى بولسۇن، — دەپ شاھلىق تەختىگە چىقىپتۇ. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز خەلقىنى باياشات، ئەركىن تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرگەنىكەن.

# ئېيىق سۇلتان

زامانىنىڭ زامانىسىدا، قويۇق ئۆسكەن ئورمان ياقىسىدا بىر خىلۋەت مەھەللە بار ئىكەن. بۇ كىچىك مەھەللىنىڭ پۇقرالىرى ناھايىتىمۇ ئۆم - ئىناق ياشايدىكەن. ئۇلار يېقىن جايدىكى تاغقا بېرىپ ئوتۇن ئېلىپ كېلىپ ئۇنى بازارغا ئاپى-رىپ سېتىپ، ئۆز تۇرمۇشلىرىنى قەدىر ئەھۋال قامدايدىكەن.

بىر كۈنى بۇ كىچىك مەھەللىدىن بىر توپ قىزلار تاغقا ئوتۇن تەرگىلى بېرىپ قاپتۇ. قىزلار چۇرۇقلىشىپ بىردەمنىڭ ئىچىدە تاغنىڭ باغرىدىكى قارىغايلارنىڭ ئۇشتۇلۇپ كەتكەن قۇرۇق - قاقشال شاخلىرىنى تېرىپ توپلاپ، ئۇنى باغلاپ، ئۆيلىرىگە كېتىشكە تەييارلىنىپتۇ.

بۇ تاغقا ئوتۇن تەرگىلى كەلگەن قىزلار ئىچىدە نازىگۇل ئىسىملىك بىر قىز بولۇپ، ئۇ قىزمۇ باشقا قىزلارغا ئوخشاش ئوتۇنلىرىنى باغلاپ كېتەي دېسە، ئوتۇنلارنى باغلايدىغان ئار-غامچىسى يوق تۇرغۇدەك. نازىگۇل ئارغامچىسىنى ئۇزاق ئىز-دەپتۇ، ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. ئارغامچىنى يوقىتىپ قويغانلى-قىغا ئىچى تىت - تىت بولغان نازىگۇل ئارغامچىنى ئىزدە - ئىزدە ئاخىر دوستلىرىدىن ئايرىلىپ يىراقلىشىپ كېتىپتۇ. نازىگۇل ئوتۇن تەرگەن تاغنىڭ باغرىغا بېرىشىغا، تۇيۇقسىزلا دەرەخنىڭ كەينىدىن يوغان بىر ھەيۋەتلىك ئېيىق چىقىپ

قىزنى كۆتۈرۈپ ئورمان ئىچىگە قېچىپتۇ. بىچارە نازىگۇل ھەرقانچە ۋارقىراپ - جارقىراپ ئادەم چاقىرسىمۇ، ئېيىقنىڭ چاڭگىلىدىن زادىلا قۇتۇلالماپتۇ. نازىگۇل بۇ ئاجايىپ غەلىتە، تىلسىز مەخلۇقتىن قورقۇپ ھوشىدىن كېتىپ قاپتۇ. قانچە-لىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى نامەلۇم، نازىگۇل ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ئاجايىپ مەنزىرىلىك گۈزەل شىپاڭدا ياتقۇدەك، يېنىدا شۇنداق قەددى - قامەتلىك، رۇستەمدەك بىر يىگىت قىزنى يەلپۈپ ئولتۇرغۇدەك. ئۇنىڭ بىر جۈپ بولاق-تەك كۆزلىرىدىن ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ يالقۇنلۇق ئوت ئۇچ-قۇنلىرى چاقنىغاندەك بولۇپ، قىزدىن ئەپۇ سورىغاندەك تۇيۇ-لۇپتۇ. نازىگۇل بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— سىز كىم بولىسىز، بۇ قەيەر؟ — دەپ سوراپتۇ. يى-گىت مۇشۇ تاغدا ياشايدىغان ئورمان پادىشاھىنىڭ يالغۇز ئوغ-لى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئىسمىڭىز كىم؟ — سوراپتۇ قىز يىگىتتىن.

— ئىسمىم ئەخمەت، — دەپتۇ يىگىت.

— مەن ئوتتۇن تەرگىلى چىقىپ بىر ئېيىققا يولۇقتۇم، سىز مېنى قانداق قۇتقۇزدىڭىز؟ — دەپتۇ قىز.

— سىزنى ئېلىپ كەلگەن قارا ئېيىقنىڭ ئۆزى دەل مەن بولىمەن، — دەپتۇ يىگىت.

— بۇ ئىشنىڭ سەۋەبى بىلەن جەريانىنى سۆزلەپ بەرسى-ڭىز قانداق؟ — دەپتۇ قىز.

— مەن سىزگە ئۇزۇندىن بېرى ئاشىقى بىقارار ئىدىم، لېكىن مېنىڭ تىلسىم قىلىنغان ئېيىق ھالىتىمنى كۆرسى-ڭىز، ئۇ چاغدا قورقۇپ ماڭا يېقىنلاشمايدىغانلىقىڭىزدىن ئەن-سىرەپ، ئاخىر مۇشۇ ئامال بىلەن سىزنى ئېلىپ كەلدىم، — دەپ بولۇپ، قىزدىن ئەپۇ سوراپتۇ.

ئۇلار ئىككىسى مۇڭداشقاندىن كېيىن، ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىپتۇ. يىگىت قىزغا مۇھەببەت ئىزھار قىپتۇ. نازۇگۈلمۇ يىگىتنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىدىن، يالقۇنلۇق مۇھەببەت نالىلىرىدىن يۈرىكىگە ئوت تۇتىشىپ، شامدەك ئېرىپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇق بىرلىكتە يىگىتنىڭ ئاتىسى — ئورمان پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن سالامغا كىرىپتۇ.

ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغان پادىشاھنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي قاپتۇ. پادىشاھ يۇرت خەلقىگە قىرىق كېچە - كۈندۈز شاھانە توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ نازىگۈل بىلەن ئەخمەت كۆيۈمچان ئەر - خوتۇنلاردىن بولۇپ، كۈن - تۈنلىرىنى شاد - خۇرام، كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. قىز بىلەن يىگىت ئەنە شۇنداق ئۆتۈپتۇ.

ئەمدى گەپنى قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن ئاڭلايلى:

نازىگۈل بىلەن ئوتۇن تەرگىلى چىققان قىزلار نازىگۈلنىڭ ئارغامچىسىنى ئىزدەپ ئورمان ئىچىدە يوقاپ كەتكەنلىكىنى قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا دەرھال يەتكۈزۈپتۇ. نازىگۈلنىڭ كۆيۈمچان ئاتىسى بىلەن مېھرىبان ئانىسى قىزىنىڭ دەردىدە زار - زار يىغلاپ، ئورمانلىقنى بىرقانچە قېتىم ئىزدەپمۇ قىزىنى تاپالماپتۇ. ئاخىر تەقدىرگە تەن بېرىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ كەينىدىن ئايلار ئۆتۈپتۇ، ئايلارنىڭ كەينىدىن يىللار ئۆتۈپ، ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، نازىگۈل تۇيۇقسىزلا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئوماققىنا بىر ئوغۇل بىلەن چىرايلىققىنا بىر قىزنى يېتىلەپ كىرىپتۇ. نازىگۈلنىڭ ئاتا - ئانىسى كۆزلىرىگە ئىشەنمەي: «ئاھ بالام، جان قوزام» دەپ، قىزىنى ئاتا - ئانىلىق مېھرى بىلەن باغ-

-رىغا بىسىپ يىغلاپ تۇرۇپ كۆرۈشۈپتۇ. قىز ئاتا - ئانىلىرى بىلەن مۇڭدىشىپتۇ. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ئىككى نەۋرىسىگە قارىغانسېرى كۆزلىرى تويماپتۇ. قىزنىڭ ئانىسى بالىلارنىڭ ئاتىسىنى نېمە ئۈچۈن ئېلىپ كەلمىگەنلىكىنى سوراپتۇ. ئې-رىنىڭ تىلسىم قىلىنغان ئېيىق بولغانلىقى ئۈچۈن بىللە كېلەلمىگەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن كەلگەنلىكلىرىنى ئېيتىپتۇ. نازىگۈلنىڭ ئانىسى ئېيىق كۈيۇ-ئوغلىنىڭ قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن قانداق ئۇچراشقىلى بولىدىغانلىقىنى تەپسىلىي سوراپ بىلىۋېلىپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

يېرىم كېچىدە قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى قىزىغا تۇيغۇزماي ئورنىدىن تۇرۇپ، قىزى ئېيتىپ بەرگەن تاغ باغرىدىكى ئور-مانغا بېرىپ: «ئېيىق سۇلتان !» دەپ ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن ئۈچ قېتىم ۋارقىراپتۇ. «ئېيىق سۇلتان» دەرھال يېتىپ كەپ-تۇ. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى تەييارلاپ كەلگەن ئۆتكۈر ئايپال-تىسى بىلەن ئېيىقنى چاناپ پارچە - پارچە قىلىۋېتىپ، قى-زىغا بىلىندۇرمەي ئۆيىگە كىرىپ يېتىۋاپتۇ. قىزنىڭ ئۈچ كۈنلۈك مۆھلىتى توشۇپ ئاتا - ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ، ئىككى بالىسىنى ئېلىپ ئورمانغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۆز-لىرى بەلگە قىلىشقان جايغا كېلىپ: «ئېيىق سۇلتان» دەپ ئۈچ قېتىم ۋارقىرىسىمۇ، ئېيىق كەلمەپتۇ. قىز بالىلىرىنى يېتىلەپ تاغ باغرىدىكى ئورمان ئىچىگە كىرىپ قارىسا، ئېرى پارچە - پارچە بولۇپ ياتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن نازىگۈل زار - زار يىغلاپ، پۈتۈن ئورمانلىقنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپتۇ. نازى-گۈل يىغلاپ - يىغلاپ، بالىلىرىغا قاراپ: «ئاھ خۇدا، ئۆتكۈر بولسىمۇ ئۆيۈم بولسىدى، ئېيىق بولسىمۇ ئېرىم بولسىدى» دەپ، ئاھ ئۇرۇپ خۇداغا نالە قىلىپ، كاككۇك بولۇپ پىغانلىق

سايراپ ئالەمدىن ئۆتۆپتۆ. ئوغلى تۆمۆرتۆمشۆق قۆشقا ئايلىن-
ىپ، دادىسىغا ۋاپادار بولۆش ئۆچۆن ئورمانىنى ئاسراپ، قىزى
قارلىغاچقا ئايلىنىپ، كىشىلەرگە پايدىلىق قۆش بولۆپ ئالەم-
دىن ئۆتۆپتىكەن.

«ئۆڭكۆر بولسىمۆ ئۆيۆم بولسىدى، ئېيىق بولسىمۆ ئې-
رىم بولسىدى» دېگەن تەمسىل شۆنىڭدىن قالغانىكەن.



# خۇرشىدمەرگەن

بـۇرۇنقى زاماندا ئىدىقۇت خانلىقىدا بىر پادىشاھ ئۆتكە-
نىكەن. ئۇ پادىشاھ ئىلىم ئەھلى، باتۇر، مەرگەنلەرنى ھۆرمەت-
لەيدىكەن ھەم ھەممىسىنى مۇۋاپىق ئىشقا قويىدىكەن،
پۇقرالارغا زۇلۇم سالماي، باج - سېلىقنى ئېغىرلاتماي، تۇر-
مۇشىنى خاتىرجەم قىلغانىكەن. پادىشاھلىق شۇ تەرىقىدە ئۇ-
زۇن زامانلار دەۋر سۈرۈپتۇ.

خانلىقنىڭ بۇنچە پاراۋانلىق تۇرمۇشىغا ھەستى قوزغال-
غان كۆھىقاپتىكى قارا دىۋە يۇرتنى خانىۋەيران قىلىپ، ئىن-
سۈجىنلارنىڭ ماكانىغا ئايلاندۇرۇپ كۆڭلىنى شاد قىلماق ئۇ-
چۇن پادىشاھلىق زېمىنىغا قەدەم بېسىپتۇ. قاچانكى ئۇ بۇ
زېمىنغا قەدەم باستى، يۇرت خارابىلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىپتۇ.
قارا دىۋە بارغانلا يېرىدە ئۇچرىغانلىكى ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ،
ھايۋانلارنى يەپ، دەل - دەرەخ، ئۆي - ۋاران، ئوت - چۆپ،
زىرائەتلەرنى ئاغزىدىن ئوت پۈۋدەپ كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلىپ،
خارابىلىككە ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.

يۇرت ئەھلى بۇ خەۋەرنى پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ
يۇرتنىڭ ئامانلىقى، پۇقرالارنىڭ ھاياتىنى قوغداش ئۈچۈن،
ئوردا ئىچىدىكى «مەن - مەن» دەپ يۈرگەن پالۋانلارنى، مەر-
گەنلەرنى لەشكەرگە باش قىلىپ، قارا دىۋىنى يوقىتىش ئۈچۈن

يولغا ساپتۇ....



ئۇزۇندىن بېرى ئوردىدا بىكار يۇرۇپ مەشىق قىلمىغان ياكى ئوقيانىڭ كىرىچىنى تارتىپ باقمىغان مەرگەن، پالۋانلار ئوقيالىرىنى بەتلەپ قارا دىۋىگە قارىتىپ ئوق ئۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوقلىرى كۆزلىگەن نىشانغا يېتىپ بارالماي، ئۆز جېنىنى دىۋىگە سېلىپ بېرىپتۇ. دىۋە ئورنىدىن سىلجىماي تۇرۇپ پالۋان، مەرگەنلەرنى يالماپ يۇتۇۋېتىپتۇ، قالغان لەشكەرلەرنى بولسا ئاغزىدىن قارا بوران چىقىرىپ ئۇچۇرۇپ تىرىپىرەن قىلىۋېتىپتۇ....

دىۋىنىڭ چاڭگىلىدىن ئامان قالغانلىرى پادىشاھقا بولغان ئىشتىن خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. ئۆزىنىڭ مەرگەن، پالۋانلىرىغا ئىشەنچ باغلاپ، ئۈمىد كۈتۈپ ئولتۇرغان پادىشاھ بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپتۇ ھەم ئويغا چۆكۈپتۇ. پادىشاھ ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ، ئاخىر بىر قارارغا كېلىپ، ئۆزىگە يېقىن ۋەزىردىن بىرنى چاقىرىپ:

— مەن يۇرت بېشى، مەن يۇرتنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ، ئوتىدا كۆيمىسەم، مېنىڭ نېمە كېرىكىم؟! شۇڭا مەن يۇرتقا كەلگەن بۇ بالا ـ قازانى يوقىتىش چارىسىنى تاپمىسام بولمايدۇ. سەن مەن كەلگۈچە يۇرتنى ئادىل سوراپ، مېنىڭ يوقلۇقۇمنى چاندۇرماي، مېنىڭ كېلىشىمنى كۈتكىن، — دەپ،

پۈتۈن يۇرتنىڭ تەقدىرىنى ۋەزىرگە تاپشۇرۇپ، ئۆزى باشقىلار-
غا تۇيدۇرماي ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ...

پادىشاھ پۇقراچە كىيىنىپ ئوردىدىن ئايرىلىپ، ئۆز مەقسىتىگە يېتىشنىڭ يولىنى ئىزدەپ كوچىمۇ كوچا، ئۆيمۇ-ئۆي ئارىلاپ پۈتۈن يۇرتنى كېزىپ چىقىپتۇ، لېكىن بىرەر مۇۋاپىق تەدبىر، مۇۋاپىق ئادەم تاپالماي، بېشىنىڭ ئىچى - تېشى قېتىپ، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي، يۇرتنىڭ تاغ - داۋانلىرىنى، ئويمان - دۆڭلىرىنى كېزىشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ شۇنداق ئاخىرى چىقماس يولغا كىرىپ، يول يۈرۈپ، يۇرسىمۇ مول يۈرۈپ، تاغ ئارىسىدىكى ئورمانغا كىرىپ قاپتۇ. بۇ ساپ ھاۋالىق جاي غەشلىككە تولغان كۆڭلىگە بىر ئاز ئارام بېرىپ، ھاردۇقىنى چىقىرىپ، ئۇخلىماقچى بولۇپ يېتىپتۇ.

ئۇ ئۇيقۇسىنى ئۇخلاپ يېتىپ تۇرسۇن، بىز گەپنى باشقا ياقتىن ئاڭلايلى:

بۇ تاغ ئىچىدىكى ئورماندا خۇرشىد ئىسىملىك ئوۋچى ياشايدىكەن، ئوۋچىلىق ئۇنىڭ ئاتا كەسپى ئىكەن، ئۇ ئۇستا مەرگەن ئىكەن. ئۇ ئاق كۆڭۈل، ساپ نىيەت كىشى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدى-كەن، شۇڭا ئۇ يۇرتتىن ئايرىلىپ، بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ بۇ تاغ ئىچىگە كىرىپ، بۇلاق سۈيىدىن پايدىلىنىپ يەر ئېچىپ، بوش چاغلىرىدا ئوۋ ئوۋلاپ ياشاپ كېلىۋاتقانىكەن.

پادىشاھ ئورمانلىق ئىچىگە كىرگەن كۈنى خۇرشىدمۇ ئوۋغا چىققانىكەن. ئۇ ئورمانلىقتا بىر ئادەمنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ يېقىن بېرىپتۇ، قارىغۇدەك بولسا، بىر ئادەم بەھۇزۇر ئۇخلاپ ياتقان. ئويغىتىۋېتەي دېسە، ئۇيقۇسىنى بۇزۇشقا كۆڭ-لى ئۇنىماپتۇ، تاشلاپ كېتەي دېسە، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ زى-يانكەشلىكىگە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ئەپچىل-

لىنىڭ بىلەن يۇدۇۋېلىپ، تۇيدۇرماي ئۆيگە ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۆيگە ئاپىرىپ ئاستىغا كۆرپە، بېشىغا ياستۇق قويۇپ ياتقۇ-زۇپ قويۇپ، ئويغىنىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

پادىشاھ بىرھازادىن كېيىن ئويغىنىپ كۆزىنى ئېچىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئۆزىنىڭ ئورمانلىقتا ئەمەس، ئۆي ئىچىدە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ، دەپ چۆچۈپ ئور-نىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغان ئاتا ـ بالا ئۇچەيلەننى كۆرۈپ:

ــ بۇ مېنىڭ ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ؟ مەن بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىم؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ بۇ ئوڭلىرى، مېھمان، ــ دەپتۇ خۇرشىد مەرگەن ھەم ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، بولغان ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپتۇ. پادىشاھ خۇرشىد مەرگەننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بوپتۇ. خۇرشىد مەرگەن ئۇنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ تاماق كەل-تۈرۈپتۇ. تاماق ئۈستىدە پادىشاھ ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، بۇ تاغ ـ دەشتلەرنى كېزىپ يۈرۈشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. خۇر-شىد مەرگەن پادىشاھنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ:

ــ باشلىرىغا ئېغىر كۈن چۈشۈپتۇ. نىيەتلىرى تۈز ئې-كەن، خۇدا مەدەت قىلار. سىلى بىزگە مېھمان، خاتىرجەم ھاردۇقلىرىنى ئالسىلا. باشقا ئىشلار كېيىنچە بىر تەرەپ بولار، ــ دەپتۇ ھەم ئۆزىنىڭ ئوۋ ئوۋلاپ كېلىپ پادىشاھنى مېھمان قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىقىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ يېتىپ ئارام ئېلىپ قاپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي خۇرشىد مەرگەن چوڭ بىر ئار-قارنى مۈرىسىگە ئارتىپ كىرىپ كەپتۇ. پادىشاھ قارىغۇدەك بولسا، ئوق ئارقارنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تەگكەن-كەن. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ، خۇرشىدنىڭ ئۇستا مەرگەن ئې-

كەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن قايىل بوپتۇ. خۇرشىد مەرگەن ھايال بولماي گۆشنى پىشۇرۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. پادىشاھ گۆش يەپ ئولتۇرۇپ، خۇرشىد مەرگەندىن:

— مەن ئۇستا مەرگەن، پالۋانلارنى مۇۋاپىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆز ھۇزۇرۇمدىن ئورۇن بەرگەن تۇرسام، سىز نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىپ يالغۇز ياشاشنى خالاپ قالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. خۇرشىد مەرگەن كەمتەرلىك بىلەن:

— ھۆرمەتلىك پادىشاھ ئالىيلىرى، پىچاقنى بىلەپ تۇرمىسا، دات باسىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلا؟ ھۈنەرمۇ شۇنداق، دائىم مەشىق قىلىپ ھەم ئىشلىتىپ تۇرمىسا، كامالەتكە يەتمەك ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا كارغا كەلمەس بىرنەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، — دەپتۇ. پادىشاھ خۇرشىد مەرگەننىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا قايىل بوپتۇ.

ئەتىسى خۇرشىد مەرگەن يەنە ئوۋغا چىقىش ئۈچۈن تەييارلىق قىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ ماھارىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ بېقىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ:

— خۇرشىد مەرگەن، مەن ئۆيدە ئولتۇرۇپ زېرىكىپ كەتتىم، ئەگەر مۇمكىن بولسا، مەنمۇ سىز بىلەن بىرگە چىقىپ ئايلىنىپ كىرسەم، — دەپتۇ. خۇرشىد مەرگەن مېھمانىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالماي، پادىشاھنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ چىقىپتۇ.

ئۇلار ئۇزۇن ماڭمايلا، خۇرشىد مەرگەن كۆز يەتكۈسىز يەردىكى بىر قارىنى پادىشاھقا كۆرسىتىپ:

— ئەنە، ئۇ كېيىك، سىلى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ ئۇنى كۆزىتىپ تۇرسىلا، — دەپ پادىشاھنى بىر قورام تاشنىڭ كەينىگە مۆكتۈرۈپ قويۇپ، ئۆزى بىر دۆڭنى ئەگىپ مېڭىپتۇ. بۇ چاغدا چاتقاللىق ئارىسىدىن توپاقتەك چوڭلۇقتىكى بىر

يولۋاس نەرە تارتىپ چىقىپ پادىشاھقا ئېتىلىپتۇ. خۇرشىد مەرگەن يولۋاسنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىغۇدەك بولسا، پادىشاھ بىلەن يولۋاسنىڭ ئارىلىقى بىر چامدامچە قالغانىكەن. خۇرشىد مەرگەن كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بېرىدىغان خېيىمخەتەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئوقيادىن ئوق ئۈزگەنىكەن، «ۋىش» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يولۋاس سەت خارقىراپ ئورنىدا سۇنايلىنىپ يېتىپ قاپتۇ. پادىشاھ ھوشىنى يىغىپ قارىغۇدەك بولسا، يولۋاس قانغا مىلىنىپ ياتقۇدەك. ئوق يەنە يولۋاسنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تەگكەنىكەن. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ خۇرشىد مەرگەننىڭ مەرگەنلىكىگە چىن دىلىدىن قايىل بوپتۇ ھەم جېنىنى ساقلاپ قالغانلىقىغا دىلى سۆيۈنۈپ، قارا دېۋىنى يوقىتىدىغان پالۋان مۇشۇ ئىكەن، دەپ ئويلاپ، خۇشاللىقىدىن خۇرشىد پالۋاننى قۇچاقلاپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئوۋ ئوۋلاپ بولۇپ قايتىپ كەپتۇ.



ئۇلار ئەتىسى ناشتا قىلىپ ئولتۇرۇپ يەنە پاراڭغا چۈشۈپتۇ. پادىشاھ گەپ ئارىلاپ:

— مېنىڭ ئىزدىگەن ئادىمىم سىز ئىكەنسىز، سىز

بىرىپ يۇرتنى، خەلقنى بالا - قازادىن قۇتۇلدۇرسىڭىز، — دەپ ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن مۇددىئاسىنى ئېيتىپتۇ. خۇرشىد مەرگەن، يۇرت خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا - قازا — مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن بالا - قازا، دەپ ئويلاپ، پادىشاھنىڭ تەكلىپىدىن باش تارتماپتۇ.

خۇرشىد مەرگەن ئايالى، بالىسىنى ئېلىپ پادىشاھ بىلەن بىرگە يۇرتقا مېڭىپتۇ. ئۇلار يۇرتقا بىرىپ كاتتا كۈتۈۋېلىشقا مۇيەسسەر بوپتۇ. خۇرشىد مەرگەن ئايالى بىلەن بالىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، قارا دىۋىنى يوقىتىشقا ئاتلىنىشنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ خۇرشىد مەرگەنگە بىرمۇنچە لەشكەرنى قوشۇپ يولغا سالماقچى بولغاندا، ئۇ:

— پادىشاھىم، سىلىمۇ بىز بىلەن بىرگە بارسىلا، — دەپ، پادىشاھنىمۇ بىرگە بېرىشقا تەكلىپ قىپتۇ. پادىشاھ «ياق» دەي دېسە، بۇ ئىشتىن باش تارتقان بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ بېرىشقا قوشۇلۇپتۇ.

ئۇلار قارا دىۋىنى يوقىتىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار ناھايىتى كۆپ يول يۈرۈپتۇ. يول يۈرۈپ، قارا دىۋە ۋەيران قىلىپ كۆيدۈرۈۋەتكەن يۇرت - مەھەللىلەرنىڭ ئىس - ھىدى دىماغقا ئۇرۇلغاندا، باشقا لەشكەرلەرنى شۇ يەردە قويۇپ، پادىشاھ بىلەن ئىككىسى يولنى داۋام ئېتىپتۇ. ئۇلار ئىككىسى ئالاھازەل بىر كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن، قارا دىۋىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلار ئاتلىرىنى شۇ يەردە ئوتلاشقا قويۇۋېتىپ پىيادە مېڭىپتۇ. ئالاھازەل قارا دىۋىنى چاقىرسا، ئۈن يەتكۈدەك يەرگە كېلىپ توختاپتۇ. بۇ چاغدا خۇرشىد مەرگەننىڭ يادىغا ئاتىسىنىڭ: «ئەگەر خەتەرلىك رەقىبىڭگە يولۇقساڭ، بىر پاي ئوق بىلەن ئۇجۇقتۇر، قايتا ئوق ئۈزمە...» دېگەن ۋەسىيىتى كېلىپ، ئاتام ئېيتقان خەتەرلىك

رەقىبىم مۇشۇ ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا، قارا دىۋە ئۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ، قاتتىق نەرە تارتىپ، ئاسمان - پەلەك توپا - چاڭ توزۇتۇپ ئۇلارغا قاراپ ئېتىلىپتۇ. خۇرشىد مەر-گەن بۇنى كۆرۈپ ھېچبىر تەمتىرىمەي يېنىدىن ئوقيانى ئې-لىپ، ئوقنى سېلىپ كىرىچنى تارتىپ، جان يېرىنى چەنلەپ ئاتقانىكەن، ئوق دەل جايىغا تېگىپ قارا دىۋە ئىڭراپ يىقى-لىپتۇ ۋە:

— ئەي مەرگەن، جېنىم بەك قىينىلىپ كېتىپ بارىدۇ، ماڭا رەھىم قىلىپ يەنە بىر پاي ئوق بىلەن جېنىمنى ئال-غىن، — دەپ يالۋۇرۇپ ۋارقىراپتۇ. خۇرشىد مەرگەن:

— ئاتام ماڭا: «رەقىبىڭنى بىر ئوقتا ئۇجۇقتۇر، قايتا ئوق ئاتما» دېگەن، — دەپ قايتا ئوق ئاتماپتۇ. قارا دىۋىنىڭ نالە - پەر-يادى ئاستا - ئاستا بېسىقىپتۇ. ئاسماندىكى چاڭ - توزانمۇ تارقاپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا كەينىدە قالغان لەشكەرلەر قارا دىۋىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەنىكەن، ئۇلار دىۋىنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈپ، خۇرشىد مەرگەنگە ئاپىرىن ئېيتىپ، بېشىغا ئېلىپ، يەرگە تەگكۈزمەي يۇرتقا قايتۇرۇپ ئېلىپ كەپتۇ. يۇرت ئەھلى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن مىڭ مەرتەم رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، يەر سۆيۈپ تەزىم قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىننەتدار-لىقىنى بىلدۈرۈشۈپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ خۇرشىد مەرگەننى پۈتۈن پادىشاھ-لىقنىڭ لەشكەرلىرىگە باش قىلىپ تەيىنلەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن پۇقرالارمۇ، لەشكەرلەرمۇ شۇنداق بىر ياش سەركەردىسىنىڭ بولغانلىقىدىن رازى بوپتۇ ھەم ئۆز ئامانلىقىدىن خاتىرجەم بولۇشۇپ، قايتىدىن كۆڭۈللۈك ياشاشقا باشلاپتۇ.

# باتۇر قىز

بۇرۇنقى زاماندا قول ـ ئىلكىدە يېتىپ ئاشقۇدەك دۇنياسى بار بىر بوۋاي ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئالتە ئوغلى، بىر قىزى بار ئىكەن.

كۇنلەرنىڭ بىرىدە كەنجى ئوغلى تىجارەت قىلىش ئۇچۇن سەپەرگە چىقىپ كېتىپتۇ. ئارىدىن ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، قايتىپ كەلمەپتۇ. ئاتىسى ئۇنىڭ دەردىدە كۆيۈپ ـ پىشىپ يىغلاپ، ئاخىر ئىككى كۆزىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. بوۋاينىڭ كۆزىنى داۋالىغىلى كەلگەن تېۋىپ:

— يىراق رىم شەھىرىدە بۇنىڭ دورىسى بار، شۇ دورىدىن ئەكىلىپ كۆزىڭىزگە سۇرتسە كۆزىڭىز روشەنلىشىدۇ، — دەپتۇ. بوۋاي ئوغۇللىرىنى چاقىرىپ:

— باللىرىم، كىم ماڭا مېھرىبان بولسا، رىم شەھىرىدىن كۆز دورىسىنى ئەكىلىدۇ. قېنى ئېيتىڭلار، يول راسخوتى ئۇچۇن نىمە تەلەپ قىلساڭلار شۇنى بېرىمەن، — دەپتۇ.

— ئەي دادا، «پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا» دەپتىكەن، پۇللا بولسا دورىنى ئەكىلىمىز، — دېيىشىپتۇ ئوغۇللار.

بوۋاي ئۇلارغا يېتىپ ئاشقۇدەك ئالتۇن ـ كۇمۇش بېرىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

بەش ئوغۇل رىم شەھىرىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇلار شۇ

ماڭغانچە داپ داراڭلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان يەرلەردە يۈرۈپ، پۇل - پۇچەكلىرىنى بۇزۇپ - چېچىپتۇ، ئاخىر بىر پۇلسىز ئۆيگە قايتىشىپتۇ.

ئاكىلىرىنىڭ قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن قىز دادىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— جېنىم دادا، رىم شەھىرىگە ئۆزۈم باراي، ئاق يول تىلەپ دۇئا قىلىڭ ! — دەپتۇ. بوۋاي قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— قىزىم، شۇ دورىنى ئەكېلىپ كۆزۈمنى ئاچساڭ، سەندىن مىڭ مەرتە رازى ئىدىم ! — دەپتۇ.

قىز قىرىق قېچىرغا يول لازىمەتلىكلىرىنى ئارتىپ، ئۆزى يورغا ئاتقا مىنىپ رىم شەھىرىگە قاراپ مېڭىپتۇ. دادىسى شۇ يۇرتتىكى نامرات ئائىلىلەردىن ئون قىزنى تاللاپ، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنى رازى قىلىپ، قىزىغا قوشۇپ قويۇپتۇ.

ئۇلار ئۇزۇن يول يۈرۈپ، دەم ئېلىش ئۈچۈن بىر مەنزىلدە توختاپتۇ. قىز ھەمراھلىرىغا:

— دوستلىرىم، سىلەرنى ئاتام قوشۇپ قويغان بولسىمۇ، مەن ھەممىڭلارنى ئازاد قىلدىم، ئاتا - ئاناڭلارنىڭ ئالدىغا قايتىپ بېرىپ ئەركىن ئويناپ - كۈلۈپ يۈرۈڭلار، — دەپتۇ.

قىز ھەمراھلىرىغا نۇرغۇن مال - مۈلۈك ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپتۇ - دە، ئۆزى يالغۇز كېتىۋېرىپتۇ. ئۇ يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. بىر چاغدا ئۇنىڭ ئالدىدىن بەھەيۋەت بىر ئەجدىھا چىقىپ كەپتۇ - دە، قىزنىڭ ھەممە قېچىرلىرىنى بىر - بىرلەپ دەم تارتىپتۇ، لېكىن قىز پەرۋا قىلماي كېتىۋېرىپتۇ. شۇ چاغدا ئەجدىھا قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ سوراپتۇ:

— ئەي ئادەمزات، ھەممە قېچىرلىرىڭنى يېدىم، قاراپمۇ

قويمدىڭ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟
قىز پىسەنت قىلماي:
— سەن ئاچ ئىكەنسەن، رەھىم قىلدىم، ئۇنداق بولمىغاندا سەن بىلەن ئېلىشاتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دادام ئەما بولۇپ قالغان. رىم پادىشاھىنىڭ خەزىنىسىدە بىر دورا بار ئىكەن، شۇنى ئەكىلىپ، دادامنىڭ كۆزىنى ئېچىشقا ئالدىراۋاتىمەن، — دەپتۇ.
— ئەي ياخشى ئاتىنىڭ ياخشى بالىسى، ئۇنداق بولسا ئۇستۇمگە مىن! — دەپتۇ ئەجدىھا، — ياخشى نىيەت بىلەن يولغا چىققانلىقىڭ ئۈچۈن رىم شەھىرىگە ئۆزۈم ئاپىرىپ قويىمەن.
قىز ئەجدىھانىڭ ئۈستىگە مىنىپتۇ ۋە بىردەمدىلا رىم شەھىرىگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئەجدىھا قىزغا:
— ھازىر قاراۋۇللار ئۇخلاۋاتىدۇ، خەزىنىگە قورقماستىن كىرىۋەرگىن. خەزىنىنىڭ دورىخانىسىدا قۇتىدىمۇ، قەغەزدىمۇ دورا بار. قۇتىدىكى دورىنى ئالساڭ، قەغەزدىكى دورىغا قول تەگكۈزمە، قەغەزدىكىنى ئالساڭ، قۇتىدىكى دورىغا قول تەگكۈزمە! — دەپتۇ.
قىز ئەجدىھانىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ خەزىنىگە كىرىپتۇ، خەزىنىدىن دورىخانىغا ئۆتۈپتۇ. قۇتىدىكى ۋە قەغەزدىكى دورىلار بىر ـ بىرىدىن خۇش پۇراق ئىكەن، قىز قايسىسىنى ئېلىشنى بىلەلمەي، تەۋەككۈل قىلىپ ئىككىلا دورىنى قولىغا ئاپتۇ.
بىردىنلا ئاجايىپ ـ غارايىپ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىپ، قىز بەند بولۇپ قاپتۇ. قاراۋۇللار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، شاھ ئوردىسىغا ئەكىرىپتۇ.
— نېمىشقا خەزىنىگە ئوغرىلىققا چۈشتۈڭ؟ — دەپ سوراپتۇ شاھ.

— دادام كۆرمەس بولۇپ قېلىۋىدى، دورىغا كەلگەنىدىم. ئىجازىتىڭىزنى ئالمايلا كىرىپ قاپتىمەن، كەچۈرۈڭ! — دەپتۇ قىز.

— مۇغەمبەرلىك قىلىۋاتىسەن. مەيلى، ساڭا ئىشىنەي، لېكىن ماڭا ئەنەدىرخاننىڭ قىزىنى ئەكېلىپ بەرسەڭ دورىنى بېرىمەن ۋە سېنىمۇ ئازاد قىلىمەن، بولمىسا، بېشىڭنى توك سويمىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈپ تاشلايمەن! — دەپتۇ پادىشاھ.

— بولىدۇ، — دەپتۇ قىز تەزىم قىلىپ، — قىرىق كۈن مۆھلەت بېرىڭ.

قىز قىرىق كۈن مۆھلەت بىلەن ئەجدىھانىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— ئەي ئادەمزات، نېمە قىلىپ قويدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەجدىھا. قىز:

— ھەر ئىككىلا دورىنى ئالىمەن، دەپ قولغا چۈشۈپ قالدىم، قۇتىلار تىلسىم قىلىنغانىكەن، — دەپتۇ ۋە پادىشاھ-



نىڭ شەرتىنى ئېيتىپتۇ.

— بولغۇلۇق بوپتۇ، يور، كەتتۇق، — دەپتۇ ئەجدىھا ۋە قىزنى ئەنەدىرخاننىڭ شەھىرىگە بىرپەستىلا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. ئەجدىھا قىزغا:

— خان قىزى بىر ئۇخلىغاندا قىرىق كۈن ئۇخلايدۇ. ئۇ ئوتتۇز توققۇز كۈندىن بۇيان ئۇيقۇدا، ئەتە تاڭ ئاتسا ئويغىنىدۇ. قىزنىڭ ئالدىغا كىرگىنىڭدە، ئۆزىگە تەگسەڭ، رومىلىغا تەگمە، رومىلىغا تەگسەڭ، ئۆزىگە تەگمە. قىزنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىشتە ئىككى ئۆي بار، ئۆيلەرگە لىقمۇلىق پاختا بېسىلغان، قويۇن ۋە يانچۇقلىرىڭغا پاختىنى تولدۇرۇۋالغاندىن كېيىن مەلىكە ياتقان ئۆيگە كىرگىن. پەلەمپەينىڭ ئىككى يېنىغا قوڭغۇراقلار ئېسىلغان، قوڭغۇراقلارنىڭ ئىچىگە پاختا تىقىۋەت، جىرىڭلىمايدۇ، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ.

قىز يانچۇقلىرىغا پاختا تولدۇرۇپ، قوڭغۇراقلارغا پاختا تىقىپتۇ - دە، مەلىكە ياتقان ئۆيگە كىرىپتۇ. مەلىكە تاتلىق ئۇخلاۋاتقانىكەن، قىرىق كېنىزەك ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇنى



قوغداپ ياتقانىكەن. مەلىكىنىڭ بېشىدا چوڭ رومال بولۇپ، رومال مەلىكىدىن چىرايلىق، مەلىكە رومالدىن چىرايلىق ئىدىكەن. قىز مەلىكىنىمۇ، رومالنىمۇ بىرلىكتە كۆتۈرۈپتۇ، دەل شۇ چاغدا ھەيۋەتلىك گۈلدۈرلەش سادالىرى كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە ئەتراپ تەۋرەپ كېتىپتۇ، ئىشىكلەر يېپىلىپ، قىز بەند بولۇپ قېلىپ تۇتۇلۇپتۇ. بۇ يەرمۇ تىلسىم قىلىنغانىكەن. قوللىرى قايرىلىپ باغلانغان قىز خان ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ. غەزەپلەنگەن خان:

— نېمە سەۋەبتىن قىزىمنى ئوغرىلىماقچى بولدۇڭ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ئاتام كۆزىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى، دورا ئىزدەپ رىم شەھىرىگە بېرىپ قولغا چۈشۈپ قالدىم. رىم پادىشاھى: «ئەنەدىرخاننىڭ مەلىكىسىنى ئەكېلىپ بەرسەڭ دورا بېرىمەن، بولمىسا بېشىڭنى سويمىنى ئۆزگەندەك ئۈزۈپ تاشلايمەن» دېدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كەلگەنىدىم، — دەپتۇ قىز.

— سۆزۈڭگە قارىسام راستچىل كۆرۈنىسەن. كۈنپېتىش تەرەپتە كۆھقاپ دېگەن جاي بار، ئۇ يەردە بىر جادۇگەر ياشايدۇ. ئۇنىڭ بىر قارا تۇلپار ئېتى بار، شۇنى ئەكەلسەڭ قىزىمنى بېرىمەن، بولمىسا تېرەڭنى شىلىمەن! — دەپتۇ ئەنەدىرخان.

— بولىدۇ، — دەپتۇ قىز، — تۆت كۈنلۈك مۆھلەت بېرىڭ.

— بارغىن، تۆت كۈنلۈك مۆھلەت بەردىم، — دەپتۇ خان.

قىز ئەجدىھانىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە بولغان ئەھۋالنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئەجدىھا قىزنى ئۈستىگە مىندۈرۈپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار بىر كېچە ـ كۈندۈزدە كۆھقاپقا يېتىپ بېرىپتۇ ۋە

جادۇگەرنىڭ ئاتخانىسىغا يېقىن كەپتۇ.

— جادۇگەر ئۇخلىماقچى، — دەپتۇ ئەجدىھا، — مۇشۇ يەردىن لەخمە كولاپ، ئوقۇر تېگىدىن بېشىڭنى چىقار. تۇلپار سېنى كۆرۈپ كىشنەيدۇ. جادۇگەر: «ئادەم پۇرىقى كېلىۋاتىدۇ-غۇ» دەپ تۆت تەرەپكە يۈگۈرىدۇ، تاپالماي كېلىپ يەنە جايىدا ياتقاندا بېشىڭنى چىقار، تۇلپار تېخىمۇ قاتتىق كىشنەيدۇ. جادۇگەر تۇلپارغا غەزەپلىنىپ: «ھەي نائىنساپ ھايۋان، مېنى ئىككى قېتىم تەشۋىشكە سالدىڭ، يەنە شۇنداق قىلساڭ سېنى يەيمەن!» دەيدۇ-دە، ياتقىلى چىقىپ كېتىدۇ. سەن ئەنە شۇ چاغدىلا بېشىڭنى چىقىرىپ: «ئەي زاتى ئۇلۇغ تۇلپار، سۇ ئورنىغا سۈت، يەم ئورنىغا كۆك كىشمىش بېرىپ باقىمەن. بۇ زالىمنىڭ قولىدا ئازاب چېكىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. مەن سېنى ئەكېتەي» دەيسەن. تۇلپار بېشىنى ئېگىپ جىم تۇرىدۇ. ئوقۇرنىڭ يېنىدا ئالتۇندىن ئىشلەنگەن ئېگەر-جابدۇق بار، تۇلپارنى دەرھال ئېگەرلە، ئاندىن يېتىلەپ مېنىڭ ئالدىمغا كەل.

قىز ئەجدىھانىڭ ئېيتقانلىرىنى تولۇق بېجىرىپ، ئاخىر تۇلپارنى ئەجدىھانىڭ ئالدىغا ئەكەپتۇ. ئەجدىھا قىز بىلەن تۇلپارنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ، ئەنەدىرخاننىڭ شەھىرىگە ئەكەپتۇ ۋە قىزغا:

— ئەي قىز، بۇ تۇلپارنى ئۆزۈڭ ئال، مەن بىر دو-ملاپلا خۇددى مۇشۇنداق تۇلپارغا ئايلىنىمەن. سەن مېنى خانغا بەر، خان قىزىنى ساڭا بېرىدۇ. مەلىكىنى ئېلىپ كې-تىۋەرگىن، مەن ئارقاڭدىن بارىمەن، — دەپتۇ ئەجدىھا.

قىز ماقۇل بوپتۇ. ئەجدىھا بىر دوملاپلا تۇلپارغا ئايلى-نىپتۇ. قىز ئۇنى خانغا تەقدىم قىپتۇ. خان قىزىنى بېرىپتۇ. قىز بىلەن مەلىكە تۇلپارغا مىنىپ رىم شەھىرىگە راۋان بوپتۇ.

ئەمدى گەپنى خاندىن ئاڭلايلى:

خان ئاتنى ئېگەرلەپ، ئالتۇن ئۈزەڭگىگە سول پۇتىنى قويۇپ، ئوڭ پۇتىنى ئەمدىلا كۆتۈرۈپتىكەن، تۇلپار چىۋىنغا ئايلىنىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ...

ئەجدىھا ھايال بولماي قىزلارغا يېتىشىۋاپتۇ. ئۇلار رىم شەھىرىگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئەجدىھا بىر دومىلىغانىكەن، ئەنەدىرخاننىڭ مەلىكىسىدىنمۇ چىرايلىق بىر قىزغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

— مېنى شاھقا تەقدىم قىلىپ، دورىلارنى ئەكېتىۋېرىڭلار، — دەپتۇ ئەجدىھا.

قىز ئۇنى رىم شاھىغا بېرىپ، دورىنى ئېلىپ ئۆز يۇرتىغا راۋان بوپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن شاھ ئەلگە چوڭ توي بېرىپتۇ. توي تۈگىشى بىلەنلا قىز بىر دومىلاپ كۈمۈتىغا ئايلىنىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ...

ئەجدىھا قىزلارغا يېتىشىۋېلىپ، ئىككىلا قىزنى ۋە تۇلپارنى ئۈستىگە مىندۈرۈپ قىزنىڭ يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ. قىز دادىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، دورىنى دادىسىنىڭ كۆزىگە سۈرتكەنىكەن، كۆزى ئېچىلىپ، يورۇق دۇنيانى يېڭىۋاشتىن كۆرۈپتۇ.

— جېنىم قىزىم، كۆزۈمنىڭ نۇرى ! — دەپ قىزنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپتۇ دادىسى. دەل شۇ چاغدا ئەجدىھا بىر سىلكىنگەنىكەن، ئۈستىدىكى تېرىلىرى سىيرىلىپ چۈشۈپتۇ - دە، چىرايلىق ۋە قاۋۇل بىر يىگىت پەيدا بولۇپ قاپتۇ. قارىسا، بۇ يىگىت قىزنىڭ ئاكىسى، بوۋاينىڭ كەنجى ئوغلى ئىكەن. بوۋاي كەنجى ئوغلىنى كۆرۈپ:

— ئاھ... ئوغلۇم ! كۆز نۇرۇم ! — دەپ ئۇنى باغرىغا بېسىپتۇ. ھەممەيلەن خۇشال - خۇرام كۆرۈشۈپتۇ. ئەلگە چوڭ توي بېرىلىپتۇ. تويدا ئوغلىدىن:

— قېنى ئوغلۇم، نېمە بولدى؟ سۆزلەپ بەر ! — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

ئوغۇل دەپتۇ:

— مەن ئەنەدىرخاننىڭ قىزىغا ئاشىق بولۇپ، خانغا ئە-
سىرگە چۈشۈپ قالدىم. ئۇ مېنى كۆھىقاپقا ئەۋەتتى. جادۇ-
گەرنىڭ تۇلپارىنى ئەكېلىمەن دەپ، جادۇگەرنىڭ قولىغا
چۈشتۇم. ئۇ مېنى ئەجدىھاغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئاتا - ئانى-
سىغا مېھىر - مۇھەببىتى چەكسىز بولغان، ئۇلارنى دەپ
جېنىنى ئايىمىغان ئوغۇل ياكى قىز مېنى بۇ سېھىردىن قۇ-
تۇلدۇرۇۋالالايتتى. جېنىم دادا، سىزنى دەپ سىڭلىم كۆپ جا-
پالارنى چەكتى، ۋەدىسىنى ئورۇندىدى، مېنى سېھىردىن خالاس
قىلدى.

— باركاللا ! — دەپتۇ دادىسى.

يىگىت ئاخىر ئەنەدىرخاننىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپتۇ، ھەمە-
مەيلەن مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ.



# كەمەك ھەيياربىلەن مۇختەر ھەييار

بۇرۇنقى زاماندا، ئىران پادىشاھلىقى تەۋەسىدە كەمەك دېگەن بىر ھەييار ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئۆزىنى ھەييارلىقتا كامالەتكە يەتكەن ھېسابلاپ، بۇ دۇنيادا ماڭا ھېچقانداق ھەييار تەڭ كېلەلمەيدۇ، دەپ يۈرىدىكەن. قەدىمكى تەكلىماكاندىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش مۇختەر دېگەن بىر ھەييار بولۇپ، ئۇمۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق ھەييارنى ئۆزىگە تەڭ كۆرمەيدىكەن، شۇڭلاشقا ئۇلار ھەييارلىقتا بىرى يەنە بىرىنى يېڭىپ، ئۇستۇنلۇكنى ئېلىش كويىدا يۈرىدىكەن. كەمەك ھەييار قارا كۆڭۈل، مۇختەر ھەييار ئاق كۆڭۈل ئىكەن.

كۈنلەردىن كۈنلەر ئۆتۈپ، كەمەك ھەييار مۇختەر ھەييارنى ئۆلتۈرۈپ ئۇستۇنلۇك ئالماقچى بوپتۇ.

كەمەك ھەييار مۇختەر ھەييارنى يوقىتىشنى ئويلاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مۇختەر ھەييار «كىتابى جادۇ»نى ئېچىپ قاراپ، كەمەك ھەييارنىڭ ئۆزىگە قەست قىلىشىنىڭ كويىغا چۈشكەنلىكىنى بىلىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مۇختەر ھەييار سالپاڭ قۇلاق، ئالا ئاياغ ئېشەككە: «رەببىم» دەپ مىنىپ، كەمەك ھەييارنىڭ يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ، مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ھېرىپتۇ، بىر قوغۇنلۇقنىڭ يېنىغا كېلىپ، قارىياغاچ سايىسىدە ئۇخلاپتۇ، ئۇخلاش ئالدىدا ئۆزىگە

ئەپسۇن ئوقۇپ، بېشىنى قوغۇنغا، بەدىنىنى پىلەككە ئايلاندۇ-
رۇپ قويۇپتۇ.

دەل شۇ چاغدا كەمەك ھەييار «كىتابى جادۇ»غا قارىسا،
مۇختەر ھەييارنىڭ ئۆزىگە قارشى يولغا چىقىپ، يول ئۈستىدە
قوغۇن بولۇپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، كە-
مەك ھەييار ھاسىسىغا تايىنىپ، چاپىنىنىڭ پېشىنى قىستۇ-
رۇپ، مۇختەر ھەييارنى ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ مۇختەر
ھەييارنىڭ ئويغىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆلەر - تىرىلە-
شىگە قارىماي مېڭىپتۇ، يولدا ئولتۇرۇپ دەم ئالغۇسىمۇ، بە-
رەر يۇتۇم سۇ ئىچكۈسىمۇ كەلمەپتۇ. ئاخىر ئۇ ھېلىقى يەرگە
يېتىپ كەپتۇ. قارىسا، بېشى قوغۇن، بەدىنى پىلەك، بويىنى
ساپاققا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر مەخلۇق پۇشۇلداپ ئۇخلاپ



ياتقۇدەك. كەمەك ھەييار، سېنىڭ ئەدىپىڭنى بىر بېرەي، تازا ۋاقتىدا كەپتىمەن، دەپ ئويلاپ، بىر ئەپسۇن ئوقۇپ مۇختەر ھەييارنى قاتتىق ئۇيقۇغا بەند قىلىپ، قوغۇن، پىلەك، سا-پاقلارنى يىغىشتۇرۇپ جەمشىتنىڭ يېنىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئالدىراشچىلىقتا مۇختەرنىڭ سالپاڭ قۇلاق، ئالا ئاياغ ئېشىـ-كىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ.

كەمەك ھەييار مۇختەرنى كۆتۈرۈپ كەلگۈچە ھېرىپ - ئېچىپ، تەرلەپ - پىشىپ، بەك كۆپ جەبىر - جاپا چېكىپتۇ. كەمەك يۇرتىغا كەلگەندىن كېيىن ئاۋۋال ئۆز ئۆيىگە كىرىپ، مۇختەرنى سەللىسى بىلەن پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكىگە قاڭتۇرۇپ باغلاپتۇ، ئاندىن قورسىقىنى توقلاپ، دۇنياغا داڭلىق مۇختەر ھەييارنى تۇتۇپ كەلگەنلىكىنى جەمشىت پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىنئام ئېلىش ئۈچۈن ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

كەمەك ھەييار قورۇسىدىن چىقىشىغا مۇختەر ھەييار ئويـ-غىنىپتۇ، قارىسا، تۈۋرۈكتە باغلاقلىق تۇرغان. ھە، قولغا چۈشۈپتىمەن - دە، دەپ ئويلاپتۇ مۇختەر. شۇنىڭ بىلەن ئۇ-نىڭ بېشى قېتىپ، كۆزىگە دۇنيا قاپقاراڭغۇ بولۇپ كۆرۈنۈپ-تۇ. ئېسىنى يىغىپ قارىسا، ھويلىدا كەمەك ھەييارنىڭ خوتۇنى يۇرگۈدەك. مۇختەر ھەييار ئىش ئوڭغا تارتتى، دەپ ئويلاپ:

— يەڭگە، — دەپتۇ مۇلايىملىق بىلەن، — ئېرىڭىز تو-لىمۇ يامان ئادەم ئىكەن.

— ھەي كاززاپ، قايسى يۈزۈڭ بىلەن مېنىڭ ئېرىمنى يامانلاشقا پېتىندىڭ؟! — دەپتۇ كەمەك ھەييارنىڭ ئايالى.

— ئېرىڭىز قورۇسۇن، سىزدەك ئاي يۈزلۈك خوتۇنى تۇ-رۇپ، يەنە بىزنىڭ يۇرتتا بىرىنىڭ قىزىنى ئالماق بوپتۇ. مەن ئۇنىمىغىدىم، مېنى ئەكېلىپ باغلاپ قويدى، — دەپتۇ مۇخ-تەر ھەييار. خوتۇن:

— شۇ يۇرتتىكى قىزنى بىرىشكە قوشۇلمىغان بولساڭ، مەن سېنى ئازاد قىلاي، مۇنۇ بىر تەشتەك ئالتۇننىمۇ ئال، — دەپ مۇختەر ھەييارنى قويۇۋېتىپتۇ. مۇختەر ئۆگزىدىكى شاخ - پاخاللارنىڭ ئارىسىغا مۆكۈۋاپتۇ. كەمەك ھەييار پادىشاھ جەمشىتنىڭ چوڭ ئىنئامىنى ئېلىپ، مۇختەرنى ئوردىغا تاپشۇرۇش ئۈچۈن ئۆيگە يېنىپ كەپتۇ، قارىسا مۇختەر يوق. كەمەك ھەييار مۇختەر ھەييارنى سورۇشتە قىلىپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپتۇ. كەمەك ھەييارنىڭ خوتۇنى ئۆزىنىڭ قىرىق چىلتىنى بىلەن بىرلىشىپ، كەمەككە ھەر يەردەك يېپىشىپ تاياق - توقماق ئاستىغا ئاپتۇ. تاياق زەربىسىگە چىدىمىغان كەمەك ھەييار خوتۇنىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ پادىشاھ جەمشىتنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

ئۇنىڭ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن مۇختەر ئاستا ئۆگزىدىن چۈشۈپ، سېھىرلىك ياغاچ چۆچىكىنى ئېرىقتىكى سۇغا پاتۇرۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا بىر ئەپسۇن ئوقۇپ ئۆزىنىڭ ئۈستىگە قۇيۇپتىكەن، كەمەكنىڭ شەكلىگە كەپتۇ. ئۆيگە كىرىپ كەمەكنىڭ خوتۇنىغا:

— مېنى چىلتەنلىرىڭ بىلەن ئۇرغانلىقىڭ ۋە مۇختەرنى قاچۇرغانلىقىڭ ئۈچۈن، سېنى ئۈچ تالاقتا بائىن قىلدىم! — دەپتۇ. كەمەكنىڭ خوتۇنى كەمەك قىياپىتىدىكى مۇختەر ھەييارنى تونۇماي، ئۇنى كەمەك دەپ ئويلاپ، پۈتۈن ئۆيۋاق، مال - مۈلۈكنى ھارۋا - ھارۋىلارغا بېسىپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىپتۇ.

كەمەك قىياپىتىدىكى مۇختەر قوشنا - قولۇم، ئۆلىما، قازىلارنى چاقىرىپ كاتتا داستىخان سېلىپتۇ - دە، داستىخان ئۈستىدە كۆپچىلىككە خوتۇنىنى قويۇۋەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ سەپەرگە چىقماقچى بولغانلىقىنى، قورۇ - جايىنى

سېتىپ پۇل قىلىپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ، شۇ جايدىلا قورۇ - جايىنى سودىگەرگە سېتىپ، پۇلىنى ئېلىپ كېتىپ قاپتۇ.

مۇختەر ھەييار كېتىشى بىلەنلا كەمەك ھەييار قورۇغا كىرىپ:

— ھەي خوتۇن، بۇياققا چىق، ساڭا پادىشاھ جەمشىت جازا بۇيرۇدى، — دەپ ۋارقىرىغانىكەن، ئۆيدىكى قورۇنى سېتىۋالغان سودىگەر چىقىپ:

— خوتۇنىڭىزنى تالاق قىلىپ قويۇۋېتىپ، قورۇنى ماڭا سېتىۋېتىپ، پۇلنى يانچۇقىڭىزغا سېلىۋېلىپ، ئەمدى يەنە: «ھەي خوتۇن، بۇياققا چىق !» دەيسىزا، ئېسىڭىزنى يوقىتىپ قويدىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ.

كەمەك ھەييار بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇختەرنىڭ ھىيلىسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئۇنچىقماي قورۇدىن چىقىپ كېتىپتۇ، ئۇنداق ئويلاپ - مۇنداق ئويلاپ، ئاخىر مۇختەردىن ئۆچىنى ئالماق بوپتۇ ۋە چىلتەنلىرىنىڭ قولىغا قىلىچ، نەيزە بېرىپ مۇختەرنى قوغلاپتۇ.

مۇختەر ھەييار «كىتابى جادۇ»غا قاراپ كەمەك ھەييارنىڭ قىرىق چىلتىنى بىلەن قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىر چايخانا ئالدىدا تىلەمچى قىياپىتىدە، كۇلاھ كىيىپ ئولتۇرۇۋاپتۇ. كەمەك ھەييار چايخانىغا كېلىپ بىر قاراپلا، مۇختەر ھەييارنىڭ تىلەمچى قىياپىتىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

— ئەمدى قولۇمغا چۈشتۈڭ، — دەپتۇ كەمەك ھەييار ۋە چىلتەنلىرىگە، — ئاۋۇ تىلەمچىنى تۇتۇڭلار ! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. مۇختەر ھەييارمۇ بوش كەلمەي، بىر سەكرەپ قىرىق چىلتەننىڭ ئۈستىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەمەك ھەييارنى كېلىش-

تۇرۇپ بىرنى تېپىپ يىقىتىۋېتىپ چايخانىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋاپتۇ. ئۇلار قوغلاپتۇ، مۇختەر ھەييار بولسا، ئۆگزىدەك بالداقمۇبالداق سەكرەپ بىر ئېگىز مۇنارغا چىقىۋېلىپ:

— كەل كەمەك، مەن پۇت - قولۇمنى ساڭا باغلاپ بېرىمەن، — دەپ ئۇنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈپتۇ. بۇنىڭ ئەلمىگە چىدىمىغان كەمەك ھەييار ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلاپ، ساقىلىنى يۇلۇپ، تېپچەكلەپ يۇقىرى ئۆرلىگەنىكەن، مۇنارنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارمايلا پالاققىدە يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئاندىن كەمەك ھەييار چىلتەنلىرىنى يىغىپ: «مۇختەر ئادەم ئەمەس، شەيتان ئىكەن، ئۇنى تۇتقىلى بولمايدىكەن، ئۇنىڭدىن كۆرە پادىشاھنىڭ ئالدىغا مۇختەر قورقۇپ قېچىپ كەتتى، دەپ بارايلى» دەپتۇ - دە، چىلتەنلىرىنى باشلاپ قايتىپ كېتىپتۇ. كەمەكنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قالغان مۇختەر ھەييار دەرھال مۇناردىن چۈشۈپ باشقا بىر كوچا بىلەن كېتىۋاتسا، پادىشاھنىڭ بىر ۋەزىرى يولۇقۇپ قاپتۇ. ئۇنى سېھىرگەرلىك بىلەن ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئۆزى ۋەزىر قىياپىتىگە كىرىپتۇ - دە، ۋەزىرنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ ئوردىغا كەپتۇ. كەمەك ھەييار دەل شۇ چاغدا ئوردىغا كېلىپ:

— پادىشاھىم، مەن چىلتەنلىرىم بىلەن دىۋانە قىياپىتىگە كىرىۋالغان مۇختەر ھەييارنى تۇتقانىدىم، يولدا كېلىۋېتىپ قورقۇپ قېچىپ كەتتى، — دەپ مەلۇم قىپتۇ.

— ئۇنىڭ قورقۇپ قېچىپ كەتكەنلىكىگە ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، — دەپتۇ پادىشاھ، — سەن يالغان ئېيتىۋاتىسەن. ئەگەر مۇختەر مۇشۇ يەردە بولغان بولسىدى، ئىككىڭنى قىلىچۋازلىق قىلدۇراتتىم، شۇ چاغدا قايسىڭلارنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولاتتىم.

پادىشاھ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇشىغا، ۋەزىر قىياپىتىگە

كىرىۋالغان مۆختەر ھەييار پادىشاھقا دەپتۇ:
— سىلى ماڭا مىڭ تىللا بەرسىلە، مەن مۆختەرنى ئاياغ ئاستىلىرىدىن ئۇندۇرۇپ بېرىمەن.
— ئەجەب ئىش، — دەپتۇ پادىشاھ تەئەججۇپلىنىپ.
— شۇنداق، تەقسىر، — دەپتۇ ۋەزىر قىياپىتىدىكى مۆختەر ھەييار. پادىشاھ خەزىنىچىگە ۋەزىرگە مىڭ تىللا بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. ۋەزىر قىياپىتىدىكى مۆختەر ھەييار مىڭ تىللانى بېلىگە تۈگۈۋېتىپ:
— مانا قارىسىلا، مەن مۆختەر ھەييار ! — دەپتۇ پادىشاھقا. پادىشاھنىڭ ئالدىدا راست مۆختەر ھەييار پەيدا بوپتۇ.
پادىشاھ سىرتقا بىر چوڭ سەينا ياسىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىلىچۋازلىق باشلىنىپتۇ. مۆختەر ھەييار قىلىچىنى ئوينىتىپ بېرىپ كەمەككە بىرنى ئۇرۇپتۇ، ئاندىن قىلىچىنىڭ ئۇچى بىلەن كەمەك ھەييارنى ئىلىپ يىراققا تاشلىۋېتىپتۇ. كەمەك ھەييار جان ئاچچىقىدا چىلتەنلىرىنى ياردەمگە چاقىرىپتۇ. ئۇلار بىرلىشىپ مۆختەر ھەييارغا ھۇجۇم قىپتۇ. سورۇندا قىلىچۋازلىق راسا ئەۋجىگە چىقىپتۇ. مۆختەر ھەييار چىلتەنلەرنى بىر - بىرلەپ يىقىتىپ كېتىۋېتىپ، ئۇشتۇمتۇت بىر چوڭقۇر ئورىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. كەمەك ھەييار خۇش بولۇپ، چىلتەنلىرىگە ئورىنى تىندۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ. چىلتەنلەر ھەش - پەش دېگۈچە ئورىنى قۇم بىلەن تىندۇرۇۋېتىپتۇ.
مۆختەرنى ئۆجۇقتۇردۇم، دەپ ئويلىغان كەمەك ھەييار مۇغەمبەرلىك بىلەن پادىشاھقا:
— بۇ ئادىمىي شەيتان مۆختەرنى ھالاك قىلدىم، — دەپتۇ.
مۆختەر ھەييار ئورىنىڭ ئاستىنى يان تەرىپىگە قارىتىپ تېشىپ، تۆشۈكنى پادىشاھ تۇرغان ئۆيىنىڭ ئاستىغا يەتكۈزۈپ، قىلىچىنىڭ ئۇچىنى پادىشاھنىڭ تاپىنىغا تىقىپتۇ.

— ۋاي داد، مېنى يىلانمۇ، چايانمۇ، ئىشقىلىپ بىرنەرسە چېقىۋالدى، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار! — دەپ ۋارقىراپتۇ پادىشاھ. مۇلازىملار كېلىپ ئىزدەپ ھېچنېمە تاپالماپتۇ.

پادىشاھ كېچىدە تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەندە مۇختەر تۆشۈك-تىن چىقىپ، تامغا تارتىپ قويۇلغان گىلەمنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋاپتۇ، ئاندىن پادىشاھنى قىلىچىنىڭ ئۇچى بىلەن نوقۇپ ئويغىتىپ، غەلىتە ئاۋاز بىلەن:

— مەن جان ئالغۇچى ئەزرائىل، بۈگۈن سېنىڭ رىزقىڭ پۈتۈپ، ۋاقتى-سائىتىڭ توشتى، ئۆلۈمگە تەييار بولۇپ، ئا-مانەتنى تاپشۇر! — دەپتۇ. ئۆلۈم خەۋپىدىن قورقۇپ گاڭ-گىراپ قالغان پادىشاھ:

— ماڭا رەھىم قىل، يەنە بىر ئاز ياشىۋالاي، نېمە خالىساڭ شۇنى ئال، جېنىمدىن باشقىنى تىلە، — دەپتۇ.

مۇختەر ھەييار:

— مۇشۇ كىچىككىنە داخىر كالۋارىنى ئالتۇنغا تول-دۇرۇپ بەرسەڭ، ساڭا ھاياتلىق بېرىمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئالتۇن بېرىشكە ماقۇل بولۇپ، پۈتۈن خەزىنى-سىدىكى ئالتۇننى ئېلىپ چىقىپ داخىر كالۋارنى تولدۇرالماپ-



تۇ، قالغان قىسمىنى مۇختەر ھەييار ئۆزى بىرلا «سۇف» لەپ تولدۇرۇپتۇ.

— داخىر كالۋارنى تولدۇرالمىدىڭ، ئەمدى سەن قىرىق كۈنلا ياشىيالايسەن، — دەپ، ئەزرائىل قىياپىتىدىكى مۇختەر ھەييار غايىب بوپتۇ.

پادىشاھ جىمىكى ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ، كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ:

— تەقدىر - پېشانە. ئەزرائىل جېنىمنى ئالغىلى كەلگەنىكەن، خەزىنىدىكى ھەممە ئالتۇننى بېرىپ، مىلك بىر يالۋۇرۇپ - يېلىنىپ يۈرۈپ جېنىمنى قىرىق كۈندىن كېيىن ئېلىشقا مۆھلەت ئالدىم، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرغان كەمەك ھەييار ئۆتكەنكى كەچمىشلەرنى بىرمۇبىر يادىغا ئېلىپ:

— ئەي زاتى ئۇلۇغ پادىشاھىم، ئۇ ئەزرائىل ئەمەس، مۇختەر ھەيياردۇر، — دەپتۇ.

— ۋۇي، ئۇنى ئورنىغا كۆمۈپ ئۆلتۈرمىگەنمۇ؟ — دەپتۇ پادىشاھ. كەمەك ھەييار:

— تەقسىر، ئۇنىڭ ھىيلىسى، پەم - پاراستى بىر خىسلەت، مېنىڭ ئەپسۇنلىرىممۇ كارغا كەلمىدى، — دەپ، ئۆزىنىڭ يېڭىلىپ قالغانلىقىنى ئىقرار قىپتۇ. پادىشاھنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ:

— سەن بۇگۈن مۇختەرنى تۇتۇپ كەلمەيدىغان بولساڭ، تېرەڭنى تەتۈر سويىمەن ! — دەپتۇ پادىشاھ كەمەك ھەييارغا ئەمر قىلىپ. كەمەك ھەييار يەنە ئۆزىنىڭ قىرىق چىلتىنىنى ئەگەشتۈرۈپ مۇختەر ھەييارنى قوغلاپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار چۆل دېمەي، تاغ دېمەي، سۇ ۋە جاڭگال دېمەي ئات چاپتۇرۇپ مېڭىپ، مۇختەرنى نەق تەكلىماكانغا يېقىن بىر جايدىكى سايىدە ئۇخلاپ ياتقاندا قوغلاپ يېتىپتۇ. كەمەك ھەييار دەرھال

چىلتەنلەرگە:

— ئورا كولاپ، ئۆزۈڭلار ئورنىنىڭ ئىچىگە مۆكۈڭلار، مەن مۇختەرنى ئۆيگە تېپ، ئۆزۈم ئورا تەرەپكە قاچىمەن، مەن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى پۇتىغا سىرتماق سېلىپ تۇتۇڭلار، — دەپ ئۆگىتىپتۇ.

كەمەك ھەييار ئۇخلاۋاتقان مۇختەر ھەييارنى قىلىچىنىڭ دەستىسى بىلەن ئۇرۇپتۇ. مۇختەر ھەييار ئويغىنىپتۇ، كەمەك ھەييار قېچىپتۇ. ئۇ سەكرەپ قوپۇپلا كەمەك ھەييارنى قوغلاپ ئورىدىن ئاتلاپ ئۆتمەكچى بولغاندا، سىرتماققا چۈشۈپ قېلىپ تۇتۇلۇپ قاپتۇ. كەمەك ھەييار مۇختەر ھەييارنى قىرىق بىر يەردىن باغلاپ، چىلتەنلەرى بىلەن قورشاپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ. پادىشاھ مۇختەرنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپتۇ:

— جاللات! — دەپ ۋارقىراپتۇ - دە، ئۆزى تەختىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋاپتۇ. پۇتۇن تېنى قاپقارا، قارا ساقال قىرىق جاللات كىرىپ كەپتۇ - دە، پادىشاھقا:

— كىمنىڭ ئەجىلى يەتتىكىن، پادىشاھىم؟ — دەپ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ.

— مۇختەرنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىڭلار! — دەپتۇ پادىشاھ. مۇختەر ھەييار كۈلۈپ قويۇپتۇ. پادىشاھ، بۇنىڭ كۈلگىنىگە قارىغاندا قىلىچ بىلەن چاپقانغا ئۆلمەيدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ:

— چاپماي، ئېسىپ ئۆلتۈرۈڭلار! — دەپ ھۆكۈم قىپتۇ.

— ئەي پادىشاھ، — دەپتۇ مۇختەر، — مەن ساڭا يامانلىقنى راۋا كۆرمەي، قەست قىلمىغانىدىم. مەن خالىسام كۆزۈڭنى قارىغۇ، پۇتۇڭنى توكۇر، تىلىڭنى كېكەچ قىلىۋېتەتتىم ياكى جېنىڭنى ئالغان بولاتتىم. سەن نامەردلىك قىلدىڭ.



— دەرھال ئاچقىپ دارغا ئېسىڭلار ! — دەپ ۋارقىراپ-
تۇ پادىشاھ.

قىرىق جاللات مۇختەرنى دار ئاستىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

— مەن قەسەم ئىچىمەنكى، قاچمايمەن، ماڭا ئۆلۈم ئال-
دىدا بىر يۇتۇم سۇ بېرىڭلار، — دەپتۇ مۇختەر ھەييار.
جاللاتلار مۇختەرنىڭ قەسىمىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا سۇ بې-
رىپتۇ. مۇختەر سۇنى ئۆزىنىڭ سېھىرلىك چۆچىكىگە قۇيۇپ:

— مەن قاچمايمەن دەپ قەسەم ئىچتىم، ئەمما ئۇچمايمەن
دېمىدىم، — دەپتۇ - دە، چۆچەكتىكى سۇنى بېشىغا چېچىپ
كەپتەرگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

مۇختەرنىڭ دارغا ئېسىلىشىنى كۆرۈش ئۈچۈن پادىشاھ
ۋەزىرلىرى ۋە كەمەك ھەييار بىلەن ئوردا پەشتىقىغا چىقىپ
قاراپ تۇرغانىكەن، كەپتەر ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ
غايىب بوپتۇ. جاللاتلار ھاڭ - تاڭ بولۇپ قاپتۇ. كەمەك ھەي-
يار بىلەن پادىشاھمۇ ئاسمانغا قاراپتۇ، ئەمما كەپتەرنى كۆ-
رەلمەپتۇ. مۇختەر ھەييار شەھەرگە چۈشۈپ، بىر مەدىكار قى-
ياپىتىگە كىرىۋاپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن كەمەك ھەييار خوتۇنى بىلەن ياراش-

ماقچى بوپتۇ، قازىلار: «ئۈچ تالاقتا يول يوق» دەپ ئۇنىماپتۇ.

— يول تېپىڭلار، — دەپتۇ پادىشاھ.

— يولى تەلى[1]، — دەپتۇ قازىلار.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار كەمەك ھەييارنىڭ ئايالىنى تەلى قىلىش ئۈچۈن مەدىكار ئىزدەپ، ئۇنى مەدىكار قىياپىتىگە كىرىۋالغان مۇختەر ھەييارغا نىكاھلاپتۇ. ئەتىسى قازى باشلىق بىرقانچە كىشى خوتۇننى مەدىكاردىن ئاجرىتىپ كەمەك ھەييارغا نىكاھلاپ قويماقچى بولۇپ ئۆيگە كىرسە، كەمەك ھەييارنىڭ خوتۇنى بىلەن مۇختەر ھەييار ياتقان. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پادىشاھ ھەيران بولۇپ، مۇختەر ھەييارغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ۋە ئۇنى يەنە ئالتۇن - كۈمۈشلەر بىلەن مۇكاپاتلاپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن مۇختەر ھەممە ئالتۇنلارنى ئېلىپ ئۆز يۇرتى تەكلىماكانغا قايتىپ كەپتۇ.

① تەلى — باشقا كىشىگە نىكاھلاپ ئاجرىتىۋېلىش.

# تادان بىلەن گۈل

زامانى ئاۋۋالدا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ بىرلا ئوغلى بولۇپ، شىكارنى ياخشى كۆرىدىكەن. شاھزادە بىر كۈنى قىرىق قاۋۇل مۇلازىم ۋە كېنىزەكنىڭ ھەمراھلىقىدا شىكارغا چىقىپتۇ. ئۇلار قەيەردە قارىغايلىق تاغ، مېۋىلىك باغ يولۇقسا، شۇ يەرگە چۈشۈپ سەيلە قىپتۇ، ئوۋ ئوۋلاپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شاھزادە ئوۋ مىلتىقىنى ئېلىپ، باش مۇلازىمنى ئارقىسىغا سېلىپ، بىر قارىغايزارلىقنى ئارىلاپ كېتىۋاتسا، يىراقتىن بىر توشقان كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە مىلتىقىنى بەتلەپ، توشقاننى چەنلەپ ئېتىپتىكەن، ئوق توشقاننىڭ سۆڭگىچىنى سىيپاپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. كۆڭلى يېرىم بولغان شاھزادە بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ شۇ تەرەپكە بېرىپ قارىسا، ئاتقىنى توشقان ئەمەس، زىلچىدەك رەڭدار بىر مۈشۈك ئىكەن. مۈشۈك دىڭگۈسلاپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قۇيرۇقىنى شىپپاڭلىتىپتۇ، پۇتىغا ئۆزىنى سۈركەپ مىياۋلاپتۇ. شاھزادە پۇشايمان قىلىپ، مۈشۈكنىڭ يانپىشىنى سىلاپتۇ، بىراق ئوق ئىزى ئەسلىگە كەلمەپتۇ.

— ھەي مۇلازىم، — دەپتۇ شاھزادە، — يېقىن ئەتراپتا ئۆي باردەك قىلىدۇ، مۈشۈككە ئوۋال بوپتۇ، مۈشۈكنىڭ ئىگىسىنى تېپىپ بوسۇغىسىدا يېتىپ ئەپۇ سورايلى.

— خوپ، تەقسىر! — دەپتۇ باش مۇلازىم توققۇز تەزىم قىلىپ.

ئىككىيلەن قونالغۇغا قايتىپ، يەنە بىر مۇلازىمنى ئې-لىپ، ئۇچەيلەن دېھقانچە ياسىنىپ، ئۈچ كۈنلۈك ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىپ، مۇشۇككە ئەگىشىپ دەشتكە قاراپ قەدەم بې-سىپتۇ، قۇم بارخانلىرىنى ئېشىپتۇ. مۇشۇك تاملىرى تۆكۈ-لۈپ تۈرىدىغان، ۋەيرانە بىر ئۆينىڭ ئالدىدا توختاپتۇ. شاھزا-دە سەپسېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۆينىڭ ئىشىكى ھەم باردەك، ھەم يوقتەك. شاھزادە ھەيران بولۇپ، مۇلازىملىرىغا:

— تەخىر قىلايلى، كۈتۈپ تۇرساق ئۆي ئىگىسى چىقىپ قالار، — دەۋاتسا، مۇشۇك بىر شوخلۇق چىتىنىڭ ئارىسىدىن ھويلىغا كىرىپ كېتىپتۇ، ھويلىنى بىر ئايلىنىپ مياۋلاپتۇ. شاھزادە، ئىشىك مۇشۇ بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، چىتنى قايرىپ ھويلىغا كىرسە، ئۆي ئىچىدە ئىككى قىز بالا گەپ تالىشىۋاتقۇدەك، ئۇلار پاتىمە - زۆھرە ئىسىملىك قوشكېزەك ئاچا - سىڭىل ئىكەن.

— ئەگەر ئەرگە تەگسەم، — دەپتۇ پاتىمە جاۋىلداپ، — ناۋايغا تېگىمەن. شۇ چاغدا سېنىمۇ ئېلىپ كېتىپ، كۆزۈڭنى نانغا تويغۇزۇپ قويىمىسام ھېساب ئەمەس.



— بەرىكەت تاپقىن، ماڭىمۇ خۇدايىم بېرەر، — دەپتۇ زۆھرە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

— مەن تېخى ناۋايغا تەگسەم سەن پىتلىق ئارقامدىن بارمىغىيدىڭ ! خەپ توختا، باي ناۋايدىن بىرنى تېپىپ، پەشخۇننى كەڭرى ئېچىپ، كۆزۈڭدىن ئوت چىقىرىۋەتمىسەم، — دەپتۇ پاتىمە كايىپ.

— سەنمۇ قاراپ تۇر، — دەپتۇ زۆھرە ئاچچىقىغا پايلىماي، — مەنمۇ پادىشاھنىڭ شاھزادىسىگە تېگىپ، كۆز - كۆز قىلمىسام.

پاتىمە زاڭلىق قىلىپ، تىزىغا شاپىلاقلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ ۋە:

— ھەي نەپسى بالا يېتىمەك، تۇرقۇڭ خۇددى يېلىم چۆچەك، ئەگەر سالساڭ بازارغا ئۆزۈڭنى، بىرەرمۇ بىراۋ ھەققىڭ ئۈچۈن نىمشەك كېپەك؟ ! ھالىڭغا بېقىپ ھال تارت، خالتاڭغا بېقىپ ئۇن تارت جۇمۇ ! — دەپتۇ.

زۆھرە ئەلەمدىن بوغۇلۇپ كۆز يېشىنى تۆكۈپتۇ. پاتىمە ئەزۋەيلىگىلى تۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا شاھزادە مۇلازىملىرىنى باشلاپ ئۆيگە كىرىپ كەپتۇ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دەپ تەزىم قىپتۇ شاھزادە بىشىنى ئېگىپ ۋە ئەھۋالنى بايان قىلىپ ئەپۇ سوراپتۇ.

پاتىمە مۇشۇكنى كۆرۈپ ئاللا - چۇقان كۆتۈرۈپتۇ. زۆھرە شاھزادىلەرنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىۋېتىپ:

— ئاچا، ئاتا - ئانىمىزدىن ئايرىلىپ، قانات - قۇيرۇقىمىز قايرىلىپ، ئۆيىمىزگە كەلگەن مېھمان ئاران مۇشۇ. بۇلارمۇ مۇساپىرلاردەك قىلىدۇ. بىر مۇشۇك ئۈچۈن مۇنچە كايىپ، نامىمىزنى بۇلغىمايلى، — دەپتۇ.

پاتىمە جىمىپتۇ. مۇشۇك ئۇنىڭ قولىنى تاتىلاپ بوشىد-

نىپ، زۆھرەنىڭ ئاياغلىرىغا ئۆزىنى سوركەپتۇ، ئاندىن شاھزادىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قۇيرۇقىنى شىپپاڭلىتىپتۇ. شاھزادىنىڭ زۆھرە بىلەن مۇشۇككە ئىچى ئاغرىپتۇ، پاتمەگە شەپقەت قىلغۇسى كەپتۇ ـ دە:

— ھالىڭلار خاراب، باغرىڭلار كاۋاپ ئىكەن، ئىككىڭلار-نىڭ ھەۋسى ھەم بۆلەكچە ئىكەن. بىز بىلەن بىرگە كەت-سەڭلار قانداق؟ — دەپتۇ. پاتمە بويىنىنى تولغاپ:

— بىللە كېتەلمىشىمىز تېخى ! مال تۇرى بىلەن، ئادەم خىلى بىلەن. سىلەر بىزنىڭ، بىز سىلەرنىڭ خىلىڭلار ئە-مەس، مەرھەمەت، يول بولسۇن، كېتىشىۋالىملا كايىماي ! — دەپتۇ.

— ئاكا، بىز نامرات سەھرا قىزلىرى، سىلەرگە ئارتۇق يۈك بولۇشنى راۋا كۆرمەيمىز، رەھمەت، بىزگىمۇ خۇدايىم بار. كېتىشىۋەرسىلە، — دەپتۇ زۆھرە ئىككى قولىنى كۆك-سىگە ئېلىپ.

شاھزادە زۆھرەگە ئىچىكىپ قالغاندەك بوپتۇ ـ دە، ئۆز كېپىدە چىڭ تۇرۇپتۇ. مۇلازىملار سالا قىپتۇ. ئاچا ـ سىڭىل نائىلاج بىللە كېتىشكە كۆنۈپتۇ ۋە ئۆيدىكى بارى ـ يوق بى-ساتى — مۇشۇكنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، شاھزادىلەر چۈشكەن يېرىگە قايتىپ كەپتۇ ۋە كېيىمىنى يەڭگۈشلەپ ھەمراھلىرى ئارىسىغا بېرىپتۇ.

— ھەزرەت ئالىيلىرى، — دەپتۇ كېنىزەكلەر بىلەن مۇلازىملار گۈلتاجلىرىنى قولىغا ئېلىپ، باشلىرىنى ئېگىپ، — ئېلىپ كەپلا ئىككى گۈل ـ غۇنچە، مۇبارەك بولسۇن دەيلىمۇ يا-كى غەملىرىنى يەيلىمۇ؟ جاۋاب بەرسىلە، شاھزادە، بولسۇن كۆڭلىمىز ئازادە.

— تونۇمايمىز دېمەڭلار، غېمىمىنىمۇ يېمەڭلار. مىسكىن

ئىكەن تۇرمۇشى، ساقايسۇن دېدىم بېشى، پاتىمە كىيسۇن دېدەكلىك كىيىمى، زۆھرە تاقىسۇن كېنىزەكلىك گۈلتاجى، — دەپتۇ شاھزادە.

ئاچا - سىڭىل ئىككىيلەن بولۇۋاتقان ئىشلاردىن، بولۇۋاتقان گەپلەردىن ھەم ھەيران قېلىپ، ھەم ئۆيىدە شاھزادىگە قىلغان - ئەتكەنلىرىدىن ئۆيىلىپ تۇرغىنىدا، كېنىزەكلەر ئېلىپ مېڭىپتۇ، يۇيۇندۇرۇپ، چاچلىرىنى تاراپ، شاھزادىنىڭ ئەمرى بويىچە كىيىندۇرۇپتۇ. زۆھرە كېنىزەكلەر قاتارىغا قىرىق بىرىنچى بولۇپ قېتىلىپتۇ.

شاھزادە ئەتىسى تاڭ سەھەردە يەنە شىكارغا ماڭماقچى بولۇپ، كېنىزەكلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەنىكەن، زۆھرە پەرىزاتتەك كۆزگە تاشلىنىپتۇ. شاھزادىنىڭ يۈرىكىگە ئىشق ئوتى تۇتىشىپ، ئۇنى ئەمرىگە ئېلىشنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ ۋە شىكار قىلىش نىيىتىدىن يېنىپ، چېدىر - بارگاھلىرىنى يىغىشتۇرۇپتۇ - دە، دەرھال ئوردىغا قايتىپتۇ. ئوغلىنىڭ مۇددىئاسىدىن خەۋەر تاپقان شاھ قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ، شاھزادىنى زۆھرەگە ئۆيلەپ قويۇپتۇ. پاتىمەنى ناۋايغا ياتلىق قىپتۇ.

زۆھرە شاھزادە بىلەن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن مەرتىۋىسى چەندان ئۆسۈپ، دۆلىتى زىيادە بوپتۇ. سىڭلىسىنىڭ مەئىشەتلىرىنى كۆرگەن پاتىمە تۇرالماي قاپتۇ. «توۋا، — دەپتۇ ئۇ ياقىسىنى تۇتۇپ، — مەن ئاچا، ئۇ سىڭىل تۇرۇپ، مەن ناۋايغا، ئۇ شاھزادىگە تەگكەن نەدە بار؟ بالدۇرراق پادىشاھنىڭ ئوغلىغا تېگىمەن دەۋالسام بوپتىكەن، ھەي شۇم ئاغزىم ! ھېلىمۇ كېچىكمەسمەن...» ئۇ ئەنە شۇنداق ئىچىنى ئۆۋاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، زۆھرە ھامىلىدار بوپتۇ. شاھزادە خۇش بولۇپ، يېمەي يېدۈرۈپ، كىيمەي كىي-

دۇرۇپ خوتۇننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئاپتۇ. زۆھرەنىڭ ئاي ـ كۈنى يېقىنلاشقانسېرى پاتمەنىڭ ئايىغى قويۇقلىشىپ، كۈندە دېگۈدەك سىڭلىسىنى يوقلاپ تۇرىدىغان بوپتۇ، شاھزادىنىڭ بۇرنىدىن كىرىپ ـ ئاغزىدىن چىقىپ، شەپقەتلىك قېيىنبىگىچە بولۇۋاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ شاھزادىنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ:

— مەلىكە كېيىك گۆشىگە سىزىك بوپتۇ. يەنە كېلىپ، شاھزادە ئۆز قولى بىلەن ئوۋلاپ، سويۇپ بەرمىسە يېمەيمەن، دەيدۇ. خوتۇن كىشى سىزىككە قانمىسا، بالا كەمتۈك تۇغۇلۇپ قالىدۇ ياكى ھايۋانغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

شاھزادە ۋەھىمىگە چۈشۈپ، شىكار تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ. يولغا چىقىدىغان چاغدا، مۈشۈك مىياۋلاپ ئوردىنى بېشىغا كىيىپتۇ، شاھزادىنىڭ ئاياغلىرىغا ئۆزىنى سۈركەپ، ئۆتۈكىنىڭ پۆپۈكىنى چىشلەپ ئۆي تەرەپكە تارتىپتۇ. شاھزادە مۈشۈكنىڭ قىلىقىدىن ئەنسىزلىككە پېتىپ، چارباغ تەرەپكە مېڭىپتۇيۇ، پاتمەنىڭ: «شىكارغا چىقىدىغانلىقلىرىنى ھېچكىم ئۇقمىسۇن، مەلىكىمۇ بىلمىسۇن، بولمىسا ئىش چاتاق» دېگىنىنى ئەسلەپ، زۆھرە تۇرۇشلۇق چارباغدىن چەتلەپ مېڭىپ كېتىپتۇ.

شاھزادە يولغا چىقىپ ئەتىسى كېچىدە زۆھرە پاقلاندەك بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. پاتمە بالىنى يۆگەككە يۆگەپ، سېۋەتكە سېلىپ، ئوردىنىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتىدىغان دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ ـ دە، ئالدىن يوشۇرۇپ قويغان مايمۇننىڭ بالىسىنى ئەپلىك زاكىلاپ، سىڭلىسىنىڭ بېقىنىدا بىر چىرايلىق ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. زۆھرە ھوشىغا كېلىپ قارىسا، تۇغقىنى بىر تۈكلۈك مايمۇن بالىسى! ئۇ ئاھ ـ پەرياد ئۇرۇپتۇ، يېشى قار ـ يامغۇردەك تۆكۈلۈپتۇ. پاتمە يالغاندىن تەسەللى بېرىپ:

— يىغلىما سىڭلىم، خۇدانىڭ بەرگىنى شۇ، ھېلىھەم
جېنىڭ ئامان قالدى، شۈكۈر قىل ! ئېرىڭ تاشلىۋەتسە، مەن
خەۋەر ئالىمەن، غەم يېمە، ئۇنى - بۇنى ئويلاپ يۈرمە، ئېرىڭدىن
شىكارغا چىققىنىڭ سەۋەبىنى سورايمەن دېمە، — دەپتۇ.

— ماقۇل، جېنىم ئاچا، نېمە دېسەڭ ماقۇل، — دەپتۇ
زۆھرە ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، كۆز يېشى بىلەن سەۋر
قاچىسىنى تولدۇرۇپ.

شاھزادىنى ئىشق - مۇھەببەتتىن قايدۇرۇپ، مەلىكە
زۆھرەدىن تاندۇرۇپ، ئۆزى مەلىكە بولۇشنى قەستلەپ يۈر-
گەن پاتىمە، ئىش جايىدىن چىقتى، شاھزادە ئالىقىنىمغا
چۈشتى، دەپ ئويلاپتۇ. يۈزىگە ئۇپا - ئەڭلىك سۈرتۈپ، قې-
شىغا ئوسما قويۇپ،
كىرپىكلىرىگە سۈر-
مە تارتىپ، سەكسەن
ياڭزا كىيىنىپ،
شاھزادىنىڭ كۆڭلى-
نى ئۇتۇشنىڭ ئاما-
لىنى ئىزدەپتۇ.



پاتىمەنىڭ كۈت-
كەن چاغلىرى يېتىپ
كەپتۇ. شاھزادە ئوۋ
كېيىكلىرىنى ئېتىغا
غانجۇغلاپ شىكار-
دىن قايتىپتۇ. پاتى-
مە ئوردا ئالدىغا
چىقىپ خۇش خەۋەر
يەتكۈزۈپتۇ:

— مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ كۆزى يورۇدى، مۇبارەك بول-سۇن، شاھزادەم !

— مۇبارەك بولسۇن ! پەرزەنت قاشقىرمۇ، تۈلكىمۇ؟

— سىلى سورىمىسىلا، مەن ئېيتماي، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پاتىمە.

شاھزادە گۇمانسىراپ ئوردىغا كىرىپتۇ. قارىسا، مەلىكە زۆھرە چىرايى سۇنۇق، قاپاقلىرى تۇتۇق، چاچلىرى چۇۋۇق ئولتۇرغۇدەك. مۇشۇك مەلىكىنىڭ ئەتراپىنى پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگۈدەك. شاھزادە تەزىم قىلىپ، مەلىكىدىن ھال سوراي دەۋاتسا، پاتىمە يوتقاننى شاپپىدە قايرىپ، تەتىللا - كىمخابتا زاكىلاقلىق «بوۋاق»نى ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. شاھزا-دە «بوۋاق»نىڭ يۈزىدىكى پەرەڭ ياغلىقنى قايرىپلا ۋارقىراپ تاشلاپتۇ.

پاتىمە ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىپتۇ:

— سۆيۈملۈكۈم شاھزادەم، كۆيۈملۈكۈم شاھزادەم، — دەپتۇ ئۇ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، — سىڭلىمنىڭ رەڭگى تازا، ئىچى قارا ئىكەن، مانا تۇغۇپ بىر مايمۇن كوچۇكى، كەلتۇردى ئالەمچە بالا - قازا.

ئاچىسىنىڭ ئېيتقانلىرىدىن ئىچى كۆيۈپ، يۈرەك - باغ-رى پارە - پارە بولۇۋاتقان مەلىكە شاھزادىگە ئۆزىنى ئېتىپ يالۋۇرۇپتۇ:

— ھېچ بىلمىدىم، شاھزادەم، نەدىن پەيدا بولدى بۇ ماي-مۇن بالا، يۈرەك باغرىم بولدى يارا. ئەمدى مەن قانداق قىلاي؟ نەگە بېرىپ، نەدە تۇراي؟ رەھىم قىلسىلا، شاھزادەم !

شاھزادىنىڭ دىلى يۇمشاپتۇ. «بۇمۇ ئۆزلۈكىدىن ئەمەستۇ، خەير، بوپتۇ» دەپتۇ - دە، مەلىكىنى باغرىغا ئاپتۇ، تەسەللى بېرىپ، كۆڭلىنى ياساپتۇ. پاتىمە بولسا قولىنى چىشلەپ، يىغى

تاپانتۇزاقتا ئىشلەپ يۈرۈپتۇ. شاھزادە بىلەن سىڭلىسىنىڭ پوس-تىغا كىرىپ، ئامراق بىر تۇغقان - قېرىنداشلاردىن بولۇۋاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. ئۈچ ياز، ئۈچ قىش ئۆزاپ كېتىپتۇ. مەلىكە زۆھرەنىڭ بويىدا يەنە قاپتۇ. شاھزادە شىكارغا چىقماي بېقىپ يېتىپتۇ. پاتىمە بىر چارە تېپىپتۇ.

— كۆز نۇرۇم سىڭلىم، ۋاپادارىم سىڭلىم، شاھزادە ئال-دىدا قالمىدى ئىككى ئىلىك تىلىم، بۇ قېتىم ئادەم بالىسى تۇغساڭكەن جېنىم، — دەپتۇ گەپ تېشىپ پاتىمە.

زۆھرەمۇ ئاي - كۈنى يېقىنلاشقانسېرى بېشى قېتىپ، غەمگە پېتىپ يۈرگەنىكەن، ئاچىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ سوراپتۇ:

— جېنىم ئاچا، قانداق قىلسام ئادەم بالىسى تۇغىمەن؟

— بۇنىڭ چارىسى ئاسان. ئاۋۋىلەم باشتا بۇيرۇغان دورامنى رەت قىلماي يېيىش ھەققىدە ۋەدە بېرىسەن، ئاندىن يەنە دورا بۇيرۇيمەن. بولمىسا، نېمە تۇغساڭ تۇغ، — دەپتۇ پاتىمە. زۆھرە تىزلىنىپ، يالۋۇرۇپ ۋەدە بېرىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ پاتىمە مەلىكىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — مۈشۈك ئادەم مەسىلىلىك نەرسە، ئۇنىڭ گۆشى-نى يېسەڭ، جەزمەن ئادەم بالىسى تۇغىسەن. ئەمما، مۈشۈكنى ئېرىڭ ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈپ بېرىشى شەرت. قالغىنىنى ئۆزۈم توغرىلايمەن.

— رەھمەت، جان ئاچا، دېگىنىڭنى قىلاي. بىر قىز تۇ-غۇپ باغرىمغا باساي، شاھزادىنىڭ قالغان كۆڭلىنى ئالاي، — دەپتۇ مەلىكە زۆھرە ۋە شاھزادىگە مۈشۈكنى ئۆلتۈرۈپ بې-رىشنى ئىلتىجا قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. شاھزادە نائىلاج ماقۇللىغا كەپتۇ.

پاتىمە مۈشۈكنى ئۇرۇپ ئۆيدىن تەزدۇرۇۋەتكەن، مۈشۈك



ئۆزىنى ياقىغا ئالغا-
نىكەن. شاھزادە مۇ-
شۇكنى تاپالماي جى-
لە بوپتۇ، باشقىلارغا
ئېيتىشتىن ئۇيى-
لىپتۇ، ئاخىر پاتى-
مەنىڭ مەسلىھىتىنى
ئاپتۇ.

— مۇشۇكنىڭ
جېنى تۇيغان ئوخ-
شايدۇ. بىلىسەم -
بىلمىسەم قەدىم جا-
يىمىزغا بېرىۋالدى،
كاتىنىڭ ئاستىغا مۆ-
كۈۋالدى. تۇتۇپ كەل-
مىسىلە، مەلىكىنىڭ
ئىشى چاتاق. خەلقئالەم ئىچىدە تۇگەيدۇ نامۇ ئاتاق، — دەپ ئە-
قىل كۆرسىتىپتۇ پاتىمە.

شاھزادە پاتىمەگە رەھمەت ئېيتىپ، مەلىكىسى بىلەن
خوشلىشىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ يولغا چىققان كېچىسى مەلى-
كە زۆھرەمۇ كۆزى يورۇپ، تولۇن ئايدەك بىر قىز تۇغۇپتۇ.
پاتىمە بۇ بالىنىمۇ جاڭگالغا تاشلىۋېتىپتۇ - دە، ئالدىن تەي-
يارلاپ قويغان ياۋا توڭگۇزنىڭ بالىسىنى چىرايلىق زاكىلاپ،
سىڭلىسىنىڭ بېقىنىدا ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. زۆھرە ھوشىغا كې-
لىپ قارىسا، ئىچىدە ياتقىنى سالپاڭ قۇلاق توڭگۇز كۈچۈ-
كى ! زۆھرە ئاھ ئۇرۇپ، نالە قىلىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ.
پاتىمە ئەل ئىچىگە سۆز - چۆچەك تارقىتىپ، ھەر قەدەمدە

قىچا ئۇرۇقى چېچىپتۇ. بويىنى كالا سۇتىدە يۇيۇپ، ئىشىك يوچۇقىدىن ماراپ، كۇندە يۈز ۋاخ ئەينەككە قاراپ، ئۆزىنى تۈزەپتۇ، مىڭ ياڭزا ياسىنىپ، شاھزادىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپتۇ. شاھزادە قۇرۇق قول قايتىپ كەپتۇ. كېنىزەكلەر، مۇلازىملار ئوردا ئالدىدا ئۇنى كۈتۈۋاپتۇ. پاتىمە ئوردا ئىشىكىدىن ناينا قلاپ چىقىپ، شاھزادىنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ.

— شاھزادەم، — دەپتۇ ئۇ قولىدىكى زاكىلاقلىق «بوۋاق»نى تەڭلەپ، — پەرزەنتلىرىنى كۆرۈۋالسىلا، ئارزۇلۇق مەلىكەمنىڭ كارامىتىنى بىلىۋالسىلا.

شاھزادە بوۋاقنى كۆرۈپلا نومۇستىن ئېسىنى يوقىتىپتۇ. كېنىزەكلەر يەردە غىڭشىپ تېپىرلاۋاتقان توڭگۇز كۈچۈكىگە قاراپ كۈلۈپ زاڭلىق قىلىشىپتۇ. مۇلازىملار ياقىلىرىنى چىشلەپ، تووۋا - ئىستىغپار ئېيتىشىپتۇ. شاھ توپان بالاسى كەلسە ئوشۇقىغا ئالمايدىغان، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە تېگىدە يېتىپ مانتا يەيدىغان ئادەم ئىكەن. پاتىمە بۇ ئاھانەت ئۈچۈن شاھ زۆھرەنى دارغا ئاسماي قالمايدۇ، ئەمدىغۇ شاھزادە مېنىڭ بولار، دەپ ئاغزىنى تاتلىق، كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرگىنىدە، شاھ شەھەردىكى ئۆلىما، ھۆكۈما، دانىشمەن، قۇرئەندازلارنى مەسلىھەتكە چاقىرتىپتۇ. تالاش - تارتىش قىزىپ كېتىپتۇ.

— مەلىكە زۆھرەنى دارغا ئاسقۇلۇق، — دەپتۇ بەزىلەر.

— ھايۋان تۇغقان مەزلۇمنى ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا سۆرىتىپ ئۆلتۈرگۈلۈك، — دەپتۇ يەنە بەزىلەر.

— دەشت - باياۋان، چۆل - جەزىرىلەرگە پالاپ، نەسلىنى تۈگەتكۈلۈك، — دەپتۇ بەزىلەر.

— يالىڭاچلاپ كوچىدا سازايى قىلىپ، خالايىقنى ئىبرەت ئالدۇرغۇلۇق، — دەپتۇ يەنە بەزىلەر.

ئۇ دېمەك، بۇ دېمەك، كۆپچىلىك بىر كۈن تالىشىپتۇ،

ئىككى كۈن تالىشىپتۇ، بىر توختامغا كېلەلمەپتۇ. شۇ ئەسنادا سورۇنغا يېڭىلا كىرىپ كەلگەن بىر دانىشمەن:

— ئۇلۇغ شاھئالەم، مەلىكە زۆھرەنىڭ ئۇدا ھايۋان تۇغۇشى شاھزادىدىنمۇ ياكى ئۆزىدىنمۇ ۋە ياكى باشقا بىرىنىڭ شەيتانلىقىدىنمۇ بىلىپ بولمايدۇ. مەلىكىنى زىندانغا تاشلاپ ئوبدان بايقاپ باقساق بولارمىكىن، — دەپتىكەن، ئۇنىڭ مەسلىھىتى ھەممىگە يېقىپتۇ. شاھ مەلىكە زۆھرەنى زىندانغا تاشلاشقا بۇيرۇپتۇ. زىندان ئىشىكىدە پايلاقچى قويۇپتۇ.

ئارىدىن بەش يىل ئۆتۈپتۇ، مەلىكە ئۆلمەپتۇ، پاتىمەمۇ شاھزادىگە تېگەلمەپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھزادە چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئىككى ھايۋان بالىسىنىڭ تۇرۇپلا بىر جۈپ ئوغۇل - قىزغا ئايلىنىپ، ئەركىلەپ مەلىكە زۆھرەنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋاتقانلىقى، ئۆزىنىڭ قولىنى سوزۇپ بالىلارنى قېشىغا چاقىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئويغانسا، يۈرىكىگە بىر پارچە ئوت تۇتاشقاندەك بولۇپ، زىندانغا يېتىپ بېرىپتۇ ۋە شام يېقىپ قاراپ، يەتتە قات يەر ئاستىغا كولانغان زىنداندا بىلىنىڭ تۆۋىنى قان - زەرداپقا چىلىنىپ تۇرغان زۆھرە ۋە ئۇنىڭ قېشىدىكى تەكچىدە دۆۋىلىنىپ كەتكەن سۆڭەك ۋە نازۇنېمەتلەرنى كۆرۈپتۇ. مەلىكە بولسا، كۈنگە يېرىم ھېجىر ئۇماچ بېرىلگىنىگە قارىماي ئايدەك جامالىدىن قالماپتۇ. شاھزادە ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— ئەي مەلىكە، ئېيتە، ساڭا گۆش بىلەن نازۇنېمەتنى كىم بەردى؟

مەلىكە زۆھرە يۈزىنى ئۆرۈپ جىم تۇرۇۋاپتۇ. شاھزادە گۈندىپايغا كايىپتۇ.

— ھاڭۋاقتى ! سەن نېمىنى باقتىڭ؟ نېمىگە قارىدىڭ؟ مەلىكىنىڭ شېرىكىنى تۇتۇپ كۆزۈمگە كۆرسەتمەيدىكەنسەن،

كاللاڭنى قولتۇقۇڭغا قىسىپ قويىمەن !

— خوپ، تەقسىر ! — دەپ تىك تۇرۇپتۇ گۇندىپاي ۋە كېچىسى بىر بۇلۇڭغا پۇختا جايلىشىپ، كۆزىنى ئۇزمەي پايلاپ ئولتۇرۇپتۇ. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە بىر مۈشۈك مىسسىدە كېلىپ، مەلىكە زۆھرە ياتقان زىندان ئىشىكى زەد گۇندىسىنىڭ تېگىدىكى كامارغا بېشىنى تىقىپتۇ. مۈشۈكنىڭ ئاغزىدا بىر خالتا چىشلەكلىك ئىكەن. گۇندىپاي مۈشۈكنى كاپپىدە تۇتۇپتۇ ـ دە، خالتىدىكى گۆش، نازۇنېمەتلەر بىلەن قوشۇپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. شاھزادە بىر قاراپلا مۈشۈكنىڭ بەش يىل ئىلگىرى يوقاپ كەتكەن ئۆز مۈشۈكى ئىكەنلىكىنى تونۇپتۇ ـ دە:

— سەن ھارامزادىگە يولۇقمىغان بولسام، بېشىمغا مۇنچە دىشۋارچىلىقمۇ كەلمەس ئىدى. ھەممە بالانى ئۆزۈڭ تېرىپ، يەنە مەلىكىگە ئوغرىلىقچە تاماق توشۇپ بەرگىنىڭ نېمىسى؟ ! سېنىڭ بارىڭدىن يوقالغىنىڭ خوپ ! — دەپلا مۈشۈكنى گۇندىپاينىڭ قولىدىن ئېلىپ يەرگە ئۇرۇپتۇ. مۈشۈك ئېچىنىشلىق مىياۋلاپتۇ. گۇلدۇر ـ غالاپىنى ئىشتكەن پادىشاھ يېتىپ كېلىپ ئەھۋالنى سۈرۈشتە قىپتۇ.

— بۇ مۈشۈكتە بىر خىسلەت باردەك قىلىدۇ، قويۇپ بېرىڭلار ! — دەپتۇ شاھ شاھزادە بىلەن گۇندىپاينىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ.

مۈشۈك ئۈچ يۇمىلىنىپ، يانپىشىنى سۆرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، شاھزادىنىڭ ئاياغلىرىغا ئۆزىنى سۈركەپتۇ. شاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، زوڭ ئولتۇرۇپ بېشىنى ئۈچ قېتىم ئېگىپتۇ. شاھ ھەيران بولۇپ:

— ھەي مۈشۈك، قورسىقىڭدا باردەك قىلىدۇ لەكمىنىڭ سۆزۈڭ، تىلىڭ بولسىمۇ ئېيتار ئىدىڭ، — دەپتۇ. مۈشۈك

بىر تولغىنىپلا تىك تۇرۇپ زۇۋانغا كەپتۇ:

— ھەي ئۇلۇغ شاھىنشاھىم، ئېيتاي مەن دەردۇ ھالىم، ساقىت بولسۇن بوينۇمدىن يۈكلىنۋالغان ئۇ قەرزىم، — دەپ ئادەمگە ئوخشاش نەزم ئوقۇپتۇ ۋە شاھزادە بىلەن پاتىمە - زۆھرەلەر تېپىشقاندىن بۇيانقى ئۆي ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ كېلىپ:

— مەلىكەم تۇغقان ئوغۇل دەريانىڭ ئايىغىدىكى بېلىقچى بوۋاينىڭكىدە، قىز جاڭگالدا ئولتۇرۇشلۇق مومايىنىڭكىدە. ئوغۇل سەككىز ياشقا، قىز بەش ياشقا كىرىدى، — دەپتۇ ۋە كېيىنى مۇنۇ نەزم بىلەن ئاياغلاشتۇرۇپتۇ:

— بولمىغاچقا ئۇ چاغ زۇۋان، ئەيلەلمىدىم ئەرزىم بايان. پەرق ئەتكەي دېدىم، كۈتتۇم، كىلم ياخشىدۇر ۋە كىم يامان.

شاھزادە مۈشۈكنىڭ باش - كۆزىنى سىلاپ ئەپۇ سوراپتۇ. شاھ تۆت ياساۋۇلنى بېلىقچى بوۋاي بىلەن ئوتۇنچى مومايىنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ياساۋۇللار بوۋايغا ئوغلىنى، مومايغا قىزىنى يېتىلىتىپ، پۈتىنى يەرگە تەگكۈزمەي، زەررە ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي شاھنىڭ ئالدىغا ئەكەپتۇ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، پادىشاھ ئالىيلىرى، — دەپتۇ بوۋاي بىلەن موماي شاھ ئالدىدا تىزلىنىپ، بېشىنى ئېگىپ، —



گۇناھىمىزنى بىلمىدۇق، چاقىرتىپتىكەنلا خوپ دېدۇق. نېمە پەرمانلىرى باركىن، ئاڭلاپ كەتسەك ئىدۇق.

شاھ ئۇلارنى كۆرپىدە بەھۇزۇر ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، ۋېتىپ، ئوغۇل بىلەن قىزغا سىنچىلاپ قاراپتىكەن، ئوغۇل شاھزادىگە، قىز مەلىكە زۆھرەگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاپ تۇرغۇدەك. شاھ ئىچىدە خۇش بولۇپ، تېشىدا دەرگۇمانغا تولۇپ سوراپتۇ:

— باللار ئۆزۈڭلارنىڭمۇ؟

بوۋاي بىلەن موماي:

— يوقسۇ، ھەزرەتلىرى، باللارنى تېپىۋالغان، — دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ.

— قېنى، قانداق تېپىۋالغان؟ سۆزلەڭلار! — دەپتۇ پادىشاھ.

بوۋاي سۆز ئاپتۇ:

— پېقىر، — دەپتۇ ئۇ ئوغلىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — ئەتىگەنلىكىم چۈشكە، چۈشلۈكۈم كەچكە يەتمەيدىغان، دەرياغا تور سېلىپ جان باقىدىغان بويتاق ئادەم ئىدىم. بۇنىڭدىن سەككىز يىل بۇرۇن تازا مۇشۇ كۈنلەردە بېلىق تۇتقىلى دەريا بويىغا بارسام، سۇدا بىرنېمە بىر چۆكۈپ - بىر لەيلەپ ئېقىپ كېلىۋاتىدۇ. سۇزۇپ قارىسام، سېۋەتكە قاچىلانغان ئوغۇل بالا ئىكەن. ئوغۇل بولغاندىمۇ تولۇن ئايدەك چىرايلىق، پاقلاندەك سېمىز، تىمەن بوۋاق ئىكەن. بالىنى سۇغا تاشلىۋەتكەن تاش يۈرەك ئانىغا يۈزمىڭ لەنەت ئوقۇپ، بالىنى قويىنۇمغا سولاپ ئۆيۈمگە قايتۇرۇپ كەلدىم. ئۆيۈمدە تۆت بولۇڭ، بىر كۇلۇڭدىن باشقا بىسات يوق ئىدى. ئوقىتىم ئاققان كۈنلىرى بىرەر توغرام نان تاپسام بالا بىلەن بىرگە روزانە قىد-

لىپ، تاپالمىغان كۆڭلىرى شۆكۈر ـ قانائەت قىلىپ، ئۈنى مۇشۇنچىلىك چوڭ قىلدىم. قازارا، جان ئۈزۈپ كەتسەم، بىـ-چارە بالا نەلەردە تېنەپ، كىملەرنىڭ ئىشىكىدە دوقۇرۇپ يۈ-رەر، دەيتتىم. ھەزرەتلىرىنى خۇدا يەتكۈزدى، خۇش بولاي، بالىنىڭ ئىگىسىنى تاپتۇرۇپ بەرسىلە، جېنىم تېنىمدا ئامانەت چېغىدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇۋېتەي.

بوۋاي دەيدىغىنىنى دەپ بولۇپ، نۆۋەت مومايغا كەپتۇ.

— مەن، — دەپتۇ موماي قىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇ-رۇپ، — جاڭگالدىن ئوتۇن تېرىپ سېتىپ جان باقىدىغان تۇل خوتۇن ئىدىم. بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن تازا مۇشۇ كۈنلەردە ئوتۇن تەرگىلى جاڭگالغا بارسام، ئالەمگە يېڭىلا كۆز ئاچقان مۇشۇ بالا داق يەردە يىغلاپ ياتىدۇ. بالا بولغاندىمۇ تو-لۇن ئايدەك چىرايلىق، پاقلاندەك سېمىز، تىمەن بوۋاق ئىـ-كەن. بالىنى جاڭگالغا تاشلىۋەتكەن تاش يۈرەك ئانىغا يۈزمىڭ لەنەت ئوقۇپ، بالىنى ئېتىكىمگە يۆگەپ، ئۆيۈمگە قايتۇرۇپ كەلدىم. ئۆيۈمدە تۆت بۇلۇڭ، بىر كۆلۈڭدىن باشقا بىسات يوق ئىدى. ئوقىتىم ئاققان كۈنلىرى بىرەر توغرام نان تاپسام بالا بىلەن بىرگە روزانە قىلىپ، تاپالمىغان كۈنلىرى شۆكۈر ـ قانائەت قىلىپ، مۇشۇنچىلىك چوڭ قىلدىم. قازارا، جان ئۈ-زۈپ كەتسەم، بىچارە بالا نەلەردە تېنەپ، كىمنىڭ ئىشىكىدە دوقۇرۇپ يۈرەر، دەيتتىم. ھەزرەتلىرىنى خۇدا يەتكۈزدى، خۇش بولاي، بالىنىڭ ئىگىسىنى تاپتۇرۇپ بەرسىلە، جېنىم تې-نىمدا ئامانەت چېغىدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇۋېتەي.

مومايىنىڭ دەيدىغىنى تۈگەپتۇ. شۇ ئارىدا مەلىكە زۆھرە زىنداندىن ئازاد قىلىنىپ، ھاممامدا يۇيۇندۇرۇلۇپ، مەلىكە كىيىمى كىيدۈرۈلۈپ ياساندۇرۇپ قويۇلغانىكەن. شاھ ئۈنى چاقىرىپ كىرىپ، بوۋاي بىلەن مومايغا:

— بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى شاھزادە بىلەن مەلىكە زۆھ-رە، — دەپتۇ.

بوۋاي بىلەن موماي ھاڭ - تاڭ قېلىپ، شاھقا رەھمەت ئېيتىۋاتقاندا، شاھزادە بىلەن مەلىكە زۆھرە ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى ئېتىپ يۈزمىڭ رەھمەت ئېيتىپتۇ، باللىرىنى باغرى-غا بېسىپ، كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ. مۈشۈك بارىكاللا ئەي-لەپ، چاۋاك چېلىپ ئالقىشلاپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پا-تىمەگە ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق كەپتۇ.

سىر ئېچىلغاندىن كېيىن، شاھ شەھەر خەلقىنى يىغىپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈز مەلىكىنىڭ تۇغۇت تويىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. بوۋاي بىلەن مومايىنى چارباغدىكى مەخسۇس قورۇغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلار ئالەمدىن ئۆتكۈچە ھالىدىن خەۋەر ئال-ماق بوپتۇ. موللا - ئۆلىمالارنىڭ پەتىۋاسىغا ئاساسەن، پاتى-مەنى دارغا ئېسىپ، كاللىسىنى شەھەر دەرۋازىسىغا مىخلاش يارلىقى چۈشۈرۈپتۇ. ئىككى جاللات ئۇنى دارقىرىتىپ سۆرى-گىنىچە دار ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. پاتىمە تىزلىنىپ، بىر ئاغزىدا مىڭ قېتىم توۋا قىلغانلىقىنى ئېيتىپ، پادىشاھتىن بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپتۇ.

— بوپتۇ، ئاچام قىلغاننى مەن قىلماي، ئۇنى قويىۋەت-سىلە، ئادەم بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ مەلىكە شاھقا مۇراجىئەت قىلىپ.

— خەير، بوپتۇ، ئۇنى قويىۋېتىڭلار، لېكىن پاتىمە ھۇ-زۇرۇمدىن كەتسۇن، باشقا شەھەرگە بېرىپ كۈنىنى كۆرسۇن ! — دەپتۇ شاھ.

شاھزادە بىلەن مەلىكە زۆھرە پاتىمەگە ئون قېچىر دەپىنە دۇنيا، مال - مۈلۈك، ئوزۇق - تۈلۈك جابدۇپ، ناۋاي ئېرىنى قوشۇپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

# شاھزادە بىلەن ئالتۇنبىلىقنىڭ دوستلۇقى

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ھەر دائىم: «يەر يۈزىدە مەندەك ئادىل پادىشاھ يوق» دەپ ماختىنىدىكەن. بىر كۈنى پادىشاھنىڭ ئوغلى ئىمىر ئاتىسىنى پۇقرالارنىڭ ماختايدىغان ياكى قارغايدىغانلىقىنى بىلمەك بولۇپ، پۇقراچە كىيىنىپ كوچا ئايلانغانىكەن، كوچىلار جىمجىت، كىشىلەر غەمكىن كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە ئىچىدە، ئادىل پادىشاھ سورىغان شەھەر مۇشۇنداق مىسكىن بولامدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ، بىر دۇكانداردىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. دۇكاندار: «دەريا بويىغا بارساڭ بىلىسەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شاھزادە بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ دەريا بويىغا بېرىپ قارىسا، بىر ئالتۇنبىلىق دەريادا گاھ سۇ ئۈستىگە ئوقچۇپ چىقىپ، گاھ سۇ ئاستىغا شۇڭغۇپ كىرىپ تىنىم تاپمايۋاتقۇدەك، قىرغاقتا بولسا بىر مو-ماي دەرياغا قاراپ، كۆز يېشى قىلىپ ئولتۇرغۇدەك. شاھزادە ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالماي، مومايدىن سوراپتۇ:

— موما، نېمىگە يىغلايلا؟

— جېنىم بالام، مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟ — دەپ-تۇ موماي، — بىچارە بېلىقنىڭ ھالىغا چىدىيالمايۋاتىمەن.

شاھزادە گاڭگىراپ قېلىپ:

— بېلىق نېمە بوپتىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ. موماي ئۇ-

لۇغ - كىچىك تىنىپ:

— بىر زامانلاردا بۇ بېلىق بىر جۈپ ئىدى، ئۇ چاغدا جۈپتى بىلەن ئىرمىشىپ - چىرمىشىپ ئوينايتتى، نەسىل قالدۇراتتى. ئەمدى جۈپتىدىن ئايرىلىپ دەردمەن بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئوقچۇپ سۇ ئۈستىگە چىقىشى — جۈپتىنى ئىزدىگەنلىكى، سۇ ئاستىغا شۇڭغۇشى — داد - پەرياد چەككەنلىكى، — دەپتۇ.

— موما، بۇ بېلىقنىڭ جۈپتى نەگە كەتكەن؟ — دەپ قىستاپ سوراپتۇ شاھزادە قىزىقىپ.

— جىنىم بالام، بۇنى پادىشاھتىن سورىغىن، — دەپلا كېتىپ قاپتۇ موماي.

شاھزادە ئىمىر دۇكاندارنىڭ گېپىنىڭ مەنىسىگە يەتكەندەك قىپتۇ ۋە ئالدىراپ - سالدىراپ ئوردىغا قايتىپتۇ. قايتىۋېتىپ، خاسلا پادىشاھ سەيلە قىلىدىغان چارباغدىكى چۆرىسى رەڭگارەڭ گۈللۈك كۆلچەك يېنىدىن ئۆتۈپتۇ. كۆلچەكتىمۇ بىر ئالتۇنبېلىق خۇددى دەريادىكى بېلىققا ئوخشاش گاھ سۇ ئۈستىگە ئوقچۇپ چىقىپ، گاھ سۇ ئاستىغا شۇڭغۇپ كىرىپ تىنىم تاپمايۋاتقانىكەن. شاھزادە گۇمانسىراپ باغۋەندىن سوراپتۇ:

— بوۋا، بۇ بېلىق نېمىشقا سۇ ئۈستىگە سەكرەپ چىقىدۇ؟

— غوجام، — دەپتۇ بوۋاي قول باغلاپ، — پانىي ئالەمدە جىنى بارلىكى نەرسىنىڭ جۈپتى بولىدۇ، ئەمما بۇ بىچارە



بىلىق جۈپتىدىن ئايرىۋېتىلگەن. ئۇنىڭ ئوقچۇپ سۇ ئۇستىگە چىقىشى — جۈپتىنى ئىزدىگەنلىكى، سۇ ئاستىغا شۇڭغۇشى — داد - پەرياد چەككەنلىكى.

— بوۋا، بۇ بېلىقنىڭ جۈپتى نەدە؟ — دەپ سوراپ تۇ-رۇۋاپتۇ شاھزادە. بوۋاي ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— غوجام، بۇنى سىلى سورىمىسىلا، مەن ئېيتمىسام بولاتتى، سوراپ قالدىلا، خەير، بوپتۇ، نامەردلىك قىلماي ئېيـ-تىپ بېرەي، — دەپتۇ سۆز باشلاپ، — بىر زامانلاردا بۇ بې-لىق بىر جۈپ ئىدى، ئۇ چاغدا جۈپتى بىلەن ئىرمىشىپ - چىرمىشىپ ئوينايتتى، نەسىل قالدۇراتتى. ئاتىلىرى شەھە-رىمىزگە پادىشاھ بولغان كۈندىن باشلاپ بېلىققىمۇ ئامانلىق نېسىپ بولمىدى. مانا بۇ بىچارە بېلىقنى تۇتقۇزۇپ كېلىپ كۆلچەككە سولاپ قويدى. ھەر كۈنى پەقەت بىر ۋاخ كېلىپ بېلىق تاماشىسىنى كۆرۈپ كېتىدۇ. «مۇشۇككە ئويۇن، چاش-قانغا قىيىن» دېگەن شۇدۇر، بەلكىم.

شاھزادە ئىمىر بۇ بېلىقنىڭ دەريادىكى بېلىقنىڭ جۈپتى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ ۋە بېلىقنى تۇتۇپ كوزىغا سېلىپ ئې-لىپ مېڭىپتۇ. بوۋاي شاھزادىنىڭ ئالدىنى توسۇپ يالۋۇرۇپتۇ:

— جېنىم غوجام، — دەپتۇ بوۋاي تىزلىنىپ، — تۆر-مۇشۇم مۇشۇ باغقا، بېلىققا قاراش بىلەن ئۆتىدۇ، بېلىقنى ئېلىپ كەتسىلە شاھ كاللامنى ئېلىشتىن يانمايدۇ. خۇش بولاي، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەي، ئالتە بالامنى باققىلى قويسىلا.

بوۋاينىڭ ئېيتقانلىرى شاھزادە ئىمىرنىڭ يۈرەك تارلى-رىنى چېكىپ ئۆتۈپتۇ. ئۇ خەزىنىدىن بوۋايغا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا يەتكۈدەك دەپىنە دۇنيا بېرىپ ئائىلىسىگە قايتۇرۇۋەت-كەندىن كېيىن، دەريا بويىغا قاراپ كېتىپتۇ ۋە بېلىقنى دەر-ياغا قويۇۋېتىپتۇ. شاھزادە قايتىپ كېلىپ قارىسا، ئانىسى

بىر بۇلۇڭدا يىغلاپ ئولتۇرغۇدەك. شاھزادە ھەيران بولۇپ، يىغلاشنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىكەن، ئانا ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ:

— بالام، كۆلچەكتىكى بېلىقنى دەرياغا قويۇۋېتىپ يامان قىپسەن. ئاتاڭ ئاچچىقلاپ: «بەتبەخت شۇمۇڭنى بۇگۈنلا كۆزۈمدىن يوقات، بولمىسا ئالدىڭدا كاللىسىنى ئېلىپ، گۆشىنى چەيلەپ، سۆڭىكىنى سەيلەيمەن» دېدى. جېنىڭنى چەتكە ئالمىساڭ ئەپلەشمىگۈدەك، جېنىم قوزام، — دەپتۇ.

— بوپتۇ، ئانا، ئاتام مېنى بىر بېلىقچىلىك كۆرمىگەن بولسا، كېتەي! — دەپتۇ شاھزادە. ئانا ئوغلىنى توختىتىپ:

— بالام، يالغۇز كېتىۋاتىسەن، كۆرگەنلىكى ئادەمنى دوست تۇتما. ئاۋۋال ئۇنى سىناپ باق: دوست بولغۇچىنى ئۆزۈڭ خالىغان يەردە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، باشقا يەرگە بېرىپ ئۇزۇندىراق كەل، ساقلاپ تۇرالىغىنى ۋاپالىق دوست چىقىدۇ، كېتىپ قالغىنى ئەسقاتمايدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟ — دەپتۇ.

— ئۇقتۇم، جان ئانا، نەسىھەتلىرىڭنى قۇلىقىمدا تۇتىمەن، — دەپتۇ شاھزادە ۋە بىر خۇرجۇنغا نان، بىر قاپاقتا سۇ قاچىلاپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

شاھزادە يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى دەشت - باياۋان ئىچىدە مىڭ بىر جاپادا كېتىۋاتسا، ئارقىسىدىن ئىككى يىگىت يېتىپ كەپتۇ ۋە ئىمىردىن نەگە بېرىپ، نەدە تۇرىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. ئىمىر سەپەرنىڭ مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. يىگىتلەر ئىچ ئاغرىتىپ، دوست بولۇشنى تەلەپ قىپتۇ. ئىمىر ئانىسىنىڭ نەسىھىتىنى ئېسىگە ئېلىپ:

— ئىككىڭلار مۇشۇ يەردە بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن تەرەت قىلىۋېلىپ كېلەي، — دەپتۇ.

يىگىتلەر قوشۇلۇپتۇ. ئىمىر تامبىلىنىڭ بېغىنى تۇتقان هالدا ئۇلاردىن يىراقلىشىپتۇ ۋە بىر ئازگالغا چۈشۈپ بىرپەس ئولتۇرۇپتۇ. يىگىتلەر بولسا ئىمىرنىڭ خۇرجۇنىدىكى ناننى راسا يەپ قورسىقىنى تويغۇزۇپ كېتىپ قاپتۇ. ئىمىر قايتىپ كېلىپ، قۇرۇق خۇرجۇننى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، بوينى ئۇ-زۇۋېتىلگەن قاپىقىنى قالدۇرۇپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇ يەنە بەش كۈن مېڭىپتۇ، دەشتتىن چىقىپ بولالماپتۇ، ئاچ-لىق، ئۇسسۇزلۇق، پىژ - پىژ ئاپتاپ، بوران ئازابىدىن جېنى ئاز قاپتۇ، لېكىن ئارقىسىغا يېنىشنى راۋا كۆرمەپتۇ. ئۇ شۇ تەرىقىدە كېتىۋاتسا، ياندىكى چىغىر يولدىن ياش قۇرامى، بوي - تۇرقى ئۆزىدىن سەل چوڭراق، كېلىشكەن بىر يىگىت چىقىپ ئۇنىڭغا سەپەرداش بوپتۇ. يىگىت ئىمىرنىڭ هالىغا ئېچىنىپ ئۇنى تائام يېيىشكە، سۇ ئىچىشكە تەكلىپ قىپتۇ. ئىمىر خۇش بولۇپ غىزالىنىپتۇ ۋە يىگىتنىڭ دوست بولۇش تەلىپىنى سىناپ كۆرمەك بولۇپ: «ۋاي قورسىقىم !» دەپ قورسىقىنى چاڭگاللاپ يەردە يۇمىلاپتۇ. يىگىت ئۇنى يۇدۇپ ئۇن پوتەي يول يۈرۈپتۇ، لېكىن «غىڭ» دېمەپتۇ. بىر چاغدا ئىمىر تەرەت قىلغۇسى بارلىقىنى ئېيتىپ، يىگىتنى بىر قا-قاس تۆپىلىكتە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، تەرەتكە مېڭىپتۇ. بىر ئازگالنى تېپىپ خېلى ئۇزاق ئولتۇرۇپتۇ. قايتىپ كەلسە، هېلىقى يىگىت جايىدىن مىدىرلىماپتۇ. ئىمىر ئىچىدە، ئانام ئېيتقان ۋاپادار دوستنى تېپىپتىمەن، دەپ ئويلاپ چەندان خۇش بوپتۇ - دە، دوست بولۇشقا قول بېرىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ يىگىت شەرت قويۇپ، — بىرىنچىدىن، مەن ئاكا، سەن ئۇكا بولىسەن؛ ئىككىنچىدىن، مەن نېمە دېسەم ياق دېمەيسەن؛ ئۈچىنچىدىن، تاپقاننى تەڭ ئۈلىشىمىز؛ تۆتىنچىدىن، بىزنىڭ دوستلۇقىمىز چايان بىلەن

پاقنىنىڭ دوستلۇقىدەك بولۇپ قالمىسۇن.
— خوش ئاكا، ئۆزلىرى نېمە دېسىلە شۇ، — دەپتۇ ئىد-
مىرمۇ بېشىنى ئېگىپ.
ئۇلار يولغا چۈشۈپ، مۇڭدىشا - مۇڭدىشا بىر شەھەرگە
بېرىپ قاپتۇ. بۇ شەھەردىكى چوڭ - كىچىك ئەركەكلەرنىڭ
ھەممىسى بېلىگە ئاق باغلاپ، ئاياللار ئاق رومال ئارتىپ يۇ-
رۇشىدىكەن، ئويۇن - تاماشا، نەغمە - ناۋادىن ئەسەر يوقكەن.
شاھزادە ئىمىر بىلەن يىگىت ھەيران بولۇپ كوچا ئارىلاپ
كېتىۋاتسا، ساۋۇت - دۇبۇلغىلىق تۆت لەشكەر ئات ئوينى-
تىپ، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ يېتىپ كەپتۇ - دە، ئۇلارنىڭ
ئالدىدا توختاپ سوراپتۇ:
— ھەي ھاڭۋاقتى يىگىتلەر، پادىشاھ ھەزرەتلىرى مۇسى-
بەتتە، پۈتۈن شەھەر ئەھلى ھەسرەت - نادامەتتە، سىلەر نېمە
ئۈچۈن ئاق باغلىمىدىڭلار؟ يۈرۈڭلار، ئوردىغا بارىمىز!
ئىمىر تىزلىنىپ يالۋۇرۇپ گۇناھىنى تىلەپتۇ. يىگىت
ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەرگە يېڭىلا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، تۆت
تىللا تەڭلەپتۇ. لەشكەرلەر تىللانى ئېلىپ، ئاتلىرىنى قامچىلاپ
كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ئىمىر بىلەن يىگىت كىيىملىرىنى
يەڭگۈشلەپ، بەللىرىگە ئاق باغلاپ شەھەردە مەدىكارلىق قىلىپ
تۇرۇپ قاپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، كىشىلەر قارى-
لىقلىرىنى يېشىۋېتىپتۇ. بىر كۈنى ئۇلار مەدىكار بازىرىدىن
قايتىپ كېلىۋېتىپ، قېشىدىكى بىرىدىن:
— پادىشاھ كۈنىگە بىر ئۆلۈم ئۆزىتامدۇ؟ — دەپ سورى-
غانىكەن، ئۇ كىشى:
— ھەي ئۆكىلار، ئېيتىپ كەلسەم گەپ تولا، — دەپ
گېپىنى باشلاپتۇ، — پادىشاھنىڭ ئايىغى شۇم بىر قىزى بار.
ئۇنى ھەر قېتىمدا قىرىق كېچە - كۈندۈز توي ئۆتكۈزۈپ

ياتلىق قىلىدۇ. قىرىقىنچى كۈنى ئاخشامدا قىزنىڭ قېشىدا ساپمۇساق قالغان يىگىت قىرىق بىرىنچى كۈنى سەھەردە يەر-لىكىدە ياتىدۇ. پۈتۈن شەھەر خەلقى يىگىتنىڭ ھازىسىنى تۆ-تۈپ كۈننى ھەپتىگە، ھەپتىنى ئايغا، يىلنى يىلغا ئۇلايدۇ، ھازا تۇتمىغانلار قىلىچ ئالدىدا: «ۋاي داد !» دەپ توۋلايدۇ.

يىگىت بۇ گەپتىن كېيىن شاھزادە ئىمىرگە:

— ئىنىم، سەن بولساڭ داڭقى چىققان، ھەددى - ھې-سابسىز دۇنيا يىغقان شاھ ئوغلى، كىشىنىڭ شەھىرىدە بوي-نۇڭنى قىسىپ، مۇساپىرلار كوچىسىغا كىرىپ يۈرسەڭ ئۆ-زۈڭگىمۇ نومۇس، شاھقىمۇ ئاھانەت. شۇڭا، مۇشۇ شەھەر پا-دىشاھىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ ئوردىدا بولساڭ دەيمەن، — دەپ مەسلىھەت ساپتۇ.

يىگىتنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئىمىرنىڭ پۇت - قولىدا جان قالماپتۇ. ئاكام مەندىن زېرىككەن ئوخشايدۇ، بولمىسا بىلىپ تۇرۇپ قاتىل قىزنى ماڭا سايە قىلاتتىمۇ؟ بولدى، ئۇنداق دوستۇم يوق، ئاستا كېتىۋالاي، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇيۇ، ئاكا - ئۇكا بولۇشقان چاغدا پۈتۈشكەن شەرت-لىرى ئېسىگە كېلىپ، بوينىنى قىسىپ جىم تۇرۇپتۇ. يىگىت ئىمىرگە ئەڭ ئېسىل شاھزادىلەر كىيىمىنى كىيدۈرۈپ، ئۆزىمۇ قېلىشمىغۇدەك ياسىنىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.



— كەمىنىلىرى، — دەپتۇ يىگىت بېشىنى ئېگىپ، — كۈنگەي شەھەر پادىشاھىنىڭ شاھزادىلىرى بولىمىز. بۇ مېنىڭ ئىنىم، ئاتامنىڭ ئەركە بالىسى. ئۇ چۈشىدە ئالىيلىرىنىڭ قىزىغا كۆيۈپ قاپتىكەن، ئاتىمىز ئۆزى ئالدىلىرىغا كەلمەكچى بولۇپ سەپەر تەييارلىقىغا كىرىشىۋىدى، ئىنىم تاقەت قىلالماي بالدۇرراق يولغا چىقىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئاتام ئىنىمنىڭ تەقەززاسىغا چىدىماي بىزنى ئالدىن ھۇزۇرلىرىغا ئەۋەتتى، نېمە دەرلىكىن؟

— ئىككى قولۇم كۆكسۈمدە، بىراق قىزىمنىڭ بىر چوڭ ئەيىبى بار: ئۇنىڭغا ئۆيلەنگەن يىگىت تىرىك كىرىپ، ئۆلۈك چىقىدۇ. شاھزادە قاۋۇل - كېلىشكەن يىگىت ئىكەن، ئۆلۈپ كەتسە، پادىشاھ ھەزرەتلىرىگە جاۋاب بەرمىكىم بەسى مۈشكۈل، — دەپتۇ شاھ ئۆزرە ئېيتىپ.

يىگىت: «ھەرنېمە بولسا مەيلى» دەپ تەلىپىدىن يانماي، لەۋزىدىن تانماي تۇرۇۋاپتۇ. ئىلاجسىز قالغان پادىشاھ قىزىنى شاھزادە ئىمىرگە بەرمەك بوپتۇ. خەزىنىدىن پۇل چىقىرىپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئىككىسىنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇپتۇ. شاھزادە بىلەن مەلىكە ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىدىغان چاغدا، يىگىت شاھزادە ئىمىرنى توختىتىپ، بىر خۇمرا شارابنى تەڭلەپ تۇرۇپ قۇلىقىغا پىچىرلاپتۇ:

— ئىنىم، ھەر كۈنى ياتار ۋاقتىدا مەلىكىگە بۇنىڭدىن بىر ئوتلام ئىچۈرسەڭ، ئۇ بىخۇد بولۇپ بىر كېچە ئۇخلايدۇ، ئۆزۈڭ ئىچمەي باشقا ئورۇندا يات. مەن ئىجازەت بەرمىگۈچە ئۇنىڭ بىلەن بىر ئورۇندا ياتقۇچى بولما، بىقارار قوشۇلۇپ قالساڭ جېنىڭدىن ئايرىلغىنىڭ شۇ. ئەمىسە خۇداغا تاپشۇردۇم، ماڭ !

ئۆمەر ۋەدە بېرىپ شەرتلەرنى ئورۇنداپتۇ. لېكىن، پادى-
شاھ ئەنسىرەپ ئۇخلىيالماپتۇ، كېچىچە ۋەزىر، ئوردا مۇلازىم-
لىرىنى خەزىنىگە چاپتۇرۇپ، كۆيئوغلىنىڭ ئۆلۈمىگە تەييار-
لىق قىلدۇرۇپتۇ. ئۆزى ھازا كىيىملىرىنى كىيىپ تەخ بوپ-
تۇ. شەھەر قازىكالانلىرى، ئىمام - مەزىنلەر سۈبھى دەم بى-
لەن تەڭ جامەگە يىغىلىپ شاھزادە ئۆمەرنىڭ نامىزىنى چۈ-
شۈرۈشكە ھازىرلىنىپتۇ. ئاخۇنۇملار يۇقىرالارغا ئالتۇن جازى-
لىق، كىمخاب يوپۇقلۇق جىنازىنى كۆتۈرگۈزۈپ ئوردا ئالدىدا
كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. گۆركارلار پادىشاھ قەبرىستانلىقىدىن تاش
گۈمبەزلىك شام گۆر كولاپتۇ. ئاياللار، بالىلار پەرمانغا ئىتا-
ئەت قىلىپ، مورىلىرىدىن تۈتۈن چىقارماي ئوردىغا بېقىپ
غەمكىن ئولتۇرۇپتۇ. ئاڭغىچە تاڭمۇ ئېتىپتۇ، ھېچ گەپ بول-
ماپتۇ؛ كۈن چىقىپتۇ، ھېچ گەپ بولماپتۇ؛ چاي ۋاقتى بوپتۇ،
ھېچ خەۋەر تارالماپتۇ، قوزا چۈش بىلەن خالايىق دىلغۇل بو-
لۇشۇپ ماكانلىرىغا قايتىشىپتۇ. پادىشاھ ھازا كىيىمىنى ئال-
ماشتۇرۇپ، مەلىكە بىلەن شاھزادە ئۆمەر ياتقان ھۇجرىغا
دەرگۇماندا كىرىپ قارايتىكەن، ئىككىسى بىر ئوبدان، قەدى-
ناس ئەر - خوتۇنلاردەك مۇڭدىشىپ ئولتۇرغۇدەك. پادىشاھ بۇ
ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ؟ دەپ ھەيران بولۇپ ئارقىسىغا يېنىپتۇ.
ئۇ كۈنى ئۆتۈپ كەچ بوپتۇ، پادىشاھ يەنە غەم - غۇسسىگە
پېتىپ، تورۇسقا قاراپ يېتىپ كېچىنى تاڭغا ئۇلاپتۇ،
يۇقىرالارمۇ شۇ تەرىقىدە تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ. ئەمما، ئۇ كېچىمۇ
تىنچ - ئامان ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شاھزادە بىلەن مەلىكە سەھەر
تۇرۇپ، چارباغنى سەيلە قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئەنە شۇ
تەرىقىدە خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئۆمەر ئۆلمەپتۇ.
ئوردىدىكىلەردىن تارتىپ يۇقىرالارغىچە قانغۇدەك ئۇخلاپ ھار-
دۇقىنى چىقىرىپتۇ، نەغمە - ناۋا قىلىپ، دىشۋار كۆڭۈللى-

رىنى راسا ئېچىپتۇ. پادىشاھ خۇش بولۇپ، شاھزادە ئىمىرنى بېشىدا كۆتۈرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭ نېمە خىسلىتى بارلىقىنى بىلىشكە قىزىقىپ، كېنىزەكلەردىن پايلاقچى قويۇپتۇ. ۋەزىرلەر قىزغىنىپ، ئىمىرنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە يىگىت پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ:

— ئى پادىشاھىئالەم، ئۆيىمىزدىن ئايرىلغىلى يەتتە - سەككىز ئاي بوپتۇ، ئاتىمىز شۇ چاغقىچە يېتىپ كېلەلمىدى. بىرەر پېشكەللىك بولدىمىكىن، دەپ كۆڭلىمىز ئەنسىرەپ تۇرالماي قالدۇق، بېرىپ يوقلاپ كەلسەك دەۋاتىمىز. ئىشەنسىلە، مەلىكەمنى بىزگە قېتىپ قويسىلا، ئىشەنمىسىلە، ئەپقالسىلىمۇ ئاغرىنمايمىز، — دەپتىكەن، پادىشاھ:

— قىز بالا ئەردە ياخشى، ئەردە بولمىسا يەردە ياخشى. ئۇنى ئالغاچ كېتىڭلار، قۇدامىمۇ كۆرسۇن، — دەپتۇ - دە، خەزىنىچىگە ئېيتىپ قىرىق ئاتلىق دۇنيا دەپىنە، مال - مۈلۈك جابدۇتۇپ، كېنىزەكلەردىن قىرىقنى ھەمراھ قىلىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

يىگىت بىلەن شاھزادە ئىمىر مەلىكىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، كېنىزەكلەرنى ئارقىسىغا سېلىپ شەھەردىن ئايرىلىپتۇ، مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، يەتتە كېچە - كۈندۈز يول يۈرگەندىن كېيىن، كېنىزەكلەرنى قايتۇرۇۋېتىپ، بىر دەريا بويىدىكى بوستانلىقتا توختاپتۇ. يىگىت يۈك - تاقلارنى يەشمەي تۇرۇپ، ئىمىردىن:

— مېنىڭمۇ شەھرى دەريادا ماكانىم، بالا - چاقىلىرىم بار، مەن مۇشۇ يەردە سەندىن ئايرىلىمەن. ئىنىم، ئات - ئۇلاغ، مال - مۈلۈكنى قانداق ئۈلۈشىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— باشتا شەرتلەشكەنمىز، تەڭ ئۈلۈشەرمىز، — دەپتۇ شاھزادە.

— ئۇنداق بولسا مەن تەقسىم قىلاي، مەلىكە شاھىت بولسۇن، سەن قاراپ تۇرغىن، — دەپتۇ يىگىت ۋە قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، ئاتلارنى قۇلىقىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن چەنلەپ، قۇيرۇقىنىمۇ پەملەپ چىپىپ تاشلاپتۇ. يىگىت ھەر-بىر ئاتنىڭ بىر يوتىسىنى ئوڭ تەرەپكە، بىر يوتىسىنى سول تەرەپكە ئايرىپ: «ماۋۇ سىنىڭ، ماۋۇ مىنىڭ» دەپ ئۈلەشتۇ-رۇپتۇ. يىگىتنىڭ قىلىقىدىن ھەيران قالغان شاھزادە رەنجىپ سوراپتۇ:

— ئاكا، ئاتلارنى نىمىشقا ئۆلتۈرۈۋېتىلا؟ نەرسىلەرنى ئەمدى قانداق ئېلىپ كېتىمىز؟

— بىلسەڭ ئىنىم، ئاتلارنىڭ ئورۇق - سېمىزلىكى، چوڭ - كىچىكلىكى، ئۇ ئات بىلەن بۇ ئاتقا ئارتىلغان مال - مۈلۈك ئوخشىمايدۇ، ئۇنى مۇشۇنداق تەقسىملىۋالساق، «نىمە تاپساق تەڭ» دېگەن شەرت ئادا بولىدۇ، شۇڭا ئاشۇ چارىنى قوللاندىم، — دەپتۇ يىگىت.

قورقۇپ كەتكەن مەلىكە بىللە كەلگىنىگە پۇشايمان ئەيلەپ، يىگىتنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆز - ئۆزىچە: «بۇ ئادەم ئەجەبمۇ پىت ئۇچەي» ئىكەن دەپ قاپتۇ. شاھزادە ئى-مىر، ئات تۈگەشتى، ئەمدى مەلىكىنى تەڭ ئالىمىز دېسە قانداق قىلارمەن؟ دەپ غەمگە پېتىپ تۇرسا، دېگەندەك يىگىت:

— ئىنىم، مەلىكىنى قانداق ئۈلۈشىمىز؟ — دەپ سوراپ قاپتۇ.

شاھزادە ئىمىرنىڭ تىرىك تۇرۇپ جېنى چىقىپتۇ، چىرايلىرى سارغىيىپ، لەۋلىرى كۆكىرىپتۇ. شۇنداق بولسى-مۇ چاندۇرماي دەپتۇ:

— ئىلتىپات ئۆزلىرىدە، ئاكا.

— خوش، شۇ گېپىڭ راست بولسا، مەلىكىنىمۇ ئىككى



كاسا قىلىپ، يې-
رىمدىن ئۆلىشى-
مىز، — دەپتۇ يى-
گىت ۋە مەلىكى-
نىڭ پۇت - قو-
لىنى چەمبەرچاس
باغلاپ، ئوڭ قولى
بىلەن ئوڭ پۇتىنى
بىر توپ دەرەخكە،
سول قولى بىلەن
سول پۇتىنى يەنە بىر توپ دەرەخكە ئىسىپتۇ. مەلىكە ئاھ ئۇ-
رۇپ سىلكىنىپ باقسىمۇ قىمىرلىيالماپتۇ.

شاھزادە يىگىتنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى ئېتىپ، مەلىكىنىڭ
بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپتۇ. «تېگىشلىكىمدىن كېچەي، مەلى-
كىنى ئۆزلىرى ئېلىپ كەتسىلە، ئاكا» دەپ يالۋۇرۇپتۇ. يىگىت
ئۇنىماي، قىلىچىنىڭ سېپىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ بېشىدىن
ئېگىز كۆتۈرۈپ مەلىكىگە قاراپ ئېتىلىپتۇ. شاھزادە ئىمىر
قورقىنىدىن جان - پىنى چىقىپ هوشىدىن كېتىپتۇ. مەلى-
كە كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، بار كۈچى بىلەن چىرقىراپ
سىلكىنىپتىكەن، ئىچىدىن بىر ئاق يىلان ئېتىلىپ چىقىپ
يەرگە چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ. يىگىت مەلىكىنى دەرەختىن چۈشۈ-
رۈپ، يېشىپ دەسسىتىپتۇ ۋە كەۋسەر سۈيى ئىچۈرۈپ ماغدۇ-
رىغا كەلتۈرۈپتۇ. شاھزادە ئىمىرنىمۇ شۇ ئۇسۇلدا هوشىغا
كەلتۈرۈپتۇ. شاھزادە كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، مەلىكە كۈلۈمە-
سىرەپ، باغرىنى ئېچىپ تۇرغۇدەك. شاھزادە نېمە ۋەقە بول-
غانلىقىنى ئاڭقىرالماي سوراي دەۋاتسا، يىگىت يىلاننى كۆر-
سىتىپ دەپتۇ:

— ئىنىم، بۇ زەھەرلىك يىلان مەلىكەم تۆرەلگەندە بىللە تۆرەلگەن، تۇغۇلغاندا مەلىكەمنىڭ قورسىقىغا كىرىۋالغان. مەلىكەم ياتلىق بولسىلا ئېرىنىڭ زەكىرىنى چېقىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بىلسەڭ ئىنىم، مېنىڭ سېنى مەلىكەم بىلەن بىرگە ئورۇنغا قوشۇلغىلى قويمىغانلىقىمنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدى. ئەمدى ئۇنى ئۆزۈڭ ئېلىپ كەت. ئامراق، ئۆمۈرلۈك ئەر – خوتۇن بولۇڭلار !

شاھزادە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن يىگىتنىڭ ئاق نىيەتلىكىگە قايىل بولۇپ، ئويلىغانلىرىغا پۇشايمان قىپتۇ ۋە تىزلىنىپ رەھمەت ئېيتىپتۇ. يىگىت ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ:

— گېپىمگە قۇلاق سال ئىنىم، بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن ئاتاڭ مېنى دەرياغا قارماق تاشلاپ تۇتۇپ، جۇپتۇمدىن ئايرىپ، چارباغدىكى كۆلچەككە قاماپ قويغانىدى، سەن قۇتقۇزۇپ جۇپتۇمگە قوشۇپ قويدۇڭ. شۇ سەۋەبتىن ئاتاڭ سېنى ھەيدەپ چىقاردى. مەن ساڭا بىر ئۆمۈر ياخشىلىق قىلساممۇ قىلغان ياخشىلىقىڭنى ياندۇرۇپ بولالمايمەن. بېشىڭغا كۈن كەلسە مېنى دەريا بويىدىن تاپقىن: «بېلىقىم – بېلىقىم، شاھزادە كەلدى» دەپ چاقىرساڭ قېشىڭدا ھازىر بولىمەن. خەير ! — دەپتۇ – دە، ئالتۇنبېلىققا ئايلىنىپ دەرياغا چۆشۈپ سۇ ئاستىغا شۇڭغۇپتۇ.

شاھزادە ئىمىر بىلەن مەلىكە دەرياغا قاراپ بىرھازا خۇشاللىق يېشى تۆككەندىن كېيىن دالىغا قارىغانىكەن، ئاتلار ئەسلىگە كېلىپ كىشنەپ تۇرغۇدەك، يۈك – تاقلارمۇ ئارتىقلىق پېتى تۇرۇپتۇ. شاھزادە بىلەن مەلىكە ئۆز ئارغىماقلىرىغا مىنىپ، قىرىق ئاتنى ئالدىغا سېلىپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ، شاھزادىنىڭ شەھىرىگە كەپتۇ. پادىشاھ خۇشاللىقىدا پۈتۈن يۇرتقا كاتتا توي ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

# شاھزادە نەۋجاھان

زامانى ئاۋۋالدا بىر شەھەر بار ئىكەن، ئۇ شەھەرنىڭ بايلىقىنى سىغدۇرۇشقا جاھان تار ئىكەن. پادىشاھنىڭ ئىسمى بەختىيار ئىكەن. پادىشاھ بەختىيار قىرىق يىل سەلتەنەت سۈرۈپ ئون ئىككى خوتۇن ئاپتۇ، ئەمما ھېچبىرىدىن پەرزەنت كۆرمەي، تامام خوتۇنلىرىدىن كۆڭلى قاپتۇ. شۇ ۋەجىدىن شاھنىڭ كۆڭلى تولا غەش بولۇپ، ئىشتىھاسى سۇسلاپ، ئەتلىرى بوشاپ، تەرسالىشىپ، بارغانسېرى جۇدۇنلۇق بولۇپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى ۋەزىر – ۋۇزرالار باش قوشۇپ مەجلىس قۇرۇپتۇ، شاھقا يەنە بىر خوتۇن ئېلىپ بەرمەك كېرەك، دەپ گەپنى ئۇزۇپتۇ. مەسلىھەت بويىچە بەختىيار شاھ ئۆيلىنىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ خوتۇنى ھامىلدار بوپتۇ. توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەت ۋە توققۇز دەقىقە قورساق كۆتۈرۈپ بىر ئوغۇل تەۋەللۇت قىپتۇ. بۇ خۇشاللىقتىن بېشى كۆككە يەتكەن پادىشاھ بەختىيار پۈتۈن ئەلگە قىرىق كۈن ئاش بېرىپ ئات تويى قىپتۇ ۋە: «بۇ جاھاندىكى ھەقىقىي كۈنلىرىم مۇشۇ ئوغلۇمنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن باشلاندى» دەپ شادىمان بولۇپ، توي – تاماشانىڭ قىرىق بىرىنچى كۈنى ئوغلىنىڭ ئېتىنى نەۋجاھان قويۇپتۇ. شاھزادە نەۋجاھان ئوقۇش يېشىغا توشقاندا

مەكتەپكە بېرىپتۇ.

بىر كۈنى شاھزادە نەۋجاھان مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، يول ئۈستىدە تەڭتۇش بايۋەچچە ـ بەگزادىلەرنىڭ ئالتۇن ساقا ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئوردىغا يانغاندىن كېيىن: «ئاتا، مەن بىلەن تەڭ باللار ئالتۇن ساقا ئويناۋاتىدىكەن، مەنمۇ ئالتۇن ساقا ئوينايمەن» دەپتۇ. شاھ نەۋجاھانغىمۇ ئالتۇن ساقا سوقتۇرۇپ بېرىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ شاھزادە نەۋجاھان مەكتەپتىن يېنىپ مەيداندا ئالتۇن ساقا ئوينايدىغان بوپتۇ. شۇ تەرىقىدە نەچچە يىل ئۆتۈپ، نەۋجاھاننىڭ بۇرۇتلىرى خەت تارتىپ چوپچوڭلا يىگىت بوپتۇ.

بىر كۈنى شاھزادە نەۋجاھان تەڭتۇشلىرى بىلەن ئويناۋاتسا، كوچىنىڭ بىر تەرىپىدىن چىپىپ كېلىۋاتقان ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. نەۋجاھان ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قاراپ، تۆرلۈك ئۇۋچىلىق قۇراللىرى ئاسقان، ئېتىنىڭ كەينىگە ئوۋ قىلغان كېيىك، توشقانلارنى غانجۇغىلاپ تاڭغان ئۇۋچىلارنى كۆرۈپتۇ ـ دە، مەن مۇشۇ شەھەردىن چىقماي چوڭ بوپتىمەن، مانا ئەمدى كۈچ ـ قۇۋۋەتكىمۇ تولۇپتىمەن، ئاشۇ ئۇۋچىلار بىلەن شەھەر سىرتىنى كۆرۈپ كەلمەيمەنمۇ، دەپ خىيال قىلىپ، ئوردىغا كېلىپلا دادىسىدىن ئۆزىنى ئاشۇ ئۇۋچىلارغا قوشۇپ قويۇشنى تەلەپ قىپتۇ. ئەتىسى پادىشاھ ئوغلىنى ئۇۋچىلارغا قوشۇپ قويۇپتۇ. شاھزادە نەۋجاھان ئۇۋچىلارغا قوشۇلۇپ شەھەردىن چىقىپ، بىر ئاچالغا يېتىپ كەپتۇ.

— ئەي شاھزادە، — دەپتۇ ئۇۋچىلار، — ئادىتىمىز بويىچە ھەربىرىمىز بىردىن يولغا ئات سالىمىز، كۈن پېتىشتىن بۇرۇن يانىمىز. ئەمما، سىز بۇ جايلارنىڭ ئوي ـ چوڭقۇرىنى بىلمەيسىز، شۇڭا خالىغان بىرىمىزگە قوشۇلۇپ ئوۋ قىلىڭ.

— ئەي ئوۋچىلار، — دەپتۇ شاھزادە نەۋجاھان، — مەن بالىغ بولغان يىگىتمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يوللار ھەربىر-ىمىزگە بىردىن توغرا كېلىدىكەن، شۇڭا مەنمۇ يالغۇز ئوۋ قىل-ىمەن.

— بۇ گېپىڭىزگە ماقۇل دېيىش ھەددىمىز ئەمەس. سىز-نىڭ ئامان - ئېسەنلىكىڭىز بىزنىڭ گەدىنىمىزدە، شۇڭا خا-لىغان بىرىمىزنى تاللاڭ، — دەپ ئوۋچىلارمۇ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپتۇ. ئەمما، يىگىتنىڭ غۇرۇرى غالىب كېلىپ، ئوۋچىلارنىڭ يېلىنىش - يالۋۇرۇشلىرىغا پەرۋا قىلماي، ئۇدۇل كەلگەن بىر يولغا ئات سېلىپ بوراندەك چېپىپ كېتىپتۇ.

شاھزادە شاھانە ئارغىماقنى چاپتۇرۇپ، بورانلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ مېڭىۋېرىپتۇ، ئەمما ئوۋ قىلغۇدەك ھېچ نەرسە ئۇچرىماپتۇ. قۇرۇق قول يېنىشقا نومۇس قىلغان نەۋجاھان يولنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ، بىر چاغدا ئالدى تەرەپتە بىر قارا چېكىت كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە نەۋجاھان ئوقيانى بەتلەپ، كىرىچىنى راسا تارتقان پېتى ئات چاپتۇرۇپ ھېلىقى قارا چېكىتكە يېقىنلاپتۇ. قارىسا، ھاردۇق يەتكەنلىكتىن كۆزلىرى-نىڭ نۇرى قېچىپ، چىرايى تاتارغان، ساقىلى ئۇچتەك ئاقار-غان، ئېگىلگەن بەللىرى تالدا چىگىلگەن بىر ئادەم ئىكەن. شاھزادە نەۋجاھان: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىپتۇ. ھېلىقى ئادەممۇ: «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ توختاپتۇ. نەۋجا-ھان سوراپتۇ:

— ئەي ئاتا، سەپەرلىرىنىڭ مەنزىلى قايان؟ تېز مېڭىش-لىرىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

— ئەي ئوغلۇم، — دەپتۇ بوۋاي نەۋجاھانغا، — بۇنى سورىمىساڭ ياخشى بولاتتى، سوراپ قالدىڭ، جاۋاب بەرمىسەم ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. خەير، جاۋاب بېرەي. تۈنۈگۈن كېچە



بىر چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە ئاسماندىن بىر ئاي چۈشۈپ، چەپ يېنىمدىن كىرىپ، ئوڭ يېنىمدىن چىقىپ كەتتى. بۈگۈن كېچە يەنە چۈشۈمدە كۈن ئوڭ يېنىمدىن كىرىپ، چەپ يېنىمدىن چىقىپ كەتتى. كۆرگەن چۈشۈمنى قۇرئەندازلارغا ئېيتسام، ئۇلار قۇرئە كۆرۈپ: «ئەي چۈش ئىگىسى، سىز بۇ يەردىن ئۈچ ئايلىق يىراقتىكى بىر جايغا بارسىڭىز، كۆرگەن چۈشىڭىزنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى كۆرىسىز» دېدى، شۇڭا مەن بۈگۈن ئەتىگەن يولغا چىققانىدىم.

ئىككى پۇتىنىڭ بىرى گۆرگە ساڭگىلىغان، بىر چۈشنىڭ تەبىرى ئۈچۈن ئۈچ ئايلىق مەنزىلگە بارىدىغان بوۋاينىڭ غەيرەت ـ شىجائىتىگە هەيران قالغان نەۋجاهان، بىر بوۋاي جىننىدا شۇنچىۋالا ئېغىر مۇشەققەتنى ئۈستىگە ئاپتۇ، نېمە ئۈچۈن مەن ئۇنىڭ ئىشىغا هەمدەم بولمايمەن، دەپ ئويلاپ:

— ئى ئاتا، مەنزىللىرى بەك يىراقكەن، ئۆزلىرى مۇشۇ جايدا مېنى ساقلاپ تۇرسىلا، سىلى ئۈچۈن مەن بېرىپ، چۈشلىرىنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى ئېلىپ كېلىپ ئۆزلىرىگە تاپشۇراي، — دەپتۇ.

— ئەي ئوغلۇم، — دەپتۇ بوۋاي، — هىممىتىڭگە كۆپ رەھمەت، ئەمما مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، چۈنكى هەرىكەتسىز

ئىشتا بەرىكەت يوق !

بوۋاينىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تەسىرلەنگەن شاھزادە نەۋجاھان بوۋاينى بۇ مۇشەققەتتىن بىر يولى خالاس قىلماق بولۇپ:

— ئى ئاتا، ئۇنداق بولسا، چۈشلىرىنى ماڭا سېتىپ بەرسىلە، — دەپتۇ.

— ئەي ئوغلۇم، — دەپتۇ بوۋاي بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن، — ئۆزۈڭ خېلى تۈزۈك يىگىتتەك قىلىسەن، ماقۇل، چۈشۈمنى ساڭا سېتىپ بەرسەم بېرەي، ئەمما باھاسى ناھايىتى قىممەت، ئىككى دانە گۆھەر بەرسەڭ بېرىمەن.

— بولدى، ئالدىم، — دەپتۇ شاھزادە نەۋجاھان ۋە يېنىدىن ئىككى دانە گۆھەرنى ئېلىپ بوۋايغا بېرىپ، ئۈچ ئايلىق مەنزىلنى كۆزلەپ ئات ساپتۇ.

شاھزادە نەۋجاھان ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ ئۈچ ئايلىق مۇساپىنى بېسىپ، بىر جاڭگىللىق مازاندىرانغا يېتىپ بېرىپتىكەن، كۆزلىرىگە بىر تېمى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىر ئەسكى ئۆي كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە نەۋجاھان، ئۈچ كۈن توختىماي يول يۈرۈپ ھېرىپ - ئېچىپىتىمەن، ئېتىممۇ ھېرىپتۇ، بۇگۈن كې-



چە مۇشۇ يەردە ئارام ئېلىپ، ئەتە يولۇمنى داۋاملاشتۇراي، دەپ ئەسكى ئۆينى چۈشكۈن قىپتۇ - دە، ئاتنىڭ بوغۇز يېگەن ئاۋازىنى ئىڭشاپ يېتىپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بىر چاغدا ئات تۇياقلىرىنىڭ «دۈپۈر - دۈپۈر» ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كېتىپ، بۇ چۆلدە ئۈچ كۈن تەنها يول يۈرۈپتىمەن، ھېچ نەرسە ئۇچرىمىغانىدى، ئەمدى بۇ نېمە سىر - ئەسرادۇر، دەپ ئويلىنىپ تۇرغانىكەن، ئىككى ئاتنى يېتىلىۋالغان نىقابلىق بىر كىشى ئەسكى ئۆيگە كىرىپ:

— يىگىت، ماۋۇ ئاتقا مىنىپ، كەينىمدىن مېڭىڭ! — دەپتۇ. تەئەججۇپ ئىچىدە قالغان شاھزادە نەۋجاھان، نېمە بولسا بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي، دەپ گەپ - سۆز قىلماي نىقابلانغان كىشىنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىپتۇ. ھېلىقى كىشى يەنە:

— ئېتىڭىزنى مېنىڭ ئېتىمنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاڭ، ئارىلىقنى ئۆزىڭىز چاغلاڭ، — دەپتۇ. شاھزادە نەۋجاھان ئىككى ئاتنىڭ ئارىلىقىنى چاغلاپ، ھېلىقى كىشىنىڭ ئېتىنىڭ قۇيرۇقىغا ئۆز ئېتىنى باغلاپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار شۇ تەرەقىدە بىر كېچە يول يۈرۈپلا بىر ئايلىق يولنى تۈگىتىپتۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن شاھزادە نەۋجاھان، ماڭ دېدى، ماڭدىم، ئەمما بۇ كىشى كىم، بىلمەيمەن. ئالدىغا ئۆتۈپ بىر قاراپ باقاي، ئۆزىدىن گەپ سوراپ باقاي، دەپ نىقابلىق كىشىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئاتنى توختىتىپتۇ ۋە:

— ئەي نىقابلىق كىشى، كىم بولىسىز؟ مېنى قەيەرگە ئاپىرىسىز؟ — دەپتۇ.

— مەن، — دەپتۇ نىقابلىق كىشى نىقابىنى كۆتۈرگەچ، — سىزنى مۇشۇ جايغا ئەكەلگەن ئادەم بولىمەن.

شاھزادە نەۋجاھان كۆرۈپتۇكى، كۆز ئالدىدا بىر ئاي، بەلكى ئايدىنمۇ گۈزەل بىر پەرى تۇرغۇدەك. نەۋجاھان ھېلىقى

بوۋاينىڭ چۈشىدە ئاسماندىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ چەپ يېنىدىن كىرىپ ئوڭ يېنىدىن چىقىپ كەتكەن ئاي مۇشۇ جانان ئىدـ كەن، دەپ ئويلاپ شۇ ھامان قىزغا ئاشىق بوپتۇ. قىزنىڭ ئاپتاپتەك چىرايى بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ:

— ئەي يىگىت، ئاتام بىلەن ئانام كۆھىقاپ شەھىرىدە تۇرىدۇ. ئۇلار مېنى تاغامنىڭ ئوغلىغا بەرمەكچى بولغانىدى، بىراق تاغام بىلەن ئاتام ئۇرۇشۇپ قېلىپ مېنى ئۇنىڭغا بەرـ مەيدىغان بولدى. تاغامنىڭ ئوغلى بىلەن ئىككىمىز ۋەدىلەشـ كەنىدۇق. ئاتا - ئانامنىڭ مېنى ئۇنىڭغا بەرمەيدىغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، مەن تاغامنىڭ ئوغلىنى سىز بىلەن



ئۇچراشقان جايدا ساقلاپ تۇرۇشقا بۇيرۇغانىدىم. مەن سىزنى تا-غامنىڭ ئوغلى، دەپ بىلىپ بۇ جايغا باشلاپ كەپتىمەن. ئەمدى مېنى ئەپۇ قىلىڭ - دە، بۇ يەردىن دەرھال كېتىڭ، — دەپتۇ.

— ئەي تەڭدىشى يوق پەرى، — دەپتۇ شاھزادە نەۋجا-ھان، — مەن بىر مۇساپىرمەن، مېنىڭ خەجلەيدىغان پۇلۇم، يېمەك - ئىچمىكىم ئەسكى تاملىقتا قالدى. مانا ئەمدى سىز-نىڭ ئىشقى پىراقىڭىز يۈرىكىمگە بۇركۈتتەك چاڭگال سالدى، كېتەلمەيمەن.

— ئەي يىگىت، — دەپتۇ پەرى خىجىللىق ئىلكىدە، — بۇ ئەيىب مەندە، بىراق مېنىڭ جۈپتىكارىم بار، سىزنى ئې-لىپ قالالمايمەن.

— ئەي پەرى، ئىشق ئەھلىنىڭ دىلبىرى، سىزنىڭ ئاي يەڭلىغ رۇخسارىڭىزنى كۆرۈپ تۇرۇش، سۆھبىتىڭىزگە ھەر دائىم داخىل بولۇپ تۇرۇش ئارزۇ - ئارمانلىرىمنىڭ قىبلە-سىدۇر. ئەگەرچەندە جۈپتىكارىڭىز پەيدا بولسا، مەن سىزگە سادىق خىزمەتكار بولاي، پەيدا بولمىسا، مەن سىزگە جۈپتە-كار بولاي. مېنى ئېلىپ قالسىڭىز، ھالىمغا بىر باقسىڭىز، — دەپ تارام - تارام ياش تۆكۈپ يالۋۇرۇپتۇ نەۋجاھان.

شاھزادە نەۋجاھاننىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرى-غان پەرى:

— بوپتۇ، مەن سىزنى ئېپقالاي، بىراق مۇنداق بىر شەرتنى سەمىڭىزگە سالاي، شەرت شۇكى، ئەگەر بىر ئاي ئى-چىدە تاغامنىڭ ئوغلى پەيدا بولسا، بىزگە خىزمەتكار بولۇڭ، بىر ئاي ئىچىدە پەيدا بولمىسا، ئىككىمىز ئەر - خوتۇن بولايلى، — دەپتۇ.

شاھزادە نەۋجاھان بۇ شەرتنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ. ئۇلار شۇنداق ۋەدىلەر بىلەن چۆل - باياۋانلارنى كې-

ـزىپتۇ، بىر - بىرىگە ھەمدەم بولۇپ يول يۈرۈپ، يول يۈر-
گەندىمۇ ئىنتايىن مول يۈرۈپ، ساق بىر ئاي ئۆتكەندە بىر
شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ - دە، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر تۈپ
چىنارغا ئاتلىرىنى باغلاپتۇ.

— ئەي نەۋجاھان، — دەپتۇ پەرى، — بىز يول يۈرگىلى
ساق بىر ئاي بولدى، تاغامنىڭ ئوغلى پەيدا بولمىدى، ئەمدى
لەۋزىمگە ئەمەل قىلىپ سىزگە خوتۇن بولۇشۇم كېرەك. سىز
شەھەرگە كىرىپ ئاز - تولا يېمەكلىك سېتىۋېلىپ، بىر
موللا تەكلىپ قىلغاچ چىقىڭ، نىكاھىمىزنى ئوقۇتايلى.

شاھزادە نەۋجاھان ئۇنىڭ تاپشۇرۇقىنى دەرھال ئورۇنداپ-
تۇ. موللا نىكاھنى ئوقۇپ، يىگىت ئەر - خوتۇنلارنى مۇبارەك-
لەپ بولۇپ قايتماقچى بولغاندا، پەرى:

— ئى موللام، ئۆزلىرىگە يەنە بىر ھاجىتىمىز بار. بىز
بۇ شەھەرگە مۇساپىر، ئولتۇرغۇدەك ئۆيىمىزمۇ يوق. مالال
كۆرمەي ئوبدانراق بىر يۈرۈش ئۆي تېپىپ بەرگەن بولسىلا،
ئۆزلىرىنى ئوبدان رازى قىلاتتۇق، — دەپتۇ.

موللىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇلار شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى
كاتتا ياسالغان بىر ئىمارەتنى سېتىۋېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. مەلۇم
كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن، شاھزادە نەۋجاھاننىڭ خوتۇنى:

— ئى نەۋجاھان، بىز بۇ شەھەردە ماكانلىشىپ قالدۇق.
كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ: «سىلەر نېمە ئادەم؟» دەپ سۈرۈش-
تۈرۈپ قالسا، بىرنەرسە دېيەلمەي قالىمىز، شۇڭا سىز ئوردى-
غا بېرىپ بۇ شەھەرنىڭ يۇقرالىقىغا تىزىملىتىپ قويۇڭ، —
دەپ ئىرىگە ئىككى گۆھەر بېرىپتۇ.

شاھزادە نەۋجاھان دەرھال ئوردىغا بېرىپ، ئەدەپ - قا-
ئىدىلەرنى بەجا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، قوينىدىكى ئىك-
كى دانە گۆھەرنى چىقىرىپ پادىشاھقا سۇنۇپ، ئۆزىنىڭ كې-

لىش مەقسىتىنى ئىزھار قىپتۇ. پادىشاھ رىۋايەتلەردىن ئاڭ-لىغان، ئەمما كۆرۈپ باقمىغان گۆھەرنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇرسەن بوپتۇ ۋە شاھزادە نەۋجاھاننى ئۇلۇغ قول ۋەزىرلىككە تەيىنلەپتۇ. نەۋجاھان: «دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرالمايمەن» دەپ ئۆزرە ئېيتىپ تۇرۇۋاپتۇ. پادىشاھ:

— سىز ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئوردىغا كېلىپ مەن بىلەن بىر پىيالە چاي ئىچىپ تۇرسىڭىزلا بولدى، باشقا ۋەزىپە تاپ-شۇرمايمەن، — دەپ ئۆز ئەمرىدە چىڭ تۇرۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، شاھزادە نەۋجاھان ئەتىسىدىن باشلاپ ھەر ئەتىگىنى پادىشاھ بىلەن بىر پىيالە چاي ئىچىپ، قالغان ۋاقتىنى خوتۇنى بىلەن خۇشال ئۆتكۈزۈپتۇ. نەۋجاھاننىڭ خو-تۇنىمۇ تاغىسىنىڭ ئوغلىنى ئۇنتۇپ، نەۋجاھاننى بەكمۇ ياخ-شى كۆرۈپ قاپتۇ. بىر كۈنى خوتۇنى نەۋجاھاننى بازارغا ئەۋە-تىپ بىر پارچە يىپەك رەخت ۋە ھەر خىل مەشۇتلارنى ئەكەل-دۈرۈپتۇ. بىر كېچە ئۇخلىماي بىر چاسا تىكىپتۇ. نەۋجاھان ئەتىگىنى ئويغانسا، ئۆيدە ئاجايىپ چىرايلىق كەشتىلەنگەن بىر چاسا تۇرغۇدەك. بۇنداق چىرايلىق چاسىنى نەۋجاھان ئە-زەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىكەن. خوتۇنى چاسىنى ئۇنىڭ بېلىگە باغلاپ قويۇپتۇ. نەۋجاھان شۇ ئەتىگىنى ئوردىغا چايغا بار-غاندا، پادىشاھ چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ نەۋجاھاننىڭ بېلىدىكى چاسىنى كۆرۈپتۇ ۋە:

— ئى ۋەزىر، بۇ چاسىنى كىم تىكتى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— پادىشاھقا مەلۇم بولغايكى، بۇ چاسىنى خوتۇنۇم تىك-تى، — دەپتۇ نەۋجاھان.

— بۇ چاسا ئەجەب چىرايلىق ئىكەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

پادىشاھنىڭ چاسىغا كۆزى چۈشكەنلىكىنى بىلگەن نەۋ-جاھان دەرھال بېلىدىن يېشىپ شاھقا تەقدىم قىپتۇ، پادى-

شاھمۇ شۇ ھامان بېلىگە باغلاپ رەھمەت ئېيتىپتۇ.
شاھزادە نەۋجاھان چاينى ئىچىپ بولۇپ، پادىشاھ بىلەن خوشلىشىپ ئۆيگە ماڭغاندىن كېيىن، پادىشاھ تۆت يۈز خوتۇنى ۋە تۆت يۈز كېنىزەكنى ھەرەمگە يىغىپ چاسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:
— قايسىڭلار مۇشۇنداق چاسا تىكەلەيسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.
پادىشاھنىڭ تۆت يۈز خوتۇنى بىلەن تۆت يۈز كېنىزىكى جىمجىت تۇرۇپتۇ. پادىشاھ بۇ سوئالنى ئىككىنچى قېتىم يەنە تەكرارلىغاندا، تۆت يۈز خوتۇنى ئىچىدىن بىرى:
— ئەي شاھىنشاھ، بۇنداق چاسىنى ئادەمزات تىكەلمەيدۇ، بۇ ئىش پەقەت پەرىزاتلارنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ، — دەپتۇ.
بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ قولىدىكى چاسىغا سىنچىلاپ قاراپ، تىككەن چاسىسى بۇنداق چىرايلىق، ئۆزى قانچە چىرايلىقتۇ؟ دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، نەۋجاھاننىڭ خوتۇنىغا غايىبانە ئاشىقى بىقارار بوپتۇ، پېشانىسىدىن كىرگەن ئوت تاپىنىدىن چىقىپ بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. پادىشاھنىڭ نەۋجاھاننىڭ خوتۇنىغا ئاشىقى بىقارار بولغانلىقىنى پەملىگەن بىر ۋەزىر:
— ئەي شاھى جاھان، بۇ ئىش ئاسان، نەۋجاھان قولىدىكى بىر ۋەزىر. سىلى ئۇنىڭغا يەنە ئىككى دانە گۆھەر سوۋغات قىلىشنى ئەمر قىلسىلا، ناۋادا ئۇ ئىككى دانە گۆھەر ئېلىپ كەلسە: «خەزىنىدە تۆت دانە گۆھەر بار ئىدى، سەن ئۇنى ئوغرىلاپ شاھقا سوۋغات قىپسەن» دەپ زىندانغا تاشلايمىز، خوتۇنى سىلىگە قالىدۇ. ئەگەر ئېلىپ كېلەلمىسە: «شاھنىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرمىدىڭ» دەپ گۇناھ قويۇپ زىندانغا تاشلايمىز، خوتۇنى يەنە ئوخشاشلا ئۆزلىرىگە قالىدۇ، — دەپتۇ.

ۋەزىرنىڭ بۇ تەكلىپىنى خوپ كۆرگەن پادىشاھ ئەتىسى ناشتا ۋاقتىدا، نەۋجاھاننىڭ يەنە ئىككى دانە گۆھەر تەقدىم قىلىشىنى تەلەپ قىپتۇ. شاھنىڭ ئەمرىگە نائىلاج ماقۇل بولغان نەۋجاھان، ئۆيدە يەنە ئىككى دانە گۆھەر بولسىغۇ ئە-كىلىپ بېرەرمەن، بولمىسا قانداق قىلارمەن؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۆيگە غەمكىن يېنىپتۇ. نەۋجاھاننىڭ شۇنچە غەمكىن، پەرىشان ھالىتىنى كۆرگەن خوتۇنى:

— ئەي نەۋجاھان، بۈگۈن نېمانچە غەمكىن بولۇپ قال-دىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. نەۋجاھان پادىشاھنىڭ تەلىپىنى ئېيتىپتۇ.

— ئەي ئامرىقىم، گۆھەردىن غەم قىلماڭ، بۇنىڭ چارى-سىنى ئۆزۈم قىلىمەن، — دەپتۇ خوتۇنى ۋە دەرھال دۈۋەت - قەلەم ئېلىپ چىقىپ بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ نەۋجاھانغا تۇتقۇزۇپتۇ - دە:

— ئەي نەۋجاھان، سىز بۈگۈنلا يولغا چىقىپ، بىز كەل-گەن دەريانى بويلاپ ماڭسىڭىز دېڭىز بويىغا بارسىز، ئۇ يەر-گە بارغاندىن كېيىن كۈنپېتىش تەرەپكە ئازراق ماڭسىڭىز، سۇنىڭ ئىچىدىن چوڭلۇقى تۆگىدەك كېلىدىغان بىر ئاق تاش كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئېتىڭىزنى شۇ يەردە قويۇپ، ئاق تاشقا دەسسەپ تاشنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئاتلىسىڭىز، پۇتىڭىزغا ئۇستى-نى سۇ بېسىپ كەتكەن بىر كۆۋرۈك ئۇرۇنىدۇ. شۇ كۆۋرۈك-نى پۇتىڭىز ئارقىلىق سىيپاپ ميڭىۋەرسىڭىز، بىر قاپقاققا بارىسىز، قاپقاقنى كۆتۈرسىڭىز يول كۆرۈنىدۇ، شۇ يول ئار-قىلىق بىر يەرگە كىرىپ كېتىسىز - دە، ئاخىر نامازشام غېرىبانىسىدەك بىر يولغا چىقىسىز. شۇ يول بىلەن مېڭىپ بەش ئاۋاز يېتىم يەرگە بارسىڭىز بىر گۈمبەز ئۇچرايدۇ، گۈمبەز ئىچىدە بىر ساراي بار، سارايغا كىرسىڭىز بىر ئال-

تۇن تەخت بار، تەخت ئۈستىدە بىر مەلىكە ياتىدۇ، مەلىكىنىڭ باش تەرىپىدە بىر شىشە دورا بار، دورىنى ئېلىپ يۈزىگە تېمىتسىڭىز، مەلىكە هوشىغا كېلىدۇ. ئۇنىڭغا بۇ مەكتۇپنى بەرسىڭىز، سىزگە قانچىلىك گۆھەر لازىم بولسا شۇنچىلىك بېرىدۇ، — دەپتۇ.

نەۋجاھان خوتۇنىنىڭ دېگەنلىرىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، خەتنى قوينىغا سېلىپ يولغا چىقىپتۇ.

ئەمدى شاھزادە نەۋجاھان يولىغا كېتىۋەرسۇن، گەپنى پادىشاھتىن ئىشىتىمىز:

پادىشاھ نەۋجاھاندىن گۆھەر تەلەپ قىلىپ ئۈچ كۈن ئۆتۈپتۇ، نەۋجاھانىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. پادىشاھ نەۋجاھاننىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئىككى چاپارمەننى نەۋجاھاننىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپتۇ. چاپارمەنلەر نەۋجاھاننىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىپ دەرۋازىنى



قاقسا، نەۋجاھاننىڭ خوتۇنى ئۆيدە تۇرۇپلا، ئۇلارنىڭ كىملىكىنى، نېمە گېپى بارلىقىنى سوراپتۇ. چاپارمەنلەر:

— بىز پادىشاھنىڭ چاپارمەنلىرى، ۋەزىر نەۋجاھان ئۈچ كۈن بولدى ئوردىغا بارمىدى، شۇڭا ئۇنى چاقىرغىلى كەلگەنىدۇق، — دېيىشىپتۇ.

— پادىشاھ نەۋجاھاننى بىر خىزمەتكە بۇيرۇغان، كەلگەندە بارىدۇ، — دەپتۇ نەۋجاھاننىڭ خوتۇنى.

چاپارمەنلەر قايتىپ كېلىپ، بولغان ئەھۋالنى شاھقا مەلۇم قىپتۇ. شاھ دەرھال قىرىق نەپەر كېنىزەكنى جابدۇتۇپ، نەۋجاھاننىڭ خوتۇنىنى تەكلىپ قىلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. كېنىزەكلەر نەۋجاھاننىڭ ئۆيىگە بېرىپ دەرۋازىنى قېقىپتۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئادەم ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلىشىپتۇ. نەۋجاھاننىڭ خوتۇنى ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ مېھمان قىپتۇ. ئۇلار بۇ خوتۇننىڭ ھۆسن - جامالىنى كۆرۈپ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپتۇ، تەييارلىغان غىزالىرىنى كۆرۈپ ھەيرانۇ ھەس بوپتۇ. داستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن كېنىزەكلەر كېلىش مەقسىتىنى ئىزھار قىپتۇ. نەۋجاھاننىڭ خوتۇنى:

— ئەي كېنىزەكلەر، قايتىپ بېرىپ ئۇلۇغ شاھىمىزغا ئېيتىپ قويۇڭلار، نەۋجاھانىم ئۆيدە يوق، ئوردىغا مېھماندارچىلىققا بېرىشقا بىئىلاجمەن، — دەپتۇ - دە، كېنىزەكلەرنى ئۇزىتىپ قويۇپ دەرۋازىنى چىڭ تاقاپتۇ.

كېنىزەكلەر ئوردىغا بېرىپ، نەۋجاھاننىڭ خوتۇنىنىڭ ھۆسن - جامالىنى، غىزا - تائاملىرىنى ۋە بولغان گەپ - سۆزلەرنى بىرىنى ئون قىلىپ شاھقا مەلۇم قىپتۇ. نەۋجاھاننىڭ خوتۇنىنىڭ ھۆسن - جامالىنى كۆرۈشكە تەقەززا بولغان شاھ قىرىق جاللاتنى ھازىر قىلىپ، نەۋجاھاننىڭ خوتۇنىنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. بۇ قىرىق نەپەر جاللات قىلىچ-

لىرىنى يالىغاچلاپ، نەۋجاھاننىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ ۋە دەرۋازىنى قېقىپ:

— ھەي نەۋجاھاننىڭ خوتۇنى، ئاڭلىمىدىم - ئىشتىمى-دىم دېمە، كېيىن پۇشايمان يېمە، ئۇلۇغ شاھىمىزدىن پەرمان شۇكى، سەن دەرھال ئالدىمىزغا چۈشۈپ ئوردىغا بارسەن، شاھ ئالىيلىرىنىڭ نەزەرىدىن ئۆتۈپ يانىسەن، — دېيىشىپتۇ. دەرۋازا ئېچىلمىغاندىن كېيىن، جاللاتلار، — ئەي خوتۇن، دەرھال ئۆيدىن چىق ! چىقساڭ چىقتىڭ، چىقمىساڭ دەرۋازاڭنى چېقىپ، كاللاڭنى كېسىپ، قېنىڭنى قۇتىغا سې-لىپ، بېشىڭنى نەيزىنىڭ ئۇچىغا ئىلىپ ئوردىغا يانىمىز ! — دەپ سۈرەن سېلىپ، جاھاننى بېشىغا كىيىشىپتۇ. نەۋجاھاد-نىڭ خوتۇنى ھويلىغا چىقىپ:

— ئەي جاللاتلار، ئارقاڭلارغا يېنىڭلار، بېرىپ پادىشا-ھىڭلارغا ئېيتىڭلار، مەن سىلەرنى ھەم پادىشاھىڭلارنى كە-چۈردۈم. بىرىنچىدىن، مەن شەھىرىڭلارغا پۇقرا بولۇپ تۇ-زۇڭلارنى يېدىم؛ ئىككىنچىدىن، ئېرىم شاھ خىزمىتى ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپ كەتكەن، قايتىپ كېلىپ ئېزىپ قالمىسۇن، دېدىم. بولمىسا ئورداڭلارنى خارابىستانغا، شەھىرىڭلارنى مازا-رىستانغا ئايلاندۇرۇۋېتەر ئىدىم، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان جاللاتلار:

— ئەي ساراڭ خوتۇن، پەلىپەتىش گەپلىرىڭنى قوي، يو-غانچىلىق قىلغانغا توي ! — دېيىشىپ، دەرۋازىنى چاققىلى تۇرۇپتۇ. ئەمما، جاللاتلارنىڭ قوللىرى قۇرۇپ، قىلىچلىرى يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. قورقۇپ كەتكەن جاللاتلار ئالدى - كەينىگە قارىماي قېچىپ، بىردەمدىلا ئوردىغا يېتىپتۇ.

پادىشاھ جاللاتلارنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىنى ئاڭلاپ، بۇ سىر - ئەسرالارنىڭ تېگىگە يەتمەك بولۇپ، قۇرئەنداز ئا-

لىملارنى يىغىپ قۇرئە ئاچقۇزۇپتۇ. ئالىملار ئېيتىپتۇكى:

— ئەي شاھى جاھان، دۆلەتلىرى بولسۇن دائىم ئامان. جانابىي ئالىيلىرى كۇھىقاپ پەرىزاتلىرى بىلەن تۇتىشىپ قاپلا، ئۇلارغا يامان كۆزلىرىنى ساپلا. ئەگەر ئۇلارنى ئارامخۇدا قويدۇمىسىلا، شەھىرىمىزگە ئاپەت يىغىپ پۈتۈنلەي خاراب بولىدىكەن.

ئالىملارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكەن پادىشاھ:

— ھېچكىم نەۋجاھاننىڭ ئۆيىگە چىقىلمىسۇن ! — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

ئەمدى ئۇلار ئۆز جايىدا تۇرۇپ تۇرسۇن، شاھزادە نەۋجاھاننى ئىزدەپ تاپايلى، ئۇنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىدىن گەپ ئاچايلى:

شاھزادە، نەۋجاھان خوتۇنى دېگەن يول بىلەن مېڭىپ گۇمبەزنى تېپىپتۇ. گۇمبەز ئىچىگە كىرىپ ئاجايىپ كاتتا بىر سارايىنى، سارايىنىڭ تۆرىدە تۇرغان نەقىشدار ئالتۇن تەختنى ۋە تەخت ئۈستىدە بىھوش ياتقان كۈن مەسەللىك، ئاپتاپ تەبىئەتلىك ساھىبجامال مەلىكىنى كۆرۈپتۇ. نەۋجاھان، ھېلىقى بوۋاي چۈشىدە كۆرگەن كۈن شۇمىدۇ؟ دەپ ئويلاپ قاپتۇ ۋە شېشىدىكى دورىدىن بىر تېمىم تېمىتىپتۇ. بىھوش ياتقان مەلىكە چۆچۈپ ئويغىنىپ، يېنىدا تۇرغان نەۋجاھاننى كۆرۈپ:

— ئەي يىگىت، سىز كىم؟ بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

نەۋجاھان خوتۇنى يېزىپ بەرگەن مەكتۇپنى مەلىكىگە ئۇزىتىپتۇ. مەلىكە مەكتۇپنى كۆرۈپ، يىگىتنىڭ كېلىش مەقسىتىنى چۈشىنىپتۇ ـ دە:

— ئەي يىگىت، ئاۋۇ ئۆيدە لىققىدە گۆھەر بار، ئۆزىڭىز خالىغانچە ئېلىڭ، — دەپ بىر ئىشىكنى كۆرسىتىپتۇ. نەۋـ

جاھان بىر خۇرجۇن گۆھەر ئېلىپ، مەلىكىگە رەھمەت - تە-شەككۇر ئېيتىپ كەينىگە يېنىپتۇ. شاھزادە نەۋجاھان سارايىنىڭ ئىشىكىگە يەتكەندە، مەلىكە:

— ئەي يىگىت، مەندىن نېمىشقا گەپ سورىمايسىز؟ — دەپتۇ.

— كەچۈرۈڭ، مەلىكەم، — دەپتۇ نەۋجاھان كەينىگە يېنىپ، — بىرىنچىدىن، مەن پادىشاھىمنى تەقەززا قىلىشنى خالىمىدىم؛ ئىككىنچىدىن، كەچۈرمىشلىرىڭىزنى سوراپ ياردىڭىزغا تۇز سېپىشنى خالىمىدىم. ئەگەر سىز سۆزلەپ بېرىشنى خالىسىڭىز، جېنىم بىلەن ئاڭلايمەن.

شاھزادە نەۋجاھان خۇرجۇننى قويۇپ مەلىكىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ.

— مەن، — دەپتۇ مەلىكە سۆزىنى باشلاپ، — كۆھىقاپ پادىشاھىنىڭ قىزى ئىدىم. بىر كۈنى جىمار ئىسىملىك بىر جادۇگەر ئەپقېچىپ مۇشۇ سۇنىڭ تېگىگە سېھرىي بەند قىلدى. شاھ ئاتام نۇرغۇن لەشكەر بىلەن كېلىپ جەڭ قىلىپ يېڭىلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ مەن بۇ كۆلپەتكە مۇپتىلا بولدۇم. ئۇن يىلدىن بۇيان جادۇگەر مېنى قولىغا ئېلىپ خۇددى ئالتۇن - تىللانى ئوينىغاندەك ئوينايدۇ، ئالما پۇرىغاندەك پۇرايدۇ، چىقىپ كېتىدىغان چاغدا بىھوش قىلىپ قويىدۇ، ئۆزى كەلگەندىن كېيىن ھوشۇمغا كەلتۈرىدۇ. ئاتا - ئانامنى بىر كۆرۈپ ئۆلۈپ كەتسەم، دەيمەن، بىراق بۇ ئارزۇيۇمغا يېتەلمىدىمەن - يېتەلمەمدىمەن بىلمەيمەن.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، مەلىكە خۇددى دەمدەر ئۇنىلىگەندەك بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتىپتۇ. مەلىكىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ ئىچى ئاغرىپ، يۈرەك - باغرى پارە - پارە بولغان نەۋجاھان:

— ئەي مەلىكەم، يىغلىماڭ، مەن سىزنى قۇتۇلدۇرىمەن، — دەپ دەس ئورنىدىن قوپۇپتۇ.

— ھىممىتىڭىزگە رەھمەت، — دەپتۇ مەلىكە، — بىراق سىزنىڭ جادۇگەرگە كۈچىڭىز يەتمەيدۇ، ياش جېنىڭىزغا زامىن بولۇشنى خالىمايمەن، ئەمدى قايتىپ كېتىڭ، دوستۇمغا سالام دەڭ.

— ئەي كۆڭ مەسەللىك، ئاپتاپ تەبىئەتلىك مەلىكەم، — دەپتۇ نەۋجاھان، — كەچۈرمىشلىرىڭىزنى ئاڭلىمىغان بولسام مەيلى ئىدى، ئەمما ئاڭلىدىم، سىزنى بۇ ھالدا تاشلاپ قويۇپ كېتىش ئەرلىك غۇرۇرۇمغا نۇقسان، سىزنى قۇتۇلدۇرماي تۇرۇپ بۇ جايدىن كەتمەيمەن.

نەۋجاھان گۆھەر قاچىلانغان خۇرجۇننى ھېلىقى ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ، ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ كەتكىلى ئۇنىماپتۇ.

— ئەي يىگىت، ماقۇل، مېنى قۇتۇلدۇرۇڭ، — دەپتۇ مەلىكە، — ئەمما جادۇگەرنىڭ جېنى ئۆز تېنىدە بولمايدۇ، بۇ سىرنى بىلمەي قول سالالمايسىز، ھازىرچە بىر دالدىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇڭ، ئاۋۋال مەن سىر ئالاي.

شۇ ئەسنادا بىر ئاسماندا، بىر يەردە «پال - پۇل» ئوتلار چاقنىتىپ، بەتبەشىرە جادۇگەر يېتىپ كەپتۇ ۋە بىھوش بولۇپ يېتىۋالغان مەلىكىنى دورا تېمىتىپ ھوشىغا كەلتۈرۈپ، ئالىقىنىغا ئېلىپ ئويناشقا باشلاپتۇ. مەلىكە:

— ئەي جىمار، مەن سېنىڭ قولۇڭغا چۈشكىلى ئون يىل بولدى. بۈگۈن كۆڭلۈم بۆلەكچە خۇشال تۇرىدۇ، ئەگەر شاراب بولغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى، — دەپتۇ.

ئون يىلدىن بېرى مەلىكىنىڭ ئاران بىر قېتىم چىش يېرىپ گەپ قىلغىنىغا خۇشال بولغان جىمار: «بۇ ئاسان گەپ» دەپ قولىنى بىر شىلتىغانىكەن، دەرھال ئون ئىدىش

شاراب هازىر بوپتۇ. مەلىكە خۇشال بولۇپ، يوغان بىر جامنى ئېلىپ جىمارغا شاراب قۇيۇشقا باشلاپتۇ. مەلىكىنىڭ بۇ ئىلتىپاتىدىن مەمنۇن بولغان جادۇگەر ھەش - پەش دېگۈچە ئۇنىڭدىش شارابنى ئىچىپ بولۇپ دەلدەڭشىپ قاپتۇ. مەلىكە ئەڭ ئاخىرقى بىر جام شارابنى ناز - كەرەشمە بىلەن جىمارغا تۇتۇپ:

— ئەي ئامرىقىم، سەن بىلەن بىللە تۇرغىلى ئون يىل بولدى، ئەمما مېنى ياخشى كۆرمىگەنلىكىڭ ئۇچۇن يۈرەك - باغرىم قانغا تولدى، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان جىمار دەرھال:

— ئەي مەلىكەم، مەن سېنى بەك ياخشى كۆرىمەن، پەقەت سېنىڭ ئۇتۇڭدىلا كۆيىمەن، — دەپتۇ.

— بۇ گېپىڭگە ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ مەلىكە.

— قەسەم قىلىپ بېرەي، — دەپتۇ جادۇگەر.

— قەسىمىڭگىمۇ ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ مەلىكە.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ جادۇگەر دەلدەڭشىپ تۇرۇپ، — قانداق قىلسام ئىشىنىسەن، ئەي مەلىكەم؟ مېنىڭ ساڭا ئاشىقلىقىمغا ئىشەنمەسلىكىڭگە نېمە ئاساسىڭ بار؟

— ئاساسىم شۇكى، — دەپتۇ مەلىكە، — ئاشىق ھەرقانداق چاغدا مەشۇقىدىن سىر يوشۇرمايدۇ.

— ئەي مەلىكە، — دەپتۇ جادۇگەر، — گېپىڭ شۇ بولسا، سىر يوشۇرماسلىققا قەسەم قىلاي، ھەرقانداق سىرىم بولسا ئېيتىپ بېرەي، سورىغىن.

— ئۇنداق بولسا، جېنىڭ قەيەردە، ئەي جىمار؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان جادۇگەر بېشىنى بىر سىلكىۋېتىپ، ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك قىلىپ:

— مېنىڭ جېنىم بۇ يەردىن ئۈچ ئايلىق يىراقلىقتىكى بىر جايغا سېھىرىي بەند قىلىنغانلىق. ئۇ يەردە بىر چىنار بار،

چىنارنىڭ كۆنچىقىش تەرىپىدە بىر قۇرۇق شاخ بار، قۇرۇق شاخقا بىر قارا كەپتەر كۆندە ئۈچ قېتىم قونىدۇ، قالغان چاغدا ئۆزىنى ئاشكارا قىلمايدۇ، شۇ كەپتەرنى ئاتسا، ئەگەر كەپتەر ئۆلسە ۋە يەرگە چۈشسە، كەپتەر چۈشكەن جاينى كولىسا بىر ساندۇق چىقىدۇ، ساندۇقنى ئاچسا قىرىق ۋاخىنلىق بىر شوتا چىقىدۇ، شۇ شوتىدىن چۈشسە نامازشام غېرىبانىسىدەك بىر يولغا چىقىدۇ، شۇ يول بىلەن مېڭىپ بىر يەرگە بارغاندا بىر دەرەخ بار، دەرەخنىڭ ياپراقلىرى بەكمۇ كەڭ، شۇ ياپراقلارنىڭ ئىچىدە بىر تۆمۈر قەپەس بار، قەپەس ئىچىدە قەزۋى دەيدىغان بىر جانىۋار بار، شۇ جانىۋارنىڭ يۈرىكى مېنىڭ جېنىمدۇر. ئەگەر جانىۋارنى قەپەستىن ئالماي، قولىنى تىقىپ تۇتۇپ بېشىنى ئۈزۈپ تاشلىيالىسا مەن تۈگىشىمەن، ئەگەر قەزۋى ئۈچۈپ چىقىپ كەتسە پۈتۈن جاھان سۇغا غەرق بولىدۇ.

جادۇگەر جىمارنىڭ پۈتۈن سىرىنى بىلىۋالغان مەلىكە:

— ئەي ئاشىق جىمار، مانا ئەمدى ئوبدان بولدى، بىز ھەقىقەتەن ئاشىق - مەشۇقلارغا ئوخشىدۇق، — دەپ ناز قىلىپ، يەنە مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي پالۋىنىم، سەن دۇنيادا تەڭداشسىز پالۋان ئىكەنسەن، شۇنداق تۇرۇپ يەنە بىر يەرگە كەتسەڭ، مېنى بىھوش قىلىپ قويىسەن، سەن يوق چاغدا سېنى پۇراپ ياتالمايدىكەنمەن. مەن سېنى پۇراپ ياتسام دەيمەن. شۇڭا، بۇ يەردىن ئالتە ئايلىق يىراق يولدا رەيھانگۈل دەيدىغان بىر خۇش پۇراق گىياھ بارمىش، شۇ گۈلنى ئەكېلىپ، ئۆزۈڭ چىقىپ كېتىدىغان چاغدا كۆكسۈمدە قويۇپ قويساڭ، مەن شۇ گۈلنى خۇددى سېنى پۇرىغاندەك پۇراپ ياتسام.

مەلىكىنىڭ بۇ گەپلىرىدىن سۆيۈنۈپ كەتكەن جادۇگەر

مەلىكىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ خۇددى ئالمىنى ئويىنىغاندەك بىرپەس ئويناپ، ئاندىن بىھوش قىلىۋېتىپ، رەيھانگۈلنى ئېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. جادۇگەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن شاھزادە نەۋجاھان مەلىكىنى دەرھال ھوشىغا كەلتۈرۈپ، جادۇگەرنىڭ سىرىنى سوراپتۇ.

— ئەي يىگىت، — دەپتۇ مەلىكە كۆزىگە ياش ئېلىپ، — بۇ ئىنتايىن مۇشكۇل ئىش ئىكەن، مەن سىزنىڭ ۋە دوستۇمنىڭ بەختىگە زامىن بولۇشنى خالىمايمەن. سىز دەرھال قايتىپ كېتىپ رەيىقىڭىزنى تېپىڭ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شاھزادە نەۋجاھان: «كەتسەم كېتەي، لېكىن جادۇگەرنىڭ سىرىنى بىلىپ كېتەي» دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. مەلىكە ئاخىر جادۇگەردىن ئاڭلىغانلىرىنى قويماي دەپ بېرىپتۇ.

شاھزادە نەۋجاھان مەلىكە بىلەن خوشلىشىپ كەينىگە يېنىپ، سۇنىڭ ئىچىدىكى ئاق تاشتىن سەكرەپ ئۆتۈپ ئېتىغا مىنىپتۇ. ئات بىر ئايلىق يولنى بىر كۈندە باسىدىغان ئات ئىكەن، نەۋجاھان ئاتقا مىنىپ ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ، ئۈچ ئايلىق مۇساپىنى بېسىپ چىنارنىڭ تۈۋىگە كەپتۇ، ئاتنى چىنارغا باغلاپ، ئوقيانى بەتلەپ، قۇرۇق شاخنى نىشانغا ئېلىپ، ئۆزى بىر جايغا يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ. بۇ چاغدا قاپقارا بىر كەپتەر كېلىپ قۇرۇق شاخقا قونۇپ قانات قېقىپ: «ئەي يامان جادۇگەر» دەپ تۈۋلاپتۇ. ئەسلىدە بۇ كەپتەر ئۈچ قېتىم تۈۋلىسا، جادۇگەر چىنارنىڭ يېنىغا ھازىر بولىدىكەن. كەپتەر نەۋجاھاننىڭ جادۇگەرنىڭ جېنىنى قەستلەپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ قالغانىكەن. كەپتەر يەنە پەي قېقىپ ئىككىنچى قېتىم تۈۋلاپتۇ. دەل شۇ چاغدا نەۋجاھاننىڭ ئوقى كېلىپ كەپتەرنىڭ مېڭىسىنى چۇۋۇۋېتىپتۇ. جان تالىشىشقىمۇ ئۈلگۈ-

رەلمەي ئۆلگەن كەپتەر پوككىدە يەرگە چۈشۈپتۇ. نەۋجاھان دەرھال ئورنىدىن قوپۇپ، كەپتەر چۈشكەن يەرنى كولىغانىدەكەن، يەردىن بىر ساندۇق چىقىپتۇ، ساندۇقنى ئاچسا ئىچىدىن قىرىق ۋاخىنلىق بىر شوتا چىقىپتۇ، نەۋجاھان شوتا بىلەن پەسكە چۈشۈپ نامازشام غىرىبانىسىدەك بىر يولغا چىقىپتۇ ۋە بۇ يولنى بويلاپ مېڭىپ، بىر تۈپ كەڭ ياپراقلىق دەرەخنى تېپىپتۇ. نەۋجاھان كۆرۈپتۇكى، ياپراقلار ئارىسىدا بىر تۆمۈر قەپەس، قەپەس ئىچىدە قەزۋى دېگەن جانىۋار پەستىن قونداققا، قونداقتىن پەسكە توختىماي سەكرەپ تۇرغۇدەك. نەۋجاھان قەپەسكە قولىنى تىقىپ چەبدەسلىك بىلەن قەزۋىنى تۇتۇپلا بېشىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. قەزۋىنىڭ بېشى ئۈزۈلۈشى بىلەن جاھاننى قاپقارا سىياھتەك قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇ ۋە بىرپەستىن كېيىن دەھشەتلىك بوران چىقىپ، جاھاننى چاڭ ــ توزان ئىچىدە قالدۇرۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي بوران توختاپ، پالىلىدە كۈن چىقىپتۇ. نەۋجاھان شۇنداق كۆزىنى ئاچسا، ئۆزىنى بىر يارنىڭ ئۈستىدە كۆرۈپتۇ. مەن كۈنچىقىش تەرەپتىن كەلگەنىدىم، يەنە شۇياققا ماڭاي، دەپ ئۇزۇن يول مېڭىپتۇ، ئەمما دېڭىزنى زادىلا تاپالماي، بىر قۇمۇشلۇققا كىرىپ قاپتۇ. ھېلىقى گۈمبەزدىن ئەسەرمۇ يوق. نەۋجاھان قۇمۇشلۇق ئىچىدە يولنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ. بىر يەرگە بارغاندا بىر خانىقانى كۆرۈپ، ھەرنېمە بولسا بىر ئادەمزات بار يەرگە كېلىپ قاپتىمەن، دەپ خانىقاغا كىرىپتۇ. خانىقانىڭ ئىچىدىن: «مەرھابا، باتۇر يىگىت» دېگىنىچە كۈھىقاپ پادىشاھىنىڭ قىزى چىقىپتۇ ۋە:

— ئەي باتۇر، سىزنىڭ ھىممىتىڭىز بىلەن جادۇگەرنىڭ تىلسىماتى غەرق بولدى، مەنمۇ سېھرىي بەندىتىن ئازاد بولدۇم. سىزگە كۆپ رەھمەت. قېنى، ئىچكىرى كىرىپ بىردەم ئول-

تۇرۇڭ، مەن ئاتا - ئانامنى چاقىراي، — دەپ، بىر تال چىچ-
چىنى يۇلۇپ ئېلىپ ئوچاقتىكى ئوتقا سالپتۇ، ھايال ئۆتمەي
بىر شامال بىلەن تەڭ نۇرغۇن كۆك كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ
خانىقا ئالدىغا چۈشۈپ دەرھال پەرىزاتلارغا ئايلىنىپتۇ. ئۇنىڭ
ئىچىدە شاھزادە نەۋجاھاننىڭ خوتۇنىمۇ بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ
كەينىدىن تۆتتىن سەككىز پەرىزات كۆتۈرگەن ئىككى ئالتۇن
تەخت، تەخت ئۈستىدە مەلىكىنىڭ ئاتىسى ۋە ئانىسى يېتىپ
كەپتۇ. مەلىكە ئاتا - ئانىسى ۋە پەرىزاتلار بىلەن قۇچاقلى-
شىپ، يىغلاپ كۆرۈشۈپ تۇرۇپ:

— ئەي شاھ ئاتا، بۇ يىگىت مېنى ئازاد قىلغان شەپقەت-
چىم بولىدۇ، سالام بېرىڭلار، — دەپتۇ ۋە بولغان ئەھۋالنىڭ
ھەممىسىنى بايان قىپتۇ.

مەلىكىنىڭ ئاتا - ئانىسى شاھزادە نەۋجاھانغا سالام بې-
رىپ، ئەدەپ - قائىدىلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن:

— ئەي ئادەمزات بالىسى، قىزىمىزنى ئازاد قىلىپ يورۇق
جاھانغا ئېلىپ چىقىپسىز، بۇ ياخشىلىقىڭىز ئۈچۈن قىزى-
مىزنى سىزگە تۇتتۇق، نىكاھىڭىزغا ئېلىڭ، — دەپتۇ.

— ئەي كۇھىقاپ پادىشاھى، ئالىيجاناب كۆڭلىڭىزگە
رەھمەت، مېنىڭ رەپىقەم بار، مەلىكىنى ئەمرىمگە ئالالماي-
مەن، — دەپتۇ شاھزادە نەۋجاھان.

شۇ چاغقىچە پەرىزاتلار توپىدا شاھزادىگە سالام بېرەلمەي
تۇرغان خوتۇنى ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— ئەي ۋاپادار جۈپتىكارىم، مەن مەلىكەم بىلەن بىر دە-
قىقىدە تۇغۇلغان، بىللە ئويناپ چوڭ بولغان. كىچىكىمىزدە:
«ئەگەر ئەرگە تەگسەك، ئىككىمىز بىر ئەرگە تېگىمىز» دەپ
ئەھدىلەشكەنىدۇق. بىراق، مەلىكەمنى جادۇگەر جىمار ئەپقې-
چىپ سېھرىي بەند قىلىپ قويىدى. سىزنىڭ پادىشاھىڭىزغا

گۆھەر لازىم بولغاندا ئۆيدىمۇ بار ئىدى، ئەمما مەن سىزنى ئەتەي مەلىكەم سېھرىي بەند قىلىنغان تىلسىماتقا ئەۋەتتىم، مەقسىتىم، سىز ئارقىلىق مەلىكىنى ئازاد قىلىپ، كىچىك ۋاقتىمىزدىكى ئەھدىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىدى. مانا بۈگۈن مەقسىتىمىزگە يېتىدىغان پەيت كەلدى. مەن مىڭلارچە رازى-كى، مەلىكىنى ئەمرىڭىزگە ئېلىڭ، — دەپ مەلىكە بىلەن قۇچاقلىشىپ، يىغلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن شاھزادە نەۋجاھان مەلىكىنى ئەمە-رىگە ئاپتۇ، ھەممىيلەن ئۇلارنى مۇبارەكلىشىپتۇ. ئاتا - با-لىلار قانغۇدەك ھال - مۇڭ بولۇشقاندىن كېيىن، كۇھىقاپ پادىشاھى شاھزادە نەۋجاھاننى كۇھىقاپ شەھىرىگە بېرىپ ما-كانلىشىشقا تەكلىپ قىپتۇ. بۇ تەكلىپكە نەۋجاھان:

— ئى شاھ ئاتا، خان ئانا، مەن بىر پادىشاھنىڭ تىكەن-دەك يالغۇز ئوغلى ئىدىم. بىر كۈنى شىكارغا چىقتىم، بىر بوۋاي بىلەن ئۇچراشتىم، بوۋايدىن چۈش سېتىۋېلىپ سەپەر قىلدىم، شۇنىڭدىن كېيىنكى كەچۈرمىشلىرىم ھەربىرلىرىگە مەلۇم بولدى. مەن ئاۋۋال ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك چېيىنى مەن بىلەن بىللە ئىچكەن شۇ پادىشاھنىڭ بىر پىيالە چېيىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن شۇ شەھەرگە قايتسام، شاھ تەلەپ قىلغان گۆھەرلەرنى ئالدىدا قويۇپ رازى قىلسام، ئاندىن كۆ-رۈشمىگىلى ئىككى يىل بولغان، ئىز - دېرىكىمنى ئالالماي كۆزلىرىنىڭ گۆھىرى ئاققان شاھ ئاتام، خان ئانامنى تاپسام، باغرىغا ئۆزۈمنى ئاتسام، ئۇلارمۇ رەيىقلىرىمنى كۆرسە، قە-زىم دەپ ماڭلىيىغا سۆيسە دەيمەن، — دەپتۇ.

شاھزادە نەۋجاھاننىڭ گېپىنى ئورۇنلۇق، دەپ قارىغان كۇھىقاپ پادىشاھى ئىجازەت بېرىپتۇ ۋە نەۋجاھان بىلەن بىل-لە ئاۋۋال ھېلىقى شەھەرگە بېرىپ پادىشاھنى رازى قىلىپ،

ئاندىن نەۋجاھان بىلەن خوتۇنلىرىنى شۇ شەھەردىن ئۇزىتىپ قويۇپ، ئۆزلىرى كۆھىقاپ شەھىرىگە يانماقچى بوپتۇ.
ئۇلار نەۋجاھانلارنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتۇ. نەۋجاھان ئىككى دانە گۆھەرنى شايى ياغلىققا ئوراپ، قويىنىنى گۆھەر بىلەن تولدۇرۇپ ئوردىغا مېڭىپتۇ. كۆھىقاپ پادىشاھى ئۇن نەپەر پەرىزاتنى قوشۇپ:
— ئەي پۇقرالىرىم، سىلەر ھېچكىمنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي، شاھزادە نەۋجاھاننى قوغداپ ئوردىغا كىرىڭلار. ئەگەر ئۇلار شاھزادىگە چېقىلمىسا، سىلەرمۇ ھېچكىمگە چېقىلماڭلار، ئەگەر كىمدەكىم شاھزادىگە چېقىلسا، سىلەرمۇ شۇ كىشىنىڭ ئەدەپ - جازاسىنى بېرىڭلار، — دەپ يولغا سېپتۇ.
شاھزادە نەۋجاھان ئوردىغا كىرىپ پادىشاھقا سالام، ئەدەپ - قائىدىلەرنى بەجا كەلتۈرۈپ بولۇپ، شايى ياغلىقتىكى ئىككى دانە گۆھەرنى ئالدىغا قويۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا پادىشاھقا ئەقىل ئۆگەتكەن ھېلىقى ۋەزىر ئوتتۇرىغا چىقىپ:
— ئى تۇزكور ئوغرى، ئەمدى تۇتۇلدۇڭمۇ؟ پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدىكى تۆت گۆھەرنى ئوغرىلاپ، يەنە ئۇنى شاھقا تەق-



دىم قىلىشقا بېتىڭ قانداق چىدىدى؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ۋەزىرنىڭ بۇ قەدەر تۆھمەتخورلۇقىنى كۆرگەن پەرىزاتلار چىداپ تۇرالماي، كۆڭلىدە، تۆھمەتلىرىڭ ئۈچۈن بىر ئىنئام بېرەيلى، دېيىشىپ، ۋەزىرنى گەپ قىلسا كەكىلىكتەك كا-كاكلايدىغان قىلىۋېتىپتۇ.

— ئەي ۋەزىر، — دەپتۇ نەۋجاھان، — ئەگەر يەنە گۆ-ھەر لازىم بولسا مانا گۆھەر.

شاھزادە نەۋجاھان بىلىنى شۇنداق يېشىپتىكەن، بىر قو-يۇن گۆھەر يەرگە تۆكۈلۈپتۇ.

ۋەزىرنىڭ كەينىگە كىرىپ تۆھمەتكە بېرىلگەن پادىشاھ ئوردا ئەھلىدىن قاتتىق ئۇيىلىپتۇ، ئەمما نومۇسنى قان بىلەن يۇماقچى بولۇپ: «جاللات !» دەپ ۋارقىراپتۇ. شۇ ھامان تەخت كەينىدىكى دەرپەردە ئارقىسىدىن تۆت جاللات چىقىپ نەۋجا-ھانغا ئېتىلىپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۇلارنىڭ كاللىسى تېنىدىن جۇدا بولۇپ يەرگە چۈشۈپتۇ. پادىشاھ يەنە: «جاللات !» دەپ ۋارقىرىغانىكەن، يەنە تۆت جاللات چىقىپ نەۋجاھانغا يولۋاس-تەك ئېتىلىپتۇ. ئۇلارنىڭمۇ كاللىسى يەرگە چۈشۈپتۇ. شۇ چاغدا، قورئەنداز ئالىملارنىڭ ئۆتكەن قېتىم ئېيتقان گېپى-نىڭ راستلىقىغا ئىشەنگەن پادىشاھ دەرھال تەختتىن چۈ-شۈپ، ئۆزىنى نەۋجاھاننىڭ ئايىغىغا ئېتىپ، بىر قوشۇق قې-نىنى تىلەپتۇ. شاھزادە نەۋجاھان ئاچ كۆز پادىشاھنىڭ گۇنا-ھىنى كەچۈرۈم قىلىپ، ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ، ۋەزىر-لەر ئىچىدىكى ديانەتلىك، تەدبىرلىك بىر ۋەزىرنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ.

شاھزادە نەۋجاھان بۇ شەھەردىكى ئىشلارنى تۈگىتىپ، ئۆز شەھىرىگە ياناقچى بوپتۇ. كۆھىقاپ پادىشاھى:

— ئەي بالىلىرىم، بۇنىڭدىن كېيىن بىزنى يادلاپ تۇ-رۇڭلار ۋە پات - پات يوقلاپ تۇرۇڭلار. بېشىڭلارغا كۈن چۈشكەندە چېچەكلەرنى كۆيدۈرسەڭلار، بىز شۇ ھامان يې-نىڭلارغا ھازىر بولىمىز، سىلەرگە ھەمدەم بولۇشقا قادىر بو-لىمىز، — دەپ ئۇلارنى ئۇزىتىپ، ئالتۇن تەختلىرىگە چىقىپ كۆھىقاپ شەھىرىگە يېنىپتۇ.

شاھزادە نەۋجاھان خوتۇنلىرىنى ئېلىپ، ئارغىماقلارغا مىنىپ، يولنىڭ تاناۋىنى تارتىپ، بىر ئايلىق يولنى بىر كۈنگە قىسقارتىپ، ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ ئۆز شەھىرىگە يې-تىپ كەپتۇ. ئوغلىنى ۋە ئىككى كېلىنىنى كۆرگەن پادىشاھ بەختىيار بىلەن خانىش ئۇلارنى باغرىغا بېسىپتۇ، ماڭلىيىغا سۆيۈپ، كۆز تەگمىسۇن، دەپ تۇمار پۈتۈپ بويىنىغا ئېسىپتۇ. قىرىق كۈن كاتتا توي - تاماشا ئۆتكۈزۈپ، ھەر كۈنى خەزى-نىنى نەچچە قېتىم ئېچىپتۇ، ئۇلارنىڭ بېشىدىن پەتنۇس - پەتنۇس ئالتۇن چاچقۇلارنى چېچىپتۇ. قىرىق كۈنلۈك توي - تاماشا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، پادىشاھ نەۋجاھاننى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئەي ئوغلۇم، مەن ئەمدى ياشىنىپ قالدىم ھەم ئىش-لەپ تالدىم. ئەمدى بۇ چوڭ سەلتەنەت ساڭا خاس، — دەپ، نەۋجاھاننى ئۆزنىڭ ئورنىغا تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ شاھزادە نەۋجاھان ئوردىدا ئالتۇن تەختتە، ئۆيدە ئاي بىلەن كۈن ئوتتۇرىسىدا بەختتە ياشاۋات-قانىمىش، تۆھمەتخور ۋەزىر كەكلىكتەك كاكاكلاپ نەۋجاھاننى قاساۋاتقانىمىش، ئاچ كۆز پادىشاھ چۆل كېزىپ پۇشايمان يەۋات-قانىمىش، كۆھىقاپ پادىشاھى نەۋرەمنىڭ توينى بىر كۆرسەم دەۋاتقانىمىش.

# ئارزۇگۈل

بۇرۇنقى زامانلارنىڭ زامانىسىدا كەڭلىكى ئالتۇن تاغدىن كۈمۈش تاغقىچە، ئۇزۇنلۇقى ئۈزۈك كۆلدىن سۈزۈك كۆلگىچە بولغان كەڭ زېمىنغا ئىگە قاراخان، دېگەن قۇدرەتلىك بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ مال - چارۋىلىرى تاغلارغا يامراپ، شەھەر - شەھەرلىرى ئادەمگە تولغان بولۇپ، بايلىقى ھەددى - ھېسابسىز ئىكەن.

قاراخان پادىشاھنىڭ ئۈچ خوتۇنى بولۇپ، ئۈچىلا خوتۇنى دائىم قىز تۇغىدىكەن. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ تەخت ۋارىسىدىن ئەنسىرەپ كېيگىنى كېپەن، يېگىنى زەھەر بولۇپ ھەسرەت چېكىدىكەن. پادىشاھنىڭ كۆزىدىن ئۇيقۇ قېچىپ، ئاللاغا سېغىنىپ: «ئەي قۇدرىتى ئۇلۇغ ئىگەم، ماڭا بىر ئوغۇل ئاتا قىلساڭ نېمە بولار؟ » دەپ، كېچە - كۈندۈز كۆزىدىن ياش تۆكۈپ نالە قىلىدىكەن.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھنىڭ كىچىك خوتۇنى ھامىلىدار بولۇپ، ئاي - كۈنى يېقىنلىشىپ قاپتۇ. پادىشاھ ئايالىغا: «ھەي خوتۇن، ئاي - كۈنۈڭ يېقىنلىشىپ قالدى. مەن قىرىق كۈنلۈك شىكارغا چىقىمەن. ئەگەر سەن يەنىلا قىز تۇغىدىغان بولساڭ، ئۆزۈڭنىڭ قانداق ئۆلىدىغانلىقىڭنى ئويلاپ قوي، ماڭا ئوغۇل كېرەك، ئوغۇل ! » دەپتۇ - دە، ۋەزىر -

ۋۇزۇرلىرىنى ئېلىپ شىكارغا چىقىپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ شىكار قىلىپ تۇرسۇن، گەپنى پادىشاھنىڭ كىچىك خوتۇنىدىن ئاڭلايلى:

پادىشاھنىڭ كىچىك خوتۇنىنىڭ ۋاقتى - سائىتى توشۇپ كۆزى يورۇپتۇ، ئۇ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا يەنىلا قىز تۇغۇپتۇدەك. ئۇنىڭ بېشى پىررىدە قېيىپ، كۆز ئالدىدا جاللاتنىڭ قىلىچى كۆرۈنۈپتۇ. ئەمدى قانداق قىلارمەن، دەپ، ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر تۇغۇت ئانىسىغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ئانىجان، ھازىر بۇ ئۆيدە ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم يوق، پادىشاھ شىكارغا مېڭىش ئالدىدا: «ئەگەر قىز تۇغساڭ كاللاڭنى ئالىمەن» دېگەنىدى. مېنىڭ تەقدىرىمنى سىز ئوڭشىمىسىڭىز، باشقا ئامالىم يوق. مەن سىزنىڭ قانداق تەلىپىڭىز بولسا ئورۇندىسام.

تۇغۇت ئانا پادىشاھنىڭ خوتۇنىنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ:



— ئۇنداق بولسا مەن ئىلاجىنى قىلاي، مەن كەلگۈچە يېنىمىزغا ھېچكىم كىرمىسۇن، — دەپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

مۇشۇ شەھەردە ئېرنەزەر ئىسىملىك بىر باغۋەن بار ئىكەن، ئۇنىڭ شەھەرنىڭ سىرتىدىكى چوڭ يول ياقىسىدا ناھايىتى گۈزەل بېغى بولۇپ، ئۇ شۇ باغنىڭ گۈل - گىياھلىرىنى، مېۋە - چېۋىلىرىنى سېتىش بىلەن كۈن ئالىدىكەن. ئېرنەزەر باغۋەننىڭ ئايالى ئۇزۇن يىللارغىچە تۇغمىغاچقا، ئەر - ئايال ئىككىسى بالا دىدارىغا زار بولۇپ يىغلايدىكەن. بۇ جەھەتتە قىلمىغان ئامالى، بارمىغان موللىسى قالمىغانىكەن. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە باغۋەننىڭ ئايالى ھامىلىدار بوپتۇ، ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي قاپتۇ. باغۋەننىڭ ئايالىنىڭ ۋاقتى - سائىتى توشۇپ كۆزى يورۇپتۇ. باغۋەن بوۋاقنىڭ يىغىسىدىن ئايالىنىڭ ئوغۇل تۇغقانلىقىنى بىلىپ خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ، تۇغۇت ئانىسىغا نۇرغۇن سوۋغاتلارنى بېرىپتۇ، ئىززەت - ھۆرمەت كۆرسىتىپتۇ. تۇغۇت ئانىسى باغۋەننىڭ بالىسىنى تۇغدۇرۇپ، ئۆيىگە قايتىپ: «ئۇھ» دېيىشىگە، پادىشاھنىڭ ئايالىنىڭ خەۋىرى كېلىپ شۇ ياققا يول ئالغانىكەن.

ئېرنەزەر باغۋەن ھېلى قويغان نەرسىنى ھېلى تاپالماي، ئۆيگە كىرىپ، تالاغا چىقىپ يۈرگەننىڭ ئۇستىگە تۇغۇت ئانىسى كىرىپ كەپتۇ. تۇغۇت ئانا تۆرگە چىقىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن گەپ باشلاپتۇ:

— مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا بىر مۇھىم ئىش بىلەن كەلدىم. پادىشاھئالەمنىڭ ئايالى بۈگۈن بوشاندى، لېكىن قىز تۇغدى. مەن سىزنىڭ ئوغۇل تۇغقانلىقىڭىزنى ئېيتىپ قويۇپتىمەن، شۇنىڭ بىلەن خانىش: « شۇ ئوغۇلنى بىر ئىلاج قىلىپ قىزىمغا تېگىشىپ بەرسىڭىز» دەپ مېنى ئالدىڭلارغا

ئەۋەتتى، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئېرنەزەر باغۋەن بىلەن ئايالى غەزەپ-لىنىپتۇ، تېرىكىپتۇ، لېكىن كىمگە ئاچچىقلىنىشۋاتقانلىقىنى ئويلاپ بوشاپتۇ. تۇغۇت ئانىسىمۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ:

— پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ. چىرايلىق بەرسەڭلار چىرايلىق ئېلىشى مۇمكىن، چىرايلىقچە بولمىسا يامانلىقچە ئېلىشى مۇمكىن، — دەپ ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننى ئا-گاھلاندۇرۇپتۇ.

ئەر - ئايال ئىككىسى بەكمۇ تەڭقىسلىقتا قاپتۇ. تۇغۇت ئانىسى دەررۇ قايتىپ كېتىپ پادىشاھنىڭ كىچىك خوتۇنىنىڭ يېڭى تۇغۇلغان قىزىنى زاكىلاپ ۋە نەچچە لېگەن ئالتۇن - كۈمۈش، كىمخاب تونلارنى ئېلىپ باغۋەننىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئەر - خوتۇننىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئەھۋالنىڭ شۇ دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئەر - خوتۇن ئىلاجسىز ئۆزلىرىنىڭ پۇشتىدىن تامغان ئوغلىنى يىغلاپ - قاقشاپ تۇغۇت ئانىسىغا بېرىپتۇ. تۇغۇت ئانىسى: «بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتماڭلار، بولمىسا باش كېتىدۇ» دەپ قايتا - قايتا جېكىلەپتۇ.

ئەمدى گەپنى پادىشاھ ھوزۇرىدىن ئاڭلايلى:

قاراخان پادىشاھ قىرىق كۈنلۈك سەپىرىنى ئاياغلاشتۇرۇپ ئۆز ئوردىسىغا قايتىپ كېلىپ، كىچىك خوتۇنىنىڭ ئوغۇل تۇغقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. سۆيۈنچىگە تون كىيگۈزۈپ، خۇشاللى-قىدا شەھەر خەلقىگە ئۈچ كېچە - كۈندۈز توي بېرىپتۇ.

ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئون يەتتە يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن شىكارغا ئاتلىنىپتۇ. پادىشاھ ھەر نۆۋەتلىك شىكار سەپىرىگە ئوخشىمىغان يوللار بىلەن بېرىشنى ياخشى كۆرەتتىكەن، بۇ نۆۋەت پادىشاھ ئۆز شەھىرىنىڭ كونا يولى

بىلەن مېغىپتۇ. شەھەردىن ئانچە يىراق بارمايلا، ئېگىز تاملار
بىلەن قورشالغان كاتتا بىر باغنىڭ يېنىغا كەپتۇ. باغ ئىچىد-
دىن گۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى تارقىلىپ، بۇلبۇللارنىڭ
سايرىشى ئادەمگە زوق بېرىپ تۇرغانلىقىنى سەزگەن پادىشاھ
باغ ئىچىنى بىر كۆرگۈسى كەپتۇ - دە، ئات ئۈستىدە ئۆرە
تۇرۇپ باغ ئىچىگە نەزەر تاشلاپتۇ. ئەييۇھەنناس، پادىشاھ
شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، باغ ئىچى گۈللەرنىڭ گۈلى بىلەن
تولغان، ھەر تۈرلۈك مېۋە - چېۋىلەر ئۆز رېتى بويىچە تۇر-
غان، پادىشاھنىڭ چارباغلىرى بۇ باغنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ
بېرەلمىگۈدەك. پادىشاھ باغقا تېخىمۇ زوقلىنىپ قاراپتۇ. پا-
دىشاھ كۆزىنى گۈللەر ئارىسىغا سىنچىلاپ تىكىپ قاراپتى-
كەن، گۈلگە قونغان كېپىنەكلەرنى تۇتۇپ، گۈل ئىچىدىن
گۈللەرنى ئۈزۈپ يۈرگەن بىر گۈزەل پەرىزاتنى كۆرۈپتۇ -
دە، «ئاھ» دەپلا ئاتتىن ئۈچۈپ يەرگە چۈشۈپتۇ. شىكار بىكار
قىلىنىپ، ئوردا ئەھلى دەررۇ سارايغا قايتىپتۇ. قاراخان پا-
دىشاھ شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزى باغ ئىچىدە كۆرگەن پەرىزاتنىڭ
ئىشقى ئوتىدا كۆيۈپ، كۈندىن - كۈنگە ئىشقى كۈچىيىپ، دۆلەت
ئىشلىرىغا ئارىلاشقۇدەك ماجالى قالماپتۇ. پادىشاھنىڭ رەڭگى-
نىڭ كۈندىن - كۈنگە ئوساللىشىپ كېتىپ بارغانلىقىنى سەز-
گەن ئوڭ قول ۋەزىر ئاخىر پادىشاھقا ئېغىز ئېچىپتۇ:

— ئەي ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم، سىزگە نېمە بولدى؟ رەڭگى -
رۇخسارىڭىز كۈندىن - كۈنگە سامانىدەك سارغايماقتا، دۆلەت
ئىشلىرىغىمۇ قول سالمايدىغان بولۇپ قالدىڭىز. بۇنىڭ ۋەجى-
نى پېقىر قۇلىڭىز ئۇقۇپ باقسا دېيمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، ئاخىر ئۆزىنىڭ ھېلى-
قى باغدا كۆرگەن پەرىزاتقا ئاشىقى بىقارار بولغانلىقىنى بايان
قىپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر:

— پادىشاھىئالەم، بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرۇڭ. مەن سىز-نىڭ دەردىڭىزگە دەرمان بولۇپ، ئۇ گۈلنى ئۈزۈپ قولىڭىزغا تۇتقۇزاي، — دەپ پادىشاھقا ۋەدە بېرىپتۇ.

ئوڭ قول ۋەزىر شۇنىڭ بىلەن شەھەر سىرتىدىكى ھېلە-قى باغقا بېرىپتۇ. باغ شۇنداق گۈزەل ئىكەنكى، ۋەزىر ئۆزىنى خۇددى بېھىشقا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىپتۇ. ئۇ ھەيرانۇ ھەس بولۇپ تۇرغىنىدا، باغۋەن ئالدىغا چىقىپتۇ. باغۋەن مېھماننى كۆرۈپلا ئۇنىڭ ئادەتتىكى كىشى ئەمەس، بەلكى كاتتا ئەمەلدار ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ - دە، تېنى شۈركۈنۈپ-تۇ. مېھمانغا ھۆرمەت بىلەن سالام قىلىپ، ئۆيگە باشلاپتۇ. ۋەزىر ئۆيگە كىرىپ ئۇياقتىن - بۇياقتىن گەپ باشلاپ، ئا-خىردا ئۆزىنىڭ باغۋەننىڭ قىزىغا ئەلچى بولۇپ كەلگەنلىكىنى بايان قىپتۇ. باغۋەن بېشىدىن بىر چېلەك سۇ قۇيغاندەك ئەڭ-دىكىپ كېتىپتۇ، ئۆزىنىڭ ئايالى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بې-قىش ئۈچۈن ۋەزىردىن مۆھلەت سوراپتۇ. ۋەزىر باغۋەنگە ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بېرىپ ئوردىغا قايتىپتۇ.

قىزىغا پادىشاھتىن ئەلچى كېلىشنى ئويلىمىغان باغۋەن ھوشىنى يوقىتىشقا تاسلا قاپتۇ، ئايالى بىلەن بىللە ھەسرەت - نادامەت چېكىپتۇ. بۇ باغۋەن ئەسلىي پادىشاھنىڭ ئايالى بىلەن بالا تېگىشكەن ئېرنەزەر باغۋەن بولۇپ، پادىشاھنىڭ كۆيۈپ قال-غىنى ئۆزىنىڭ قىزى ئىكەن.

ئېرنەزەر باغۋەن ئايالى بىلەن ھەسرەت چېكىپ تۇرسۇن، گەپنى باغۋەننىڭ قىزىدىن ئاڭلايلى:

ئېرنەزەر باغۋەن ئۆز پۇشتىدىن بولغان ئوغلىنى قاراخان پادىشاھنىڭ قىزىغا تېگىشكەندىن كېيىن بىر مەزگىل كۆڭلى غەش بولۇپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئاخىر ئەر - خوتۇن ئىككىسى قىزغا ئېجىل بولۇپ مېھرى چۈشۈپ قالغان ۋە قىزغا «ئار-

زۇگۇل» دەپ ئىسىم قويغانىكەن.

ئايلار، يىللار ئۆتۈپ، ئارزۇگۇل ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، ئو-قۇمۇشلۇق، خۇشخۇي، چىرايلىق، بىر كۆرگەن ئادەم يەنە كۆرگۈسى كەلگۈدەك بىر ساھىبجامال قىز بولۇپ ئۆسكەنىـ-كەن. ئارزۇگۇل ئۆزىنىڭ باغ ئارا سەيلىسىدىن، بۇلبۇل، تۇ-تىيالار بەزمىسىدىن قايتىپ ئۆيگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، دادىسى بىلەن ئانىسى ھەسرەت ـ نادامەت دېڭىزىغا پېتىپ كۆزلىرىدىن ياشلىرىنى تۆككەن ھالەتتە ئولتۇرغان. ئاتا ـ ئانا قىزىنى كۆرۈپ دەررۇ كۆز ياشلىرىنى يوشۇرغان بولسى-مۇ، سولغۇن چىرايلىرىنى يوشۇرالماپتۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھالىنى كۆرگەن ئارزۇگۇل بىردە دادىسىغا، بىردە ئانىسىغا ئېسىلىپ يىغلاپ تۇرۇپ: «سىلەرنى قانداق ئىش بۇنداق دەرد ـ ئەلەمگە سالدى؟» دەپ سوراپتۇ. ئېرنەزەر باغۋەن ۋە ئۇنىڭ ئايالى ئىشنىڭ ئۆتمۈشىنى ئارزۇگۇلگە ئېيتىپ، ئۆز قىزىنىڭ نازۇك كۆڭلىنى ئازابلاشنى خالىماپتۇ ـ دە:

— قىزىم، بىز سېنىڭ كېيىنكى بەختىڭ كۆڭلىڭنى كۆرەلەرمىزمۇ، دەپ يىغلاۋاتىمىز، — دەپ ئەر ـ ئايال ئىك-كىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۆز ئىشلىرىغا مېڭىپتۇ. ئارزۇ-گۇلنىڭمۇ كۆڭلى ئورنىغا چۈشۈپ، كىتاب ئوقۇش ئۈچۈن ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت توشۇپ، ۋەزىر ئېرنەزەر باغۋەننىڭ ھۇزۇرىغا ئۇنۇپتۇ. ئېرنەزەر باغۋەن ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ رازى بولغانلىقىنى، لېكىن قىزىغا ئېيتمىغانلىقىنى، يەنە ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بەرسە، قىزىغا ئېيىـ-تىپ ئاندىن تويغا تۇتۇش قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ۋەزىر:

— بۇ نۆۋەتمۇ ماقۇل بولاي، ئەگەر بۇداقى قېتىمدا يەنە ئېنىق جاۋاب بولمايدىكەن، مەندىن ئاغرىنماڭلار، — دەپتۇ.

ئېرنەزەر باغۋەن بىلەن ئايالى يا تىرىك، يا ئۆلۈك ئەمەس بولۇپ، قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قاپتۇ. ئارزۇگۈلنى پادىشاھ-نىڭ قىزى دەپ دېسە تېخى، ئۆزىمىزنىڭ قىزى دەپ دېسە تېخى، قانداق قىلغۇلۇق؟ ئاتا - ئانىنىڭ ئاھى تاغلارنى، كۆ-زىدىن ئاققان ياشلىرى زېمىننى بېسىپ، رۇخسارى ساماندەك سارغىيىپ، بەللىرى يادەك ئېگىلىپتۇ.

ئارزۇگۈل ئۆزىنىڭ كۈندىلىك ئادىتى بويىچە باغ ئا-رىلاپ قۇشلار بىلەن ئويناپ، ئۆيگە كىرىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ چىرايىنى يەنە سولغۇن كۆرۈپتۇ.

— ئەي ئاتا - ئانا، نېمە بولدۇڭلار؟ بىرقانچە كۈندىن بېرى رۇخسارىڭلار كۈندىن - كۈنگە سولىشىپ، كۆزۈڭلاردىن ياش قۇرۇمايدىغۇ؟ زادى بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار، — دەپ يىغلاپ تۇرۇۋاپتۇ. ئېرنەزەر باغۋەن ئاخىر ئېغىز ئېچىپتۇ:

— قىزىم، سەندىن يوشۇرغان ئىشنى ئەمدى ئېيتمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ. پادىشاھىمىز قاراخاندىن ساڭا ئەلچى كەلدى. شۇ ۋەجدىن يىغلايمىز. قاراخان پادىشاھ ئەسلى سې-نىڭ ئۆز داداڭ بولىدۇ، — دەپ، بولغان ۋەقەنى باشتىن - ئاياغ بايان قىپتۇ. بۇ ۋەقەلەرنى ئاڭلىغان ئارزۇگۈلنىڭ بەدەن-لىرى تىكەنلىشىپتۇ، كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلۈپتۇ. ئاتا - ئانا ۋە ئارزۇگۈل كۆپ ئويلانغان بولسىمۇ، مۇۋاپىق بىر يول تاپالماپتۇ. مۆھلەت كۈنى توشاي دەپ، ئازاب قىلىچى بوغۇزغا تاقىلىپتۇ.

ئارزۇگۈل باغ ئارىلاپ كۆل بويىغا كېلىپ كۆز ياشلىرىنى كۆلگە تۆكۈپتۇ، ئاللادىن ئۆزىگە ياردەم تىلەپتۇ، بارا - بارا جىسمى بوشىشىپ، ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئاق سەللە ئورىغان، ئاپئاق ساقال، ئاق



كۆڭلەك، ئاق ئىشتان كىيگەن،
ھاسا تۇتقان بىر بوۋاينى كۆرۈپ-
تۇ. ئارزۇگۇل بوۋايغا سالام بې-
رىپتۇ. بوۋاي سالامنى ئىلىك ئې-
لىپ، ئارزۇگۇلگە قاراپ مۇنداق
دەپتۇ:

— قىزىم، بېشىڭغا كەلگەن
كۈلپەتلەرنى ئاڭلىدىم. مەن سېنى
ئاقتاش ئېلىنىڭ پادىشاھى سۇل-
تان خاننىڭ ئوغلى سۇۋانخانغا
ئاتا قىلدىم. ھازىر سەن ئويغى-
نىسەن، ئالدىڭغا بىر ئۇچار تۇل-
پار جابدۇقلىرى بىلەن ھازىر بو-
لىدۇ. ئەرەنچە كىيىنىپ، بۈگۈن
كېچە يولغا چىق. كۈنپېتىشقا
قاراپ ئون بەش كۈن يول يۈرسەڭ بىر چۆلگە كېلىسەن.
چۆلدە بىر كاتتا قورغان كۆرۈنىدۇ. بۇنى چۆل قورغان دەيدۇ،
قورغاننى بىر ئەجدىھا ساقلايدۇ. سەن قورقماي بارغىن، ئەج-
دىھا سېنى دەرۋازىدىن كىرگۈزۈۋېتىدۇ. سەن باغ ئىچىدە ئويناپ
يۈرگىن، قالغان ئىشنى كېيىن بىلىسەن، — دەپتۇ - دە، كۆزدىن
غايىب بوپتۇ.

ئارزۇگۇل چۆچۈپ ئويغىنىپ قارىغۇدەك بولسا، كۆز ئالدىدا
بىر تۇلپار جابدۇقلىرى بىلەن تەييار بولۇپ تۇرغان. قىز ئاتى-
نى يېتىلەپ ئاتا - ئانىسىنىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە بولغان ۋە-
قەنى بىر - بىرلەپ بايان قىپتۇ. تۇن نىسپى بولغاندا ئار-
زۇگۇل ئەرەنچە كىيىنىپ، ئاتا - ئانىسى بىلەن زار - زار
يىغلاپ خوشلىشىپ، چۆل قورغان نەدىسەن، دەپ يولغا راۋان

بوپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا تۇلپار ئار-زۇگۇلنى قاراخان پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئارزۇگۇلنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ: «جاللات !» دەپ ۋارقىراپتۇ. جاللاتلار دەرھال ھازىر بوپتۇ. پادىشاھ جاللاتلارغا: «باغۋەننى ئايالى بىلەن ھا-زىرلا تۇتۇپ كېلىڭلار. ئىككىلىسىنىڭ كۆزى ئويۇلۇپ، زىندانغا تاشلانسۇن !» دەپ پەرمان قىپتۇ. جاللاتلار باغۋەننى ئايالى بىلەن تۇتۇپ كەپتۇ. باغۋەن ئۆزىگە ياخشى كۈن يوقلۇ-قىنى سېزىپ، پادىشاھ ئالدىدا ئەسلىي ۋەقەنى ئېيتىپ تاشلى-غان بولسىمۇ، پادىشاھ ئىشق ئوتىدا مەست بولۇپ، ئېرىنەزەر باغۋەن بىلەن ئايالىنىڭ كۆزىنى ئويۇپ زىندانغا تاشلاپتۇ، باغۋارانلىرىنى ئۆزىنىڭ مۈلكى قىلىۋاپتۇ. قاراخان پادىشاھ ئارزۇگۇلنى ئاسمانغا چىقسا تاپىمىدىن، يەرگە كىرسە كوكۇ-لىسىدىن تارتىپ ئالىمەن، دەپ قەسەم قىپتۇ. جەڭ تەييارلى-قىنى قىلىپ، لەكمىڭ ـ لەكمىڭ، سانجاق ـ سانجاق لەشكەر بىلەن يولغا چىقىپتۇ.

قاراخان پادىشاھ يول يۈرۈپ تۇرسۇن، گەپنى ئارزۇگۇلدىن ئاڭلايلى:

ئارزۇگۇل ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ، بىر كۆزى قان، بىر كۆزى ياش ھالدا قاراخان پادىشاھلىقىدىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىپتۇ. ئۇ تاغلار ئېشىپتۇ، سۇلار كېچىپتۇ، كۈندۈزنى كەچكە ئۇلاپ يول يۈرۈپ، كېچىسى ئاينى ھەمراھ قىلىپ، بىر تاغقا يېتىپ كەپتۇ. تاغ ئىچىدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە قوي بېقىپ كېلىۋاتقان چېچەن ۋە باتۇر بىر قوي-چى بار ئىكەن. قويچى قويلىرىنى ئوتلاققا قويۇۋېتىپ، ئۆزى ئېگىز بىر دۆڭنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قويلىرىغا قاراۋاتقاند-

كەن، قويلار ئوتلاۋاتقان تەرەپتىن كېلىشكەن بىر يىگىت چىد-
قىپ كەپتۇ.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دەپتۇ يىگىت قويچىغا.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دەپ قويچىمۇ يىگىتكە سالام
قايتۇرۇپتۇ.
— مەن يولدىن ئاداشقان بىر يولۇچىمەن. قۇم چۆلىدە
چۆل قورغان بار، دەپ ئاڭلىدىم. مەن شۇ قورغانغا بارماقچىد-
مەن، يولنى كۆرسىتىپ قويالارسىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ يو-
لۇچى يىگىت.
قويچى يىگىت يولۇچىغا سەپسېلىپ، ئۇنىڭ كېلىشكەن
تەقى - تۇرقىغا، قىزلارغا خاس گۈزەل جامالىغا تاڭ قاپتۇ ۋە
گەپ - سۆزلىرىنىڭ جايىدىلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. قويچى
يىراقنى قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ:
— مۇشۇ تاغدىن ھالقىپ ئۆتسىڭىز ئاق قۇم، دېگەن
چۆلگە بارىسىز، ئاندىن يەنە بىر كۈن يول يۈرسىڭىز چۆل
ئىچىدە بىر ئېگىز قورغان كۆرۈنىدۇ، سىز ئىزدىگەن قورغان
شۇ. لېكىن، سەپىرىڭىز خەتەرلىك، قورغاننى يوغان بىر
ئەجدىھا قوغدايدۇ، ئېھتىيات قىلىڭ، — دەپتۇ.
يولۇچى يىگىت قويچىغا رەھمەت ئېيتىپ، سەپەرگە ئاتد-
لىنىپتۇ. بۇ يولۇچى يىگىت ئاززۇگۈل ئىكەن.
ئاززۇگۈل قويچىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئۇزاق يول يۈرۈپ
ئاخىر چۆل قورغانغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ قورغاننىڭ يېنىغا
كېلىپ شۇنداق قارىسا، قورغان ئالدىدا غايەت يوغان بىر
ئەجدىھا ياتقان، ئەجدىھانىڭ ھەيۋىسىدىن ھەرقانداق ئادەمنىڭ
يۈرىكى تىترەيدىكەن، ئۇ ئاغزىدىن ئوت پۈركۈپ قويسا، يەرلەر
تەۋرەپ كېتىدىكەن. ئاززۇگۈل دەسلەپ قورققان بولسىمۇ، لې-
كىن چۈشىدە كۆرۈنگەن خىزىرنىڭ سۆزى بويىچە ئۆزىنى

چىلىق تۇتۇپ چۆل قورغان دەرۋازىسىغا يېقىنلىشىپتۇ. ئارزۇ-
گۈل يېقىنلاشقانسېرى ئەجدىھا ياۋاشلىشىپ، ئارزۇگۈلگە يول
بوشىتىپتۇ. ئارزۇگۈل دەرۋازىنى بىر ئىتتىرىپ قورغان ئىد-
چىگە كىرىپتۇ. ئەييۇھەنناس ! بۇ قانداق قورغان؟ قورغاننىڭ
ئىچى جەننەتتى فىردەۋسنىڭ ئۆزى ئىكەن. تۇۋرۇكلىرى ئال-
تۇندىن، دېرىزىلىرى كۈمۈشتىن، يوللىرى مەرمەردىن، ئۆي
ئىچى گىلەم، كىمخاب، ئۈنچە - مەرۋايىت، گۆھەرلەر بىلەن
بېزەلگەن، باغلىرى رەت - رەت، ھەر دوقمۇشتا بىر قەسىر -
شىپاڭ، تۈرلۈك - تۈمەن مېۋىلەر پىشىپ كەتكەن، ياڭزىمۇياڭزا
گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن، بۇلبۇللار سايراپ تۇرغان، كۆللىرىدە
كۈمۈشتەك سۇلار چايقىلىپ، ئالتۇنبېلىقلار ئويناپ تۇرغان.

ئارزۇگۈل تۇلپارىنى باغلاپ، ئۇيان - بۇيان بىرپەس كۆز
تاشلاپ، شېرىن سۇلارنى ئىچىپ، ئىبىسىل غىزالارنى يەپ،
زىلال كۆللەرگە چۆمۈلۈپ چىقىپ بىر قەسىرگە كىرىپ،
ساندۇقتىن ئۆزىگە يېڭى كىيىملەرنى ئېلىپ كىيىپ، سۇمبۇل
چېچىنى تاراپ، ئەينەك ئالدىغا كەپتۇ. مانا ئەمدى ئارزۇگۈل
بۇ گۈزەل باغقا لايىق ھەقىقىي پەرىزاتقا ئايلىنىپتۇ.

ئارزۇگۈل باغ ئارىلاپ ئۆزىنى خۇش قىلىپ تۇرسۇن،
گەپنى ئاقتاش ئېلىدىن ئاڭلايلى:

ئاقتاش ئېلىمۇ خۇددى قاراخان پادىشاھلىقىغا ئوخشاش
ئۇچەت - بۇچەتلىرىگە ئات بىلەن يېتىپ بولماس، نەچچە
تاغ، نەچچە دەريا، نەچچە شەھىرى، ھېسابسىز بايلىقى، نۇرغۇن
پۇقراسى بار قۇدرەتلىك بىر پادىشاھلىق ئىكەن. ئاقتاش ئې-
لىنىڭ پادىشاھى سۇلتانخانغا ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا
خۇدا بىر ئوغۇل ئاتا قىپتۇ. پادىشاھ سۇلتانخان شەھەر خەل-
قىنى ئوتتۇز كۈن ئويناتتىپ، قىرىق كۈن تويلىتىپ، ئوغلى-
غا «سۇۋانخان» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. سۇۋانخان چاققان، زې-

رەك، قاۋۇل بولۇپ ئۆسۈپ مەكتەپ يېشىغا توشقاندا، پادىشاھ ئۇنى مەكتەپكە بېرىپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە ئۆزى بىلەن تەڭ قۇراملىق قىرىق نۆكىرىمۇ بىللە يۇرىدىكەن. سۇۋانخان بۇ نۆكەرلىرى بىلەن دائىم لەشكىرىي مەشقلەرنى ئېلىپ بارىدىكەن. ئۇ يىگىرمە ياشقا توشقان چاغلىرىدا ئەلەمدە ھەم قەلەمدە ئۆز زامانىسىدىكى ئالىم ۋە لەشكەر باشلىرىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ سۇلتانخان ئۆز بالىسىدىن پەخىرلىنىدىكەن.

سۇۋانخاننىڭ بەختىيار ئىسىملىك بىر جانجىگەر دوستى بار ئىكەن. بۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىگە شۇنچىلىك ئوخشىشىپ كېتىدىكەنكى، بەزىدە پادىشاھ ئۆز بالىسى سۇۋانخان بىلەن بەختىيارنى ئاجرىتالماي قالىدىكەن.

بىر كۈنى سۇۋانخان لەشكىرىي مەشقنى تۈگىتىپ تاماقنى يەپلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. چۈشىدە ئاق ساقال، خۇش چىراي بىر بوۋاينى كۆرۈپتۇ. سۇۋانخان بوۋايغا سالام قىپتۇ. بوۋاي



سۇۋانخانغا دەپتۇ: «ئەي بالام، ئورنۇڭدىن تۇر، مەن ساڭا چۆل قورغان، دېگەن يەردە ئارزۇگۇل ئىسىملىك بىر پەرىنى ئاتا قىلدىم، بېرىپ ھالىدىن خەۋەر ئال. ئامىن، يول بولسۇن». سۇۋانخان يولغا چىقىپتۇ، يول يۈرۈپ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، ئاخىر كاتتا بىر قورغانغا يېتىپ كەپتۇ. قورغان ئالدىنى بىر ئەجدىھا ساقلاپ ياتقانىكەن، ئەجدىھا سۇۋانخاننى كۆرۈپ

يول بېرىپتۇ. سۇۋانخان: «يا رەببىم» دېگىنىچە قورغان ئىچىدىگە كىرىپتۇ. ئەييۇھەنناس ! قورغان ئىچى شۇنداق گۈزەل باغ ئىكەنكى، بۇنداق باغنى ئېرەمنى ئۇ ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغانىكەن. سۇۋانخان تالڭ قاپتۇ. شۇ ئەسنادا ساراي ئىشىكى ئېچىلىپ، ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار بىر نازدىنىن قىزىلگۈلدەك ئېچىلىپ چىقىپ كەپتۇ. ئۇ بىر بېسىپ ئىككى بېسىپ، ھەر باسقاندا يۈرەكلەرگە ئوت سېلىپ، بىر چىنە مۇزدەك سۇنى كۆتۈرۈپ سۇۋانخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— خۇش كېلىپسىز مېھمان يىگىت، ئۇسسۇزلۇق ئىچىڭ، — دېگىنىچە تال چىۋىقتەك بەللىرىنى ئېگىپ سالام بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

سۇۋانخان قىزنىڭ سۇنغان سۈيىنى ئىچىپ، قىزنىڭ نام - شەرىپىنى سوراپتۇ. قىزمۇ يىگىتنىڭ نام - شەرىپىنى سوراپتۇ. ئىككىلا تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ بىر - بىرىگە ئاشىق - مەشۇقلار ئىكەنلىكىنى بىلىپ: «ئاھ، ئارزۇگۇل !»، «ئاھ، سۇۋانخان !» دېگىنىچە بىرى - بىرىگە ئېتىلىپتۇ. دەل شۇ چاغدا سۇۋانخان ئويغىنىپ كېتىپتۇ، يۈرىكىگە ئوت تۇتىشىپتۇ، پۇت - قولىدا دەرمان قالماپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ چۈشىدە كۆرگەن ئارزۇگۇلنىڭ رەڭگى - رۇخسارى كۆز ئالدىدىن كەتمەپتۇ، بىر غايىۋى كېسەل ئۇنىڭ پۈتۈن جىسمىنى چىرماپتۇ. سۇلتانخان ئۆز ئوغلىنىڭ كۈندىن - كۈنگە چىرايى سامادەك سارغىيىپ، بەللىرى يادەك ئېگىلىپ، ئەقىل - ھوشىنى يوقىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆرسەتمىگەن تېۋىپى، ئوقۇتمىغان موللىسى قالماپتۇ، لېكىن سۇۋانخان شىپالىق تاپالماپتۇ.

سۇۋانخاننىڭ جانجىگەر ئاغىنىسى بەختىيارمۇ سۇۋانخاننىڭ بېشىدا پەرۋانە بوپتۇ. سۇۋانخان ئاخىر ئۆزىنىڭ ئىچكى سىرىنى بەختىيارغا ئېيتىپتۇ. بەختىيارمۇ چوڭقۇر ئويغا چۆ-

مۇپتۇ. ئىككى دوست ئويلا ـ ئويلا ئاخىر سۇۋانخان چۈشىدە كۆرگەن چۆل قورغاننى ئىزدەپ، ئارزۇگۈلنى تېپىشنى نىيەت قىلىپ قەسەم قىلىشىپتۇ. بەختىيار پادىشاھ ھۇزۇرىغا بېرىپ سۇۋانخاننىڭ شىكارغا چىقىپ كۆڭلىنى ئېچىش نىيىتى بار- لىقىنى خەۋەر قىپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغانلى- قىنى ئاڭلاپ خۇرسەن بوپتۇ ۋە رۇخسەت قىپتۇ.

سۇۋانخان شىكار تەييارلىقىنى پۇختا قىلىپ، بەختىيار بىلەن بىللە قىرىق يىگىتنى ئېلىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار تاغلارنى ئېشىپ، سۇلارنى كېچىپ بىر چۆلگە يېتىپ كەپتۇ. شۇ ئەسنادا بىر چىرايلىق كېيىك بۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ. سۇۋانخاننىڭ شىكار ھەۋىسى قوزغىلىپ: «بۇ كې- يىكنى قورشاڭلار، تىرىك تۇتىمىز، ئەگەر كىم قاچۇرۇپ قويسا كاللىسى ئېلىنىدۇ» دېگىنىچە كېيىككە ئات ساپتۇ. كىم بىلسۇن، كېيىك بىر سەكرەپلا سۇۋانخاننىڭ بېشىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ چۆلگە قېچىپتۇ. ئەلەمگە چىدىمىغان سۇۋانخان كېيىكنى جان ـ جەھلى بىلەن قوغلاپ چۆل ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. قىرىق يىگىتمۇ سۇۋانخاننىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ قوغلاپتۇ. ھاۋا بىردىن ئۆزگىرىپ، شامال چىقىپتۇ، شامال بارا ـ بارا بورانغا ئايلىنىپ، چۆل قۇيۇنلىرى ئاسمانغا كۆتۈ- رۈلۈپ، ئاسمان ـ زېمىننى قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇ. قىرىق يە-



گىت سۇۋانخاننى كۆزدىن يىتتۈرۈپ قويۇپتۇ.
سۇۋانخان كېيىكنى تاپ بېسىپ قوغلاپ ئاخىر بىر قورغانغا يېتىپ كەپتۇ. كېيىك قورغان دەرۋازىسىدىن كىرىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. سۇۋانخانمۇ كېيىكنىڭ كەينىدىن قورغانغا كىرىپتۇ. ئەييۇھەنناس ! قارىغۇدەك بولسا، بۇ قورغان ئۆزى چۈشىدە كۆرگەن باغى ئېرەمنىڭ دەل ئۆزى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈشىگە، چۈشىدە كۆرگەن پەرىزات قەسىردىن چىقىپ كەپتۇ. سۇۋانخان چۈشۈممۇ، ئوڭۇممۇ دېگىنىچە قىزغا قاراپ قەدەم تاشلاپتۇ. ئارزۇگۈلمۇ: «سىز سۇۋانخان بولامسىز؟» دېگىنىچە يىگىتكە ئۆزىنى ئېتىپتۇ. ئىككى ئاشىق - مەشۇق قۇچاقلىشىپتۇ، گويا سۇغا سۇ قېتىلغاندەك بوپتۇ.
سۇۋانخان بىلەن ئارزۇگۈل قورغان ئىچىدە مۇراد - مەقسىتىگە يېتىپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى سۇۋانخاننىڭ دادىسى سۇلتانخاندىن ئاڭلايلى:
سۇۋانخاننىڭ قىرىق يىگىتى سۇۋانخاننى چۆل ئىچىدە يەتتە كېچە - كۈندۈز ئىزدەپ تاپالماي، ئاخىر ئىلاجسىز ئۆز شەھىرىگە قايتىپتۇ. قىرىق يىگىت شاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ، ئۆز بويۇنلىرىغا قىلىچ تەڭلەپ، سۇۋانخاننى يىتتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈمگە لايىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ يىغلىشىپتۇ. سۇلتانخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىھوش بولۇپ تەخت ئۈستىگە يىقىلىپتۇ. سۇلتانخان ھوشىغا كېلىپ قىرىق يىگىتنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپتۇ. پۈتۈن شەھەر خەلقىگە سۇۋانخان ئۈچۈن قارىلىق تۇتۇشقا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ، ئۆزىمۇ شەھەر سىرتىغا چېدىر - بارگاھلارنى قۇرۇپ، ماتەم تۇتۇپتۇ. بەختىيارمۇ دوستىنىڭ پىراقىدا ئاھۇپىغان چېكىپ، دەرۋىشلىك يولىنى تاللاپ، بىر ئېگىز تاغنىڭ ئۆڭكۈرىنى ماكان قىپتۇ.

بىز ئەمدى چۆل قورغانغا تاشلاپ قويغان ئارزۇگۈل بىلەن سۇۋانخانغا كەلسەك، ئىككى ئاشىق - مەشۇق قورغان ئىچىدە ئۆز مۇرادىغا يېتىپ، بىر - بىرىگە شېرىن - شېكەر سۆزلىرىنى قىلىشىپ، ئويناپ - كۈلۈپ خېلى كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپتۇ. بىر كۈنى سۇۋانخان ئارزۇگۈلگە:

— ئارزۇگۈل، مەن دادامدىن شىكار ئۈچۈن رۇخسەت ئېلىپ چىققان. بۈگۈن مەن مەقسەت - مۇرادىمغا يەتتىم. دادام ۋە ئانام بەلكىم مۇشۇ مىنۇتلاردا مېنىڭ ھەسرەت ئوتۇمدا كۆيۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ماڭا رۇخسەت قىلسىڭىز، مەن قايتىپ دادام بىلەن ئانامنى خۇش قىلاي، قائىدە - يوسۇن بىلەن سىزنى ئۆز ئېلىمگە — ئاتا - ئانامنىڭ قېشىغا ئېلىپ باراي، — دەپتۇ. ئارزۇگۈلمۇ سۇۋانخاننىڭ گېپىنى ماقۇللاپ:

— بولىدۇ، مەن سىزنى كۈتىمەن، ئاتا - ئانىنى رازى قىلىش بىز بالىلارنىڭ قەرزى، — دەپتۇ.

ئىككى ئاشىق - مەشۇق ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي مىڭ تەسلىكتە خوشلىشىپتۇ. سۇۋانخان چۆل قورغاندىن ئايرىلىپ ئۆز يۇرتىغا يول ئاپتۇ.

بەختىيار تاغ ئۈستىدە دوستى سۇۋانخاننىڭ يولىغا قاراپ كۆزلىرى تېشىلىپتۇ. ئۇنىڭ سالامەت كېلىشىنى بىر ئاللادىن سوراپ، قاقشاپ - يىغلاپ تۇرۇشىغا يىراقتىن بىر ئاتلىق ئادەم كۆرۈنۈپتۇ، ئاتلىق ئادەم بارا - بارا يېقىنلىشىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئۇ سۇۋانخانىكەن. بەختىيار: «ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ بۇ؟ سۇۋانخان دوستۇم، سەن ھايات ئىكەنسەن» دېگىنىچە تاغ ئۈستىدىن دومىلاپ دېگۈدەك يەرگە چۈشۈپ، دوستى سۇۋانخاننى باغرىغا بېسىپتۇ. سۇۋانخان بارلىق ۋەقەنى دوستىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. بەختىيار:

— سەن توختاپتۇر، مەن بېرىپ داداڭغا خەۋەر قىلىپ

سۆيۈنچە ئالاي، — دېگىنىچە شەھەرگە ئات ساپتۇ. ئۇ: «سۆيۈنچە! سۆيۈنچە!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە پادىشاھنىڭ چېدىر - بارگاھىغا يېتىپ كېلىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن پادىشاھ چېدىرىنىڭ تارتما ئارقىنىغا ئېتى بىلەن كېلىپ ئۆرۈلۈپ ئارقانى ئۈزۈپ تاشلاپ، پادىشاھنىڭ خاس چېدىرىنى ئۆرۈۋېتىپتۇ. پادىشاھ ماتەم تۇتۇپ ئولتۇرغىنى ئۈچۈن بۇنى ئۆزىگە ھاقارەت بىلىپتۇ - دە: «جاللات، بۇ مەلئۇننى ئۆلتۈرۈڭلار!» دەپ ئەمر قىپتۇ. جاللاتلار بەختىيارنى بىردەمدە جادۇ كۆتىكىنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇپ، بېشىنى كېسىشكە تەييارلىنىپتۇ. شۇ ئارىلىقتا سۇۋانخانمۇ ئات چاپتۇرۇپ ئاتىسى بار چېدىرغا يېقىنلىشىپ: «ھەي دادا، مەن كەلدىم» دەپ ۋارقىراپتۇ. سۇلتانخان چېدىردىن چىقىپ قارىسا، ئۆزىنىڭ ئوغلى سۇۋانخان تۇرغۇدەك. سۇلتانخان: «ۋاي بالام» دېگىنىچە ئوغلىغا تاشلىنىپتۇ. ئاتا - بالا بىرجان - بىرتەن بولۇپ كېتىپتۇ. پۈتۈن شەھەر خەلقى داقا - دۇمباق چېلىپ، ماتەم لىباسلىرىنى تاشلاپ، شاد - خۇراملىققا چۆمۈپتۇ. سۇۋانخان دادىسىدىن دوستى بەختىيارنى سورىغانىكەن، پادىشاھ دەررۇ بەختىيارنى ئۆلۈمدىن ئازاد قىلىپ، ئۇنىڭغا سۆيۈنچە بېرىپتۇ.

پادىشاھ بالىسىنىڭ ھايات قايتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، شەھەر خەلقىگە ئۈچ كۈن توي - تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ.

سۇۋانخان شەھەر خەلقى بىلەن بىللە ئۈچ كۈن ئويناپ - كۈلۈپتۇ، لېكىن كۆڭلى يەنىلا چۆل قورغاندىكى ئارزۇگۈلدە ئىكەن. ئاخىر سۇۋانخان دوستى ئارقىلىق دادىسىغا ئۆز مۇراد - مەقسىتىنى ئىزھار قىپتۇ، دادىسى ماقۇل بولۇپ، ئون بەش كۈنلۈك مۆھلەت بېرىپتۇ. ئۆزى بولسا، ئوغلى ئارزۇگۈلنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پۈتۈن شەھەر خەلقىگە چوڭ توي - تاماشىلارنى قىلىپ بېرىش نىيىتىدە تەييارگەرلىككە

چۈشۈپتۇ.

سۇۋانخان سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ، قايدىسەن چۆل قورغان، دەپ ئات سېلىپ ئارزۇگۈلنىڭ يېنىغا ئاتلىنىپتۇ. ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ئادەم ئېلىپ مېڭىشنى لايىق كۆرمەي، تەنها يولغا چىقىپتۇ، يول يۈرۈپ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، ئاخىر چۆل قورغان دەرۋازىسىدىن كىرىپ مەشۇقى ئارزۇگۈل بىلەن دىدارلىشىپتۇ.

ئەمدى گەپنى قاراخان پادىشاھىدىن ئاڭلاڭ:

قاراخان پادىشاھى لەكمىڭ ـ لەكمىڭ، سانجاق ـ سانجاق لەشكىرىنى باشلاپ تاغ ئارىسىدىكى ھېلىقى قويچىنىڭ يېنىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە مۇشۇ يول بىلەن بىر قىزنىڭ ئۆتكەن ـ ئۆتمىگەنلىكىنى سوراپتۇ. قويچى: «قىز بالىنى كۆرمىدىم، لېكىن قىز بالىغا بەرگۈسىز بىر يىگىتنى كۆردۈم. ئۇ يىگىت چۆل قورغان، دېگەن بىر تىلسىمات قورغان تەرەپكە كەتتى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. قاراخان پادىشاھ قويچىنىڭ: «قىز بالىغا بەرگۈسىز يىگىت» دېگىنىنى ئاڭلاپ، بەلكى ئارزۇگۈل ئەرەن-چە ياسىنىپ ماڭغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ چۆل قورغانغا ئاتلىنىپتۇ.

سۇۋانخان بىلەن ئارزۇگۈل سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ ئەمدى قورغاننىڭ سىرتىغا چىقىشىغا، تۆت ئەتراپىنى قور-شىۋالغان گىرە ـ گىرە، ئايماق ـ ئايماق، سانجاق ـ سانجاق لەشكەرلەر ۋە تۇغ ـ ئەلەملەرنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار قورغان ئىد-چىگە قايتىپ كىرىپ، دەرۋازىنى مەھكەم تاقاپتۇ. ئارزۇگۈل: «تۇغ ـ ئەلەملەرگە قارىغاندا، بۇ لەشكەرلەر قاراخان پادىشا-ھىنىڭ لەشكەرلىرى» دەپتۇ ـ دە، بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈ-زەشتىلىرىنى بايان قىپتۇ. سۇۋانخاننىڭ چىشلىرى كىرىشىپ، غەزەپ ـ نەپرەتلىرى تېشىپ، بەدەن موي‌لىرى كۆڭلەكلىرىنى

تېشىپ چىقىپتۇ. «توختا، مەن سەنلەرگە تېتىمىسام سۇۋاد-
خان بولماي كېتەي ! » دېگىنىچە قىلىچ ـ نەيزىسىنى ئې-
لىپ، نەرە تارتقىنىچە جەڭگە چىقىپتۇ.
ئۇ كۈنى شۇنداق بىر جەڭ بوپتۇكى، گويا قىيامەت قايىم
بولغاندەك بوپتۇ، ئۆلۈكلەر سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپ كېتىپ-
تۇ، قانلار دەريا بولۇپ ئېقىپتۇ. كەچ كىرىپ دۇمباق چېلىن-
نىپتۇ، لەشكەرلەر ئۆز بارگاھلىرىغا قايتىپتۇ. سۇۋانخانمۇ
قورغانغا كىرىپ كېتىپتۇ. تاڭ ئېتىپ كۈن چىقىپتۇ. قارا-
خاننىڭ لەشكەرلىرى دۇمباق چېلىپ جەڭگە سەپراس بوپتۇ.
سۇۋانخان خۇددى شىردەك دەرۋازىدىن ئېتىلىپ چىقىپتۇ. قى-
لىچ ـ نەيزىلەر بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلغاندا خۇددى چاقماق
چاققاندەك ئوتلار چاچرايدىكەن. سۇۋانخان دۈشمەن ئىچىدە
بىردە سولغا، بىردە ئوڭغا نەرە تارتىپ، قىلىچ ئۇرۇپ، دۈش-
مەن كۆزىنى ئالا چەكمەن قىلىپ، بىر ئۇرۇشىدا نەچچە ئون
ئادەمنىڭ بېشىنى كېسىپ، لەشكەرلەرنىڭ يۈرەكلىرىنى تىت-
رىتىۋېتىپتۇ. كۈن يېنىپ، چۆل قىزىرىپتۇ. قاراخان تەرەپ
دۇمباق چېلىپ لەشكەرلىرىنى بارگاھقا يىغىپتۇ، سۇۋانخانمۇ
قورغانغا قايتىپتۇ.
قاراخان پادىشاھ جەڭ بىلەن سۇۋانخاننى يېڭىشكە كۆزى
يەتمەي، رەڭۋازلىق قىلىشقا ئۆتۈپتۇ. ئۇ چوڭقۇر بىر ئورا
كولاپ، ئىككى مىڭ مەرگەننى ئورىغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. جەڭ
باشلانغاندا، لەشكەرلەر يېڭىلگەن بولۇپ چېكىنىپ، سۇۋانخان
ئورىغا يېقىنلاشقاندا ئىككى مىڭ مەرگەن تەڭلا ئوق ئۇزمەك-
چى بوپتۇ.
ئەتىسى جەڭ يەنە باشلىنىپتۇ. سۇۋانخاننىڭ ئەسلي ئۆ-
زى بىلەن بىر ياشلىق ئالما كۆز، دېگەن ئۇچار ئېتى بار ئى-
كەن. سۇۋانخان ئۆمرىدە ئاتتىن بىر كۈنمۇ ئايرىلمىغان ۋە

ئاتقا بىر قامچىمۇ سېلىپ باقمىغانىكەن. ئۇ ئالما كۆزنى مىنىپ، دۈشمەنلىرىنىڭ تۈپىگە قۇيۇن بولۇپ بېرىشكە شۇنچىلىك مەغرۇرلىنىپ كەتتى. دۈشمەننى چېكىنىپتۇ. سۇۋانخان دۈشمەننى قوغلاپ بىر جايغا كەلگەندە، ئالما كۆز چىپپىدە توختاپتۇ. بۇ ھالەت سۇۋانخانغا ھاقارەت بىلىنىپتۇ ـ دە، ئاتقا بىر قامچا سابتۇ. ئات كىشنىگىنىچە ئېگىزگە سەكرەپتۇ. شۇ ئارىلىقتا ئىككى مىڭ مەرگەن سۇۋانخانغا تەڭلا ئوق ئېتىپتۇ، نەچچە يۈز تال ئوق سۇۋانخانغا كېلىپ سانجىلىپتۇ، ئۇ ئېغىر يارىلىنىپتۇ. ئالما كۆز ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئۆزىنىڭ سادىق ئىگىسىنى قورغان ئىچىگە ئەكىرىپ كېتىپتۇ. دۈشمەن قورغانغا چۇمۇلىدەك بېسىپ كېلىشكە باشلاپتۇ. ئارزۇگۇل ئاتنىڭ كىشنىشىدىن ئەنسىرەپ قورۇغا چىقىپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، سۇۋانخان ھوشىدىن كەتكەن، ئۇنىڭ بەدىنىدە نەچچە يۈز ئوق سانجىقلىق تۇرغان. ئارزۇگۇل: «سۇۋانخان!» دېگىنىچە ئۇنى ئاتتىن يۆلەپ يەرگە ياتقۇزۇپتۇ، ئۇنىڭ تېنىدىن ئوقلارنى ئېلىپ مەلھەم سۈركەپتۇ، قورغاننىڭ سىرتىدىكى لەشكەرلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۆزى سۇۋانخانغا



ئوخشاش ياسىنىپ، قولىغا قىلىچ - نەيزە ئېلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى غەزەپكە تولۇپ، دەرۋازىنى ئېچىپ دۈشمەن ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىپتۇ. ئارزۇگۈل شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، ئاق ئات مىنگەن پالۋان سۈپەت بىر يىگىت دۈشمەنلەر بىلەن ئې- لىشىۋاتقان، بۇ هال ئارزۇگۈلگە چوڭ مەدەت بوپتۇ. ئارزۇگۈل دۈشمەنلەرنى قىرغىن قىلىشقا باشلاپتۇ. دۈشمەنلەرنىڭ بېشى سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپ، قانلار دەريا بولۇپ ئېقىپ: «ۋايجان، ۋايىەي ! » دېگەن ئاۋازلار چۆلنى بىر ئاپتۇ. دۈشمەن هال- سىراپ چېكىنىشكە يۈزلىنىپتۇ. ئارزۇگۈل بىلەن هېلىقى پالۋان يىگىت قاچقانلارنى سۈر - توقاي قىلىپ، قۇم - تۇپراقتەك چۆلگە چېچىۋېتىپتۇ. قاراخان پادىشاھ هېچ ئىلاج قىلالماي، كەلگەن يولى بىلەن ئۆز شەهرىگە چېكىنىپتۇ.

ئارزۇگۈل بىلەن هېلىقى يىگىت قورغانغا قايتىپ كەپتۇ، ئاڭغىچە سۇۋانخانمۇ هوشىغا كەپتۇ. هېلىقى يىگىت سۇۋانخان بىلەن سالاملىشىپ، ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ دەپتۇ:

— مەن ئەسلىي ئاشۇ ئېگىز تاغدا قوي باقىدىغان قويچى بولىمەن. تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ سىزنىڭ يەككە - يېگانە جەڭ قىلىۋاتقىنىڭىزغا قاراپ ئايرىن ئوقۇۋاتسام، دۈشمەن تەرەپ نامەردلىك قىلدى، ئاخىر چىداپ تۇرالماي جەڭگە چۈشتۇم.

سۇۋانخان بىلەن ئارزۇگۈل قويچىغا كۆپتىن - كۆپ رەهمەت ئېيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ قورغاندىن كېتىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ كېلىپ:

— سىزنىڭ مەردلىكىڭىز ئۈچۈن بۇ قورغان بىزدىن سىزگە خاتىرە بولۇپ قالسۇن، — دەپتۇ.

سۇۋانخان ئارزۇگۈلنىڭ ياخشى كۆتۈشى بىلەن تېزلا سا- قىيىپ ئاتقا مىنگۈدەك بوپتۇ. ئارزۇگۈل بىلەن سۇۋانخان سە- پەر تەييارلىقىنى قىلىپ يولغا چىقىپتۇ. قويچى يىگىت چۆل

قورغان دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇلارنى ئۇزىتىپ قاپتۇ. ئارزۇگۇل بىلەن سۇۋانخان ئۇزاق يوللارنى بېسىپ سۇلتانخاننىڭ شەھەرىگە يېتىپ كەپتۇ. سۇلتانخان ئوغلى بىلەن ئارزۇگۇلنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇرسەن بوپتۇ. بۇ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقلار پاياندار ئۈستىدە مېڭىپ، ئاتا - ئانىسىغا سالام بەجا كەلتۈرۈپتۇ. سۇلتانخان پۈتۈن شەھەر خەلقىگە قىرىق بىر كۈن توي قىلىپ بېرىپ، ئوغلى بىلەن ئارزۇگۇلنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپتۇ. ئاشىقلار بىر تەكىيىگە باش قويۇپتۇ. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ ئارزۇگۇل بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ، سۇلتانخان ۋە سۇۋانخان چەكسىز خۇشال بوپتۇ. بالىنىڭ ئىسمىنى دىلمۇراد قويۇپتۇ.

ئەمدى چۆل قورغاندىن قېچىپ كەتكەن قاراخان پادىشاھتىن ئاز - تولا گەپ ئاڭلايلى:

قاراخان پادىشاھ جەڭ ئارقىلىق مەقسىتىگە يېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپتۇ. شۇ ئارىلىقتا كارۋانلار ئاقتاش ئېلىنىڭ پادىشاھى سۇلتانخاننىڭ ئوغلى سۇۋانخاننىڭ ئارزۇگۇل ئىسىملىك بىر قىز بىلەن توي قىلغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ تويغا داخىل بولغانلىقىنى ئېيتىپ كەپتۇ. قاراخان پادىشاھ ھەسەت ۋە كۇنداشلىق ئوتىدا كۆيۈپ، تېخىمۇ يامان خىياللارغا چۆكۈپتۇ، ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، پادىشاھلىقىنى ئۆزىنىڭ ئارزۇگۇل بىلەن تېگىشلىگەن ئوغلىغا تاشلاپ، قىرىق قېچىرغا ئالتۇن - كۈمۈش ئارتىپ، ئىسمىنى «ئاللايار»غا ئۆزگەرتىپ، رەببىم، دېگىنىچە ئاقتاش ئېلىگە يول ئاپتۇ، قاراخان پادىشاھ تاغۇتاشلاردىن، چۆل - باياۋانلاردىن ئۆتۈپ، ئاقتاش ئېلىنىڭ پادىشاھى تۇرغان شەھەرگە يېتىپ كېلىپ بىر كارۋانسارايغا چۈشۈپتۇ. ساراي خوجايىنى ئۆز سارىيىغا چۈشكەن كارۋانچىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن

نەرسىلەرنى كۆرۈپ، بۇلارنىڭ ئاددىي بىر كارۋانچى ئەمەسـ-
لىكىنى سېزىپ، پادىشاھ سۇلتانخانغا خەۋەر قىپتۇ. پادىشاھ سۇلتانخان دەررۇ پەرمان چۈشۈرۈپ، ئاللايارنى خان ئوردىسىغا چاقىرىپ، ئۇنى سوراق ئاستىغا ئاپتۇ:

— نېمە ئادەمسەن؟ سەپىرىڭ قايان؟

قاراخان پادىشاھ:

— مەن قارىياغاچ ئېلىنىڭ پادىشاھى ئاللايار بولىمەن. دۆلىتىمگە يات بىر ئەل لەشكەر تارتىپ كەلدى. مەن ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي يېڭىلىپ، دۆلەت ۋە ئائىلەمنى تاشلاپ ئۆزلىـ-
رىدىن پاناھلىق تىلەپ كېلىشىم، — دەپتۇ - دە، پادىشاھ سۇلتانخانغا ئېگىلىپ تەزىم قىپتۇ. سۇلتانخان مەرد پادىشاھ بولغاچقا، ئاللايارنىڭ يالغاندىن توقۇغان ياشلىرىغا ئىشىنىپ، ئوغلى سۇۋانخان باشچىلىقىدا قارىياغاچ ئېلىگە لەشكەر تارتـ-
ماقچى بوپتۇ. ئۇلار لەشكىرىي تەييارلىقلىرىنى تۈگىتىپ مې-
ڭىش ئالدىدا، ئارزۇگۈل بىلەن سۇۋانخان خوشلىشىپتۇ. ئاجا-
يىپ مۆجىزات!

سۇۋانخاننىڭ بۆشۈكتە ياتقان بوۋاق ئوغلى دىلمۇراد يىغلاپ تۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ:

— دادا، سىز جەڭگە بارماڭ، سىز جەڭگە بارسىڭىز، مەن يېتىم قالىمەن، بېشىمغا دەرد - ئەلەم چۈشىدۇ.

بۇ غەلىتە ئەھۋال سۇۋانخاننى ئويلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. ئار-
زۇگۈلنىڭمۇ يۈرىكى ئاغقاندەك بولۇپ، سۇۋانخاننىڭ جەڭگە بارماسلىقىنى ئېيتىپتۇ. سۇۋانخان دادىسى سۇلتانخانغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ سۇلتانخانمۇ ئويغا چۆمۈپتۇ، لېكىن ئۆزى بۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەي ۋەزىر - ۋۇزرالىرىدىن ئەقىل سوراپتۇ. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئاللايار دەررۇ سەپ ئالدىغا چىقىپ، پادىشاھقا تەزىم قىلىپ

تۇرۇپ دەپتۇ:

— ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم، پىقىر ئاللايار ئۆزلىرىگە مالالىق يەتكۈزۈپ، ئاتىنى بالىدىن، بالىنى ئاتىدىن ئايرىپ قويىدىغان ئوخشايمەن. ئەگەر رۇخسەت قىلسىلا، مەن باشقا بىر پادىشاھلىقتىن ياردەم سورىسام، — دەپتۇ.

شۇ ئارىلىقتا ئاللاياردىن نەچچە قېچىر ئالتۇن - كۈمۈش سوۋغات ئالغان بىر ۋەزىر پادىشاھقا:

— بىر ياشقا توشمىغان بالىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ جەڭ پەرمانىدىن ۋاز كەچسىلە، خەلقىئالەم ئالدىدا يۈزىمىز چۈشمەمدۇ؟ — دەپتۇ.

سۇلتانخانمۇ ئۆزىنىڭ مەردانىلىكىگە داغ تەگكۈزمەسلىك ئۈچۈن نەۋرىسى دىلمۇرادنىڭ سۆزىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، جەڭگە ئاتلىنىشقا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. سوۋانخان ئىلاجىسىز سانسىزلىغان لەشكەر بىلەن سەپ تارتىپ قارىياغاچ ئېلىگە ئاتلىنىپتۇ. ئاللايار سوۋانخاننى يولغا سېلىپ ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بوپتۇ ۋە ئارزۇگۈلنىڭ دېرىكىنى قىپتۇ، ئاخىر ئارزۇگۈلنىڭ شەھەر سىرتىدىكى سوۋانخانىنىڭ خاس چارباغىدا ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپتۇ.

سۇلتانخانمۇ ئاللايارنىڭ شېرىن - شېكەر سۆزلىرىگە ئالدىنىپ، ئۇنى ئوردا ئىچىدە ئەتىۋارلاپتۇ، دۆلەت ئىشلىرىدا مەسلىھەتلىشىپتۇ. سوۋانخان كېتىپ ئاز كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاللايار سۇلتانخانغا:

— پادىشاھىئالەم، كۆڭلۈمدە تېخىچە نەۋرىڭىز دىلمۇرادنىڭ قىلغان سۆزلىرى تۇرىدۇ. ھەر ئېھتىمالغا قارشى مەن سىزنىڭ يالغۇز ئوغلىڭىز سوۋانخاندىن بەك ئەنسىرەيمەن. مۇمكىن بولسا، مەن ئوغلىڭىزنىڭ كەينىدىن بېرىشنى لايىق كۆردۈم. سوۋانخان باتۇر بولسىمۇ، يەنىلا بالا، بىز قېرىلار

ئۇنىڭ يېنىدا مەسلىھەتچى بولۇپ تۇرغىنىمىز تۈزۈك، — دەپ، سۇلتانخاننىڭ كۆڭلىگە گۇمان ئۇتىنى سېلىپ قويۇپتۇ. سۇلتانخان ئاللايارغا:

— سىزنىڭ بېرىشىڭىز خۇددى مېھماننى ئىشقا سالغاندەك بىر ئىش، ھازىر سىز ماڭا مېھمان، سىز ياخشى مەسلىھەت بەردىڭىز. مەن بالامنىڭ كەينىدىن بېرىپ، ئۇنىڭغا مەسلىھەتچى بولاي، — دەپتۇ ـ دە، سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ، ئايالىنى ۋاقتىنچە پادىشاھ، ئاللايارنى ۋەزىر قىلىپ قويۇپ، ئۆزى سۇۋانخاننىڭ كەينىدىن يولغا چىقىپتۇ. ئاتا ۋە بالىدىن قۇتۇلغان ئاللايار بىر كۈنى كېچىسى ئوغرى مۈشۈكتەك شەھەر سىرتىدىكى سۇۋانخاننىڭ خاس چاربېغىغا كىرىپ كەپتۇ، يىلاندەك تولغىنىپ مېڭىپ، مۈشۈكتەك پۇراپ يۈرۈپ، ئاخىر ئارزۇگۈلنىڭ خاس ھۇجرىسىنىڭ ئۆگزىسى ئۈستىگە چىقىپ تۈڭلۈكتىن ئۆي ئىچىگە سەپساپتۇ، قارىغۇدەك بولسا، ئارزۇگۈل بۆشۈككە يۆلىنىپ ئوغلى دىلمۇرادنى ئېمىتىپ يېرىم ئۇيقۇ، يېرىم ئويغاق ھالەتتە ئولتۇرغان. ئاللايار ئالدىن تەييارلاپ قويغان خۇش پۇراقلىق بىھوش قىلىدىغان كۈمىلاچ دورىنى تۈڭلۈكتىن ئارزۇگۈلنىڭ يېنىغا تاشلاپتۇ. ئارزۇگۈل دىلمۇرادنى ئېمىتىپ بولۇپ بېشىنى كۆتۈرۈشىگە، بۇرنىغا بىر خۇش پۇراق ئۇرۇلۇپتۇ، ئەتراپىنى سىلاپ، ھېلىقى كۈمىلاچ دورىنى تېپىۋاپتۇ، ئۇ كۆزىگە بىر خىل مېۋىدەك كۆرۈنۈپتۇ، چىشلەپ باقسا شۇنداق شېرىن ـ شېكەر. شۇنداق قىلىپ، ئۇ دورىنى يەپتۇ ـ دە، بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئاللايار تۈڭلۈكتىن ئارقان ئارقىلىق سىيرىلىپ ئۆيگە چۈشۈپتۇ ـ دە، بۆشۈكتە ياتقان دىلمۇرادقا ئۆچلۈكى كېلىپ خەنجەر ئۇرۇپتۇ، بالىدىن قىپقىزىل قان ئۇرغۇپ چىقىپتۇ. ئۇ ئارزۇگۈلنىڭ كۆڭلىكىنىڭ

ئالدى پېشىنى يىرتىۋېتىپتۇ، دىلمۇرادنىڭ قېنى بىلەن قولـ-
نى بوياپ، ئارزۇگۇلنىڭ كۆكسىگە بېسىپ بەش قولنىڭ ئىـ-
زىنى چىقىرىپ، ئۆزى يەنە ئارقان بىلەن تۇڭلۇكتىن چىقىپ
كېتىپتۇ.

تاڭ ئېتىپ چارباغ ئىچىدىكى مۇلازىمەتچى ياساۋۇللار
ئويغىنىپ قارىغۇدەك بولسا، ئارزۇگۇلنىڭ كۇندە ھەممىدىن
بۇرۇن ئېچىلىدىغان ئىشىكى ئېچىلمىغان، ياساۋۇللار قانچە
ۋارقىرىغان بولسىمۇ، ئۆي ئىچىدىن سادا چىقماپتۇ. بۇ
ئەھۋالنى دەررۇ ئايال پادىشاھقا خەۋەر قىلىشىپتۇ. خانىش
ئوردا ئەمەلدارلىرىنى ئېلىپ چارباغقا يېتىپ كېلىپ، ئارزۇ-
گۇلنى بىھوش، چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالدا، دىلمۇرادنى بوً-
شۇكتە قان ئىچىدە، ئۆلەر ھالەتتە ياتقان ھالدا كۆرۈپتۇ. خا-
نىش دەرھال ئوردا تېۋىپىنى چاقىرىپ كېلىپ ئارزۇگۇلنى
ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ، دىلمۇرادنىڭ جاراھەتلىرىنى تېڭىپ
داۋالاشقا تۇتۇش قىپتۇ. ئارزۇگۇلدىن گەپ سورىغانىكەن،
ئارزۇگۇل ھېچبىر ئىشنى يادىغا ئالالماپتۇ. خانىش ئوردىغا
قايتىپ، ۋەزىر - ۋۇزرالىرىدىن بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىـ-
كىنى سوراپتۇ. ھېچكىم بىرنېمە دېيەلمەپتۇ. خانىش غەزەپكە
كەپتۇ. شۇ ئارىلىقتا ئاللايار ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خانىش ئالىيلىرى، ئىجازەت بەرسىلە، مەن كىتاب
ئېچىپ باقسام، — دەپتۇ. خانىش ئىجازەت بېرىپتۇ. ئاللايار
كىتاب كۆرۈپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئارزۇگۇلنىڭ ئەسلي تېگى - تەكتى نامەلۇم ئىكەن.
ئۇنىڭ قىرىق ئوينىشى بولۇپ، ئۇ قىرىق ئوينىشى بىلەن
ئايرىم - ئايرىم كۆرۈشىدىكەن. لېكىن، شۇ كۇنى كېچە قىـ-
رىق ئوينىشى بىر ۋاقىتتا كېلىپ قاپتۇ - دە، ئارزۇگۇلنى
تالىشىپ، دىلمۇرادقا پىچاق سېلىپ، ئارزۇگۇلنىڭ نومۇسىغا

تېگىپ، قان قولىنى ئارزۇگۇلنىڭ كۆكسىگە بېسىپ قويۇپ ئۆزلىرى قېچىپ كېتىپتۇ.

خانىش بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىپ: «جاللات !» دەپ ۋارقىراپتۇ، جاللاتلار هازىر بوپتۇ. خانىش ئارزۇگۇلنى كۆرسىتىپ:

— بۇ مەلئۇننى قەپەسكە سولاپ، تۆت كوچا ئاغزىغا ئاپىرىپ سازايى قىلىڭلار ھەم كۈندە ئۈچ ۋاخ ئۇرۇڭلار ! — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

بۇ خەۋەر شۇنچە مەخپىي تۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن جەڭ مەيدانىدىكى سوۋانخاننىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. سوۋانخان جەڭ مەيدانىدىن چېكىنىپتۇ، ھەسرەت - نادامەت ئوتى يۈرىكىنى كۆيدۈرۈپ، بىر ئۆلۈپ - بىر تىرىلىپتۇ، نومۇس كۈچى پالۋانلىقىنى بېسىپ كېتىپتۇ، دادىسى سۇلتانخاندىن رۇخسەت ئېلىپ ئۆز ئېلىگە قايتىپتۇ. سوۋانخان ئۆز ئېلىگە كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، تۆت كوچا ئېغىزىدا ئارزۇگۇلنى ئۇرۇۋاتقان. ئۇ غەزەپ بىلەن:

— ئۇرۇڭلار ! بۇ مۇناپىقنى تېخىمۇ قاتتىق ئۇرۇڭلار ! — دېگىنىچە خاس چارباغقا كىرىپ ئۆزىنى پىنھانغا ئاپتۇ، پىنھان ئەمەس، ئىشق - مۇھەببەت كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ، ئاھلە-



رى يالقۇن، جىسمى ئوت بوپتۇ.

ئاللايار قىلىدىغان شۇملۇقنى قىلىپ بولۇپ، قانداق قىد-لىپ ئارزۇگۇلنى پۈتۈنلەي ئىلكىگە ئېلىشنى ئويلاپ، كۆزلىد-رىدىن ئۇيقۇ قېچىپتۇ. بىر كۈنى ئوردىغا كېلىپ، خانىش ئالدىدا تىزلىنىپ دەپتۇ:

— خانىش ئالىيلىرى، رۇخسەت قىلسىلا، بىز ئارزۇگۇل-نى تۆت كوچا ئېغىزىدىن يۆتكەپ، يىراق بىر جايغا ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈۋەتسەك، بولمىسا سۇۋانخان ھەر قېتىم ئارزۇگۇلنى كۆرگەندە ياكى ئاھلىرىنى ئاڭلىغاندا، ئۆزىنى تېخىمۇ يوقد-تىپ قويۇشى، ئاقىۋەتتە كېسەلگە گىرىپتار بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا سىلى سۇۋانخاندىن ئايرىلىپ قالىلا.

خانىش ئويلاپ باقسا توغرا، ئارزۇگۇلنى كۆزدىن يوقاتقان-دىلا سۇۋانخاننىڭ ھەسرەت ئوتىنى باسقىلى ۋە ئۇنى يەنە ئۆزد-لەپ قويغىلى بولىدىكەن.

يەنە ئاللايار گەپ تېشىپ:

— مۇمكىن بولسا، مەن ئۆزۈم مەخپىي ھالدا ئارزۇگۇلنى چەتكە ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈۋەتسەم، — دەپتۇ. خانىش ماقۇل بوپ-تۇ. دىلمۇراد تېخىچە بىھوش بولۇپ، تىرىلىشىدىن ئۈمىد يوق ئىكەن. ئارزۇگۇلنىڭ قولى باغلىنىپتۇ. ئۇنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ قىلغان ئىلتىجاسىغا ئاساسەن، دىلمۇرادنى زاكىلاپ ئاغزىغا چىشلىتىپ قويۇپتۇ. ئارزۇگۇلنىڭ بىر كۆزى قان، بىر كۆزى ياش ھالدا ئاللايارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ مېڭىپتۇ. ئۇلار نامازشام بىلەن چۆلدىكى بىر پىنھان جايغا يېتىپ كەپتۇ. ئاللايار دەپتۇ:

— ھە، ئارزۇگۇل، ئاخىر قولۇمغا چۈشتۈڭ، مېنى تونۇ-نۇمسەن؟ مەن ئەسلىدە قاراخان پادشاھ بولىمەن. سېنى قولغا چۈشۈرىمەن، دەپ نى ئازابلارنى تارتتىم، پادىشاھلىق سۆلد-تىمنى تاشلاپ سەرسان - سەرگەردان بولدۇم. ئاقىۋەتتە بۇ-

گۈن قولۇمغا چۈشتۈڭ، رازى بولساڭ، سېنى ئۆز ئېلىمگە ئاپىرىپ قىرىق كۈن توي قىلىپ ئەمرىمگە ئالسام، — دەپتۇ.

ئارزۇگۈل غەزەپ بىلەن شۇنداق دەپتۇ:

— مەن كىم، سەن كىم؟ مەن ئەسلىدە سېنىڭ قىزىڭ بولىمەن، سەن مېنىڭ دادام بولىسەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق مېنىڭ بېشىمغا ئېغىر كۈلپەتلەرنى سالدىڭ. مەن ھەرگىز ساڭا خوتۇن بولمايمەن، قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل!

ئاللايار: «خەپ، مەن سېنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسەم» دەپ قىلىچىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇشىغا، يىراقتىن كارۋان قوڭغۇرىقى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ كارۋان ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن قول سالاي، دەپ تاشقا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئاللايار راسا ئۇيقۇغا كەتكەندە، ئارزۇگۈل دىلمۇرادنى چىشلىگەن ھالدا قېلىن توغراقلىق ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

ئاللايار ئويغىنىپ قارىسا ئارزۇگۈل يوق، كارۋانلار ھەم يوق. ئۇئۇيان ئىزدەپ، بۇيان ئىزدەپ، ئارزۇگۈلنى تاپالماي ئاقتاش ئېلىگە ۋە ياكى قاراخان ئېلىگە قايتالماي كۆپ ئويلىنىپتۇ. ئاقتاش ئېلىگە باراي دېسە، كارۋانلار شۇ ياققا كەتكەن، ئەگەر ئارزۇگۈلنى كارۋانلار ئېلىپ كەتكەن بولسا، ئۇ ھەممە سىرنى ئېچىپ تاشلايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆزىنىڭ قاراخان ئېلىگە قايتىشىنى لايىق كۆرۈپ ئاتقا مىنىپتۇ - دە، يولغا چۈشۈپتۇ. ئارزۇگۈل قولى باغلانغان، ئاغزىدا دىلمۇرادنى چىشلىگەن ھالدا توغراقلىق ئىچىدە ئۇدۇل كەلگەن ياققا مېڭىۋېرىپتۇ. يىراقتا بىر چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ چىراغ يورۇقىنى كۆزلەپ مېڭىپ، ئاخىر بىر ئۆيگە يېتىپ كەپتۇ. ئۆيدە بىر ئاقساقال بوۋاي ئولتۇرغانىكەن. ئارزۇگۈل ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپتۇ. بوۋاي ئارزۇگۈلنىڭ قولىنى يېشىپ، بالىسىنى ئاپتۇ.

— قىزىم، — دەپتۇ بوۋاي، — مېنىڭ ھېچنېمەم يوق،

ماڭا قىز بولۇڭ، ئوغلىڭىز دىلمۇراد ماڭا نەۋرە بولسۇن.

ئارزۇگۈل رازى بوپتۇ. بۇۋاي ئارزۇگۈلنى ئۆزىنىڭ قىزىدىن چارە كۆرۈپ كۈتۈپتۇ، دىلمۇرادنى تاغ گىياھلىرىدا دورا ياساپ ساقايتىپتۇ.

ئەمدى گەپنى ئىشقى ئازاب كېسىلىگە يولۇققان سۇۋانخاندىن ئاڭلايلى:

سۇۋانخان جەڭدىن قايتىپ كېلىپ خاس چارباغدا ئۆزىنى پىنهانغا ئالغان بولسىمۇ، ئەرلىك ۋىجدانى جىسمىنى قىيناپتۇ، بەللىرى يادەك ئېگىلىپتۇ، يۈرىكى لەختە ـ لەختە قانغا تولۇپتۇ، بىر مەجنۇن سىياقىغا كىرىپتۇ. بۇ ھال ئوردا ۋە يۇرت ئەھلىنى قايغۇغا سالپتۇ. سۇۋانخاننىڭ دوستى بەختىيارمۇ دوستىنىڭ بېشىدا پەرۋانە بولۇپ، ئۆلىسە ئۆلۈپتۇ، تىرىلسە تىرىلىپتۇ. سۇۋانخاننىڭ كۈندىن ـ كۈنگە سولىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بەختىيار بىر كۈنى سۇۋانخاننى شىكار قىلىپ كېلىشكە كۆندۈرۈپتۇ. بەختىيار شىكار تەييارلىقىنى قىلىپ، سۇۋانخاننى ئېلىپ، قىرىق مۇلازىم بىلەن ئاتلىنىپتۇ. شۇنچە يول يۈرسىمۇ، شىكار قىلغۇدەك بىرەر ئاڭ ئۇچرىتالماپتۇ. ئۇسساپ، ھېرىپ، ئاخىر چەكسىز بىر توغراقلىق ئىچىگە كىرىپ قاپتۇ. توغراق ئىچىدە ئۇيان مېڭىپ، بۇيان مېڭىپ بىر كونا ئۆينىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىپ ئۆي ئىگىسىنى چاقىرىپتۇ. ئۆي ئىچىدىن بىر بۇۋاي چىقىپ كەپتۇ. سالام ـ سەھەتتىن كېيىن بۇۋاي سۇۋانخان، بەختىيارلارنى تال باراڭ ئاستىغا باشلاپتۇ. سۇۋانخان بىلەن بەختىيار ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا، ئىككى ياشلاردىكى بىر بالا: «دادا» دېگىنىچە سۇۋانخانغا ئېسىلىپتۇ. سۇۋانخان ھەيران بوپتۇ. شۇ ئارىلىقتا، ئۆي ئىچىدىن:

— بالام دىلمۇراد، ئۇ قارا يۈز سېنىڭ داداڭ ئەمەس، —

دېگەن بىر ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

بەختىيار بىلەن سۇۋانخان: «بۇ نېمە ئىش؟» دەپ بوۋايغا قاراپتۇ. بوۋاي بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئارزۇگۇلمۇ ئۆي ئىچىدە يىغلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىچىنىشلىق كۈنلىرىنى ۋە ئاللايارنىڭ قۇۋلۇق - شۇملۇقلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىپتۇ. سۇۋانخان ئۆز خاتالىقىنى بويىنىغا ئاپتۇ ۋە ئارزۇگۇلنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ كەچۈرۈم سوراپتۇ. ئارزۇگۇل:

— ئەگەر راستىنىلا مەن بىلەن يارىشىشنى خالىسىڭىز، باشقىدىن توي قىلىمىز، بۇ بوۋاينى بىللە ئەكېتىمىز، بۇ بوۋاي مېنىڭ دادام بولسۇن.

سۇۋانخاننىڭ كېسىلىمۇ تېزدىن ساقىيىپتۇ. يۇرتى ئاقتاش ئېلىگە قايتىپ قىرىق كۈن توي قىلىپ ئارزۇگۇلنى قايتىدىن ئۆز نىكاھىغا ئاپتۇ، ئاتا - ئانا ۋە بالا جەم بوپتۇ.

ئاللايارنىڭ جازاسىنى بېرىش ۋە ئارزۇگۇلنى بېقىۋالغان ئاتا - ئانىسى بىلەن كۆرۈشتۇرۇش ئۈچۈن، سۇۋانخان قاراخان پادىشاھلىقىغا لەشكەر تارتىپتۇ.

قاراخان پادىشاھ ۋە سۇۋانخان ئوتتۇرىسىدا نەچچە كېچە - كۈندۈز جەڭ بوپتۇ. ئاخىر قاراخان پادىشاھ جەڭدە يېڭىلىپ، لەشكەرلىرى تەرەپ - تەرەپكە قېچىپتۇ. قاراخان پادىشاھ ئەسىرگە چۈشۈپتۇ. پادىشاھ سۇۋانخان ئاللايارنى، يەنى قاراخان پادىشاھنى تۆت كوچا ئېغىزىغا باغلاپ، چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرگۈزۈپتۇ. زىنداندىن ئېرنەزەر باغۋەن ۋە ئۇنىڭ ئايالىنى بوشىتىپتۇ. ئارزۇگۇل ئاتا - ئانىسى بىلەن دىدارلىشىپ، شاد - خۇراملىقتا چۆمۈپتۇ. سۇۋانخان دادىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ، قاراخان ئېلىگە پادىشاھ بولۇپ يۇرتنى ئادىل سوراپ، ئارزۇگۇل بىلەن مۇراد - مەقسىتىگە يېتىپتۇ.

# قاغۇرشاھنىڭ ھالاكىتى

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. پادىشاھ ئۇچىغا چىققان زالىم بولغاچقا، پۇقرالىرىنىڭ كۆزىدىن ياش ئورنىغا قان - يىرىڭ ئاقىدىكەن. پۇقرالار ھەددىدىن ئاشقان ئالۋان - سېلىقلارنى تۆلىيەلمىسە، زالىم پادىشاھ ھەر خىل قەبىھ جازالاش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۇلارنى قاتتىق جازالايدىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ ئۇخلاۋېتىپ چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە كەچتە ئۆزى سالدۇرغان يوغان چارباغنى ئايلىنىپ سەيلە قىلىپ يۈرگۈدەكمىش. شۇ ئەسنادا پادىشاھ تىنىق زەڭگەر ئاسماندىكى ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايغا قاراپتۇدەك. تولۇن ئاي پادىشاھنىڭ بىر قاراپ قويۇشى بىلەن تەڭ ئاستا - ئاستا يەر يۈزىگە چۈشۈشكە باشلاپتۇدەك. پادىشاھ بۇ ئىشتىن ھەيران قېلىپ، ئۆز جايىدا تۇرۇپلا قاپتۇمىش. تولۇن ئاي بىردىنلا سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ئوقتەك ئۇدۇل پادىشاھنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە بولۇپ كېتىپتۇدەك. پادىشاھ بۇ ئىشتىن قورقۇپ كېتىپتۇ - دە، شۇئان ئويغىنىپتۇ.

ئۇ ئەتىسى قۇرئەنداز ۋە پالچىلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، ئۆزىنىڭ كۆرگەن چۈشىگە تەبىر بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. پالچى،

قۇرئەندازلار پادىشاھنىڭ چۈشىنى ئاڭلاپ بىرقۇر كىتاب كۆ-رۈشۈپتۇ ۋە پال ئېچىپ بېقىپتۇ، ئاندىن ھەممىسى باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پادىشاھ غەزەپ بىلەن:

— سىلەر نېمىشقا چۈشۈمگە تەبىر بېرىشنى خالىمايسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىشاھنىڭ غەزەپلىك سوئالىدىن پالچى، قۇرئەندازلارنىڭ تەنلىرى ياپراقتەك تىترەپ كېتىپتۇ. ئۇلار غالىلداپ تۇرۇپ:

— ئەي ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن، تەختلىرى تېخىمۇ مۇستەھكەم بولسۇن. سىلىنىڭ چۈشلىرىگە تەبىر بېرەيلى دېسەك، بەكمۇ بىمەنە تۇيۇلۇۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ. پادىشاھ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چۈشىگە تەبىر بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. پالچى، قۇر-ئەندازلار پادىشاھنىڭ چۈشىگە مۇنداق تەبىر بېرىشىپتۇ:

— ئەي ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم، تەنلىرى ساغلام، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولسۇن. كۆرگەن چۈشلىرىدىن ئايان بولدىكى، سىلىنىڭ مەملىكەتلىرىدە شۇنداق بىر پالۋان ئوغۇل تۇغۇلىدىكەن، ئۇ سەككىز ياشقا كىرگەندە سىلىنىڭ باشلىرىنى كېسىپ، تەنلىرىنى ئىككى پارچە قىلغۇدەك. شۇڭا، سىلى بۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەپ يۈرۈشلىرى لازىمدۇر.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ:

— جاللات! تىغىڭنى قان بىلەن سۇغار! — دەپ ۋارقىراپتۇ ۋە پالچى، قۇرئەندازلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ، ئۆزى ھۇجرىسىغا كىرىپ يېتىۋاپتۇ. جاللات پالچى، قۇرئەندازلارنىڭ يىغلاپ - يالۋۇرۇشلىرىغا قارىماي، كاللىسىنى ئېلىپ جەھەننەمگە يوللاپتۇ.

پادىشاھ شۇ كۈنىلا ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان ئەلدىكى پۈتۈن

ئايال زاتىنى قەتلىئام قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئايال زاتىنىڭ ھەممىسى پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، ۋەزىرلىرىنىڭ خوتۇن - قىزلىرىمۇ بۇ پالاكەتتىن خالىي بولالماپتۇ.

بۇ زالىم پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان مەملىكەتنىڭ ئەڭ يىراق چېتىدە بىر ئەر - خوتۇن دېھقان ياشايدىكەن. پادىشاھ قاباھەتلىك چۈش كۆرۈشتىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى ئۇ دېھقانىنىڭ ئايالى بىر ئوغۇل تۇغقانىكەن. ئۇلار پادىشاھنىڭ ئايال زاتىنى قەتلىئام قىلىش توغرۇلۇق چۈشۈرگەن پەرمانىنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇرۇپتۇ. ئۇلار ئۇنداق ئويلاپ، مۇنداق ئويلاپ، ئاخىر دېھقانىنىڭ ئايالى بالىسىنى ئېلىپ ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلماقچى بوپتۇ. ئايال جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى كېلىپ قاپتۇ. ئايال دەرھال ئۆيگە يېقىن يەردىكى دەرياغا بالىسىنى تەڭنىگە سېلىپ تاشلاپتۇ. تەڭنە سۇ ئۈستىدە ئاستا - ئاستا ئېقىپ مېڭىپتۇ. ئايال دەريادىن يىراقلىشىپ قاچاي، دەپ تۇرۇشىغا، پادىشاھ لەشكەرلىرىنىڭ قانلىق قىلىچى ئۇنىڭ كاللىسىدە-



نى ئاپتۇ. ئۇنىڭ ئىرىمۇ بۇ پاجىئەگە بەرداشلىق بېرەلمەي يۈركى يېرىلىپ ئۆلۈپتۇ.

لەشكەرلەر مەملىكەتنىڭ بۆلۈك - پۇچقاقلىرىنى قويماي ئارىلاپ ئايال زاتىنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تۈگىتىپتۇ، قارشىلىق كۆرسەتكەن ئەرلەرنىمۇ تىرىك قويماپتۇ. پادىشاھ ئۈچ ياشتىن تۆۋەن ئوغۇللارنىمۇ ئۆلتۈرۈش پەرمانىنى چۈشۈرۈپتۇ. بۇ ئىشمۇ تولۇق ئورۇندىلىپ بوپتۇ. پادىشاھ باشقا مەملىكەتلەردىن كەلگەنلەرنى ئۆز جايىغا ھەيدىۋېتىپتۇ، قوشنا ئەللەردىن ئۆز مەملىكىتىگە ھەرقانداق ئادەمنى كىرگۈزمەپتۇ، ئۆزى بولسا ھۇجرىسىدىن ھېچ يەرگە چىقماي قورقۇنچ ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ سەككىز يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئايالسىز ئاللارنىڭ يوقلۇقىدىن ئەرلەر بەكمۇ زېرىكىشلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. باللار ئانىلارنىڭ ئىللىق مېھرىگە قانالماي، قۇرۇغان دەرەختەك تەشنالىق ئىلكىدە زار - زار قاقشاپتۇ. پادىشاھ جان قايغۇسى بىلەن قالغاچقا، ھېچقانداق ئىشنى ئويلىماي، ئۆزدىنىڭ بالدۇر چۈشۈرگەن پەرمانىنى تېخىمۇ قاتتىق ئىجرا قىلدۇرۇپتۇ.

ئەمدى تەڭنىگە سېلىپ دەرياغا تاشلىۋېتىلگەن بالىغا كېلەيلى:

بالا دەريادا ئېقىپ كېتىۋاتقاندا، بىر چوڭ بېلىق كىچىك بېلىقلار بىلەن بىللە ئۇنى دەم تارتىپ يۇتۇۋاپتۇ. بۇ چوڭ بېلىق بالىنى قورسىقىدا ئىككى كۈن كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، ئاخىر قورسىقىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىيالماي قىرغاققا چىقىپ، بالىنى تەڭنە بىلەن بىللىلا قۇسۇپ تاشلاپتۇ - دە، ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلغىنىغا خۇشال بولۇپ دەرياغا چۈشۈپ يىراقلاپ كېتىپتۇ. بۇ يەر قويۇق ئورمان بىلەن قاپلىنىپ تۇرغان جاي ئىدى-

كەن. ئورماندا ئوۋ ئوۋلاپ يۈرگەن ئوۋچى قىرغاقتا ياتقان بالىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ بالىنى كونا، ئاددىي كەپىسىگە ئېلىپ كەپتۇ. ئەسلىدە بۇ ئوۋچىنىڭمۇ ئايالىنى ياۋۇز پادىشاھ ئۆلتۈرۈۋەتكەچكە، دۇنيادىن قول ئۈزۈپ، يەككە ـ يېگانە، ھېلىم دېۋانە تۇرمۇش كەچۈرۈپ يۈرگەن، ئۆزى ناھايىتى باتۇر، بەستلىك كەلگەن كىشى ئىكەن. ئوۋچى شۇنداق چىرايلىق بىر ئوغۇل بالىنى تېپىۋالغانلىقىغا چەكسىز خۇشال بولۇپ، بالىغا پۈتۈن مېھىر ـ مۇھەببىتىنى بېغىشلاپ، ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلەشكە باشلاپتۇ. ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، بالا ھەم ئەقىللىق، ھەم كۈچتۈڭگۈر بولۇپ ئۆسۈشكە باشلاپتۇ. ئۇ زېرىكىپ قالسا، ئورمانلىقتىكى يىلپىز، شىر، يولۋاسلار بىلەن چېلىشىپ ئوينايدىكەن.

بىر كۈنى بالا ئوۋچىدىن:

— سىز مېنىڭ نېمەم بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ئوۋچى ئويلانماستىنلا:

— داداڭ بولىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئەمىسە، ئاپام كىم بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئوۋچى گەپ ـ سۆز قىلماپتۇ. بالا قايتا ـ قايتا سوراپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئوۋچى ئۆزىنىڭ ئۇنى دەريا قىرغىقىدىن تېپىۋالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ. بالا بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى تېپىش مەقسىتىدە يىراقلارغا سەپەر قىپتۇ. ئۇ نۇرغۇن يېزا، مەھەللىلەرنى ئارىلاپ بىرمۇ ئايال زاتىنى ئۇچرىتالماي، كىشىلەردىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. كىشىلەر بۇنىڭ ياۋۇز پادىشاھنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ ھەم يەنە: «بالام، سەنمۇ جېنىڭنى ياقىغا ئالغىن، ئەگەر پادىشاھنىڭ ئادەملىرى كۆرۈپ

قالسا سىنىمۇ تىرىك قويمايدۇ» دەپتۇ. بالا شۇندىلا بۇ ئىشلارنىڭ تەكتىگە يېتىپتۇ ـ دە، ئۇدۇل شەھەرگە قاراپ يول ئاپتۇ.

پادىشاھ ھۇجرىسىدا قورقۇنچ ئىچىدە ئولتۇرسا، بىر ياساۋۇل ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— شاھ ئالىيلىرى، چاتاق بولدى. سەككىز ياشلىق بىر ئوغۇل بالا شەھەر سېپىلىنى بۇزۇپ، تىغ ئوينىتىپ، ئات چاپتۇرۇپ ئوردىغا كەلمەكتە، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇ پۈتۈن لەشكەرلىرىگە ھېلىقى سەككىز ياشلىق ئوغۇل پالۋاننى يوقىتىش بۇيرۇقى بېرىپتۇ. پادىشاھنىڭ ھەممە لەشكەرلىرى، ھەتتا ۋەزىرلىرىمۇ قاتتىق جەڭ قىلىش داۋامىدا سەككىز ياشلىق ئوغۇل پالۋاننىڭ قىلىچى ئاستىدا جان بېرىپتۇ. پەقەت پادىشاھ ئۆزى يالغۇز قاپتۇ. كىچىك پالۋان پادىشاھقا نەپرەت بىلەن:

— ئەي غالجىر ئىت نەسلى، كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىپ بېرىشىچە، سەن نۇرغۇنلىغان ئانىلارنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈپسەن، بىگۇناھ نارەسىدە بالىلارنى قانلىق قىلىچىڭغا يەم قىپسەن. مەن سەن ئۆلتۈرگەن ئاشۇ بىگۇناھ ئانىلار ئىچىدىكى بىر ئانىنىڭ بالىسى، — دەپ ئۆزىنىڭ ئاڭلىغان ـ بىلگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى باشتىن ـ ئاياغ سۆزلەپتۇ ـ دە، پادىشاھنىڭ سۆزلىشىگىمۇ يول قويماي، قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلاپتۇ. زالىم پادىشاھ ئۆلگەندىن كېيىن، شۇ يەردىكى خەلق سەككىز ياشلىق بۇ پالۋاننى ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي شاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز مەملىكىتىنى ئادىللىق بىلەن سوراپ ئۆتۈپتۇ.

# ئىلىم-ھېكمەتنىڭ خاسىيىتى

ئۆتكەن زاماندا مەلۇم بىر شەھەردە بىر كەمبەغەل كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قالغان شەمشىدىن ئىسىملىك ئارزۇلۇق بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. بۇ كىشى شەمشىدىننى بىلىملىك، ئەقىللىق ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە بايلارغا كېچە - كۈندۈز چاكار ئىشلەپ پۇل توپلايدىكەن. شەمشىدىن يەتتە ياشقا كىرگەندە دادىسى ئۇنى مەكتەپكە بېرىپتۇ. شەمشىدىن زېرەك، ئەقىللىق بالا بولغاچقا، مەكتەپكە كىرگەن كۈندىن باشلاپ ئۇستازلىرى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشىپتۇ، باشقا ساۋاقداشلىرىغا قارىغاندا بەكمۇ تىرىشىپ ئوقۇپتۇ.

شەمشىدىن بىر كۈنى ئەزىز، ئىبراھىم ئىسىملىك ساۋاقداشلىرى بىلەن بازارغا چىقىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، كوچىنىڭ دوقمۇشىدا نۇرغۇن ئادەم تامغا چاپلانغان بىر ئېلاننى ئوقۇۋاتقۇدەك. بۇلارمۇ ئادەملەر ئارىسىدا قىستىلىپ كىرىپ ئېلاننى ئوقۇپتۇ. ئېلاندا: «كىم بەش يۈز تىللا تاپشۇرسا، ھېساباتچىلىق ئۆگىتىپ قويۇلىدۇ» دېيىلگەنىكەن. شەمشىدىن ئىككى ساۋاقدىشىغا:

— بىز ھېساباتچىلىقنى ئۆگەنسەك قانداق؟ — دەپ مەسلىھەت ساپتۇ.

— تۆلەيدىغان پۇلىمىز يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئە-
زىز، ئىبراھىممۇ شۇنداق دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ شەمشىدىن، — مەن ئوقۇي،
سىلەر مەكتىپىڭلارغا كېتىۋېرىڭلار، — دەپ قويۇپ ئۆيىگە
كېتىپتۇ.

شەمشىدىن ئۆيىگە بېرىپ، كوچىدا كۆرگەن ئېلاننىڭ
مەزمۇنىنى دادىسىغا دەپ بېرىپتۇ ۋە ھېساباتچىلىقنى ئۆگە-
نىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. دادىسى شەمشىدىننىڭ ئۆگىنىش
ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تىرىد-
شىپ - تىرمىشىپ تاپقان پۇلدىن بەش يۈز تىللا بېرىپتۇ.
شەمشىدىن بەش يۈز تىللانى ئاپىرىپ تاپشۇرۇپتۇ. ئۆگىنىش
بىر يىل داۋام قىپتۇ، بىر يىل ئىچىدە شەمشىدىن تىرىشىپ
ئۆگىنىپ، ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇشىنى تۈگىتىپتۇ، ئوقۇشىد-
نى تۈگىتىپ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن، دادىسىغا ھەمكارلىد-
شىپ كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە چاكار ئىشلەپتۇ.

بىر كۈنى شەمشىدىن كوچا ئايلىنىش ئۈچۈن بازارغا چىد-
قىپتۇ، قارىغۇدەك بولسا، بازار دوقمۇشىدا نۇرغۇن ئادەم بىر
ئېلاننى ئوقۇۋاتقۇدەك. شەمشىدىنمۇ بېرىپ ئېلاننى ئوقۇپتۇ.
ئېلاندا: «ھېكمەتلىك ئەينەكنىڭ سىرى ئۆگىتىلىدۇ، ئۆگە-
نىشنى خالىغۇچىلار بەش يۈز تىللا تاپشۇرىدۇ» دېيىلگەنىكەن.
شەمشىدىن، بىچارە دادام مېنى بېقىش ئۈچۈن جاپا چېكىپ
بايلارغا ئىشلەۋاتىدۇ، ھېساباتچىلىقنى ئۆگىنىش ئۈچۈن بەش
يۈز تىللا تۆلىدى، بۇ ھېكمەتنى ئۆگىنەي دېسەم نەدىمۇ پۇل
بولسۇن دەپ، كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئۆيىگە يېنىپ كەپتۇ.
دادىسى شەمشىدىننىڭ روھىي ھالىتىنى كۆرۈپ، نېمە ئىش
بولغانلىقىنى سوراپتۇ. شەمشىدىن شەھەرگە چاپلانغان ئېلاند-
نىڭ مەزمۇنىنى دادىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. دادىسى قاتتىق



ئويلىنىشتىن كېيىن:

— خەير، بوپتۇ، ئۆگەنگىن، مەن كىشىلەردىن پۇل سوراپ باقاي، — دەپ شەمشىدىننى خاتىرجەم قىپتۇ.

ئەتىسى دادىسى بەش يۈز تىللانى شەمشىدىنگە تۇتقۇزۇپ ماڭغۇزۇپتۇ. شەمشىدىن مەكتەپكە بېرىپ پۇلنى تاپشۇرۇپ ئۆگىنىشكە كىرىشىپتۇ. ئوقۇغاندىمۇ شۇنداق تىرىشىپ ئوقۇپتۇكى، ئۇستازلىرى، ساۋاقداشلىرىنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. بىر يىلدىن كېيىن ياخشى نەتىجە بىلەن ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ، بىر دانە ھېكمەتلىك ئەينەكنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى شەمشىدىن بازارغا چىقىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بازار دوقمۇشىدا يەنە نۇرغۇن ئادەم ئېلان ئوقۇۋاتقۇدەك. بېرىپ ئېلاننى ئوقۇغۇدەك بولسا، ئېلاندا: «ھەر خىل سازلارنى چېلىشنى ئۆگىتىمىز، ئىختىيار قىلغانلار ئۆزىنى مەلۇم قىلسۇن، ھەققى بەش يۈز تىللا» دېيىلگەنىكەن. بۇ ئېلاننى كۆرگەن شەمشىدىننىڭ روھى تېخىمۇ چۈشۈپ ئۆيىگە يېنىپ كەپتۇ. دادىسى تاماق بەرسىمۇ يېمەپتۇ، گەپ قىلسا، گەپكە جاۋاب بەرمەپتۇ ھەم بىر كېچە كۆز يۇمماپتۇ. بۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن دادىسى شەمشىدىندىن نېمە ئەھۋال بولغانلىقىنى سوراپتۇ. شەمشىدىن ئېلاجسىز كوچىدا كۆرگەن ئېلاننىڭ مەزمۇنىنى دادىسىغا

سۆزلەپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ھەر خىل سازلارنى چېلىشنى ئۆ-گىنىپ باققۇسى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. دادىسى:

— ئەي جېنىم ئوغلۇم، سېنىڭ مېنىڭدىن كېيىن قې-لىپ بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە لازىم بولىدۇ، دەپ سېنىڭدىن سىر ساقلاپ، يېرىم ئۆمۈر ئىشلەپ تاپقان بىر مىڭ بەش يۈز تىللا پۇلنى يەرگە كۆمۈپ ساقلىغانىدىم، ئىككى قېتىملىق ئۇچۇن مىڭ تىللا كەتتى. بوپتۇ، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، جاپا تارتساممۇ بۇ كۈنلەر ئۆتۈپ كېتەر، — دەپ ئەڭ ئاخىردا قېپقالغان بەش يۈز تىللانى شەمشىدىنگە تۇتقۇزۇپ ماڭغۇزۇپتۇ.

شەمشىدىن تىرىشىپ ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن بىر يىل ئى-چىدە ھەر خىل سازلارنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ چالالايدىغان، ئۇنىڭ چالغان سازلىرىنى ئاڭلىغان ئادەم، ھەتتا ئۇچار قۇشلارمۇ بىھوش بولۇپ كېتىدىغان ماھىر سازەندە بولۇپ يې-تىشىپ چىقىپتۇ.

بىر كۈنى شەمشىدىن روھى چۈشكۈن ھالدا بازار ئايلى-نىپ كېتىۋاتسا، بىر توپ ئادەم تامغا چاپلانغان بىر ئېلاننى ئوقۇۋاتقۇدەك. شەمشىدىن كۆڭلىدە، ئۈچ قېتىم دادامنىڭ ئاران تەستە يىغىپ توپلىغان پۇللىرىنى سەرپ قىلىپ ئوقۇپ-تىمەن، ئوقۇغىنىم ئەسقاتمىدى، بۇ ئېلاننى كۆرۈپ نېمىمۇ قىلارمەن، بولدى، ئوقۇمايلا قوياي، دەپ كەينىگە يېنىپ بو-لۇپ، يەنە، بوپتۇ، كۆرۈپ باقسام باقاي، دەپ قايتىپ كېلىپ ئېلاننى ئوقۇپتۇ. ئېلانغا قارىغۇدەك بولسا، بۇ شەھەرگە مى-سىردىن كەلگەن بىر كارۋان بېشىنىڭ ھېسابقا ئۇستا بىر ئادەم ئالىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئېلان ئىكەن. ئېلاننى كۆر-گەن شەمشىدىن ئىنتايىن خۇش بوپتۇ - دە، دەرھال مىسىر-دىن كەلگەن كارۋان بېشىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. كارۋان بېشى:

— سەن نېمە ئىش قىلالايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

شەمشىدىن:

— مەن ھەرقانداق ھېسابات ئىشلىرىنى قىلالايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. كارۋان بېشى:

— ئۇنداق بولسا، بىزنىڭ تۆت مىڭ سەككىز يۈز تۆگىلىك يۈكىمىز بار، بۇنى ساتساق قانچە پۇل بولىدۇ؟ پايدىسى قانچىلىك بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ۋە ماللارنىڭ تۈر - خىلىنى، ئېلىش - سېتىش باھالىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. شەمشىدىن بىردەمنىڭ ئىچىدە تۆت مىڭ سەككىز يۈز تۆگىلىك يۈكنىڭ ھېساباتىنى ۋە پايدىسىنى چىقىرىپ بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن كارۋان بېشى كۆڭلىدە ئاپىرىن ئوقۇپ، شەمشىدىننى ھېساباتچىلىققا ئېلىپ قاپتۇ ھەم بىر يىللىق ئىش ھەققى ئۈچۈن بىر مىڭ بەش يۈز تىللا پۇلنى شەمشىدىنگە تۇتقۇزۇپ، ئەتىسى يولغا چىقماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. شەمشىدىن:



— قېرىپ قالغان دادام بار، مېنىڭدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق، دادامنىڭ قېشىغا بېرىپ رازىلىق ئېلىپ كېلەي، —

دەپتۇ كارۋان بېشىغا. كارۋان بېشى رۇخسەت قىپتۇ.
شەمشىدىن ئۆيىگە بېرىپ، ئەھۋالنى دادىسىغا ئېيتىپتۇ. دادىسىنىڭ ئوغلىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەپتۇ. شەمشىدىن:
— ئەي مېھرىبان دادا، ئۈچ يىلدىن بېرى ئوقۇيمەن، دەپ سىزگە نۇرغۇن چىقىم قىلدۇردۇم، ئەمدى ئوقۇغانلىرىمنىڭ راھەتىنى كۆرىدىغان ۋاقىت كەپتۇ، راھەت كۆرىدىغان چاغدا نېمىشقا ئۇنىمايسىز؟ بېرىشىمغا رۇخسەت قىلىڭ، خۇدا ئامان قىلسا پات يېقىندا كۆرۈشىمىز، — دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ ھەم كارۋان بېشى بەرگەن بىر مىڭ بەش يۈز تىللانى دادىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. دادىسى ئىلاجسىز شەمشىدىنگە رۇخسەت قىپتۇ.
كارۋانلار ئەتىسى يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار بىرنەچچە كېچە-كۈندۈز يول مېڭىپ، ماڭغاندىمۇ مول مېڭىپ، بىر قۇملۇق باياۋانغا يېتىپ كەپتۇ، ئىچىدىغان سۇلىرى تۈگەپتۇ، ئادەم ۋە تۆگىلىرى ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاشقا باشلاپتۇ، شەمشىدىنمۇ ئۇسسۇزلۇقتىن قاتتىق بىئارام بوپتۇ، ئەتراپقا قارىسا، ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلگەن ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئۇستىخانلىرى سايىنىڭ تېشىدەك ياتقۇدەك. كاۋان بېشىمۇ بۇ ئەھۋالارنى كۆرۈپ قاتتىق ئەنسىرەشكە باشلاپتۇ ۋە ئىككى ئادەمنى سۇ تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ، لېكىن ئۇلار بىر كەتكىنىچە قايتىپ كەلمەپتۇ. مۇشۇنداق خەتەرلىك ئەھۋالدا، شەمشىدىن ئېلىۋالغان ھېكمەتلىك ئەينەك بىلەن ئەتراپقا قارىغانكەن، بىر يەردە بىر قۇدۇقنى كۆرۈپتۇ.
— مۇشۇ يەردىن ئازراق ماڭساق قۇدۇق بار يەرگە بارغۇدەكمىز، — دەپتۇ شەمشىدىن كارۋان بېشىغا.
ئۇلار بۇ يەردىن قوزغىلىپ، ئۇزۇنغا قالماي قۇدۇق بار يەرگە كەپتۇ. قۇدۇققا قارىسا، ئاغزى تاش بىلەن مەھكەم ئېـ-

تىلگەنىكەن. كارۋانلار قۇدۇقنىڭ ئاغزىدىكى تاشنى ئېلىۋېتىپ قارىسا، قۇدۇق چوڭقۇر بولۇپ، سۇنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلگىلى بولماپتۇ. كارۋان بېشى:

— قۇدۇققا قايسىڭلار چۈشۈپ قاراپ باقىسىلەر؟ — دەپ-تۇ ئەتراپىتا تۇرغانلارغا. قۇدۇققا چۈشۈشتىن قورقۇپ، بۇ گەپكە ھېچقايسىسى جاۋاب بەرمەپتۇ. شەمشىدىن:

— قۇدۇققا مەن چۈشۈپ باقاي، — دەپتۇ.

شەمشىدىن ئارغامچا بىلەن بېلىنى باغلاپ قۇدۇق ئىچىگە چۈشۈپ، سۇنىڭ بارلىقىنى خەۋەر قىپتۇ.

كارۋانچىلار ئارغامچىغا چېلەكنى باغلاپ قۇدۇق ئىچىگە چۈشۈرۈپتۇ. شەمشىدىن سۇ ئالاي، دەپ چېلەكنى شۇنداق سۇغا سالغانىكەن، سۇ ئاستىدا ھەددى - ھېسابسىز ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مارجانلار تۇرغۇدەك. ئۇ چېلەككە سۇنى توشقۇزۇپ قۇدۇق بېشىغا چىقىرىپ بېرىپتۇ. ئادەملەر، تۆگى-لەر تەشنالىققا قېنىپتۇ ۋە قاپاق - قاچىلىرىغا سۇ قاچىلاپ-تۇ. كارۋان بېشى شەمشىدىننى قۇدۇقتىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن چېلەكنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم چۈشۈرۈپتۇ. شەمشىدىن چېلەككە ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مارجانلارنى سېپتۇ. كارۋان بېشى چېلەكنى تارتىپ قارىغۇدەك بولسا، چېلەكتە ئالتۇن - كۈمۈش تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن كارۋان بېشى ھەيران قېلىپ، خۇشاللىقىدىن ھوشىدىن كەتكىلى تاس قاپتۇ ۋە ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى قويماي چىقىرىشنى بۇيرۇپتۇ. شەمشىدىن كارۋان بېشىنىڭ دېگىنى بويىچە ئالتۇن - كۈ-مۈشلەرنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ بېرىپتۇ. قۇدۇقتا ئالتۇن - كۈمۈشلەرنىڭ تۈگىگەنلىكىنى بىلگەن كارۋان بېشىنىڭ نىيى-تى بۇزۇلۇپ، شەمشىدىننى قۇدۇق ئىچىدە قالدۇرۇپ، قۇدۇق-نىڭ ئاغزىنى مەھكەم ئېتىۋېتىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

بۇلار ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۇرسۇن، گەپنى شەم-
شىدىن ئاڭلايلى:

شەمشىدىن ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئۆلۈم خەۋپىنى، كارۋان بېشىنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى، دادىسىنىڭ قايسى كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، خۇدادىن مەدەت تىلەپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز قۇدۇق ئىچىدە تۇرۇپتۇ. تۆتىنچى كۈنى قۇدۇق ئىچىدە سىنچىلاپ قارىغۇدەك بولسا، قۇدۇقنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن ئۆڭكۈر كۆرۈنۈپتۇ. ئۆڭكۈرنى كۆرگەن شەمشىدىن، يېتىپ ئۆلگۈچە ئېتىپ ئۆلگەن ياخشى، ئۆڭكۈرگە كىرىپ باقاي، خۇدا ئامان قىلسا بۇ يەردىن قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتەرمەن، دەپ ئۆڭكۈر ئىچىگە كىرىپ خېلى ئۇزۇن مېڭىپتۇ. بىر چاغدا بىر دەرۋازا كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ دەرۋازىدىن شۇنداق ئاتلاپتىكەن، بىر چارباغقا كىرىپ قاپتۇ. باغدا رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىل-غان، بۇلبۇللار سايراۋاتقان، ھەر خىل مېۋىلەر پىشىپ كەت-كەن، گۈللەر ئىچىدە ئالتۇندىن سېلىنغان ئۆي، ئۆينىڭ ئال-دىدىكى سۇپىدا ئالتۇن تەخت تۇرغان، لېكىن بىرمۇ ئادەم يوق. شەمشىدىن بۇ مۆجىزاتلارنى كۆرۈپ، بىر تەرەپتىن ھەيران بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن سەل قورقۇپتۇ. ئۇ، ئادەمگە بىر ياشتىمۇ بىر ئۆلۈم، يۈز ياشتىمۇ بىر ئۆلۈم، خۇدا ئۆمە-رۈمنى بەرسە ھايات قالارمەن، بولمىسا مۇشۇ يەردە ئۆلۈپ تۈگەرمەن، دەپ ئويلاپ ھېلىقى ئالتۇن ئۆيگە كىرسە، تامغا ئېسىقلىق، ئادەمنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتىپ نۇر چېچىپ تۇر-غان بىر راۋابقا كۆزى چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن شەمشىدىننىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ، راۋابنى قولىغا ئېلىپ شۇنداق بىر چالغا-نىكەن، راۋابنىڭ ئۈنىنى ئاڭلىغان بۇلبۇللار سايراشتىن توخ-تاپ راۋابنىڭ قولىقىغا قونۇشۇپتۇ.

ئەسلىدە بۇ يەر دىۋىلەر شەھىرى ئىكەن. سىرتقا چىقىپ



كەتكەن دىۋە ـ پەرىلەرمۇ راۋابنىڭ ئۇنىنى ئاڭلاپ يېتىپ كېلىپ بىھوش بولۇشۇپتۇ. شەمشىدىن پۈتۈن ئەس ـ يادى بىلەن راۋاب چالغانلىقى ئۈچۈن، ئەتراپتىكى دىۋىلەرنى كۆرمەپتۇ. بىر چاغدىن كېيىن راۋاب چېلىشنى توختىتىپ يېنىغا قارىسا، بىھوش بولۇپ يېتىپ كەتكەن دىۋە ـ پەرىلەر تۇرغۇدەك، شەمشىدىن ئىنتايىن قورقۇپ كېتىپتۇ. بىرھازادىن كېيىن دىۋىلەر پادىشاھى ھوشىغا كېلىپ:

— سەن ئادەمزاتمۇ ياكى دىۋە ـ پەرىمۇ؟ ئادەم بولساڭ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. شەمشىدىن دىۋىلەر پادىشاھىغا بېشىدىن ئۆتكەن بارلىق كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاڭغىچە بىھوش ياتقان دىۋە ـ پەرىلەرمۇ ھوشىغا كېلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، شەمشىدىننىڭ سۆزىنى تىڭشاپتۇ. دىۋىلەر پادىشاھى شەمشىدىننىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ رەھمى كەپتۇ، ئۇنى ئېسىل تائاملار بىلەن مېھمان قىپتۇ ھەم بۇ يەرنىڭ دىۋىلەر ماكانى ئىكەنلىكىنى، باغ ئىچىدىكى خالىغان يەرلەردە سەيلە ـ ساياھەت قىلىشنى، مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. بۇنىڭ بىلەن شەمشىدىننىڭ كۆڭلى ئارام تېپىپتۇ. شەمشىدىن دىۋىلەر پادىشاھى دېگەندەك، باغلارنى ئەركىن ـ ئازادە سەيلە قىپتۇ،

ھەر كۈنى دېۋىلەر پادىشاھىغا ساز چېلىپ بېرىپتۇ. دېۋىلەر پادىشاھى شەمشىدىنگە ئۆز ئادىمىدەك ئىشەنچ بىلەن قاراپتۇ. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈۋېرىپتۇ.

بىر كۈنى شەمشىدىن دادىسىدىن ئايرىلغىلى ئۇزۇن بولغانلىقى، دادىسىنىڭ نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقانلىقىنى خىيال قىلىپ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆز يېشى قىلىپ، بۇ يەردىن كېتىش قارارىغا كەپتۇ ـ دە، دېۋىلەر پادىشاھىغا بۇ يەردىن كېتىشكە رۇخسەت قىلىشىنى ئىزھار قىپتۇ. دېۋىلەر پادىشاھىمۇ بۇ يىگىتنىڭ ئەقىللىق، زېرەك، ۋاپادارلىقىغا قايىل بولۇپ، كېتىشىگە رۇخسەت قىپتۇ. ئۇ شەمشىدىندىن:

— سېنى قەيەرگە ئاپىرىپ قويىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ. شەمشىدىن:

— مېنى يەر ئۈستىگە چىقىرىپ قويساڭلارلا بولىدۇ، — دەپتۇ. دېۋىلەر پادىشاھى:

— بىزدىن نېمە تەلەپ قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. شەمشىدىن:

— مەن سىلەردىن ھېچقانداق نەرسە تەلەپ قىلمايمەن. دادامنىڭ قېشىغا كېتىش جەريانىدا خېيىمخەتەرگە يولۇقۇپ قالمىساملا بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. دېۋىلەر پادىشاھى بۇ تەلەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يىگىتنىڭ سەممىي ـ ساددىلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپ:

— ئۇنداق بولسا، بىر ئات، بىر دانە ئەگكۈشتەر بېرىمەن، بۇنى ئېلىپ يولغا چىقساڭ، نەگىلا بارساڭ خېيىمخەتەرگە يولۇقمايسەن، بېشىڭغا كۈن چۈشكەن چاغلاردا ئەگكۈشتەرگە قاراپ مېنى ياد ئەتسەڭ ساڭا ياردەمدە بولىمەن، — دەپ بىر ئات، بىر دانە ئەگكۈشتەرنى بېرىپ، شەمشىدىننى يەر ئۈستىگە ئاچىقىپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

شەمشىدىن دىۋە پادىشاھى بىلەن خوشلىشىپ، ئاتنىڭ
بېشىنى يۇرتى تەرەپكە قارىتىپ يۇرۇپ كېتىپتۇ. يولدا ھېچ-
قانداق خېيىمخەتەرگە يولۇقماي، بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ.
شەمشىدىن ئاتنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:
— ئەي جانىۋار، مېنى بۇ يەرگە ساق - سالامەت يەتكۈ-
زۇپ قويدۇڭ، ساڭا رەھمەت، ئەمدى ئۆز ماكانىڭغا كەتكەي-
سەن، — دەپ ئاتنى قويۇپ بېرىپتۇ. ئات بىر كىشنەپتۇ -
دە، كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

شەمشىدىن كەلگەن شەھەر شۇنداق بىر ئاۋات شەھەر ئى-
كەنكى، بۇ شەھەرنىڭ گۈزەللىكىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەش
قىيىن ئىكەن. ئۇ شەھەرنىڭ گۈزەللىكىنى تاماشا قىلىپ يۈ-
رۈپ بىر سارايغا چۈشۈپ، ئەتىسى كوچا ئايلانغىلى چىقسا،
شەھەر خەلقى كەلكۈن سۈدەك شەھەرنىڭ سىرتىغا قاراپ يۈگۈ-
رۈشۈپ كېتىۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن شەمشىدىن بىر بوۋايدىن:
— بوۋا، بۇ ئادەملەر نېمىگە شۇنچە يۈگۈرۈشۈپ كېتى-
دۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. بوۋاي:
— ئوغلۇم، سەن باشقا بىر جايدىن كېلىپ قالغان ئوخ-
شايسەن. شەھىرىمىزنىڭ پادىشاھى دۇنيادىن ۋىدالاشقىلى بۇ-
گۈن ئۈچ كۈن بولدى. شەھىرىمىزدە بىر دۆلەت قۇشى بو-
لۇپ، پادىشاھ ۋاپات بولغان كۈنى قۇشنى قويۇپ بېرىدۇ، بۇ
قۇش كىمنىڭ بېشىغا قونسا، شۇ كىشى پادىشاھ بولىدۇ. بۇ
قۇش ئۇچۇۋاتقىلى ئۈچ كۈن بولدى، تېخىچە ھېچكىمنىڭ
بېشىغا قونمىدى. بۇلار شۇ قۇشنىڭ كىمنىڭ بېشىغا قونىدى-
غانلىقىنى كۆرگىلى كېتىپ بارغان ئادەملەر، — دەپ جاۋاب
بېرىپتۇ.

شەمشىدىنمۇ ئادەملەر توپىغا قوشۇلۇپ، تاماشا كۆرۈش
ئۈچۈن شەھەر سىرتىغا چىقىپتۇ. قارىسا، بوۋاي دېگەندەك

بىر قۇش ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ ئايلىنىپ يۈرگۈدەك. خالايىق قولىغا بىر پارچىدىن گۆش ئېلىپ، قۇشنى «كە ـ كە» دەۋاتـ-قۇدەك. بىر چاغدا قۇش ئاسماندىن شۇڭغۇپ چۈشۈپ شەمشىـ-دىنىنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ، شەمشىدىن قۇشنى ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ، قۇش يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا قونۇۋاپتۇ. بۇ ئىش ئۈچ قېـ-تىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، پۈتۈن شەھەر خەلقى شەمشىدىنـ-نى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ، پادىشاھلىققا تەيىنلەپتۇ. يېڭى پادىشاھنىڭ شەرىپى ئۈچۈن قىرىق كېچە ـ كۈندۈز زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ. قىرىق بىرىنچى كۈنى شەمشىدىن شاھانە كىيىمـ-لەرنى كىيىپ، تەختتە ئولتۇرۇپ شاھلىق يۈرگۈزۈشكە كىـ-رىشىپتۇ. دەل شۇ كۈنى ھېلىقى كارۋانلارمۇ بۇ شەھەرگە سودىگەرچىلىك قىلغىلى كېلىپ قاپتۇ. ئادەت بويىچە سىرتـ-تىن كەلگەن سودىگەرلەر پادىشاھ ھۇزۇرىغا بېرىپ، پادىشاھـ-تىن سودا قىلىش ئۈچۈن رۇخسەت ئېلىشى كېرەك ئىكەن. كارۋان بېشى پادىشاھتىن رۇخسەت ئېلىش ئۈچۈن ئوردىغا بېرىپتۇ، قارىغۇدەك بولسا، ھېلىقى ئۆزى ياللىۋېلىپ قۇدۇق ئىچىدە قالدۇرۇپ كەتكەن شەمشىدىن. شەمشىدىنمۇ كارۋان بېشىنى تونۇپتۇ ـ دە، شۇئان كارۋان بېشىنى زىندانغا تاشلاشقا بۇيرۇق قىپتۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن شەھەر ئوتتۇ-رىسىغا دار ياستىپ، پۈتۈن شەھەر خەلقىنى يىغىپ، كارۋان بېشىنى دار ئالدىدا توختىتىپ قويۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن قىلمىـ-شىنى ئېلان قىلىپ دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن شەمشىدىن ئۈچ يىل ئوقۇغان ئىلىم ـ ھېكمەتنىڭ خاسىيىتى بىلەن پادىشاھ بولۇپ، دادىسىنى يېـ-نىغا ئەكېلىپ، شەھەرنى ئادىللىق بىلەن سوراپ ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

# بەڭۋشى بىنارى

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادىل پادىشاھ بولغانىكەن. پادىشاھنىڭ شاپائىتىدىن خەلقى باياشات، يۇرتى ئاۋات، ئامان ئىكەن. پادىشاھنىڭ ئارزۇلاپ باققان بىرلا ئوغلى بولغانىكەن، ئۇنىڭ ئىسمى بەڭۋشى بىنارى ئىكەن.

بەڭۋشى بىنارى توققۇز ياشقا كىرگەن يىلى پادىشاھ ئوغلى ئۈچۈن يەتتە ئىقلىمنىڭ ھۈنەرۋەن - ئۇستىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، بىر گۈزەل باغ بىنا قىلدۇرغانىكەن. باغقا دۇنيادىكى بارلىق گۈل - گىياھ پەرۋىشچىلىرىنى يىغىپ، رەڭگارەڭ گۈللەرنى ئۆستۈرۈپ، باغنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا شۇنداق كارامەت بىر راۋاق سالدۇرۇپتۇكى، تاملىرى مەرمەردىن، تۈۋرۈكلىرى ئالتۇندىن، نەقىشلىرى لەئەل - ياقۇتتىن ئىكەن. بۇ راۋاقنى بىر كۆرگەن كىشى ھەيرانۇھەس بولۇپ، ئەقىل - ھوشىنى يوقىتىپ قويىدىكەن.

پادىشاھ ئوغلىنىڭ دانا، ئەقىللىق دۆلەت ئەربابى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنى كۆزلەپ، بۇ باغقا نۇرغۇنلىغان ئىلىم ئەھلىنى يىغىپتۇ.

بەڭۋشى بىنارى نەسىھەتكە قۇلاق سالماي، كۈنلەپ، ئايلاپ ئويناپ، كۈنلەرنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. پادىشاھنىڭ بۇنىڭغا بېشى بەكمۇ قېتىپتۇ، ئوغلىنىڭ كېيىنلىكى ھەققىدە

كېچە ـ كۈندۈز خىيال قىلىپ، غەم يەپ، كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ ئۇرۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ پادىشاھنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ، ھېچقانداق داۋا ئۈنۈم بەرمەي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

بەگۈشى بىنارى ئانىسى گۈلى شەمشە بىلەن بىرلىكتە دۆلەتنى باشقۇرۇپ تۇرۇپتۇ. دادىسىنىڭ يەتتە نەزىرىنى بېرىپ بولغان بەگۈشى بىنارى قىرىق ئاغىنە تۇتۇپ، غەم ـ قايغۇلىرىنى ئۇنتۇپ، ئاغىنىلىرى بىلەن ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشقا بېرىلىپ كېتىپتۇ، كۈنلەپ، ئايلاپ ئوردىغا كىرمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئانىسى گۈلى شەمشىنىڭ بېشى قېتىپ، ئوغلىدىن قايغۇرۇپ كۆزىدىن ياش قۇرۇماپتۇ.

بەگۈشى بىنارى جاھاندىن بىخەۋەر ھالدا خەزىنىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى قىرىق دوستى بىلەن يەپ ـ ئىچىپ تۈگىتىۋېتىپتۇ. ئاقىۋەتتە ئانىسى گۈلى شەمشە بىلەن ئىككىسى تىكەندەك يالغۇز قاپتۇ. ۋەزىر، ئەمىر ـ لەشكەرلەر بىر ـ بىرلەپ ياقا يۇرتلارغا كېتىپ



قاپتۇ. بەخۇشى بىنارى بىلەن ئانىسى ئىككىيلەن بىر لوقما تائام يېمەي يەتتە كېچە - كۈندۈزنى ئۆتكۈزۈپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بەخۇشى بىنارى قىلغان - ئەتكەن ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، ئانىسىغا:

— ئى مېھىر - شەپقەتلىك ئانا، بۇگۈن يەتتە كۈن بولدى، ئاغزىمىزغا بىر لوقما تائام سالمىدۇق. مەن دوستلىرىمدىن بىرەرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئازراق يەيدىغان نەرسە تېپىپ كېلەي، — دەپتۇ. ئانىسى رازىمەنلىك بىلدۈرۈپتۇ. بەخۇشى بىنارى بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە بارسا، ئاغىنىسى پولۇنى ئۇسۇپ يېيىشكە تەييارلىنىپ ئولتۇرغانىكەن، بەخۇشى بىنارىنىڭ ئىشىكتىن كىرگىنىنى كۆرۈپ دوستىنىڭ ئايالى ئاشنى قازانغا ئالدىراپ تۆكۈۋېتىپتۇ. دوستى كەچ كىرگۈچە بەخۇشى بىنارىنى گەپكە سېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. خۇپتەن بولغاندا بىر لوقما تائامغا ئېرىشەلمىگەن بەخۇشى بىنارى ئانىسىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەپتۇ، ئاخىر ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، مال - بىساتىم كۆپ چاغدا قىرىق ئاغىنەمۇ تەڭ خەجلىشىپ بەرگەنىدى، ئۇلارنىڭ بىرەرىنىڭ ئۆيىدىن بىر ۋاخلىق تاماق يەپ كەلسەم ئەجەب ئەمەس، دەپ يەنە بىر ئاغىنىسىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. ئاغىنىسى ئۇنى كۆرۈپ تونۇماسقا سېلىپ، ئىشىك - تۈڭلۈكلىرىنى تاقاپ كېتىپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، يەتتە كۈن ئىچىدە قىرىق ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي ئانىسىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەپتۇ.

بەخۇشى بىنارى ئۆزىنىڭ ئەقىلسىزلىقىدىن قاتتىق پۇشايمان يەپ، كېچە - كۈندۈز ئۇخلىماي خىيال قىلىپ، ئانىسى گۈلى شەمشىگە:

— ئى ئۇلۇغ ئانا، مېنى قانچە جازاغا تارتسىڭىزمۇ ئاز-

لىق قىلىدۇ، مېنىڭ سەۋەبىمدىن بىز مۇشۇ ھالغا قالدۇق. ئەمدى سىز قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىرئاز پۇل ئۆتنە ئېلىپ كەلسىڭىز، كېرەملىك شاھ ئاتامنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ بېرەر، — دەپ قازىنىڭ ئۆيىگە بۇيرۇپتۇ.

ئانىسى گۈلى شەمشە ماقۇل بولۇپ، قازىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بىر ئاش پىشىم يول ماڭغاندىن كېيىن قازىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەپتۇ. قازى ئۆيدىن چىقىپ، پادىشاھنىڭ ئىززەتلىك خانىشى گۈلى شەمشىنى كۆرۈپتۇ. قازى ئىززەت - ئىكرام بىلەن سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىپتۇ. مۇلازىملىرى گۈلى شەمشىنىڭ ئالدىغا داستىخان ھازىرلاپ، تۈرلۈك نازۇنېمەتلەرنى كەلتۈرۈپ، چاي قۇيۇپتۇ. خانىش گۈلى شەمشە تائاملارنى ھۇزۇرلىنىپ يەۋېتىپ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇپتۇ. قازى ھەيران بولۇپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سىلىنى بۇنچىلىك يىغلاتقۇدەك قايسى بىئەدەپنىڭ يامان كۆزى تەگدىكىن؟ تېز ئېيتسىلا، كېرەملىك شاھىمىنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدۇ. نېمە مەقسەتلىرى بولسا تارتىنماي ئېيتسىلا، — دەپتۇ قازى قول باغلاپ تۇرۇپ.

— ئى قازىم، ئوغلۇم شىكارغا چىققان يېرىدە خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى يىتتۈرۈپ قويغانىكەن. ئانا - بالا ناشتىسىز ئولتۇرغىلى بۇگۈن نەچچە كۈن بولدى. بۇ كۈنگىچە ئاچقۇچ تېپىلمىدى. ئوغلۇم: «قازىنىڭ ئۆيىگە بېرىڭ، مىڭ تىللا ئۆتنە بەرسۇن، شۇ پۇلغا ئاچقۇچ ياسىتىپ خەزىنىنى ئاچايلى» دېۋىدى، شۇ ۋەجدىن ئۆزلىرىنىڭ قېشىغا كېلىۋىدىم، — دەپتۇ. قازى مىڭ تىللا بېرىپتۇ. گۈلى شەمشە مىڭ تىللانى ئەكېلىپ ئوغلىغا بېرىپتۇ. بەگۈشى بىنارى مىڭ تىللاغا قىرىق قېچىرغا لىقمۇلىق مال ئارتىپ، ئۈچ غۇلامنى

ئېلىپ كەپتۇ. ئانىسى گۈلى شەمشە بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئازراق پۇل بىلەن ئانىسىنى قالدۇرۇپ، كېچىلەپ بۇ شەھەردىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇلار ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز يول مېڭىپ، ئۈچ ئاچىماق يولنىڭ ئاغزىغا كېلىپ قاپتۇ. ھەربىر يولنىڭ دوقمۇشىدا: «بارسا كېلۇر»، «بارسا كەلمەس»، «بارسا كېلەر ياكى كەلمەس» دېگەن خەتلەر يېزىقلىق ئىكەن.

بەگۈشى بىنارى قېچىرلارنى قامچىلاپ، «بارسا كەلمەس» يولغا قاراپ راۋان بوپتۇ. بەگۈشى بىنارى بىر كۆزى ئارقىسىدا، بىر كۆزى ئالدىدا، قازى بىلىپ قالسا، مىڭ تىللانى دەپ قوغلاپ كېلىپ مېنى شەرمەندە قىلارمۇ، دېگەن غەم ـ ئەندىشە بىلەن كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ، قوي ـ كالىلار ئوتلاپ تۇرغان يايلاقتىكى بىر بۇلاق بېشىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۈچ غۇلام، مۇشۇ يەردە چۈشىدىغان ئوخشايمىز، دەپ ئويلىغانىكەن، بەگۈشى بىنارى ئىلگىرىكىدەك بىر كۆزى ئالدىدا، بىر كۆزى ئارقىدا توختىماي مېڭىۋېرىپتۇ. غۇلاملار بۇنىڭدىن ھەيران بولۇشۇپتۇ. ئۈچ غۇلام بەگۈشى بىنارىغا:

— ئى بەگۈشى بىنارى، مۇشۇ يەرگە چۈشۈپ ئارام ئېلىپ، قېچىرلارنى تويغۇزۇپ ئاندىن ماڭغان بولساق، — دەپتۇ. بەگۈشى بىنارى ھېچ نەرسە دېمەي مېڭىۋېرىپتۇ. ئۈچ غۇلام:

— ئەي بەگۈشى بىنارى، سىز ماڭغاچ تۇرۇڭ، بىز قېچىرلارنى تويغۇزۇپ، ئارقىڭىزدىن بارايلى. قېچىرلار بىر چايىنام ئوت يېمىگىلى ئون بەش كېچە ـ كۈندۈز بولدى، ئاچلىقتىن يىقىلىپ يېتىۋالغىلى تۇردى، بىز قوپۇرالماي ھاردۇق. مۇشۇنداق يەنە بىرنەچچە كۈن ماڭساق قېچىرلار ئۆلۈپ تۈگەيدۇ، — دەپ ماڭغىلى ئۇنىماپتۇ. بەگۈشى بىنارى ئامالسىز ماقۇل بولۇپ، شۇ بۇلاق بېشىغا چۈشۈپتۇ. ئۈچ غۇلام

چېدىرلارنى تىكىپ، چاي قايىنىتىپ بەھۇشى بىنارىنىڭ ئال-
دىغا ئەكەپتۇ. ئۇلار ئىشتىها بىلەن غىزالىنىپتۇ. ئېغىر هار-
دۇق يەتكەن ئۈچ غۇلام ئولتۇرغان يېرىدە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.
بەھۇشى بىنارى شۇ ئولتۇرغانچە ئۈچ كېچە - كۈندۈز ۋاقىت-
نى كۆزىنى يولدىن ئۈزمەي ئۆتكۈزۈپتۇ. تۆتىنچى كۈنى بەھ-
ۇشى بىنارى يۈكلەرنى ئارتىپ يولغا راۋان بولاي، دەپ تۇر-
غاندا، ئارقا تاغ تەرەپتىن يەر - ئاسماننى لەرزىگە سېلىپ،
هەيۋەت بىلەن بىر ئاتلىق قىلىچ ئوينىتىپ، ئېتىنى چاپتۇ-
رۇپ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقۇدەك، قارىغۇدەك بولسا، هېلىقى
ئاتلىقنىڭ ئېتى قىرىق ئۇزەڭگىلىك، يالى يەتمىش ئىككى
خىل رەڭدە، ئېگەر - جابدۇقلىرى ئۈنچە - مەرۋايىت، ئالتۇن -
كۈمۈشلەر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇرىدىكەن.
ئېگەرنىڭ چىرايلىقلىقىدىن هەم چەۋەندازنىڭ ئۇزلۇقىدىن
ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈپ زېمىنغا تال - تال نۇرلىرىنى سېپىپ
تۇرغان كۈنمۇ خىجىل بولۇپ چىمىلدىقىغا كىرىپ كېتىدى-
كەن. هېلىقى ئاتلىقنىڭ ئېتىنىڭ تۇيىقى يەرنى قىرىق گەز
ئويۇپ تاشلايدىكەن، ئېتىنىڭ كىشنەشلىرىدىن ئۈنداق -
مۇنداق ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ كېتىدىكەن. ئەمما، بۇ ئات قاتتىق
غەزەپلەنمىسە كىشنىمەيدىكەن. هېلىقى ئاتلىق يىگىت دەرۋازى-
نىڭ قانىتىدەك چوڭلۇقتىكى بىر مىسران قىلىچنى گاھ ئوڭ
قولىدا ئاسمانغا ئېتىپ، سول قولىدا تۇتۇپ، گاھ سول قولىدا
ئاسمانغا ئېتىپ، ئوڭ قولىدا تۇتۇپ كېلىۋاتقۇدەك. ئۇنىڭ
كىيگەن كىيىملىرىمۇ يەتمىش ئىككى تۇستە بولۇپ، بەھۇشى
بىنارى ئەقىل - هوشىنى يوقىتىپ، تۇرغان يېرىدە قېتىپلا
قاپتۇ. ئۈچ غۇلام ئۇنى يۆلەپ هوشىغا كەلتۈرگەندىن كېيىن:
— ئى بەھۇشى بىنارى، سىز ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈش-
مىگۈچىمىز ۋاجىپتۇر، — دەپتۇ. بەھۇشى بىنارىنىڭ تەنلىرى

ياپراقتەك تىترەپ تۇرسىمۇ، ئۇچ غۇلامنىڭ ياردىمىدە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېگىلىپ سالام بەجا كەلتۇرگەندىن كېيىن:

— ئى چەۋەنداز، قاياققا كېتىۋاتىسىز؟ ئىسمىم - شەرىپىڭىز نېمە بولىدىكىن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئىسمىم ۋادەرىخ، قاياققا مېڭىشىمنى بىلەلمەي، كەلسە - كەلمەس ئات چاپتۇرۇپ يۈرگەنمەن. سىلەر قاياققا كېتىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى ئاتلىق كىشى. بەگۈدۈشى بىنارى ئەس - ھوشىنى يىغىپ:

— ئىسمىم بەگۈشى بىنارى. بۇ سايىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى شەھەرگە سودىگەرچىلىك قىلغىلى كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ. ۋادەرىخ بەگۈشى بىنارىغا:

— ئى ئاكا، مېنىمۇ قوشۇۋالامسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. بەگۈشى بىنارى لام - جىم دېمەي تۇرۇپتۇ. ۋادەرىخ:

— ئاكا، دەسمايەڭ مىڭ تىللا ئىكەن، ئىككىيلەن بىرلىشىپ سودىگەرچىلىك قىلىپ، تاپقان پايدىنى تەڭ ئۈلىشەيلى، — دەپتۇ. بەگۈشى بىنارى ئۆزىدىكى دەسمايىنىڭ مىڭ تىللا ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ نەدىن بىلىۋالغانلىقىغا ئەقلى يەتمەي، بۇنىڭدا بىرەر كارامەت بار ئوخشايدۇ، قوشسامۇ قوشۇۋالاي، دەپ ئويلاپتۇ - دە، ماقۇل بوپتۇ. ئاندىن بەگۈشى بىنارى:

— بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرساق بولمايدۇ، يولغا چىقايلى، — دەپتۇ.

— ئاكا، يولغا چىقساق چىقايلى، يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال سىزنى بىر ئىشقا بۇيرۇسام بىجىرىپ كەلسەڭ، — دەپتۇ ۋادەرىخ، — بىز تۇرۇۋاتقان بۇلاق بېشىنىڭ غەرب تەرىپىدە بىر چىغىر يول بار. مۇشۇ يول بىلەن ئۈچ كۈن ماڭساڭ ئاسمانغا تاقاشقان بىر تاغنى كۆرىسەن، يەنە بىر كۈن ماڭغاندىن كېيىن تاغقا يېتىپ بارىسەن. ئۇ تاغدا ھېچقانداق ئادەمزات

يوق. تاغنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە بىر گۈمبەز بار، گۈمبەزنىڭ كىد-
چىككىنە تۆشۈكىدىن ئىچىگە قارايدىغان بولساڭ، ئىشىكى قۇ-
لۇپلانغان بىر ئۇردا بار. ئۇردىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ھەرگىز بار-
ما، تاملىرىنى تۇتما، ئەگەر تاملىرى كىيىمىڭگە سۈركىلىپ
كەتسە، دىۋىلەر ئۇخلاۋاتقان يېرىدىن ئويغىنىپ كېتىپ جىنىڭ-
دىن ئايرىلىپ قالىسەن. گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىرمە. تاغنىڭ تۆ-
ۋىدە ئۈچ تۈپ چىنار بار، ئوتتۇرىدىكى چىناردا بىر ئالتۇن قە-
پەس ئېسىقلىق، ئالتۇن قەپەس ئىچىدە ئاي دېسە ئاي ئەمەس،
كۈن دېسە كۈن ئەمەس ناھايىتى چىرايلىق بىر مەلىكە بار. شۇ
مەلىكىنى ئېلىپ كەلگىن. ئۇ مەلىكە بىز سودىگەرچىلىك قىلى-
غىلى بارىدىغان شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزى ماھىتابان بو-
لىدۇ. ئۇ قىزنى دىۋىلەر ئۇخلاۋاتقان يېرىدىن ئەپقېچىپ ئۇ
يەرگە قامىۋەتكەن. مەلىكىنىڭ شۇنداق ئېسىقلىق تۇرغىنىغا
يىگىرمە يەتتە يىل بولدى. دىۋىلەر پادىشاھى مەلىكىنى ھەر
كۈنى كەچتە كۆرگىلى چىقىدۇ. ھازىر دىۋىلەرنىڭ ئۇخلاش
مەزگىلى، دىۋىلەر بىر ئۇخلىغانچە قىرىق كېچە - كۈندۈز
ئۇخلايدۇ. ھازىر ئوتتۇز تۆتىنچى كۈنى بولدى، يەنە ئالتە
كۈندىن كېيىن دىۋىلەر ئويغىنىدۇ. ئۇلار ئويغىنىشتىن بۇرۇن
يېتىپ بارالمىساڭ قىزنى قۇتقۇزالمايسەن، قۇتقۇزۇش ئۈچۈن
يەنە بىر يىل ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ. پادىشاھ قىزى ماھىتا-
باننىڭ دەردىدە كۆپ يىغلاپ كۆزى كور بولاي، دەپ قالدى.
بىز ماھىتاباننى پادىشاھنىڭ قولىغا تاپشۇرساق، پادىشاھ كۆپ
ئالتۇن - كۈمۈش ئىنئام قىلىدۇ. ئەمما، سەن ئۇدۇل بېرىپ
قەپەسنى تۇتساڭ دىۋىلەر ئويغىنىپ كېتىپ، سېنى ئۆلتۈرۈ-
ۋېتىدۇ. سەن ئاۋۋال چىنار تۈۋىگە بارماي، تاغنىڭ جەنۇب
تەرىپىگە ماڭساڭ بىر ئۆڭكۈر كۆرۈنىدۇ. بۇ ئۆڭكۈر ناھايىتى
ھەيۋەتلىك بولۇپ، قارىساڭ، قورقۇپ تۇۋلاپ سالىسەن، ھەر-

گىز تۇۋلىماي، ئاغزىڭنى چىڭ ئېتىۋېلىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچ-
كىرىسىگە قاراپ مېڭىۋەرگىن. ئۆڭكۈردە خىلمۇخىل نەغمە ـ
ناۋالار ئاڭلىنىدۇ، هايۋانلارنىڭ بەتبەشىرە قىياپەتلىرى كۆ-
زۈڭگە كۆرۈنىدۇ. ئەگەر سەن تۇۋلاپ سالساڭ، شۇ هامان ياۋا
تۇڭگۇزغا ئايلىنىپ كېتىسەن، دىۋىلەر سېنى مىنىپ ئېشەك
ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. تاغدا ئاشۇنداق ياۋا تۇڭگۇزلارنى كۆپ
كۆرىسەن. ئۇلارمۇ شۇ مەلىكىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كەلگەن
ئەزىمەتلەردۇر. شۇنداق كىرسەڭ، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچكىرىسىدە
قەپەستە ئۈنلەپ تۇرىدىغان بىر دەمىدەر بار. دەمىدەر شۇنداق
يېقىملىق سايرايدۇكى، ئۇنىڭ سايرىشىدىن گۈل ـ گىياھ،
دەل ـ دەرەخ، يەرۇ ئاسماندىكى كۆللى مەخلۇق ئۇنىڭ ئۆمرى-
گە بەرىكەت تىلەپ، هەمدۇسانا ئوقۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ پەيلىرى
شۇنداق چىرايلىقكى، يەتمىش ئىككى خىل رەڭدە يېنىپ،
كىشىنىڭ ئەقىل ـ هوشىنى لال قىلىدۇ. سەن بېرىپلا دەمى-
دەرنىڭ بوينىنى ئۈزۈۋەت. ئەگەر ئۇنىڭ بوينىنى ئۈزمىسەڭ،
سېنىڭ بۇ يەرگە تىرىك قايتىپ كېلىشىڭ مۇمكىن ئەمەس، —
دەپ بەگۈشى بىنارىنى ئۆزىنىڭ مىنگەن ئېتىغا مىنگۈزۈپ،
مىسران قىلىچىنى قولىغا تۇتقۇزۇپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.
بەگۈشى بىنارى مىسران قىلىچنى ئوينىتىپ يولىغا راۋان
بوپتۇ. بەگۈشى بىنارى بىر كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ بىر
يەرگە كەلگەندە، بىر تۇپ هاشار چۈمۈلىسىنىڭ مەشرەپ ئوي-
ناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ بۇ يەردە بىر كۈن تۇرۇپ قاپتۇ.
كەچ بولغاندا چۈمۈلە پادىشاهى:
— ئى ئادەمزات، ئىشىڭ يوق بىكار ئادەممۇسەن؟ — دەپ
سوراپتۇ. بەگۈشى بىنارى چۈمۈلە پادىشاهىغا:
— تەقسىر، مېنىڭ ئىشىم بەكمۇ زۆرۈر ئىدى. سېنىڭ
پۇقرالىرىڭ بەك ئۇششاق ئىكەن، ئېتىمنىڭ تۇيىقىدا بىگۇناھ

ئۆلۈپ كەتمىسۇن، سىلەر مەشرەپ ئويناپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن يولۇمغا راۋان بولاي دېگەنىدىم، — دەپتۇ.

چۇمۇلە پادىشاھى:

— ئى ئادەمزات، سېنىڭدەك رەھىمدىل ئىنساننى كۆرۈپ باقمىغانىدۇق. بۇ ھىممىتىڭ ئۈچۈن تەڭرى سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزگەي. ئەگەر بېشىڭغا كۈن چۈشسە مۇشۇ قېرىندىشىمىنىڭ ئۇستىخىنىنى كۆيدۈرسەڭ، بىز شۇ يەرگە ھازىر بولۇپ، مۈشكۈلۈڭنى ئاسان قىلغايمىز، — دەپتۇ ۋە چۇمۇلىنىڭ بىر پارچە قۇرۇق ئۇستىخىنىنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. بەڭۋۇشى بىنارى چۇمۇلىنىڭ ئۇستىخىنىنى يوتىسىغا تۈگۈپ يولغا راۋان بوپتۇ. بىر كىچە يول مېڭىپ ئەتىسى كۈن چۈشلىغاندا بىر جايغا يېتىپ كەپتۇ، قارىسا بىر توپ چاشقان مەشرەپ ئويناۋاتقۇدەك. بەڭۋۇشى بىنارى يەنە بىر كۈن تۇرۇپ قاپتۇ. كەچ بولغاندا چاشقانلار پادىشاھى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئى ئادەمزات، ئىشىڭ يوق ئادەممۇسەن؟

— مېنىڭ ئىشىم زۆرۈر ئىدى. سېنىڭ قوۋمىڭ بەك ئۇششاق ئىكەن، ئېتىمنىڭ تۇيىقىدا ئۆلۈپ كەتمىسۇن، مەشرەپ ئويناپ بولغاندا ئاندىن ماڭاي، دەپ قاراپ تۇردۇم، — دەپتۇ بەڭۋۇشى بىنارى.

چاشقانلار پادىشاھى بۇنى ئاڭلاپ:

— سەن ئالىيجاناب ئىنسان ئىكەنسەن. بىز تا ھازىرغىچە بىرەر ئىنساننىڭ سەندەك رەھىمدىللىكىنى كۆرۈپ باقمىغانىدۇق. تالاي ئادەملەرنىڭ ئېتىنىڭ تۇيىقى ئاستىدا نۇرغۇنلىغان قوۋم - قېرىنداشلىرىمىز ئۆلۈپ كەتكەنىدى. بۇ ھىممىتىڭ ئۈچۈن سېنى تەڭرى مۇرادىڭغا يەتكۈزگەي. ئەگەر بىرەر مۈشكۈلاتقا يولۇقساڭ، بۇ قېرىندىشىمىنىڭ ئۇستىخىنىنى كۆيدۈرسەڭ، بىز شۇئان يېنىڭغا ھازىر بولۇپ مۈشكۈلاتىڭنى

ئاسان قىلغايمىز، — دەپ، بىر چاشقاننىڭ ئۇستىخىنىنى ئۇ-نىڭغا بېرىپتۇ، يەنە بىرنەچچە نۆكىرىنى ئۇنىڭغا قوشۇپ قو-يۇپتۇ. بەخۇشى بىنارى كۆپ سۆيۈنۈپ، ئۇستىخاننى پوتىسىغا تۇگۇپ يولغا راۋان بوپتۇ. چاشقان نۆكەرلەر بەخۇشى بىنارى-نىڭ ئالدىدا يول باشلاپ مېڭىپ، دۆلەر شەھىرىگە يېقىن بىر جايغا ئەكېلىپ قويۇپ خوشلىشىپ قايتىپ كېتىپتۇ.

بەخۇشى بىنارى ئۈچ كۈن بولغاندا بىر تاغنىڭ يېنىغا كېلىپ چۈشۈپتۇ. تاغقا سىنچىلاپ قارىغانىكەن، ئاسمان - پەلەك ئۆسۈپ كەتكەن ئۈچ تۈپ چىنارنى، ئوتتۇرىسىدىكى بىر تۈپ چىنارنىڭ شېخىدا بىر ئالتۇن قەپەس ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئالتۇن قەپەستە كۆزلىرى بۇلاقتەك، قاشلىرى قىياقتەك، لەۋلىرى جىنەستىدەك، چېھرىدىن نۇر چاقناپ تۇرغان بىر مەلىكە سولاقلىق تۇرغۇدەك. بەخۇشى بىنارى مەلىكىنى كۆرۈپ يۈرىكىگە ئىشق ئوتى تۇتىشىپ، ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ يېتىپ قاپتۇ، ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ھوشىغا كېلىپ ۋادەرىخ ئېيتقان غارغا قاراپ راۋان بوپتۇ، چىڭقى چۈش بولغاندا غار ئاغزىغا كەپتۇ. غارنىڭ ئىشىكى بەخۇشى بىنارىنىڭ ھىدىنىڭ تەسىرىدە ئېچىلىپ كېتىپتۇ. بەخۇشى بىنارى ئىچكىرىسىگە قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا شۇنداق گۈزەل قىزلار ئۇسسۇل ئويناپ ئۇنىڭ قوللى-رىنى تارتىپتۇ، ئەمما بەخۇشى بىنارى بەخىراماں مېڭىۋېرىپ-تۇ. شۇنداق مېڭىپ بىر جايغا بارغاندا، قىرىق كۆزلۈك، توق-قۇز مۈڭگۈزلۈك، بەتبەشىرە بىر مەخلۇق ئالدىن تۇغما ھا-لەتتە قاتتىق ۋارقىراپ بەخۇشى بىنارىغا قاراپ ئېتىلىپتۇ، ئۇنىڭ چىرقىرىشىدىن ئۆڭكۈرنىڭ تاملىرى قاتتىق سىلكى-نىپ تىترەپ كېتىپتۇ. بەخۇشى بىنارى قورقۇپ ئۆلەيلا، دەپ قاپتۇ، ئەمما چىشىنى چىشلەپ، ۋارقىرىماي، مىسران قىلى-

چىنى مەھكەم تۇتۇپ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپتۇ. قاراڭغۇدەك بولسا، شىر، يولۋاسلار ئۆزىگە خىرىس قىلىپ تۇرغۇدەك. بەھۇشى بىنارى ئۇلار بىلەن بىر ئاش پىشىم قاتتىق ئېلىشىپ، ئۇلارنى جېنىدىن جۇدا قىپتۇ. يەنە بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن قەپەسكە سولاقلىق تۇرغان دەمدەرنىڭ قېشىغا كەپتۇ. دەمدەرنىڭ چىرايلىقلىقىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ بوينىنى ئۇزۇشكە كۆڭلى ئۇنىماي دەمدەرنى قوينىغا سېلىپ مېڭىۋېرىپتۇ. بەھۇشى بىنارى غاردىن چىقىپ ئۇدۇل چىنارنىڭ تۇۋىگە كەپتۇ ۋە چىنارنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ، قىلىچ بىلەن چىنارغا قارىتىپ: «بۇ مېنىڭ قولۇم ئەمەس، ۋادەرىخىنىڭ قولى!» دەپ قىلىچنى چىنارغا قارىتىپ ئۇرغانىكەن، قىلىچ سۇنى كەسكەندەك چىنارنى كېسىپ تاشلاپتۇ. چىنارنىڭ شېخى گۈلدۈرلەپ ئالەمنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ يەرگە چۈشۈپتۇ. ئۇ ئالتۇن قەپەسنى چىناردىن ئاجرىتىپ، قەپەسنى چېقىپ مەلىكىنى ئازاد قىپتۇ. بەھۇشى بىنارى مەلىكىنى ئېتىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ، بىر قولىدا قىلىچنى تۇتۇپ، بىر كۈنلۈك يولنى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بېسىپ شامالدەك كېتىۋاتسا، ئارقا تەرەپتىن بىر شەپە پەيدا بوپتۇ. ئارقىسىغا شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، گۈلدۈر - گۈلدۈر، قاراس - قۇرۇس ئاۋازلار ئالەمنى تىترىتىپ بىرنەرسىلەر كېلىۋاتقۇدەك. ئەسلىدە دىۋىلەر ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، مەلىكىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانىكەن. مەلىكە بۇنى سېزىپ قاپتۇ - دە، بەھۇشى بىنارىدىن:

— ئى يىگىت، سىز قەيەردىن كەلگەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن سىزنىڭ دادىڭىزنىڭ شەھىرىگە سودىگەرچىلىك قىلغىلى كېتىۋاتاتتىم. مېنىڭ بىر ئىنىم بار ئىدى، ئۇ سىزنى ئەكېلىشكە بۇيرۇغانىدى، شۇڭا بۇ يەرگە سىزنى قۇتقۇزغىلى

كەلگەنمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بەخۇشى بىنارى.
— ئۇنداق بولسا دەمدەرنىڭ بوينىنى دەرھال ئۈزۈڭ، دەمدەرنىڭ بوينىنى ئۈزمىسىڭىز دىۋىلەر بىزنى ساق قويمايدۇ. دىۋىنىڭ جېنى مۇشۇ دەمدەردە، دەمدەرنىڭ بوينىنى ئۈزسىڭىز شۇ هامان دىۋىلەر ئۆلىدۇ، بىز شەھىرىمىزگە ئامان ـ ئېسەن يېتىپ بارالايمىز، — دەپتۇ. بەخۇشى بىنارى دەمدەرنىڭ بوينىنى ئۈزۈشكە كۆزى قىيماي، ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماپتۇ. ئارقا تەرەپتىن تۇمەنمىڭ دىۋە قوغلاپ يېتەيلا، دەپ قاپتۇ.
— ئى يىگىت، دەمدەرنىڭ بوينىنى دەرھال ئۈزۈڭ، بىز دىۋىلەرنىڭ قولىغا چۈشەي، دەپ قالدۇق، — دەپ يىلىنىپتۇ مەلىكە. بەخۇشى بىنارى يەنە قۇلاق سالماپتۇ. شۇ زامات دىۋىلەر ئارقىسىدىن يېتىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ بېشىغا قىلىچ ئۇرغىلى تەييارلانغاندا، مەلىكە:
— ئى يىگىت، دەمدەرنى قولىڭىزغا ئېلىڭ، مەن كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ. بەخۇشى بىنارى ئامالسىز دەمدەرنى قوينىدىن ئېلىشى بىلەن، مەلىكە ئۇنىڭدىن دەمدەرنى تالىشىپتۇ. دىۋىلەر شۇ ۋاقىتتا ئۇ ئىككىيلەننىڭ بېشىغا قىلىچ ئۇرغانىكەن، قىلىچ ئۇلارنىڭ بېشىنى كېسىپ بولغۇچە بەخۇشى بىنارى چەبدەسلىك بىلەن دەمدەرنىڭ بېشىنى ئېگەرنىڭ قۇشبېشىدا قويۇپ بوينىنى كېسىۋېتىپتۇ. دەمدەرنىڭ بوينى كېسىلگەن هامان دىۋىلەرنىڭ ھەممىسى تۇرغان يېرىدە جان ئۈزۈپتۇ. ئاندىن ئۇلار يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار شۇنداق مېڭىپ ھېلىقى بۇلاق بېشىغا كېلىپ ۋادەرىخ ۋە ئۈچ غۇلام بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلىشىپ بىرنەچچە كۈن شۇ جايدا تۇرۇپ قاپتۇ. ۋادەرىخ:
— ئى ئاكا، سەن دەمدەرنىڭ بوينىنى ئۈزمەي جېنىڭدىن

ئايرىلىپ قالغىلى تاس قاپسەن، نېمىشقا دەمدەرنىڭ بوينىنى دەسلەپتىلا ئۈزۈۋەتمىدىڭ؟ — دەپتۇ.

— ئۇ دەمدەر بەكمۇ چىرايلىق ئىكەن، بوينىنى ئۈزگىلى كۆڭلۇم قىيمىغانىدى، — دەپتۇ بەخۇۋشى بىنارى.

— ئى ئاكا، ئەگەر قېرىنداش بولساق مېنىڭ دېگىنىم بويىچە قىل، بولمىسا، بىز زىيان تارتىپ قالىمىز، — دەپتۇ ۋادەرىخ.

ئۇلار يوكلىرىنى ئارتىپ، قىزنىڭ شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ، ئوتتۇز توققۇز كېچە - كۈندۈز جاپالىق يول يۈرۈپ مەلىكىنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار بىر دۇكاننى سېتىۋېلىپ، يۈك - تاقلىرىنى چۈشۈرۈپ، شۇ يەردە هاردۇقىنى ئاپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە دۇكاننى ئېچىپ، يەتتە ئىقلىمدىن تېپىلمايدىغان كىيىم - كېچەك، زىبۇزىننەت، نەرسە - كېرەكلەرنى دۇكانغا ساپتۇ. بۇنى



كۆرگەن شەھەر خەلقى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە، ئاڭلىمىغانلارغا ئاڭلىتىپ، ئاڭلىغانلارنى ئالدىرىتىپ ھەش - پەش دېگۈچە دۇكاننىڭ ئالدىغا ھازىر بوپتۇ.

بۇ شەھەرگە گاھى ئالتە ئايدا، گاھى ئالتە يىلدا بىر قېتىم سودىگەرلەر كېلىپ ماللىرىنى سېتىپ كېتىدىكەن. بۇ يۇرت خەلقى يەنە بىر سودىگەر كەلگۈچە يەتكۈچىلىك سودىلىقىنى قىلىۋالىدىكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ خانىشى يېڭى كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ دۇكىنىغا كېلىپ نەرسە - كېرەك سېتىۋالغىلى تۇرغاندا، مەلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ، مالنىمۇ كۆرمەي ئوردىغا قايتىپ كېتىپتۇ. بۇ دۇكانغا مەلىكىنىڭ ئىنىكئانىسىمۇ مال ئالغىلى كېلىپ مەلىكىنى تونۇپ قاپتۇ. مەلىكىنىڭ مەڭزىدە چولپان يۇلتۇزدەك بىر مەڭ بار ئىكەن. ئىنىكئانا تاللىغان ماللىرىنى قويۇپ قويۇپ: «پۇلۇم كەملەپ قالىدىكەن، ئۆيگە بېرىپ پۇل ئېلىپ كېلەي» دەپ ئۇدۇل پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ.

— ئى پادىشاھئالەم، سىلىگە بىر خۇش خەۋەر بار، — دەپ سۆزىنى باشلاپتۇ ئىنىكئانا، — يىگىرمە يەتتە يىلنىڭ ئالدىدا غايىب بولغان قىزلىرى مەلىكە ماھىتابان يېڭى كەلگەن سودىگەرلەر بىلەن بىللە سودا قىلىپ ئولتۇرىدۇ. مەن ئۇنى كۆكسىدىن ئوقچۇپ چىققان سۈتۈمدىن تونۇدۇم، — دەپتۇ. پادىشاھ ۋە خانىش قارىسا، دېگەندەك ئىنىكئانىنىڭ كۆكسىدىن سۈت ئېقىۋاتقۇدەك.

— ئەگەر بۇنىڭغىمۇ ئىشەنمىسىلە، خانىشنىڭ كۆكسىگىمۇ قاراپ باقسىلا، — دەپتۇ. پادىشاھ خانىشنىڭ كۆكسىنى ئېچىپ كۆرگەنىكەن، راست، خانىشنىڭ كۆكسىمۇ كۆتۈرۈلۈپ سۈت تېمىپ تۇرغۇدەك. پادىشاھ بۇنى كۆرگەندىن كېيىن، ۋەزىر - ياساۋۇللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ سودىگەرلەرنىڭ دۇكىنى-

غا بېرىپ قىزغا سىنچىلاپ قاراپ، راست ئۆزىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنى كەچلىك زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ قويۇپ ئوردىغا قايتىپ كېتىپتۇ.

كەچتە سودىگەرلەر دۇكاننى بالدۇر يىغىپ، پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قەدەم تەشرىپ قىپتۇ. پادىشاھ سودىگەرلەرنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن قىزغىن قارشى ئاپتۇ. سودىگەرلەر غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، قىزغىن سۆھبەت بولۇۋاتقاندا بەگۈشى بىنارى پادىشاھقا:

— كېرەملىك شاھىم، بۇ قىزنى بىز دېڭىزلەر شەھىرىدىن قۇتقۇزۇپ ئەكەلگەنىدۇق. ئاڭلىشىمچە، بۇ قىز سىلىنىڭ قىزلىرى ئىكەن. بۇ قىزنى سىلىنىڭ ئۆز قوللىرىغا تاپشۇرۇپ بېرەيلى، دەپ ئويلاشقانىدۇق، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ خۇشلۇقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ. مۇشۇ خۇش خەۋەر ئۇچقۇن پۈتۈن يۇرت خەلقىگە ئويۇن - تاماشا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ سودىگەرلەرگە كاتتا تونلارنى يېپىپتۇ ۋە كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ:

— قەدىرلىك سودىگەرلەر، سىلەر ماڭا ھاياتلىق بەردىڭلار. ئەگەر سىلەر قىزىمنى قۇتقۇزۇپ كەلمىگەن بولساڭلار، قىزىمنىڭ دەردىدە ئاز كۈن ئىچىدە كۆزۈم كور بولۇپ قالار ئىدى. ئەمدى پادىشاھلىقىنىڭ ماڭا كېرىكى يوق، سىلەرگە پادىشاھلىقىمنى بېرەي، بىرىڭلارغا قىزىم ماھتاباننى نىكاھلاپ بېرەي، — دەپتۇ. ۋادەرىخ پادىشاھقا ئېگىلىپ تۇرۇپ:

— كېرەملىك شاھىم، خانلىقلىرى ئۆزلىرىگە قالسۇن، قىزلىرى ماھتاباننى ئاكام بەگۈشى بىنارىغا نىكاھلاپ بەرسىلە، — دەپتۇ. پادىشاھ ماقۇل بولۇپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا ئۆتكۈزۈپ، نىكاھ ئوقۇغىلى قويۇپتۇ:

— ۋادەرىخ، سەن مېنى بۇ خىزمەتكە بۇيرۇمىغان بولساڭ بۇ قىزنى مەن قۇتقۇزۇپ كېلەلمەيتتىم، شۇڭا بۇ قىزنى سەن ئالغىن، — دەپتۇ بەگۇشى بىنارى.

— بۇ قىزنى سەن قۇتقۇزۇپ كەلدىڭ، سەن مەندىن چوڭ بولغاندىكىن سەن ئالغىن، — دەپتۇ ۋادەرىخ بەگۇشى بىنارىغا.

ئىككىيلەن بىرلىككە كېلەلمەي ئۈچ كېچە - كۈندۈز تالاش - تارتىش قىلىشقاندىن كېيىن، مەلىكىنى بەگۇشى بىنارىغا نىكاھ قىلىپ قويۇپتۇ. سودىگەرلەر بۇ شەھەردە بىر - نەچچە ئاي تۇرغاندىن كېيىن، يول تەييارلىقىنى قىلىپ، يۇرت خەلقى بىلەن خوشلىشىپ، مەلىكە ماھىتاباننى ئېلىپ ئۆز شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. پادىشاھ سودىگەرلەرگە بەش يۈز قېچىر ئالتۇن - كۈمۈش سوۋغات قىلىپ، ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

ئۇلار كۆپ يول مېڭىپ، ئىلگىرىكى بۇلاق بېشىغا يېتىپ كەپتۇ. قېچىردىكى يۈكلەرنى شۇ يەرگە چۈشۈرۈپ، قېچىرلارنى ئوتلاققا قويۇۋېتىپ، ئۆزلىرى شۇ يەردە بىرنەچچە كۈن ئارام ئاپتۇ. ۋادەرىخ بەگۇشى بىنارىغا:

— ئاكا، مەن ئەمدى كەلگەن يولۇمغا قايتىپ كېتەي، — دەپتۇ. بەگۇشى بىنارى ئۆزى بىلەن بىللە تۇرۇشنى دەۋەت قىلىپ ئۇنىڭ كېتىشىگە قوشۇلماپتۇ، ۋادەرىخمۇ ئاكىسىنىڭ گېپىگە قوشۇلماپتۇ. ئاخىر بەگۇشى بىنارى ۋادەرىخكە:

— ئۇكام، بۇ خوتۇننى مەن ئالدىم. بايلىقلارنى تەڭ بۆلۈشەيلى سىزگە ئۈۋالچىلىق بولغۇدەك، بۇ بايلىقلارنى بۇ ئۈچ غۇلام شەھىرىڭىزگە ئاپىرىپ بېرىپ كەلسۇن، — دەپتۇ. ۋادەرىخ بۇنىڭغا قوشۇلماپتۇ. ئۇلار تالاش - تارتىش قىلىشىپ بىر - بىرىنىڭ گېپىگە قوشۇلماي، ۋادەرىخ ئۆزى كەلگەن يول بىلەن ئېتىنى مىنىپ، قىلىچىنى ئويىنىتىپ كېتىپ

قاپتۇ. بەخۇشى بىنارى ۋادەرىخ كەتكەن يولغا قاراپ تۇرغىنىدا، ئۈچ خىزمەتچى:

— ئى بەخۇشى بىنارى، ئىسمىڭمۇ بەخۇشى ئىكەن، ئۆزۈڭمۇ بەخۇشى ئىكەنسەن. ۋادەرىخ يول كۆرسەتمىگەن بولسا، شۇ قىزنى ئېلىپ بۇنداق كۆپ دۇنيا تېپىشىڭ مۇمكىنمىدى؟ سەن ۋادەرىخنى تېپىپ بۇ مالنى ئۇنىڭغا ئىنئام قىلغىن، بولمىسا ئادەمگەرچىلىك قىلمىغان بولىسەن، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

بەخۇشى بىنارى ئۇلارنىڭ گېپىنى توغرا تېپىپ، بەش يۈز قېچىر مالنى ئېلىپ ۋادەرىخنى ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ. يولدا مىڭ مۇشكۇلاتلارنى يېڭىپ بىر جايغا كېلىپ ئەتراپقا قارىغۇدەك بولسا، ئالدىدا ھەيۋەتلىك يەتتە قات سېپىل كۆرۈنۈپتۇ. سېپىلنىڭ تاملىرى ئالتۇندىن، تۆۋرۈكى مەرمەردىن ئىكەن. ۋادەرىخنىڭ ئىزى مۇشۇ سېپىلنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە غايىب بولۇپ كېتىپتۇ. بەخۇشى بىنارى دەرۋازىنىڭ ئىچىگە قارىماق بولغاندا، ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي پەيدا بوپتۇ ۋە بەخۇشى بىنارىغا:

— ئى ئوغلۇم، قولۇڭنى تارت، بۇ جاي پەرىزاتلارنىڭ يۇرتىدۇر. ئادەمزات ھىدى كەلسە، ئۇلار دەرھال ئېيىقتا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. سەن نېمە مەقسەت بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. بەخۇشى بىنارى بوۋايغا بولغان ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئاپئاق ساقاللىق بوۋاي بەخۇشى بىنارىغا:

— بۇ يەردىن ئازراق ماڭساڭ بىر گۇمبەز بار. سەن شۇ گۇمبەز ئىچىگە كىرسەڭ ناھايىتى چوڭ بىر يىلاننىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، تويدۇرماي بېرىپ يىلاننى چېپىۋەت. يىلاننىڭ يېنىدا بىر مەرمەر كوزا بار. يىلان شۇ مەرمەر

كوزىنى كىچە ـ كۈندۈز ساقلايدۇ. پەرىزاتلارنىڭ جىنى شۇ مەرمەر كوزىدا. يىلان بۈگۈن قاتتىق ئۇيقۇدا، يىلاننى چېپىـ ۋېتىپ مەرمەر كوزىنى دەرھال قولۇڭغا ئېلىۋال. ئۇششاق يىلانلار ئويغىنىپ ساڭا قاتتىق خىرىس قىلىدۇ. سەن ئۇلار ـ دىن ھەرگىز قورقما، قىلچە تىترىمە، سەنمۇ ھەيۋەڭنى كۆر ـ سەت. ئۇلار كىيىن ساڭا يېلىنىدۇ، سەن ئالدىراپ ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتما. كىيىن ئۇلار سەندىن: «نېمە مەقسەت بىلەن كەلدىڭ؟» دەپ سورايدۇ. جاۋاب بەرمە. ئۇلار ئۈچ قېتىم شۇنداق سورىغاندىن كىيىن ئاندىن مەقسىتىڭنى ئېيتقىن. دېگىنىم بويىچە قىلمىساڭ ھاياتىڭدىن ئايرىلىسەن، — دەپتۇ ۋە دۇئا قىلىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

بەگۈشى بىنارى ئاق ساقال بوۋاينىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىپ، گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، شۇنداق چوڭ بىر يىلان ئۇخلاۋاتقۇدەك. بەگۈشى بىنارى پۈتىـ نىڭ ئۇچىدا دەسسەپ يىلاننىڭ قېشىغا بېرىپ، يىلاننى ئۆل ـ تۈرۈۋېتىپلا مەرمەر كوزىنى قولىغا ئېلىۋاپتۇ. تۈمەنمىڭ يىلان بەگۈشى بىنارىغا خىرىس قىلىشقا باشلاپتۇ. بەگۈشى بىنارى قىلچە قورقماي، مەرمەر كوزىنى ئېلىپ گۈمبەزدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن مېڭىپتۇ. يىلانلار بەگۈشى بىنارىغا يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ:

— ئى يىگىت، سېنىڭ نېمە مەقسىتىڭ بار؟ — دەپ ئۈچ قېتىم سوراپتۇ. بەگۈشى بىنارى:

— ۋادەرىخنى دەرھال چىقىرىپ بەرمىسەڭلار كوزىنى چېقىۋېتىمەن! — دەپتۇ. يىلانلار ۋادەرىخنى چىقىرىپ بې ـ رىشكە ماقۇل بوپتۇ.

قارىسا ئالدىدا ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك بىر قىز تۇرغۇدەك. بەگۈشى بىنارى يىلانلارغا:

— مەن سىلەرگە بۇ قىزنى ئەمەس، ۋادەرىخنى دېگەنىدىم. سىلەر نېمە ئۈچۈن ۋادەرىخنى چىقىرىپ بەرمەيسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. يىلانلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپ:

— ئى ئادەمزات، بىزنىڭ بۇ شەھىرىمىزدە ئەر كىشى يوق، ئەر كىشىلەر لەشكەرلىككە تۇتۇپ كېتىلگەن. ۋادەرىخ بىزنىڭ پادىشاھىمىزنىڭ قىزى بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بەگۈشى بىنارى قىزغا:

— ئەي مەھبۇبە، دەرھال نىكاھىمغا ئۆت، بولمىسا بۇ كوزىنى چېقىپ تاشلايمەن، — دەپ جار سالپتۇ. ۋادەرىخ ئامالسىز بەگۈشى بىنارىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىپتۇ ۋە مۇنداق بىر شەرتنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ:

— ئەمدى مەن سېنىڭ نىكاھىڭنى قوبۇل قىلدىم، ئەمما بىزنىڭ بۇ شەھىرىمىزدە پادىشاھنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ توي قىلىشقا بولمايدۇ. پادىشاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىمنىڭلا بولمىسۇن ئادەمزات بىلەن كۆرۈشۈشى مەنئى قىلىنغان. ئەگەر ئىككىمىزنىڭ سۆزلىشىپ تۇرغىنىمىزنى شاھ ئاتام كۆرۈپ قالسا، شۇ هامان جېنىمىزدىن ئايرىلىمىز. سەن بېرىپ شاھ ئاتامنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ كەلگىن. ئوردىغا كىرگەندە ئوردىدا بىر ئالتۇن دۇمباق بار، دۇمباق ئۈستىدە ئالتۇن چوكا بار، شۇ چوكا بىلەن دۇمباقنى قاتتىق ئۇرغىن. بىر قېتىم ئۇرغان چېغىڭدا دادام بىھوش بولۇپ يىقىلىدۇ، ئىككىنچى قېتىم ئۇرغىنىڭدا سېنىڭ ئالدىڭغا چىقىپ، سەن بىلەن كۆرۈشمەكچى بولىدۇ، سەن قولۇڭنى بەرمىگىن، ئۈچىنچى قېتىم ئۇرغىنىڭدا: «سەن نېمە ئادەم؟» دەپ سورايدۇ. سەن ئۆز مەقسىتىڭنى ئېيتقىن. دادام نېمە دېسە، شۇنى ئاڭلاپ، مېنىڭ قېشىمغا چىققىن.

بەگۈشى بىنارى ۋادەرىخنىڭ دېگىنى بويىچە پادىشاھنىڭ

ئوردىسىغا كىرىپتۇ. كىرىپ ئالتۇن دۇمباقنى ئالتۇن چوكا بىلەن شۇنداق ئۇرغانىكەن، پادىشاھ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ، ئىككىنچى قېتىم ئۇرغاندا ھوشىغا كېلىپ بەخۇشى بىنارىنىڭ ئالدىغا ھازىر بوپتۇ. ئۈچىنچى قېتىم ئۇرغاندا:

— سەن نېمە ئادەم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن قىزىڭنى ئالغىلى كەلگەن ئادەممەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بەخۇشى بىنارى.

— قىزىمنى ئالغىلى كەلگەن بولساڭ تويلۇق سالىمەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

پادىشاھ بەخۇشى بىنارىنى خەزىنىسىنىڭ ئىچىگە باشلاپ كىرىپ، بىر چارەك ئالتۇننى تارازىدا تارتىپ، بەخۇشى بىنارىنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىگە تۆكۈپ بېرىپتۇ ۋە بەخۇشى بىنارىنى تۇگمەنگە ئېلىپ بېرىپ، ھېلىقى ئالتۇننى تۇگمەندە تارتىپ، ئۇن قوشلۇق يەرگە چېچىۋېتىپتۇ، ئارقىسىدىن ئۇن قوش كەلتۈرۈپ يەرنى ئاغدۇرۇۋېتىپتۇ، ئاندىن بەخۇشى بىنارىغا:

— ئەي يىگىت، سەن قىزىمنى ئالماقچى بولساڭ، چېچىۋەتكەن ئالتۇننى بىرمۇبىر تېرىپ، بىر مىسقال كەم قويماي ماڭا تاپشۇرىسەن، ئەگەر بىر مىسقال كەم بولسا كاللاڭنى ئالىمەن، — دەپتۇ.

بەخۇشى بىنارى «ماقۇل» دەپ، ئۇدۇل ۋادەرىخنىڭ ھۇجرىسىغا بېرىپ بولغان ئىشلارنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— بۇنىڭ چارىسى ئاساندۇر. چۇمۇلىلەر پادىشاھى بىلەن چاشقانلار پادىشاھى بەرگەن ئۇستىخانلار بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ۋادەرىخ. بەخۇشى بىنارى «بار» دەپ يوتىسىدىن ئۇستىخانلارنى ئېلىپ كۆيدۈرگەنىكەن، چۇمۇلىلەر بىلەن چاشقانلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ھازىر بولۇپ قول باغلاپ تۇرۇپ:

— ئى ئادەمزات، نېمە مۇشكۇلاتىڭ بار ئىدى؟ خىزمە-تىڭگە تەييارمىز! — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بەختۇشى بىنارى:

— ئى غەمگۇزارلىرىم، مەن بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزىنى ئەمرىمگە ئالماقچىدىم. پادىشاھ بىر چارەك ئالتۇننى ئۇن تارتىپ يەرگە چېچىۋەتتى، ئاندىن ماڭا: «بۇ ئالتۇنلارنى بىر مىسقال كەم قويماي تېرىپ ماڭا تاپشۇرساڭ قىزىمنى بېرىمەن، بىر مىسقال كەم قالسا كاللاڭنى ئالىمەن» دېدى. ئالتۇننى تېرىشىپ بەرسەڭلار، — دەپتۇ. چاشقانلار بىلەن چۇمۇلىلەر ھەش - پەش دېگۈچە ئالتۇننى تېرىپ بىر يەرگە جەم قىپتۇ. بەختۇشى بىنارى ئالتۇننى تارازىدا تارتىپ قارىسا، بىر مىسقالمۇ كەم چىقماپتۇ. بەختۇشى بىنارى بۇ ئالتۇنلارنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ:

— كېرەملىك شاھىم، ئالتۇننى تېرىپ كەلدىم، مانا ئالتۇن، — دەپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ، پادىشاھ ئالتۇننى تارتىپ كۆرگەنىكەن، ئارتۇقى يوق، كېمى يوق بىر چارەك كەپتۇ. پادىشاھ يىگىتنىڭ غەيرىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ ۋادەرىخنى بەختۇشى بىنارىغا نىكاھلاپ بېرىپتۇ. بىرنەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن، بەختۇشى بىنارى پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ:

— كېرەملىك شاھ ئاتا، قېرىنداشلىرىم مېنى ساقلاپ قالدى، يۇرتۇمغا قايتاي دەيمەن، ئۆزلىرىنىڭ ئىلتىپاتلىرىنى كۈتىمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ، ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا قىرىق خىزمەتچىنى ئۇلارغا قوشۇپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

بەختۇشى بىنارى شۇنداق مېڭىپ ئۈچ كۈنلۈك يولنى ھەش - پەش دېگۈچە بېسىپ ھېلىقى بۇلاق بېشىغا يېتىپ كەپتۇ. مەلىكە ۋە ئۈچ خىزمەتچىسى بەختۇشى بىنارىنىڭ يو-

لىغا تەلمۈرۈپ تۇرغانىكەن. ئۇلار بەخۇشى بىنارى بىلەن كۆ-رۈشۈپ كۆز يېشى قىلىشىپ، بىرنەچچە كۈن بۇلاق بېشىدا تۇرۇپتۇ، ئاندىن يۇك - تاقلىرىنى ئارتىپ بەخۇشى بىنارىنىڭ شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

ئۇلار كۆپ يول يۈرۈپ، بەخۇشى بىنارىنىڭ شەھىرىگە چۈشۈپتۇ. كەلسە بەخۇشى بىنارىنىڭ ئانىسى گۈلى شەمشە ئوغلىنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ، كۆپ يىغلاپ ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن. بەخۇشى بىنارى پادىشاھلىقىنى قايتىدىن قولىغا ئېلىپ، يۇرتىنى ئادىل سوراپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

# مېھرى بىلەن ۋاپا

پەرەڭ شەھىرىدە خوجا سەئىد، دېگەن بىر سودىگەر بو-لۇپ، ئۇنىڭ مېھرى ئىسىملىك پەرىزاتتەك گۈزەل بىر چۆ-رىسى بار ئىدى. خوجا سەئىد مېھرىنى بالىسى قاتارىدا كۆرۈپ ئەتىۋارلاپ ئۆستۈردى. مېھرى يەتتە ياشقا تولغاندا خوجا سە-ئىد ئۇنى مەكتەپكە بېرىپ، مۇئەللىمگە تاپشۇردى.

شۇ شەھەردە خوجا پەررۇخ ئاتلىق يەنە بىر سودىگەر بو-لۇپ، ئۇنىڭ خوجا ۋاپا ئىسىملىك ئوغلى بار ئىدى، ئۇمۇ شەھەردىكى بىر مەدرىسىدە ئوقۇيتتى.

بىر كۈنى خوجا ۋاپا مەدرىسىنىڭ پەشتىقىغا چىقىپ يولدىن ئۆتكەن – كەچكەنلەرنى تاماشا قىلىۋاتاتتى، دەل شۇ چاغدا مېھرى مەكتەپتىن قايتىپ شۇ يولدىن ئۆتتى. خوجا ۋاپانىڭ كۆزى مېھرىگە چۈشتى، شۇئان مېھرىنىڭ كىرپىك ئوقى خوجا ۋاپانىڭ قەلبىگە تەگدى. خوجا ۋاپا يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن بىر ئاھ ئۇردى. نەزم:

كۆيدۈرۈپ باغرىمنى چىققان ئاھتىن،
كېلىدۇ كۆيگەن كاۋاپلارنىڭ ھىدى.

مېھرىمۇ خوجا ۋاپانى كۆرۈپ ئۇنىڭغا چىن دىلىدىن ئا-

شىق بولدى.

مېھرى ئۆيگە يېتىپ باردى، خوجا ۋاپانىڭ پىراقىدا كېچىسى كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. خوجا ۋاپامۇ بۇ كېچىنى كىرپىك قاقماي ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى.

تاڭ ئاتتى. مېھرى ئادىتى بويىچە مەكتەپكە ماڭدى. خوجا ۋاپامۇ مەدرىسىنىڭ پەشتىقىغا چىقىپ مېھرىنىڭ ئىشتىياقىدا ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇردى. شۇ چاغدا مېھرى يولدىن ئۆتتى. خوجا ۋاپا ئالمان - تالمان پەشتاقتىن چۈشۈپ مېھرىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئەي قىز، نەگە ماڭدىڭىز؟ كىمنىڭ قىزى بولىسىز؟

— مەن خوجا سەئىدنىڭ قىزى بولىمەن. مەكتەپكە كېتىۋاتىمەن.

— سىزنىڭ ئىشتىياقىڭىزدا بىقارار بولدۇم. بۇنىڭ ئىلاجى بارمۇ؟

— ئەي يىگىت، مەنمۇ سىزنىڭ جامالىڭىزغا مۇشتاقدۇرمەن. سىزگە مەسلىھەتىم شۇكى، سىز بىزنىڭ مەكتەپكە ئالىمنىڭ ۋە: «مەن باللارغا خەلپەت بولسام» دەپ مۇئەللىمگە ئىلتىماس قىلىڭ. ئەگەر سىزنى خەلپەت قىلىپ قويسا، سىز ماڭا دەرس ئۆگىتىسىز، شۇ چاغدا بىز مۇرادىمىزغا يېتىمىز.

مېھرى شۇ گەپلەرنى دېدى - دە، مەكتەپكە قاراپ راۋان بولدى. خوجا ۋاپا ھۇجرىسىغا قايتىپ كەلدى. بۇ كېچە ھەر ئىككىلىسى ئۇيقۇسىز تاڭ ئاتقۇزدى.

سەھەردە خوجا ۋاپا مېھرىنىڭ مەكتىپىگە بېرىپ مۇئەللىمنى تاپتى ۋە ئۇنىڭغا:

— مەن مۇشۇ مەكتەپكە يۆتكەلسەم، مېنى خەلپەت قىلىپ قويسىڭىز، باللارغا ساۋاق ئۆگەتسەم، ئۆزۈممۇ شۇ ئارقىلىق ئىلىم - ھېكمەتكە كامىل بولسام. ئۇلارغا ئۆگەتكىنىمنىڭ

ساۋابى سىزگە بولسا ... — دېدى.

مۇئەللىم ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆرۈپ، ئۇنى ئۆز مەك-تىپىگە ئالدى ۋە باللارغا خەلپەت قىلىپ قويدى. خوجا ۋاپا باللارغا دەرس ئۆگىتىشكە باشلىدى. كەچتە دەرستىن چۈش-كەندىن كېيىن، خوجا ۋاپا بىلەن مېھرى ئۆيىگە بىللە قايت-تى. ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ: «ئەته مەكتەپكە سەن بۇرۇن كەلسەڭ مېنى بىرنى سۆيگىن، ئەگەر مەن بۇرۇن كەلسەم سېنى بىرنى سۆيەي» دەپ ۋەدە قىلىشتى.

ئەتىسى خوجا ۋاپا مېھرىدىن بالدۇرراق مەكتەپكە يېتىپ كەلدى. ئۇ مېھرىنى قوغلاپ يۈرۈپ بىرنى سۆيۈۋالدى. خوجا ۋاپا مەكتەپتە باشقا باللارغا بىر قېتىم ئۆگەتسە، مېھرىگە ئون قېتىم ئۆگىتەتتى. ئۇ كۈنمۇ ئۆتتى. دەرستىن چۈش-كەندىن كېيىن ھەر ئىككىسى: «ئەته قايسىمىز بالدۇر مەك-تەپكە كەلسەك ئىككىنى سۆيەيلى» دەپ ۋەدە قىلىشتى.

ئەتىسى مېھرى بالدۇر كەلدى ۋە خوجا ۋاپا كېلىشى بى-لەن ئۇنى ئىككىنى سۆيۈپ قويدى. بۇ كۈنى ئۇلار: «ئەته قاي-سىمىز بالدۇر كەلسەك ئۈچنى سۆيىمىز» دېيىشىپ مەكتەپتىن ياندى. ئۇلارنىڭ كېچە - كۈندۈز پىكرى - خىيالى بىر - بىرىدە بولۇپ، كۆڭلەرنىڭ قانداق ئۆتۈۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى.

بىر كۈنى مېھرى مەكتەپكە كەلمىدى. مۇئەللىم مېھرىنى چاقىرىشقا بالا ئەۋەتتى. مېھرىنىڭ ئاتىسى خوجا سەئىد:

— مېھرى ئەمدى كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدى، تالا - تۈزگە چىقىپ يۈرسە ئانچە ياخشى ئەمەس. خەلپەت ئۇنىڭغا ھەر كۈ-نى ئۆيگە كېلىپ دەرس ئۆگەتسۇن، — دېدى.

ھېلىقى بالا مەكتەپكە بېرىپ خوجا سەئىدنىڭ ئېيتقانلى-رىنى مۇئەللىمگە يەتكۈزدى. مۇئەللىممۇ خوجا سەئىدنىڭ ئېيتقىنىنى مۇۋاپىق كۆرۈپ:

— مېھرىگە ياخشى ئۆگىتىڭ، — دەپ تاپىلاپ خوجا ۋاپانى يولغا سالدى.

خوجا ۋاپا مېھرىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ خوجا سەئىدنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— مەن مېھرىنىڭ خەلپىتى بولىمەن. سىلى ئۆيگە كېلىپ مېھرىگە دەرس ئۆگىتىپ قويۇشۇمنى ئىلتىماس قىلغان ئىكەنلا، شۇڭا كەلدىم، — دېدى.

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى خوجا سەئىد ۋە مېھرىنىڭ دەرس ئۆگىنىشى ئۈچۈن مەخسۇس ئۆي ئاجرىتىپ بەردى. خوجا ۋاپا بىرقانچە كۈن بۇ ھۇجرىدا مېھرىگە تەلىم بەردى.

بىر كۈنى خوجا ۋاپا دەرس ئۆگەتكىلى كەلمىدى. مېھرى، نېمە ئىش يۈز بەرگەندۇ، ۋاپا نېمىشقا كەلمىگەندۇ، يا مەندىن بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكەنمىدۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ ھەيران بولدى.

ئەسلىدە خوجا ۋاپانىڭ ئاتىسى خوجا پەررۇخ مەككىگە بارماقچى بولۇپ قېلىپ، خوجا ۋاپانى ئۆيدە تۇتۇپ قالغانىدى. ئۇ ئوغلىغا:

— ئەي ئوغلۇم، بۇ دۇنيادا ھەممە نەرسىنى تاپقىلى بولىدۇ، ئەمما ئاتا - ئانا ھەرگىز تېپىلمايدۇ. ئاتا - بالا ئىككىمىز بىللە ھەرەمگە بېرىپ، مەككىنى تاۋاپ قىلىپ كەلسەك، تەڭرىتائالا بىزنى ئىككىلا ئالەمدە مۇرادىمىزغا يەتكۈزسە ئەجەب ئەمەس. مەن بىلەن بىللە سەپەرگە چىققىنىڭ ياخشى، — دەپ بىرمۇنچە نەسىھەت قىلدى.

— خوپ دادا، سىز نەگە بارسىڭىز مەنمۇ بىللە بېرىشقا تەييار، — دېدى خوجا ۋاپا.

شۇنىڭ بىلەن ئاتا - بالا ئىككىيلەن سودىگەرلەردەك ياسىنىپ، قېچىرلارغا نۇرغۇن ماللارنى يۈكلەپ، بىرقانچە خىزمەتكارنى ئېلىپ يولغا چىقتى. ئۇلار خوجا سەئىدنىڭ كوچىدى

ـسىنىڭ ئاغزىغا يېتىپ كەلگەندە، خوجا ۋاپا ئاتىسىغا:
— ئەي ئاتا، مەن مەكتەپكە كىرىپ ساۋاقداش، دوست - يارەنلىرىم بىلەن خوشلىشىۋالاي، — دەپ كوچىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئەمدىلا مېھرىنىڭ دەرۋازىسىغا كېلىشىگە، ئىچكىـرىدىن بىر دېدەك چىقىپ كەلدى. خوجا ۋاپا ئۇنىڭغا:
— سەن كىرىپ مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى خانئاچاڭغا ئېيتقىن، — دېدى.
مېھرى چىقىپ كۆردىكى، ۋاپا ئارغىماققا مىنىپ، سەپەر كىيىملىرى بىلەن تۇرۇپتۇ. مېھرى خوجا ۋاپانى ئاتتىن چۈـشۈرۈپ، ھۇجرىسىغا باشلاپ كىردى. چۆرىلىرى دەرھال لەزـزەتلىك تائاملارنى ھازىرلىدى. مېھرى خوجا ۋاپادىن سورىدى:
— مەن سىزنى سەپەرگە جابدۇنغاندەك ھېس قىلدىم. نەـگە بارماقچى بولۇۋاتىسىز؟
— ئاتام بىلەن بىللە مەككىگە بارماقچى بولغاندۇق، سىز بىلەن خوشلىشىۋالاي، دەپ كەلدىم.
— بىزنىڭ بىرەر سائەت ئايرىلىشقىمىز كۆزىمىز قىيمايتتى، ئەمدى قانداقمۇ چىدىـيالارمىز؟
— ئەي جانىم، ھازىر ئىختىيارىم ئۆز قولۇمدا ئەمەس، ئاتامـنىڭ زورى بىلەن كېـ



تىۋاتىمەن. خۇدايىم مېنى ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلگىلى نېسىپ قىلسا، سىزنىمۇ ئاللا ئىگەم سالامەت ساقلىسا، شۇ چاغدا نىكاھ بىلەن مۇراد ـ مەقسىتىمىزگە يەتكەيمىز.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى مېھرى زار ـ زار يىغلاپ تۇرۇپ، — ماڭا خەنجىرىڭىزنى يادىكارلىق سۈپىتىدە قالدۇرۇپ كېتىڭ. مەن تىرىكلا بولىدىكەنمەن، سىز بىلەن ۋىسال شارابى ئىچىشنى كۈتىمەن. ئۆلۈمگە رازىلىق بېرىمەنكى، سىزدىن باشقا كىشىگە رازىلىق بەرمەيمەن.

خوجا ۋاپا دەرھال بېلىدىن خەنجىرىنى چىقىرىپ مېھرىگە بەردى ۋە:

— ئەي مېھرى، مەنمۇ سىزنىڭ ۋەسلىڭىزگە يېتەلمىسەم، ھاياتلىق رىشتىمنى قازا قىلىچى بىلەن كېسىپ، ئالەمدىن كېتىمەن، ھېچقانداق ئىنسانغا كۆڭۈل بەرمەيمەن، — دېدى.

بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇق كۆز ياشلىرىدىن دەريا ھاسىل قىلىپ خوشلاشتى.

خوجا ۋاپا ئاتىسى بىلەن بىللە يولغا راۋان بولدى. شۇ ماڭغىنىچە مەنزىللەردىن ئۆتۈپ، نۇرغۇن يوللارنى بېسىپ ئاخىر باغداد شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندە، خوجا پەررۇخ باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى. خوجا ۋاپا ئاتىسىنى ھەزرىتى ئىمام ئەزەمنىڭ ئايىغىغا دەپنە قىلدى ۋە تۇپراق بېشىدا ئولتۇرۇپ يەتتە كېچە ـ كۈندۈز قۇرئان تىلاۋەت قىلدى، ئاندىن مەككىنى تاۋاپ قىلىپ قايتىش نىيىتى بىلەن يولغا چۈشتى.

ئەلقىسسە: مېھرىنىڭ ئاتىسى خوجا سەئىد ناھايىتى چوڭ سودىگەر ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم كوچىغا چىققىنىدا باشقا سودىگەرلەر سەپ ـ سەپ بولۇپ ئۇنىڭغا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشاتتى. بىر كۈنى ئۇ ئادىتى بويىچە بازارغا چىقتى، ئەمما ھېچكىم ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى. خوجا سەئىد بۇ ئەھۋالدىن

تولىمۇ رەنجىدى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئايالىدىن سورىدى:

— ئەي بۇۋى، دىلىمغا سەپەر ئىشتىياقى چۈشۈپ قالدى. قولىمىزدا قانچىلىك نەرسە بار؟

— ئەي خوجا، كۆزگە ئىلىنغۇدەك نەرسىلەرنىڭ ھەممى-سىنى سېتىۋەتكەن تۇرسىڭىز، ئۆيدە يەنە نېمە قالاتتى؟ — دېدى خوجىنىڭ ئايالى.

— ئۇنداق بولسا مېھرىنى چۆرىلىككە بېرىپ، ئۇنىڭ ھەق-قىنى سەپەر جابدۇقىغا ئىشلىتىمەن، — دېدى خوجا سەئىد.

— بۇ قانداق گەپ بولدى ئەمدى؟ بىر چوڭ سودىگەرنىڭ ئۆز قىزىنى چۆرىلىككە بەرگەنلىكىنى نەدە كۆردىڭىز؟ — دې-دى خوجىنىڭ ئايالى. خوجا سەئىد ئېيتتىكى:

— مېھرى قانداقمۇ مېنىڭ قىزىم بولسۇن؟ ئانا - بالا ئىككىڭلارنى چۆرىلىككە ياللاپ ئالغانمەن، چۆرىلىككە بەرگۈم كەلسە بېرىۋېرىمەن.

خوجىنىڭ ئايالى ئامالسىز پەرياد ئۇرۇپ قالدى. خوجا سەئىد بولسا دەللاللارغا: «مېنىڭ بىر چۆرەم بار. ئۇ شۇنداق گۈزەلكى، پەقەت پادىشاھنىڭ ئوردىسىغىلا لايىق. ئۇنى چۆرى-لىككە بەرمەكچىمەن» دېدى.

دەل شۇ چاغدا پادىشاھ كېنىزەك ئېلىش ئۈچۈن يارلىق چۈشۈرگەنىدى. دەللاللار دەرھال ۋەزىرنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «خوجا سەئىد سودىگەرنىڭ بىر چۆرىسى بار ئىكەن...» دەپ خەۋەر قىلدى ۋە ئۇنى خوجا سەئىدنىڭكىگە باشلاپ كەلدى. خوجا سەئىد ۋەزىرنى مېھمانخانىسىغا باشلاپ كىردى، داستى-خان سېلىپ، نازۇنېمەتلەر بىلەن مېھمان قىلدى، ئاندىن ئۇ ئايالىنىڭ قېشىغا چىقىپ:

— مېھرىنى چىرايلىق ياساندۇرۇڭلار، ئۇ تېخىمۇ گۈزەل بولۇپ كەتسۇن، — دېدى. ئايالى ئۇنىڭغا:

— نېمىشقا ئۇنى ياساندۇرىدىكەنمەن؟ ئۇنىڭچىلىك ئاۋارە بولمىسامىمۇ مېھرىنىڭ خۇدا بەرگەن ھۆسن - جامالى بار، — دېدى.

خوجا سەئىد مېھرىنى ۋەزىرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. مېھرى گويا بېھىشتىن چىققان ھۆر - پەرىگە ئوخشاپ قالغاندى. ۋەزىر مېھرىنى كۆرۈپلا ھوشىنى يوقاتتى، ئۇ مېھرىگە ئاشىق بولغانىدى. ئۆزىنى ئۆتمەي ھوشىغا كېلىپ دېدىكى:

— ئەي خوجا، بۇ قىزنىڭ ھەققى قانچە؟

— مۇشۇ چۆرىدەك ئون باراۋەر كېلىدىغان كۈمۈش بېرىڭ.

ۋەزىر ئۇنىڭ دېگىنىنى بېرىپ قىزنى چۆرىلىككە ئالماقچى بولدى، ئەمما دەللاللار ئارىغا چۈشۈپ:

— ئەي خوجا، ئالتە باراۋەر كۈمۈش بېرەيلى، قانداق دەيسىز؟ — دېدى. خوجا سەئىد ماقۇل بولدى. ۋەزىر خۇشاللىقىدا دەرھال ئۆز يېنىدىن كۈمۈش چىقىرىپ خوجا سەئىدكە تۇتقۇزدى ۋە مېھرىنى مەپىگە سېلىپ ئۆز ئۆيىگە قاراپ راۋان بولدى.

مېھرى ئۆيدىن ئايرىلىدىغان چاغدا خوجا سەئىد ئۇنىڭغا: «كېيىنكى كۈنلەردە ھاجىتىڭگە ياراپ قالار» دەپ مىڭ تەڭگە بەرگەنىدى. ۋەزىر خىزمەتكارلىرىغا: «مېھرىنى ئارقامدىن ئۇيۇمگە ئېلىپ بېرىڭلار...» دەپ تاپشۇرۇپ، ئۆزى مېھرىنى كۈتۈشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىش ئۈچۈن، ئالدىن ئۆيىگە يۈرۈپ كەتتى. شۇ ئارىدا مېھرى چۈشكەن مەپە مەكتەپنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ كەلدى. مېھرى ئۆزىنى ئېلىپ كېتىۋاتقان خىزمەتكارلارغا:

— مۇشۇ مەكتەپتە مېنى ئوقۇتقان مۇئەللىمىم بار، ئۇنى چاقىرىپ بېرىڭلار، كۆرۈشۈۋالاي، — دېدى.

مۇئەللىم يۈگۈرۈپ چىقىپ كەلدى. مېھرى ئۇنىڭغا سالام

قىلدى ۋە ھېلىقى مىڭ تەڭگىنى مۇئەللىمگە بېرىۋەتتى. ئاندىن ئۇ:

— خوجا سەئىد مېنى ۋەزىرگە چۆرىلىككە تۇتۇپ بەردى. ئەگەر خوجا ۋاپا كېلىپ قالسا خەۋىرىمنى سىزدىن ئاڭلىسۇن. ئۇنىڭغا سالىمىمنى ئېيتىپ قويۇڭ. بىز ئىككىمىز ۋەدىلەشكەندۇق، مەن ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەن... — دېدى، ئاندىن مۇئەللىم بىلەن خوشلىشىپ يولىغا راۋان بولدى.

ۋەزىر ئالاھىدە بىر ئىمارەت سالدۇرغانىدى، مېھرىنى شۇ ئىمارەتكە ئورۇنلاشتۇردى، بىرمۇنچە كېنىزەك - چاكارلارنى ئۇنىڭ خىزمىتىگە قويدى. مېھرى ھاردۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، ۋەزىر مېھرىنىڭ قېشىغا كىردى. ئۇ مېھرىگە مۇھەببەت توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشق - مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشقا باشلىدى. ئاخىر ئۇ بىتاقەت بولۇپ مېھرىگە قول ئۇزاتتى. مېھرى خەنجىرى بىلەن شۇنداق ئۇردىكى، خەنجەر ۋەزىرنىڭ ئوقۇرىكىدىن كىرىپ، دولىسىدىن چىقتى. ۋەزىر: «ۋاي» دېگىنىچە يەرگە يىقىلدى. خىزمەتكارلار دەرھال ئۇنى يۆلەپ ئاچىقىپ كەتتى ۋە: «بىر - مۇنچە مال - دۇنياغا ئېلىپ كەلگەن ئادەمنىڭ ئۆز خوجىسىغا بۇنداق زۇلۇم سالغىنى نېمىسى؟ ئۇنى چوقۇم ئۆلتۈرۈش كېرەك» دەپ غۇلغۇلا قىلىشتى. ۋەزىر بولسا:

— ئۇ تېخى كىچىك قىز ئىكەن، بىر كۈنى ئەقلىگە كېلىپ قالار، — دېدى ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە پىسەنت قىلمىدى.

ۋەزىر بىرقانچە كۈنگىچە خەنجەردىن يەتكەن زەخمىنىڭ دەردىنى تارتتى، ئاخىر يارىسى ساقايدى. ئۇ ئەمدىغۇ ئەقلىگە كېلىپ قالغاندۇ، دەپ ئويلاپ، مېھرىنىڭ قېشىغا كىردى. مېھرى ۋەزىرنى كۆرگەن ھامان چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ پەگاغا چۈشتى. ھەرھالدا ئەقلىگە كېلىپ قاپتۇ، دەپ ئويلىدى

ۋەزىر، ئاندىن ئۇ:

— ئەي مېھرى، مەن سېنى ئۆزۈڭدەك ئالتە ھەسسە كۈ-مۈش بېرىپ چۆرىلىككە ئەكەلگەنمەن. سەن ماڭا تەۋە ئادەم تۇرۇپ ماڭا نېمىشقا بۇنداق ئەدەپسىزلىك قىلىسەن؟ — دېدى-دە، مېھرىگە يەنە قول ئۇزاتتى. مېھرى ۋەزىرگە بار كۈچى بىلەن خەنجەر سالدى. خەنجەر ئۇنىڭ مەيدىسىدىن كىرىپ، دۈمبىسىدىن چىقتى. بۇنى كۆرگەن خىزمەتكارلار يۈگۈرۈپ كىرىپ ۋەزىرنى يۆلەشتۈرۈپ ئاچىقىپ كەتتى. خىزمەتكارلار: «مېھرىنى چوقۇم ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك، بولمىسا ۋەزىر ئا-قىۋەت مېھرىنىڭ قولىدا ھالاك بولغۇدەك» دېيىشتى. ئەمما،



ۋەزىر:

— ياق، مېھرىگە ھەرگىز دەخلى يەتكۈزمەڭلار. ئۇنىڭ ئۆلگىنىدىن مېنىڭ ئۆلگىنىم ياخشى، — دەپ تۇرۇۋالدى.

ئەلقىسسە: ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى خوجا ۋاپادىن ئاڭلايلى:

خوجا ۋاپا مەككىنى تاۋاپ قىلىپ قايتىشىدا شەھەرمۇشە-ھەر يۈرۈپ سودا قىلدى. ئۇنىڭ سودىسى ئاقتى، ھېچكىم سودىدا ئۇنىڭچىلىك روناق تاپمىغان بولغىيدى، ئاخىر ئۇ ئۆز شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتى. شەھەرگە يەتكىلى بىر كۈنلۈك يول قالغاندا، مېھرىنىڭ ئىشتىياقى بىلەن ئۇنىڭ تاقىتى تاق بولدى، ئاخىر شەھەرگە يېتىپ كېلىپ ئۆز ھويلىسىغا چۈش-تى ۋە ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ يىغلاشتى، ئاتىسىغا ھازا ئاچتى، ئاندىن ئۇ مېھرى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ، بىر-مۇنچە سوۋغا - سالاملار بىلەن مۇئەللىمنىڭ قېشىغا باردى. ئۇلار بىرقۇر ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، خوجا ۋاپا مۇئەللىمدىن مېھرىنى سورىدى. مۇئەللىم ئۇنىڭغا خوجا سەئىدنىڭ مېھرى-نى ۋەزىرگە چۆرىلىككە بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. خوجا ۋاپا مۇئەللىمدىن سورىدى:

— ئۇنىڭ ھەققىگە قانچە پۇل بېرىپتۇ؟

— ئۆزىدەك ئالتە باراۋەر كۈمۈش بېرىپتۇ.

— ۋاي ئىست ! مەن ئۇنى ئۆزىدەك ئون باراۋەر ئالتۇن بېرىپ ئالغان بولاتتىم...

خوجا ۋاپا زار - زار يىغلاپ تۇرۇپ يەنە سورىدى:

— ئەمدى بۇ ئىشقا قانداق ئامال قىلغۇلۇق؟

— ئەي خوجا ۋاپا، غەم يېمەڭ، — دېدى مۇئەللىم، — بىرمۇنچە مال - دۇنيا بىلەن قوشۇپ سىزنى ۋەزىرگە نۆكەر قىلىپ بېرەي، شۇ چاغدىلا سىز مېھرىنى كۆرەلەيسىز.

خوجا ۋاپا مۇئەللىمنىڭ مەسلىھىتىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ ئۆيىگە بېرىپ بىرمۇنچە لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ كەلدى ۋە مۇئەللىم بىلەن بىللە ۋەزىرنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. شۇ ئەسنادا دەرۋازىدىن بىر خىزمەتكار چىقىپ كەلدى. ئۇلار خىزمەتكارغا ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىر بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلىقىنى بىلدۈردى. خىزمەتكار ۋەزىرنىڭ ئالدىغا كىرىپ كېتىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي قايتىپ چىقتى ۋە خوجا ۋاپا بىلەن مۇئەللىمنى ۋەزىرنىڭ مېھمانخانىسىغا باشلاپ كىردى. مۇئەللىم سالام ـ سەھەتتىن كېيىن، ۋەزىرگە:

— ئەي ۋەزىر، بۇ بالا سودىگەر خوجا پەررۇخنىڭ ئوغلى خوجا ۋاپا بولىدۇ. بۇ ئاتا ـ بالا ئىككىسى مەككىگە سەپەر قىلغانىدى، يولدا خوجا پەررۇخ قازا تېپىپتۇ، ئەمدى بۇ بالا دادىسىدىن يېتىم قالدى. كېيىن يامان يولغا كىرىپ كەتمىسۇن، دەپ سىزنىڭ ئالدىڭىزغا باشلاپ كەلدىم ... — دېدى.

ۋەزىر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى ۋە:

— راست ئېيتىسىز، ئەقىللىق ئادەم مانا شۇنداق قىلىدۇ. مەنمۇ بۇ بالىنىڭ ئاتىسى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشىپ ئۆتكەنىدىم. بوپتۇ، بالىنىڭ ھالىدىن مەن خەۋەر ئالاي، — دېدى.

ۋەزىر بۇ ئىككىيلەننىڭ ئالدىغا تائام كەلتۈردى، ئاندىن ئۇ خوجا ۋاپانىڭ يېتىپ ـ قوپۇشى ئۈچۈن ئارا ھويلىدىن مەخسۇس بىر ھۇجرا ئاجراتتى. خوجا ۋاپا تولىمۇ باي بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ بىرقانچە كۈنگىچە مۇشۇ ھۇجرىدا تۇردى.

ۋەزىرنىڭ ئەھۋالى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىپ، يارىسى ساقايدى، مېھرىگە بولغان ھەۋىسىمۇ كۈچىيىپ باردى. بىر كۈنى ۋەزىر يەنە مېھرىنىڭ يېنىغا كىردى. ئۇنى كۆرگەن مېھرى يۈگۈرۈپ پەگاغا چۈشۈپ تۇردى. ۋەزىر ئۇنىڭغا:

— ئەي مېھرى، مەن سېنى جېنىمدىن ئەزىز كۆرۈپ، بىرمۇنچە ھەق بېرىپ ئەكەلدىم. سېنى چۆرە ـ دېدەكلەرنىڭ قاتارىغىمۇ قوشمىدىم. شۇنىڭ بەدىلىگە كۆڭلۈمنى ئالارمىكىن دېسەم، ئەكسىچە مېنى ئازابقا گىرىپتار قىلدىڭ، — دەپ ئۇ-نىڭغا نۇرغۇن نەسىھەتلەرنى قىلدى. ئاندىن بۇ بىچارە ئاشىق ۋىسال گۈلزارىدىن مۇراد گۈلىنى ئۈزمەكچى بولۇپ مېھرىگە قول سۇندى. مېھرى يەنە ئۇنىڭغا خەنجەرنى سالدى. ۋەزىر: «ۋاي، مېنى ئۆلتۈردى !» دەپ ۋارقىرىغىنىچە يىقىلدى. خەن-جەر ئۇنىڭ غولىدىن كىرىپ، كۆكرىكىدىن چىققانىدى. خىز-مەتكارلار ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ئاچىقىپ كەتتى. ۋەزىرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان ۋە چوڭ ـ كىچىك خىزمەتكارلىرى: «مېھرىنى ئەمدى ئۆلتۈرمەي بولمايدۇ» دېگەن پىكىردە چىڭ تۇردى. ۋەزىر نا-ئىلاج مېھرىنى ئېيسىشقا ئەمر قىلدى. خىزمەتكارلار دەرھال مېھرىنى ئاچىقىپ سارايىنىڭ تورۇسىغا ئاستى.

خوجا ۋاپانىڭ زىرەك ئاتلىق بىر خىزمەتكارى بار ئىدى. ئۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، خوجا ۋاپانىڭ ئالدىغا چاپتى ۋە خوجىسىغا:

— ۋەزىرنىڭ مېھرى ئىسىملىك بىر چۆرىسى بار ئىدى، ئۇنى بۈگۈن دارغا ئاستى... — دەپ بولغان ۋەقەنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خوجا ۋاپا ھەيران ۋە پەرىشان بول-دى ۋە:

— سەن دەرھال بېرىپ بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلىپ كەل، — دەپ زىرەكنى ئەۋەتتى. زىرەك چىقىپ كەتكەن ھامان ۋاپا ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىدى. ئۇ بېلىدىن پوتىسىنى يېشىپ، تورۇستىكى ياغاچقا بىر ئۇچىنى باغلىدى، ئورۇندۇققا چىقىپ پوتىنى بوينىغا سالدى.

ئەلقىسسە: مېھرىنىڭ قېشىدا ئىككى خاس خىزمەتكار بار ئىدى، ئۇلار مېھرىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. مېھرىنىڭ ئەھۋالىغا تاقەت قىلالماي، پادىشاھنىڭ قىزىنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— ئەي مەلىكەم، ۋەزىر، پادىشاھ ئۇچۇن ئالدىم دەپ، مېھرى ئىسىملىك بىر چوڭرە ئەكەلگەنىدى، ئەمما ئۇنى ئوردىغا ئەۋەتمەي ئۆز يېنىدا ئېپقالدى. ئۇ قىز ھۆسن - جامالدا كامالەتكە يەتكەنىدى. بۈگۈن ئۇنى دارغا ئاسماقچى بولۇۋاتىدۇ، — دەپ ئەرز قىلدى. مەلىكە دەرھال قاراۋۇللارنى چاقىرىپ:

— مېھرى ئۆلگەن بولسا ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى، تىرىك بولسا ئۆزىنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ ئەمر قىلدى.

قاراۋۇللار بېرىپ مېھرىنى داردىن چۈشۈردى. ئۇ جېنىدىن ئايرىلغاندەك تۇراتتى. مېھرى مەلىكىنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈلدى. مەلىكە مېھرىنىڭ باشقىلار تەرىپلىگەندىنمۇ ئارتۇق گۈزەل ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا ئەينەك تۇتقاندى، ئەينەك ھورداشتى، بۇنى كۆرۈپ دەرھال ئاغزىغا شەربەت تېمىتتى. مېھرى بىرەر سائەتتىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى. ئۇ ئۆزىنى ھەشەمەتلىك تەخت ئۈستىدىكى قىزنىڭ ئالدىدا كۆردى، بېشى يەنە بىر قىزنىڭ قۇچىقىدا ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مەلىكىگە تەزىم قىلدى. مېھرىنىڭ مىجەز - خۇلقىغا ھەۋەسى كەلگەن مەلىكە ئۇنى قولىدىن تۇتۇپ ئۆز يېنىغا ئولتۇرغۇزدى.

زېرەك بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ خوجا ۋاپانىڭ قېشىغا چاپتى. ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئاچالمىدى، چۈنكى ئىشىك ئىچىدىن تاقاقلىق ئىدى. ئۇ كۈچەپ تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى ۋە خوجا ۋاپانىڭ ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ دەرھال پوتىنى كېسىپ، خوجا ۋاپانى يەرگە چۈشۈردى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى

تىڭشاپ بېقىپ، تېخى نەپسى ئۇزۇلمىگەنلىكىنى بىلدى، ۋاپا-نىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتتى. بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ ھو-شىغا كەلدى. زېرەك ئۇنىڭغا كۆرگەنلىرىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى. خوجا ۋاپا خۇشاللىقىدا زېرەكنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، سۆيۈنچىسى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مىڭ تەڭگە بەردى.

— ئەي خوجا، سىرىڭىزنى مەندىن يوشۇرماڭ. مېھرى بىلەن ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئىش باردەك تۇرىدۇ. مېھ-رى ئۇ يەردە ئېسىلسا، سىز بۇ يەردە ئېسىلمىۋاپسىز.

— مېھرى خوجا سەئىدنىڭ قىزى، مەن بولسام خوجا پەررۇخنىڭ ئوغلى. ئاتام بىلەن مەككىنى تاۋاپ قىلىپ قايتـ-قۇچە خوجا سەئىد مېھرىنى ۋەزىرگە چۆرىلىككە تۇتۇپ بې-رىپتۇ. مېھرى مېنىڭ مەشۇقۇم، مەن ئۇنىڭ ئاشىقى. بۇ ئەھۋالغا چۇشۇپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبى شۇ.

— مەن بۇ ئىشنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام ئىلاجىنى قىلغان بولاتتىم، ھېلىمۇ بىر ئامال ئىزدەپ باقاي.

— قانداق قىلماقچىسەن؟

— يېقىندا مەلىكە زانۇشىنىڭ تويى بولماقچى. شۇڭا، ئۇلار مەلىكىنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن مال ئالىدۇ. سىز ياخشى ماللارنى تاللاپ بىر دۇكان ئېچىڭ. دۇكىنىڭىزدا خىلمۇخىل ماللار، خۇش پۇراق ئەتىرلەر بولسۇن. مەلىكىنىڭ ئىنىكئاند-سى كېنىزەكلەرنى باشلاپ مال ئالغىلى بازارغا چىققاندا، ئۇلارنى ئۆزىڭىزگە جەلپ قىلىڭ، ئاندىن شۇلار ئارقىلىق مېھرىنىڭ خەۋىرىنى ئالىمىز.

خوجا ۋاپا زېرەكنىڭ سۆزلىرىگە خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا يەنە بىرقۇر ئۇستىۋاش كىيدۇردى، ئۆزى ئەڭ ياخشى ماللاردىن تاللاپ بىر دۇكان ئاچتى.

زېرەك بازاردىن ئىنىكئانا بىلەن كېنىزەكلەرنى ئىزدەپ

تاپتى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بەردى.

— ئەي ئاغىچىلار، سىلەرگە مال لازىم بولسا، ئاۋۇ يەردە ياش بىر سودىگەر دۇكان ئېچىپتۇ. ماللىرى ئېسىل ۋە نەپىس ئىكەن. ئۇنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ كۆرۈپ بېقىڭلار.

ئىنىكئانا بىلەن كېنىزەكلەر زېرەكنىڭ يول باشلىشى بىلەن خوجا ۋاپانىڭ دۇكىنىغا كەلدى. خوجا ۋاپا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۇلارنى قارشى ئالدى ۋە دۇكانغا تەكلىپ قىلدى.

— مەلىكەمگە لايىق ماللىرىڭىز بولسا ئاچىقىڭ، كۆرۈپ باقايلى، — دېدى ئۇلار.

خوجا ۋاپا ئۇلارنىڭ ئالدىغا سەرخىل ماللارنى ئاچىقىپ قويدى. ئۇلار بۇ ماللارنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى.

— ئۆيدە بۇنىڭدىنمۇ ياخشىلىرى بار، — دېدى خوجا ۋاپا ۋە خېرىدارلارنى ئۆيىگە باشلاپ كەلدى.

ۋاپانىڭ خىزمەتكارلىرى مېھمانلارغا دەرھال داستىخان سالدى، خىلمۇخىل نازۇنېمەتلەر، لەززەتلىك تائاملارنى ھازىرلاپ ئۇلارنى مېھمان قىلدى. تاماقتىن كېيىن خېرىدارلار ۋاپانىڭ ماللىرىنى بىر - بىرلەپ كۆرۈپ چىقتى. ئۇلار ھازىرغىچە بۇنداق ئېسىل ماللارنى كۆرۈپ باقمىغانىدى، شۇڭا بىر - بىرىدىن سەرخىل ماللارغا قاراپ ھەيران قېلىشتى. خوجا ۋاپا مەلىكىگە ئاتاپ توققۇز كىيىملىك رەخت، ئىنىكئانا ۋە كېنىزەكلەرگە توققۇز كىيىملىك رەختنى ئېلىپ چىقىپ ئالدىغا قويدى.

— ئەي خوجا، بۇ ماللىرىڭىزنىڭ باھاسى قانچە؟ — دەپ سورىدى خېرىدارلار.

— بۇ مەلىكەمگە ۋە سىلەرگە قىلغان سوۋغىتىم بولۇپ قالسۇن. بۇنىڭدىن كېيىن مەلىكەمگە ۋە سىلەرگە لەئەل، گۆھەر، ئالتۇن، ياقۇت قاتارلىق نەرسىلەر كېرەك بولۇپ قال-

سا، كېلىڭلار، ـــ دېدى خوجا ۋاپا.

خېرىدارلار مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، يەنە كېلىشكە ۋەدە بېرىشتى ۋە ماللارنى ئېلىپ قايتىشتى. ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ: «بۇنچىۋالا مالنى بىكاردىن ـ بىكارغىلا سوۋغات قىلامدۇ؟ بۇنىڭدا جەزمەن بىر سىر بار. بەلكى، بۇ يىگىت مەلىكەمگە ئاشىق بولۇپ قالغاندۇ. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، بۇلارنى چوقۇم مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكۈزۈش كېرەك» دەپ ئويلىدى.

ئىنىكئانا ۋە كېنىزەكلەر ماللارنى كۆتۈرۈپ مەلىكىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. مەلىكە بۇ ماللارنىڭ ئېسىللىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى ياقتۇردى. ئىنىكئانا خوجا ۋاپانىڭ مەقسىتىنى بىلمىگەچكە، مەلىكىگە: «بۇ ماللارنى سېتىۋالدۇق» دەپ، يالغان ئېيتتى.



خوجا ۋاپاغا ئىنىكئانىنىڭ مېھرى چۈشۈپ، ئامراق بولۇپ قالدى. ئۇ مال ئالغىلى بىر قېتىم كەلسە، خوجا ۋاپانى كۆرگىلى بىرەر باھانە بىلەن بەش قېتىم كېلەتتى.

بىر كۈنى مەلىكە بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشكەن

شاھزادىنىڭ كېلىشۋاتقانلىقى توغرىسىدا خەۋەر تارقالدى. مەلىكە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، خىزمەتچىلىرىگە:
— شاھزادە مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كىرگەندە قېشىمدا مېھرى بىلەن ئۈچ قىز قالسۇن، ئۇلاردىن باشقىلارنى كىرگۈزمەڭلار، — دېدى.
شاھزادە داغدۇغا بىلەن توي تارتىپ يېتىپ كەلدى. مەلىكە بىلەن ئىككىسىنىڭ نىكاھى ئوقۇلغاندىن كېيىن، شاھزادە مەلىكە بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ چاغدا مېھرى ئۈچ قىز بىلەن بىللە مەلىكىنىڭ سارىيىغا شارابلارنى كۆتۈرگەن ھالدا كىرىپ كەلدى. شاھزادىنىڭ مېھرىگە كۆزى چۈشكەن ھامان بىھوش بولۇپ يىقىلدى. مەلىكە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، پۇشايمان قىلىپ، نادامەت چېكىپ، مېھرىنىڭ ئۆزۈمگە دۈشمەن بولۇپ قېلىشىنى بىلمەي، ئۇنى يېنىمدا ھەمراھ قىلىۋاپتىمەن، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ كۆزدىن يوقاتمىسام بولمايدىكەن، دەپ ئويلىدى. شۇ ئارىدا شاھزادە ھوشىغا كەلدى، كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، بايىقى رەنا كۆرۈنمىدى. «ۋادەرىخ، ئۇ قۇياش مەسەللىك ئېسىلزادە قىز نەدىدۇ؟» دەپ ئاھ چەكتى. شاھزادە ئۇ گويا دەريا بولسا، مەلىكە ئۆستەڭ ئىكەن، ئۇ ئاي بولسا، مەلىكە يۇلتۇز ئىكەن، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈردى - دە، ئاستا چىقىپ ئۆز يۇرتىغا راۋان بولدى.
مەلىكىنىڭ ھوشى كاللىسىدىن ئۇچتى. ئۇ غەزەپ بىلەن:
— مېھرىنى تېپىپ كېلىڭلار! ئۆزىنى بازارغا سالىدىغان ئۇنداق نېمە ئۆلۈمگە مەھكۇم! — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئىنىكئانا ئارىغا چۈشتى.
— قوللىرىنى ئۇنىڭ قېنى بىلەن بويىغاندىن كۆرە مېھرىنى دەرياغا تاشلىۋېتەيلى، دەرياغا غەرق بولسۇن.
— مەيلى، ئۇنى كۆزۈمدىن تېز يوقىتىڭلار!

ئىنىكئانا چوڭ بىر ساندۇق ياساتتى، يېرىقلىرىنى مومـ-لىدى ۋە ئىچىگە بىر چارەك پىستە بىلەن بىر قاپاق سۈنى سالدى. ئاندىن مېھرىنى شۇ ساندۇققا سولاپ، ئۇنى شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان دەرياغا قويۇۋەتتى.

ئەتىسى ئىنىكئانا نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالغىلى خوجا ۋاپانىڭكىگە باردى. ۋاپا دەرھال داستىخان تارتىپ مېھمان قىلدى، ئالدىغا توققۇز خىل لازىمەتلىك قويدى. تاماقتىن كېيىن ئىنىكئانا خوجىدىن ئەھۋال سوراپ ئېغىز ئاچتى:

— ئەي خوجا، شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى بىزگە ھەدىيە قىلغان ماللىرىڭىزغا بىر تىيىن ھەق ئالمىدىڭىز، بۇ خىز-مىتىڭىز بىلەن بىزنى مەمنۇن قىلدىڭىز. بۇنداق قىلىشتىن بىرەر مۇددىئايىڭىز بارلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. قانداق سىرىڭىز بولسا ئېيتىڭ، ئاڭلاپ باقاي، بەلكىم ياردىمىم تېگىپ قالار.

— بۇنى سوراپ ياخشى قىلدىڭىز، سىزدىن تارتىنىپ دې-مىگەنىدىم. مەلىكىنىڭ قېشىدىكى مېھرى دېگەن قىز مېنىڭ جانانىم ئىدى. مەن شۇنىڭ جامالىنى كۆرەرمەنمىكىن، دېگەن ئۈمىدتە سىزگە يېقىنچىلىق قىلىۋاتىمەن.

ئىنىكئانا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئىككى تىزىغا ئۇرۇپ نادامەت چەكتى:

— ئەي خوجا، بۇ گەپنى نېمىشقا بالدۇرراق ماڭا دېمىـ-دىڭىز؟ ئەگەر بۇرۇنراق بۇ ئەھۋالنى بىلگەن بولسام، مەلىـ-كەمنى ماقۇل قىلىپ، مېھرىنى سىزگە نىكاھلاپ بەرمەسمىـ-دىم. تۈنۈگۈن مەلىكەمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مېھرى دەرياغا تاشلاندى.

خوجا ۋاپا مەست ئىدى، ھوشيار بولدى، ئۇيقۇلۇق ئىدى، بىدار بولدى. ئىنىكئانىنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇ بارلىق مال ـ دۇنياسىنى خۇدا يولىدا سەدىقە قىلدى. ئۇ

مېھرى دەرياغا تاشلانغان بولسا، ماڭا بۇ دۇنيانىڭ نېمە كېرەكى بار، دەپ ئويلاپ، ئۆزىنى دەرياغا تاشلىماقچى بولدى. خوجا ۋاپا ساھىلغا يېتىپ بېرىپ كىيىم - كېچەكنى سالدى.

بىر چاغلاردا خوجا پەررۇخ ئۇنىڭ بىلىكىگە ئون سەككىز دانە گۆھەرنى باغلاپ قويۇپ: «بۇ گۆھەرلەرنىڭ ھەربىرى ئون ئەرگە دەسمايە بولىدۇ. بۇنى ھەرگىز يېنىڭدىن ئايرىمىغىن» دېگەنىدى. خوجا ۋاپا بۇ گۆھەرلەرنى يېشىپ ئېلىپ: «خۇدا يولىدا، — دەپ دەرياغا تاشلىدى. ئاندىن كېيىن، — مەنمۇ مېھرىگە قوشۇلاي» دەپ ئۆزىنى دەرياغا ئاتتى.

بۇ دەريانىڭ ئاياغ تەرىپىدە ماھىگەر ئاتلىق بىر بېلىقچى بوۋاي ياشايتتى. ئۇ بىر كۈنى دەرياغا تور تاشلىغانىدى، ناھايىتى زور بىر بېلىق تورغا چۈشتى. بېلىقنى تەسلىكتە ئۆيىدىگە ئاپىرىپ قارنىنى يارغانىدى، ئىچىدىن يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامدەك گۈزەل بىر يىگىت چىقتى، ئەمما ئۇ يىگىتنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ماھىگەرنىڭ خوتۇنى ئۆمرىدە بىرقانچە پەرزەنت كۆرگەنىدى. بۇ پەرزەنتلەر چوڭ بولۇپ ئەمدىلا كۆزگە كۆرۈنگەندە كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىپ، پەرزەنتسىز قالغانىدى. بوۋاي بىلەن موماي ئىككىسى بۇ يىگىتنى كۆتۈرۈپ يۇمشاق ئورۇنغا ياتقۇزدى ۋە بۇرنىغا خۇشبۇي دورىلارنى پۇراتتى. بىرئازدىن كېيىن يىگىت كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئەسلىگە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ماھىگەر ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى تەڭرىگە شۈكۈر بەجا كەلتۈردى، يىگىتكە يۇمشاق، يەڭگىل تاماقلارنى يېگۈزۈپ، ئاغزىغا سۈت - شەربەتلەرنى تېمىتىپ ئاۋايلاپ باقتى. بىرقانچە كۈنگە قالماي يىگىت ئوڭشىلىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ماھىگەرگە ئۆزىنىڭ ئىسمى ۋاپا ئىكەنلىكى، بىر توپ سودىگەرلەر بىلەن قوشۇلۇپ دېڭىز سەپىرىگە چىققانلىقى، دېڭىزدا بوران چىقىپ كېتىپ،

كىملەر ئاغدۇرۇلۇپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارنى بىلمەيدىغانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى. ماھىگەر بىلەن ئايالى ۋاپانىڭ ئۆزلىرىگە بالا بولۇپ، مۇشۇ جايدا تۇرۇپ قېلىشىنى ئۆتۈندى. ۋاپا ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى مېھرىدىن ئاڭلايلى:

بىر كۈنى ئىككى دورغا دەريادىن ئۆتمەكچى بولۇپ كېمىچىلەرنىڭ كېمىسىگە چۈشتى. ئۇلار دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، بىر ساندۇقنىڭ بەزىدە چۆكۈپ، بەزىدە لەيلەپ ئېقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. كېمىچىلەر مىڭ بىر جاپا - مۇشەققەتتە ساندۇقنى سۇدىن تارتىپ چىقىرىۋالدى. ساندۇق ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، ئۇنىڭغا چويۇن قۇلۇپ سېلىنغانىدى. كېمىدىكىلەر بۇ ئاجايىپ ساندۇققا قىزىقىپ قالدى. كېمىچىلەر ساندۇقنى ئېچىپ باقماقچى بولدى. ئەمما، دورغىلار كۆڭلىدە، كىم بىلىدۇ، بۇ ساندۇقنىڭ ئىچىدىن ھېسابسىز دۇنيا چىقىپ قالامدۇ تېخى، ساندۇقنى ئېچىپ ئىچىدىكىنى كۆرگەندىن كېيىن كېمىچىلەرنىڭ بىزنى بۇنىڭغا شېرىك قىلغۇسى كەلمەيدۇ، بۇنى بىر ئامال قىلىپ قولغا چۈشۈرۈش كېرەك، دەپ ئويلاشتى. دورغىلاردىن بىرى:

— ھەي كېمىچىلەر، بۇ ساندۇقنى ئاچمىز، دەپ ئاۋارە بولماي، بىزگىلا سېتىپ بېرىڭلار، مىڭ تەڭگە بېرەيلى، — دېدى. كېمىچىلەرمۇ: «بۇنىڭ ئىچىدىكىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كىم بىلىدۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە نەق پايدىنى ئالايلى» دېيىشىپ، دورغىلارغا ساندۇقنى سېتىۋەتتى. ئۇلار ساندۇقنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى.

مېھرى ساندۇقنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، سۇدىن قۇتۇلغانلىقىنى، ئەمما قانداقتۇر نامەلۇم كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ تەڭرىگە نالە قىلىپ يىغلىدى، بۇ ئادەملەر

مۇسۇلمانمىدۇ، ياخشىمىدۇ، يامانمىدۇ، ئەمدى نېمە كۈنلەرنى كۆرەرمەن، دەپ ئەندىشىدە قالدى. مېھرى ناھايىتى چاچلىق بولۇپ، ئۇنىڭ سۇمبۇل چاچلىرى كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى بىلەن تەپمۇتەڭ تۇراتتى. ئۇ ساندۇقنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ چاچلىرىنى يېشىپ بەدىنىگە ياپتى. ئۇ خۇددى قاپقارا يۇڭدىن كىيىم كىيىۋالغاندەك بولۇپ قالدى، بىرقانچە ۋاقىتتىن بېرى سۇدا ئېقىپ كەلگەچكە، چىرايى قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى.

ھېلىقى ئىككى دورغا ساندۇقنى كۆتۈرۈپ كۆزلىگەن جايغا يېتىپ بارغۇچە ھېرىپ ھالى قالمىدى. ئۇلار مەنزىلگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن زور ئۈمىد بىلەن ساندۇقنىڭ قۇلۇپىنى ئاچتى، ئاچتىيۇ، ساندۇق ئىچىدە خۇددى دېۋىگە ئوخشاش قاپقارا بىرنەرسىنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇلار: «ۋاي» دەپ ۋارقىراشقىنىچە ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ياپتى ۋە دەرھال قۇلۇپىنى سالدى. بۇ بىر بالايىئاپەت بولۇپ، كىمدۇر بىرى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ساندۇققا سولاپ سۇغا قويۇۋەتكەنىكەن ـ دە، دەپ ئويلىدى ئۇلار. «بۇ ساندۇقنى مۇشۇ پېتى بازارغا ئاچىقىپ ساتايلى. بەختىمىز ئوڭدىن كېلىپ قالسا، بىزگە ئوخشاش خام تەمەدىن بىرى مىڭ تەڭگىگە ئالسا ئەجەب ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن تارتقان زىيانىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالىمىز» دېيىشتى ئۇلار.

ئىككى دورغا ساندۇقنى ئۈشنىسىگە ئارتىپ تۆت كوچىنىڭ ئاغزىغا ئېلىپ باردى ۋە:

— بۇ ساندۇقنى ئالغان ئادەم پۇشايمان قىلىدۇ، ئالمىغان ئادەم ئارماندا قالىدۇ. باھاسى مىڭ تەڭگە! — دەپ جار سېلىشقا باشلىدى.

دەل شۇ چاغدا خوجا ۋاپا ماھىگەردىن رۇخسەت ئېلىپ، شەھەرنى سەيلە قىلىشقا چىققانىدى. ئۇ تۆت كوچىغا كېلىپ،

بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ نېمىگىدۇر ئۇلىشىۋالغانلىقىنى كۆردى، يېقىن بېرىپ قارىسا، بىر ساندۇق تۇراتتى. ساندۇقنىڭ ئىگىسى: «بۇ ساندۇقنىڭ باھاسى مىڭ تەڭگە. بۇنى ئالغان ئادەم پۇشايمان قىلىدۇ، ئالمىغان ئادەم ئارماندا قالىدۇ» دەپ ۋارقىراۋاتاتتى.

خوجا ۋاپانىڭ كۆڭلىدە، ئىنىكئانا دېگەن ساندۇق مۇشۇ بولمىغىيدى، دېگەن گۇمان پەيدا بولدى. ساندۇقنى سېتىۋالاي دېسە، يېنىدا ھېچ نەرسە يوق، ھەيران بولۇپ تۇرغىنىدا ۋەزىر يېتىپ كەلدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ۋەزىر ساندۇقنىڭ ئىچىدە چوقۇم نۇرغۇن بايلىق بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدى. ئۇ دەرھال مىڭ تەڭگىنى ساناپ بېرىپ ساندۇقنى ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدى. بىچارە خوجا ۋاپا پەرىشان ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ماھىگەر ئۇنىڭغا قاراپ دېدى:

— ئەي بوتام، نېمە بولدىڭىز؟ ئەجەبا، بۇگۈن پەرىشان كۆرۈنىسىزغۇ؟

— شەھەرگە كىرىپ، ئۇنى - بۇنى كۆرۈپ بىرئاز پارا-كەندە بولۇپ قالدىم، — دەپ جاۋاب بەردى ۋاپا.

ئەلقىسسە: ۋەزىر ساندۇقنى ئۆيىگە ئاپىرىپ ئاغزىنى ئاچ-تى. ساندۇقنىڭ ئىچىدە قارا دېۋىگە ئوخشاش بىرنەرسە دۈم-چىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇ نەرسە ۋەزىرنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ھۇر-پەيدى. ۋەزىر: «ۋاي ئاللا، ساندۇقنىڭ ئاغزىنى تېز ئېتىڭلار» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئارقىسىغا ئۇچۇپ كەتتى. ئەتراپىدىكى خىزمەتكارلار يۈگۈرۈپ كېلىپ ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئەتتى. ۋەزىر تۆت - بەش قېتىم قېقىلىپ ئاندىن ھوشىغا كەلدى. بۇ ساندۇقتىكى دېۋە ئىكەن، ئەگەر بوشىنىپ ساندۇقتىن چىقىۋالسا، ئۇنى ھەرگىزمۇ تۇتۇپ ساندۇققا بەند قىلالمايمىز، ئەڭ ياخشىسى بۇنى ساندۇق بىلەنلا ئۇجۇقتۇرۇش كېرەك، دەپ

ئويلىدى ۋەزىر. ئۇ يەنە، ئۆز پۇلىنى ئۆزى كۆيدۈرگەن ئادەم ئەقلىدىن ئازغان ھېسابلىنىدۇ. مەن بۇنى مىلى تەڭگىگە سېتىۋالغانىدىم. ماڭا ئوخشاش خىيالپەرەس ھاماقەتتىن يەنە بىرى چىقمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ... دەپ ئويلاپ، ساندۇقنى ساتقىلى بازارغا ئېلىپ چىقتى.

بىر كۈنى خوجا ۋاپا ئاتىسى ماھىگەرنىڭ رۇخسىتى بىلەن شەھەرگە باردى. قارىسا، ھېلىقى ساندۇقنى يەنە ساتقىلى ئاچىقىپ قويۇپتۇ. ساتقۇچى:

— كىمكى بۇ ساندۇقنى ئالسا پۇشايمان قىلىدۇ، ئالمىسا ئارماندا قالىدۇ، — دەپ ۋارقىرايتتى.

خوجا ۋاپا بۇ چوقۇم مېھرى سولانغان ساندۇق بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلىدى. ساندۇقنى ئالاي دېسە پۇلى يوق ئىدى، ئىلاجسىزلىقتىن ئۇدۇل ماھىگەرنىڭ قېشىغا باردى.

— ئەي ئاتا، — دېدى ۋاپا، — دەرياغا تور تاشلاپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ.

— شۇنداق قىلسىڭىزغۇ بەك ياخشى بولاتتى، بالام، — دېدى ماھىگەر، — ئۈچ كۈندىن بېرى تورغا بىرمۇ بېلىق چۈشمىدى.

خوجا ۋاپا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ماھىگەرگە تەزىم قىلدى ۋە:

— ئىنشائاللا، تەلىيىمنى سىناپ باقاي، — دەپ تور بىلەن قارماقنى قولىغا ئالدى.

— بۇ ئىشقا قىزىقامسىز، بالام؟ — دېدى ماھىگەر.

— تولىمۇ قىزىقىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ۋاپا.

خوجا ۋاپا دەريا بويىغا كېلىپ: «بىسمىللا» دەپ ئاتىسىغا ئاتاپ تور تاشلىدى، تورغا يوغان بىر بېلىق چۈشتى. ئىككىنچى قېتىم: «ئانامغا» دەپ تور سالدى، بۇ قېتىم تورغا

بىرقانچە تال بېلىق چۈشتى. ئۈچىنچى قېتىم ئۆزىگە ئاتاپ تور تاشلىدى، تورغا ئىنتايىن چوڭ بىر بېلىق چۈشتى. بۇ بېلىققا قاراپ ئۇنىڭ كۆڭلى بىرنەرسىنى تۇيغاندەك بولدى ۋە دەرھال بېلىقنىڭ قارنىنى ياردى. نېمىنى كۆردى دېمەمسىز، ئۆزى دەرياغا تاشلىغان ئون سەككىز دانە گۆھەر بېلىقنىڭ قارنىدا شۇ پېتى پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ گۆھەرلەرنىڭ بىرىنى ئېلىۋېلىپ، قالغان ئون يەتتە گۆھەرنى پۇختا بىر يەرگە يوشۇردى، ئاندىن ھېلىقى بىر تال گۆھەرنى ئېلىپ شەھەرگە كەلدى. ئۇ گۆھەرنى جاۋاھىرپۇرۇشنىڭ دۇكىنىغا ئاپىرىپ كۆرسەتتى. جاۋاھىرپۇرۇش گۆھەرنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى ۋە باھاسىنى سورىدى. خوجا ۋاپا:

ــ ئون مىڭ تەڭگە بېرىڭ، ــ دېدى.

جاۋاھىرپۇرۇش بۇ سودىدىن بەك رازى بولدى. خوجا ۋاپا مىڭ تەڭگىنى ئالدى ۋە قالغىنىنى نېسى قالدۇرۇپ، ئالدى ـ كەينىگە قارىماي ئۇدۇل تۆت كوچىنىڭ ئاغزىغا چاپتى. ئۇ جايغا يېتىپ بارغۇچە ساندۇقنى باشقا بىرى ئېلىپ كېتەرمۇ، دېگەن ئەندىشىدە تىت ـ تىت بولدى. ئۇ يېتىپ كېلىپلا مىڭ تەڭگىنى ساناپ ۋەزىرنىڭ



خىزمەتكارىغا تۇتقۇزدى ـ دە، ساندۇقنى سىتىۋالدى.

ۋاپا ساندۇقنى كۆتۈرۈپ ماھىگەرنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى. يول ئۈستىدە بىر گۈمبەز بار ئىدى. ساندۇقنى گۈمبەزنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ قويۇپ، ئۆزى گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تۆت ئەتراپقا قارىدى، يېقىن ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمىدى. ئۇ گۈمبەزگە كىرىپ، ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. قارىسا، مېھرى چاچلىرىنى پۈتۈن بەدىنىگە يۆگەپ ياتاتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىنى تونۇغاندىن كېيىن: «ئەي جانى جاھانىم، ۋاي يار مېھرىبانىم، سېنى كۆرىدىغانمۇ كۈن بار ئىكەنغۇ؟ ! » دەپ يىغلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلار بىرھازا بىھوش بولۇپ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، ھېلىقى ساندۇقنى گۈمبەزدە قالدۇرۇپ يولىغا راۋان بولدى. بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇق باشتىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى يول بويى بىر ـ بىرىگە سۆزلىشىپ، مۇڭ ـ زارلىرىنى ئېيتىشىپ ماڭغىنىچە ماھىگەرنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى.

خوجا ۋاپا ئۆيىگە خۇشال ـ خۇرام كىرىپ كەلدى. ماھىگەر ئۇنى كۆرۈپ:

— ئەي بوتام، خۇداغا شۈكۈر. خېلى خۇشال كۆرۈنىسىزغۇ؟ — دېدى.

— ئەلھەمدۇلىللا خۇشالمەن، — دېدى ۋاپا، — بىر مېھمان باشلاپ كېلىۋىدىم، كۆرۈپە سالايلى.

— ئوغلۇم، سىز بىر غېرىب ـ مۇساپىر تۇرسىڭىز، نەدىكى مېھمان ئۇ؟ — دېدى ماھىگەر ۋە بىر كونا كۆرپىنى سالدى، — قېنى مەرھەمەت !

ماھىگەر قۇياش كەبى مېھرى ئىسىملىق بىر ئايجامال نازىنىننىڭ ئۆيگە كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— ئەي ئوغلۇم، — دېدى ماھىگەر، — بۇ نازىنىننى

نەدىن تاپتىڭىز؟ كىمنىڭ قىزىنى ئەپقاچتىڭىز؟

— ئەي ئاتا، بۇ مېنىڭ جانانىمدۇر. نەچچە يىللاردىن بېرى جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىشىم مۇشۇ يار ئۈچۈن ئىدى. بۇنىڭ ئىسمى مېھرى، مېنىڭ ئىسمىم خوجا ۋاپادۇر. مېھرىنى دەرياغا تاشلىغاندا مەنمۇ ئۆزۈمنى دەرياغا تاشلىغاندىم. مېنى بېلىق يۇتۇپ، سىز بىلەن ئاتا - بالا بولۇپ قېلىشىمىزغا سەۋەب بولدى، — دەپ، بارلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى قويماي سۆزلەپ بەردى، ئاندىن خوجا ۋاپا ماھىگەرگە:

— ئەي ئاتا، مەن بىر دانە گۆھەرنى پالانى جاۋاھىرپۇرۇشقا ئون مىڭ تەڭگىگە ساتقانىدىم. مىڭ تەڭگىنى شۇ ۋاقىتتا قولۇمغا بەردى، قالغىنى نېسى قالغانىدى. سىز بازارغا بېرىپ، جاۋاھىرپۇرۇشتىن قالغان پۇللارنى ئېلىپ كېلىڭ، — دېدى.

ماھىگەر جاۋاھىرپۇرۇشنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىۋىدى، جاۋاھىرپۇرۇش دەرھال توققۇز مىڭ تەڭگىنى تەييارلاپ ماھىگەرگە بەردى. ماھىگەر پۇلنى ئەكەلگەندىن كېيىن، خوجا ۋاپا:

— ئەي ئاتا، بۇ پۇلدىن ئېلىپ، ئۆيگە لازىملىق نەرسە - كېرەكلەرنى ئەكېلىڭ، — دېدى.

ماھىگەر بىرنەچچە تەڭگىنى ئېلىپ بازارغا باردى ۋە خوجا ۋاپا بۇيرۇغان نەرسىلەرنى ئەكەلدى.

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتتى. خوجا ۋاپا بىلەن مېھرى ئۆز يۇرتىغا قايتماقچى بولۇپ، يول تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلدى. ماھىگەر ئەر - خوتۇن ئىككىسى يىغلاپ خوشلاشتى. ئۇلار ئۇلاغلىرىغا ئوزۇق - تۈلۈكنى يۈكلەپ، بوۋاي - موماي بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتى.

مېھرى بىلەن ۋاپا بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ، ئاخىر

بىر دەريانىڭ بويىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار سال باغلاپ دەرياغا سالدى ۋە ئۆزلىرى چۈشۈپ دەريادا كېتىۋاتقىنىدا، تۇيۇقسىز چوڭ بىر بېلىق قۇيرۇقى بىلەن سالنى ئۇردى، سال پارە - پارە بولدى. خوجا ۋاپا بىر پارچە ياغاچنىڭ ئۈستىدە، مېھرى بىر پارچە تاختاينىڭ ئۈستىدە قالدى. شۇ تەرىقىدە بىر كۈن ئۆتتى. ئۇلار كۈن كەچ بولغۇچە بىر - بىرىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ تۇردى. كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن، ھەر ئىككىلىسى قاراڭغۇلۇقتا غايىب بولدى.

ئۈچ كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن مېھرى ئۆزىنى بىر ئا-ماللار بىلەن قىرغاققا ئالدى. بۇ يەردە بىر دەرەخزارلىق بار ئىدى. مېھرى شۇ دەرەخزارلىققا كىرىپ، كىيىم - كېچەكلىد- رىنى قۇرۇتتى. شۇ چاغدا بىر توپ ئاتلىق ئادەم يېتىپ كەل- دى. بۇلار ئەسلىدە شىكارغا چىققان مىسىر پادىشاھى ۋە ئۇ- نىڭ ياساۋۇللىرى ئىدى. مېھرى خوجا ۋاپا بىلەن سەپەرگە چىققاندا ئەرەنچە كىيىنىۋالغانىدى. مىسىر پادىشاھىنىڭ ياسا- ۋۇللىرى كۆردىكى، دەرەخزارلىقتا ناھايىتى كېلىشكەن بىر يىگىت ئولتۇراتتى. مۇلازىملار ئۇنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېد- لىپ كەلدى. پادىشاھقا بۇ تولىمۇ چىرايلىق، يېقىملىق بىر بالا بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇنىڭغا پادىشاھنىڭ مېھرى چۈشۈپ قال- دى -دە، ئۆزى بىلەن بىللە ئوردىسىغا ئېلىپ كەتتى.

بۇ پادىشاھنىڭ بىرمۇ پەرزەنتى يوق ئىدى. ئۇ مېھرىنى شەھەر خەلقىگە: «ئۆز بالام» دەپ جاكارلىدى، ئۇنىڭغا شاھانە كىيىملەرنى كىيگدۈردى.

بىر كۈنى پادىشاھ قول ئاستىدىكى ئەمىرلەر، ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى يىغىپ:

— بۈگۈندىن باشلاپ مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىد- رىنى ئوغلۇمغا تاپشۇردۇم، بۇنىڭغا قانداق قارايسىلەر؟ — دەپ

سورىدى.

پادىشاھنىڭ ئويلىغانلىرىغا ھەممەيلەن قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. شۇ كۈندىن باشلاپ پادىشاھ ئىتتىكاپتا ئىبادەتكە ئولتۇردى، مېھرى پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇردى.

ئەمدى ئىككى ئېغىز سۆزنى خوجا ۋاپادىن ئاڭلايلى:

ئەلقىسسە: خوجا ۋاپا دەريادا مېھرىدىن ئايرىلىپ يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئاقتى. يەتتىنچى كۈنى سۇ ئۇنى بىر قۇملۇققا چىقىرىپ قويدى. ۋاپانىڭ قورسىقى ئېچىپ ھالىدىن كەتكەنىدى. ئۇ كۆز ئالدىدا بىرنەچچە تۈپ مېۋىلىك دەرەخ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ مېۋىلەرنى ئۈزۈپ ئازراق يېدى، شۇنىڭدىن كېيىن: «تەۋەككۇل» دەپ يولغا چۈشتى، ماڭا ـ ماڭا بىر مەھەللىگە كېلىپ قالدى. ئۇ بىر ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋىدى، ئىچكىرىدىن بىر كېنىزەك چىقتى ـ دە، خوجا ۋاپادىن:

— ئەي خوجا، نەدىن كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن بىر مۇساپىر، بۇ يۇرتلاردا ھېچقانداق تونۇش ـ بىلىشىم يوق، — دېدى خوجا ۋاپا.

— بۇ خوجا تاھىرنىڭ ھويلىسى، — دېدى كېنىزەك ۋە ھويلىغا كىرىپ كەتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي خوجا تاھىر چىقتى، قارىسا ئاپتاپ كەبى بىر يىگىت تۇرغان. خوجا ۋاپا خوجا تاھىرنى كۆرۈپ دەرھال ئۇنىڭغا سالام قىلدى. خوجا تاھىر ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن:

— ئەي يىگىت، نەدىن كەلدىڭىز؟ نەگە بارىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن بىر سودىگەرمەن. بىر توپ سودىگەر بىلەن بىللە كېمىگە چۈشۈپ سەپەرگە چىققانىدۇق، يولدا پالاكەت بېسىپ كېمىمىز سۇغا چۆكۈپ كەتتى. مەن بىر پارچە تاختاي-



نىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدىم. بىرقانچە كۈن دەريادا ئاقتىم. ئەمدى قىرغاققا چىقىپ بۇ يەرگە كېلىشىم، — دېدى خوجا ۋاپا.

— ئەي يىگىت، — دېدى خوجا تاھىر، — مېنىڭ بىرمۇ پەرزەنتىم يوق، سىزنى ئوغۇل قىلىۋالسام، ئىككىلەن ئاتا-بالا بولۇپ بىللە ياشىساق نېمە دەيسىز؟

— خوپ، ئېيتقىنىڭىزدەك بولسۇن، — دېدى خوجا ۋاپا تەزىم قىلىپ.

كۈنلەر ئۆتتى. خوجا ۋاپانى مېھرىنىڭ ئىشقى پىراقى بارغانسېرى بىئارام قىلىشقا باشلىدى. بىر كۈنى ئۇ خوجا تاھىردىن رۇخسەت ئېلىپ شەھەرگە قاراپ ماڭدى.

بۇ ئەسلىدە مىسىر شەھىرى ئىدى. ۋاپا شەھەر دەرۋازىسىغا يېتىپ كېلىشىگە، دەرۋازىۋەنلەر ئۇنى ئوردىغا ئېلىپ باردى، چۈنكى مېھرى خوجا ۋاپانى تېپىش مەقسىتىدە شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا مەخسۇس ئادەم قويۇپ، ئۇلارغا: «ھەرقانداق مۇساپىر كەلسە، ماڭا كۆرسەتمەستىن يولغا سالماڭلار» دەپ ئەمر قىلغانىدى.

ياساۋۇل كىرىپ، بىر مۇساپىر يىگىتنى تۇتۇپ كەلگەنلىكىنى پادشاھقا مەلۇم قىلدى. پادشاھ ئۇنى ئېلىپ كىرىشكە بۇيرۇدى.

مېھرىنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغان مۇساپىر يىگىت خوجا ۋاپاغا ئوخشاپ كەتتى.

— ئەي يىگىت، — دېدى مېھرى، — قايسى شەھەردىن كەلدىڭىز؟ كىمنىڭ پەرزەنتى بولىسىز؟

— مەن خوجا پەررۇخنىڭ ئوغلى خوجا ۋاپا بولىمەن. شەھىرىمىزدە مېھرى ئاتلىق بىر قىز بولۇپ، ئۇ مېنىڭ مەشۇقۇم ئىدى ... — دەپ ئۆز كەچمىشلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. مېھرى چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ خوجا ۋاپا بىلەن كۆرۈشتى، ئىككى يېنىدا ئولتۇرۇشقان ۋەزىر - ۋۇزرالار بىلەنمۇ قايتا كۆرۈشتى. ۋەزىرلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران بولدى.

مېھرى ئۆزىنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى ھەممىگە مەلۇم قىلدى ۋە خوجا ۋاپانى ئۆزىنىڭ ئورنىغا — شاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى. خوجا ۋاپا پۈتۈن شەھەر خەلقىنى چاقىرىپ، زور داغدۇغا، ھەشەمەت بىلەن قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلدى، ئاندىن ۋەزىر - ۋۇزرا، ئەمىر - ئۆلىمالارنى يىغىپ مېھرىنى نىكاھلاپ ئۆز ئەمرىگە ئالدى. مېھرى بىلەن ۋاپا مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتتى.

# پادىچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى

زامانلارنىڭ زامانىسىدا بىر كەمبەغەل بوۋاي ئۆتكەنىكەن، ئۇ بوۋاينىڭ زېرەك بىر ئوغلى بولغانىكەن. ئۇلار ئەسلىدە بىر قورايلىق ئېتىزغا بۇغداي تېرىپ، ئۇنىڭدىن ئاز ـ تولا بۇغداي ئېلىپ جېنىنى جان ئېتىپ كەپتىكەن. شۇنداق يىللارنىڭ بىرىدە يىل بويى يامغۇر ياغماي، بىر تالمۇ دان ئالالماپتۇ. بوۋاي جان بېقىش كويىدا بىر مەھەللىنىڭ پادىسىنى بېقىپتۇ، باققاندىمۇ ئەلنى رازى قىلغۇدەك بېقىپتۇ.

شۇ چاغدا بۇ ئەلنىڭ پادىشاھىمۇ ئۆزىنىڭ قىرىق بىر كالىسىنى باقىدىغان بىر ياخشى پادىچى ئىزدىتىپ يۈرگەنىكەن. ئۇ ئىزدەپ ـ سۈرۈشتۈرۈپ، بۇ پادىچى بوۋاينىڭ پادىنى ياخشى باقىدىغانلىقىنى بىلىپتۇ. ئۇنى چاقىرتىپ، ئۆزىنىڭ كالىلىرىنى بېقىشنى بۇيرۇپتۇ. بوۋاي چارىسىز ماقۇل بوپتۇ. پادىشاھنىڭ قىرىق بىر كالىسىنىڭ ئىچىدە بىر كالىسى قىرىق چېلەك، قالغان قىرىق كالىسى قىرىق چېلەك سۈت بېرىدىكەن. شۇڭا، قىرىق چېلەك سۈت بېرىدىغان كالا پادىشاھ ئۈچۈن بەكمۇ ئەتىۋارلىق ئىكەن. مۇشۇ ۋەجدىن پادىشاھ ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر قېتىم، كەچتە بىر قېتىم كالىلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئاندىن خاتىرجەم بولىدىكەن.

كۈنلەر كەينىدىن كۈنلەر، ئايلار كەينىدىن ئايلار ئۆتۈپتۇ،

كالىلار ياخشى تويۇپ سەمرىپتۇ. پادىشاھ كۆڭلىدە رازى بوپ-
تۇ. شۇنداق كۇنلەرنىڭ بىرىدە، پادىشاھنىڭ قىرىق چېلەك
سۈت بېرىدىغان كالىسى تويۇقسىز يوقاپ كېتىپتۇ. بوۋاي يې-
قىن ئەتراپلارنى ئىزدەپتۇ، زادىلا تاپالماپتۇ. ئاخىر قىرىق كا-
لىنى ھەيدەپ قايتىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئادىتى بويىچە چىقىپ
قارىسا، ئەتىۋارلىق كالىسى كۆرۈنمەپتۇ، سۈرۈشتۈرۈپ، يو-
قالغانلىقىنى بىلىپتۇ. پادىشاھ دەرغەزەپكە كەپتۇ - دە:
«جاللات!» دەپ ۋارقىراپتۇ. جاللات شۇ ھامان يۈگۈرۈپ كې-
رىپتۇ - دە:

— ئۇلۇغ پادىشاھئالەم، كىمنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن
جۇدا قىلىمەن؟ — دەپتۇ.

— جانابىي شاھىمىز، — دەپتۇ پادىشاھنىڭ بىر ئادىل
ۋەزىرى، — بۇ بوۋاينى ئۆلتۈرۈۋەتسەك، كالىنى تاپماق تەس
بولارمىكىن، ئۇنىڭغا بىر ھەپتە مۆھلەت بېرەيلى. شۇنىڭغىچە
كالىنى تاپالمىسا، ئاندىن ئۇنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا
قىلساق.

پادىشاھ ئويلىنىپ، بوۋايغا بىر ھەپتە مۆھلەت بېرىپتۇ.
پادىچى بوۋاي تايىقىنى تۇتقىنىچە كالىنى ئىزدەپتۇ، چۆللەرنى
كېزىپتۇ، جاڭگاللارغا كىرىپتۇ، ھېچنەدىن تاپالماپتۇ، جۇمە
كۇنىمۇ يېتىپ كەپتۇ. ئۇ كالىنى تاپالمىغاندىن كېيىن، ئۆ-
لۈم كۆزىگە كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ، يالغۇز بالىسىنى ئويلاپتۇ.
ئۇ شۇنداق خىياللار بىلەن مېڭىۋېرىپ، بىر تاغقا بېرىپ قاپ-
تۇ. ئۇ تاغدا بىر چوڭ غار بار ئىكەن. بوۋاي كالا مۇشۇ غار-
غا كىرىپ قامىلىپ قالغانمىدۇ؟ دېگەن ئوي بىلەن غارغا يې-
قىنلاپ بېرىپتۇ. شۇ چاغدا بىر دەھشەتلىك سادا بىلەن تەڭ
قاتتىق بوران چىقىپ، بوۋاينى بىر يەرلەرگە ئاپىرىپ تاشلاپ-
تۇ. بوۋاي تىرىشىپ - تىرمىشىپ يەنە غارنىڭ ئاغزىغا يې-

قىنلاپ بېرىپتۇ. بۇ قېتىم يەنە شۇنداق سادا بىلەن ئوت يال-
قۇنى كۆتۈرۈلۈپتۇ. بوۋاي دەرھال ئۆزىنى دالدىغا ئېلىۋاپتۇ.
ئوت يالقۇنى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، بوۋاي غار ئاغزىغا قا-
رىغۇدەك بولسا، بىر ئادەم تۇرغۇدەك. ئۇ بوۋايدىن:
— ھەي بوۋاي، سېنى بۇ يەرگە كېلىشكە نىمە مەجبۇر
قىلدى؟ — دەپ سوراپتۇ.
— مەن پادىشاھنىڭ قىرىق بىر كالىسىنى باقاتتىم، —
دەپتۇ بوۋاي، — قىرىق چېلەك سۈت چىقىدىغان بىر ئاززۇ-
لۇق كالىسى يوقاپ كەتتى. جۇمەدىن بېرى ئىزدەۋاتىمەن،
ھېچ تاپالمىدىم. ئىزدەپ كېلىپ قارىسام بۇ غار كۆرۈندى.
مۇشۇ غاردا قامىلىپ قالغانمىدۇ، دېگەن ئوي بىلەن بۇ يەرگە
كەلدىم.
— سېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىڭنى بىلەتتىم. بۇ غار سې-
ھىرگەرلەر ماكانى. سەن بىزنىڭ ھاجىتىمىزدىن چىقساڭ، كا-
لىنى ئۆز ئۆيۈڭگە يەتكۈزىمىز، — دەپتۇ ھېلىقى سېھىرگەر.
— قولۇمدىن كەلسە، ھاجىتىڭلاردىن چىقاي، — دەپتۇ
بوۋاي.
— سېنىڭ بىر يالغۇز ئوغلۇڭ بار، — دەپتۇ سېھىر-
گەر، — شۇ ئوغلۇڭنى بېرىسەن - دە، كالىنى ئەتە پادىشاھقا
ئاپىرىپ بېرىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلىسەن.
بوۋاي ياق دېسە پادىشاھ ئۆلتۈرىدۇ، ماقۇل دەي دېسە
يالغۇز بالىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. سېھىرگەر بوۋاينىڭ تەڭ-
قىسلىقتا قالغانلىقىنى كۆرۈپ:
— سەن بالاڭ بىلەن مەسلىھەتلەش، — دەپتۇ سېھىر-
گەر، — كۆزۈڭنى يۇم، مەن: «ئاچ» دېگەندە كۆزۈڭنى ئاچىسەن.
بوۋاي كۆزىنى يۇمۇپتۇ، بىرھازادىن كېيىن «ئاچ» دېگەن
سادا بىلەن كۆزىنى ئېچىپتۇ، قارىسا، ئۆز ئۆيىدە تۇرغۇدەك.

ئاتىسىنىڭ غەم ـ قايغۇدا قالغانلىقىنى بىلگەن ئوغۇل:
— ئاتا، كالا تېپىلمىغان بولسا، سىنىڭ ئورنۇڭغا پادىشاھنىڭ ئالدىغا مەن بارىمەن، — دەپتۇ.
بوۋاي ئوغلىغا سېھىرگەر بىلەن بولغان سۆھبەتنى دەپ بېرىپتۇ. زېرەك ئوغۇل ئاتىسىدىن رازىلىق دۇئاسىنى ئېلىپ، سېھىرگەرلەر ماكانىغا بارماقچى بوپتۇ. ھەممىدىن خەۋەر تېپىپ تۇرغان سېھىرگەر شۇ ھامان پەيدا بولۇپ، كالىنى بوۋاينىڭ ھويلىسىغا يەتكۈزۈپتۇ ـ دە، بىر دومىلاپ چوڭ بىر قۇشقا ئايلىنىپ، بوۋاينىڭ ئوغلىنى ئېلىپ كېتىپتۇ.
بوۋاي ئوغلىنىڭ دەردىدە زار قاقشاپ قاپتۇ. قۇش يىگىتنى بىر ھەشەمەتلىك بىنانىڭ يېنىغا تاشلاپ غايىب بوپتۇ. يىگىت بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرسە، بىر موماينىڭ تەنھا تەسۋى تارتىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە سالام بېرىپتۇ. موماي:
— كەلگىن، بالام، يۇقىرى ئۆتكىن، — دەپتۇ ـ دە، دەرھال مېۋە، قەنت ـ گېزەكلەر بىلەن چاي تەييارلاپ يىگىتنى مېھمان قىپتۇ. يىگىت چاي ئىچىۋېتىپ ئىشىك تەرەپكە شۇنداق قاراپتۇ ـ دە، بىر چوڭ يىلاننىڭ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپتۇ.
— بالام، قورقمىغىن، — دەپتۇ موماي چىقىپ كېتىۋېتىپ، — زىيىنى يوق، ئىختىيارىغا قويۇپ بەر.
موماي ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يىلان يىگىتنىڭ قوينىغا چىقىپتۇ ـ دە، بىر دومىلاپ، ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار، قەلەم قاشلىق، سۇمبۇل چاچلىق، زىلۋا بويلۇق بىر گۈزەل قىزغا ئايلىنىپتۇ. قىز يىگىتكە قاراپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، خۇش تەبەسسۇم بىلەن ھال ـ ئەھۋال سوراپتۇ. يىگىتنىڭ قەلبىدە بىر ئوت كۆيگەندەك بوپتۇ، قىز ئۇنىڭ پۈتۈن مېھرىنى تارتىۋاپتۇ.

— بۇ ئۆي - جاي، ئىمارەتلەر بىزنىڭكى، — دەپتۇ قىز، — چارباغلارنى سەيلە قىلىڭ، بىللە چىقايلى !

قىز بۇ قەددى - قامەتلىك، زېرەك يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ، چارباغنى قىرىق كۈن ئايلىنىپتۇ. ئاندىن سېھىرگەر چوڭ توي - مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، قىزنى يىگىتكە نىكاھلاپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى يىگىتنىڭ ئاتىسىنى يوقلاپ كېلىش ئارزۇسى قوزغىلىپتۇ، بۇ ئارزۇسىنى خوتۇنىغا ئېيتىپتۇ. خوتۇنى مۇنداق دەپتۇ:

— سېھىرگەر مېنىڭ ئاتام بولىدۇ. سىز ئۇنىڭ ئالدىغا بارغاندا، بىرىنچى كۈنى، بىر تۇلپار بار، شۇنى سوراڭ، ئىككىنچى كۈنى، بىر خىسلەتلىك ئۈزۈك بار، شۇنى سوراڭ، ئۈچىنچى كۈنى رۇخسەت سوراڭ.

يىگىت خوتۇنىنىڭ مەسلىھىتى بويىچە بىرىنچى كۈنى تۇلپارنى سوراپتۇ، ئىككىنچى كۈنى خىسلەتلىك ئۈزۈكنى سوراپتۇ، ئۈچىنچى كۈنى ئاتىسىنى يوقلاش ئارزۇسىنى ئېيتىپ، رۇخسەت سوراپتۇ. سېھىرگەر سورىغانلىرىنى بېرىپ، رۇخسەت بېرىپتۇ. ئەر - خوتۇن ئىككىسى يولغا تەييارلىق قىپتۇ. يولغا ئاتلانغان كۈنى قىز بىر دومىلاپلا يىلان قىياپىتىگە كىرىپ، ئاتنىڭ پۇتىغا يۆگىشىۋاپتۇ. ئۇلار ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە ئۇچقاندەكلا بېرىپتۇ. ئاتىسى ئوغلىنىڭ پىراقىدا ئازابلىنىپ يېتىپ قالغانىكەن.

— ئاتا، مەن قايتىپ كەلدىم، — دەپتۇ يىگىت.

بالىسىنىڭ تىرىكلىكىدىن ئۈمىد ئۈزگەن بوۋاي دەسلەپتە ئىشەنمەپتۇ، شۇنداقتىمۇ، ئىشىكىم ئالدىغا كەلگەنىكەن، دىدارىنى كۆرۈشۈم كېرەك، دەپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ - دە، بالىسىنى كۆرۈپ ئۆزىنى ئېتىپتۇ.

— سەن ئۆز بالاممۇ ياكى بالامنىڭ روھىمۇ؟ — دەپتۇ

بوۋاي، ـــ سېنىڭ بىلەن دىدارلىششقا خۇدا ئۆزى نېسىپ قىلغان ئوخشايدۇ. ئۆيگە كىر.

بوۋاي ئوغلى بىلەن ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، باغلاپ قويۇغان تۇلپارغا كۆزى چۈشۈپتۇ ۋە ئۇنىڭ پۈتىدىكى يىلاننى كۆرۈپ، قورقۇنچ بېسىپتۇ.

ـــ ئاتا، ئەندىشە قىلما، ئۆيگە كىرەيلى، ـــ دەپتۇ يىگىت.

ئاتا - بالا ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، يىگىت ھەممە ئەھۋالنى ئاتىسىغا دەپ بېرىپتۇ. شۇ چاغدا يىلان بىر دومىلاپ ئەسلىگە كېلىپ ئۆيگە كىرىپتۇ، بوۋايغا تەزىم قىلىپ، ھال - ئەھۋاللىشىپتۇ. بوۋاي كېلىننى كۆتۈۋالغۇدەك ھېچ نەرسىسى بولمىغاچقا، بەكمۇ خىجالەت بوپتۇ.

ـــ ئاتا، خىجالەت بولما، ھېلىمۇ قورايلىق ئېتىزىمىز ئۆزىمىزدە ئىكەن، ھەممە نەرسە تەل بولىدۇ، ـــ دەپتۇ يىگىت.



يىگىت خىسلەتلىك ئۈزۈكنى قولىغا ئېلىپ: «قېنى، خىسلەتلىك ئۈزۈك، كارامىتىڭنى كۆرسەت» دەپتىكەن، دەرۋازىسى ياقۇتتىن، تۈۋرۈكلىرى ئال-

تۇندىن، ئەكتى مەرمەردىن ياسالغان بىر چوڭ ئوردا پەيدا بوپتۇ. ئۇنىڭ نۇرىدا كىچە كۈندۈزگە ئايلىنىپتۇ. يىگىت بىلەن كېلىن بوۋاينى قولتۇقلاپ، زىلچا ـ گىلەملەر بىلەن ئورالغان بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ، ئېسىل تائاملار بىلەن مېھمان قىپتۇ.

ئەمدىكى گەپنى شۇ ئەلنىڭ پادىشاھىدىن ئاڭلايلى:

ئوردىنىڭ داڭقى تېزلا پادىشاھ ئوردىسىدىن ھالقىپ، يىراق ـ چەتلەرگىچە يېتىپتۇ. پادىشاھ ئۆز تەۋەسىگە ئوردا سالغان «پادىشاھ»نىڭ كارامىتىنىڭ سىرىنى بىلەلمەپتۇ، بىر-نەچچە كۈنگىچە كۈتۈپتۇ. بىر جۈمە ئۆتكەندىن كېيىن يىگىت تۇلپارىنى مىنىپ شىكارغا ئاتلىنىپتۇ. پايلاقچىلار بۇ خەۋەرنى دەرھال پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ ئەھۋالنى كۆزىتىپ بې-قىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ۋەزىرىنى ئەۋەتىپتۇ. ۋەزىر داغدۇ-غا بىلەن بۇ ئوردىغا كىرىپ كەپتۇ. ئوردا شۇنچىلىك ھەشە-مەتلىك بولغان بىلەن بىرمۇ لەشكەر كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ قايسى ئىشىكنى ئېچىپ كىرىشىنى بىلەلمەي تۇرغاندا، جاھاندا تەڭ-دىشى يوق بىر قىز چىقىپ ۋەزىرگە سالام بېرىپتۇ. قىز پە-لەمپەيدىن چاققانلىق بىلەن چۈشۈپ، ياشىنىپ قالغان ۋەزىر-نىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئۆيگە تەكلىپ قىپتۇ، تۈرلۈك ـ تۈ-مەن نازۇنېمەتلەر بىلەن ۋەزىرنى مېھمان قىپتۇ. ۋەزىر قايـ-تىپ كەلگەندىن كېيىن پادىشاھقا كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بې-رىپتۇ ۋە: «ئۇلۇغ پادىشاھىم، بۇ قىز گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى ئىكەن. ئۇنىڭ سۇزۇكلۇكىدىن شەربەتلەر، زەمزەملەر خىجىل ئىكەن، سۇ ئىچكەندە گېلىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. بۇ گۈزەل پەقەت شەۋكەتلىك پادىشاھىمىزغىلا مەنسۇپ» دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ قىزنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ، ماڭا تەۋە ئەلدە مۇنداق بىر گۈزەل ساھىبجامالنىڭ مېنىڭ ئوردامدا بولماي،

ئۇ يەردە تۇرۇشى مەن ئۇچۇن ھاقارەت، ئۇ گۈلنىڭ خۇش پۇ-رىقىدىن مەنلا ھۇزۇرلىنىشىم كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ. بىراق، ئۇ بىر پادىشاھ ياكى شاھزادە بولۇپ، يوشۇرۇپ قويغان ئەس-كەرلىرى باردۇ، دېگەن ئوي بىلەن يەنە پايلاقچى ئەۋەتىپ تىڭ-تىڭلاپ كۆرۈپتۇ. پايلاقچىلار قىزدىن باشقا ھېچكىمنىڭ يوق-لۇقىدىن خەۋەر بېرىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، پادىشاھ بەش يۈز ئاتلىق لەشكەر ئەۋەتىپتۇ. ئاتلىق لەشكەرلەر ئۈچ قېتىم چۇ-قان كۆتۈرۈپتۇ، لېكىن بۇ ئوردىدىن بىرمۇ لەشكەر چىقماپ-تۇ. ئاخىردا لەشكەرلەر ئوتتۇز ئاتلىقتىن سەپ تۈزۈپ، ياقۇت دەرۋازىدىن باستۇرۇپ كىرىپتۇ. بۇ ھېكمەتلىك ياقۇت دەرۋا-زىنىڭ ئىككى قانىتى ئۆزلۈكىدىن شۇنداق بىر ئېچىلىپ يې-پىلىپتىكەن، لەشكەرلەر شۇ يەردىلا ئاتلىرىدىن موللاق ئې-تىپ، ھەممىسى ھالاك بوپتۇ. پادىشاھ بۇ قىزنى قولغا چۈ-شۈرەلمەي، باشقىچە ھىيلە ئىشلىتىپ، يىگىتنى ئۆلتۈرۈپ، قىزنى قولغا چۈشۈرمەكچى بوپتۇ.

ئارىدىن بىرمەھەل ئۆتۈپ يىگىت شىكاردىن قايتىپ كەلگەندە، بولغان ۋەقەنى خوتۇنىدىن بىرمۇبىر ئاڭلاپتۇ. ئۇنىڭ خوتۇنىغا بولغان مېھرى تېخىمۇ ئېشىپتۇ. ئۇلار پادىشاھنىڭ يەنە ھىيلە ئىشلىتىپ، بىر پالاكەت كەلتۈرىدىغانلىقىنى مۆل-چەرلەپتۇ. ئۇلار: «ھەرنېمە بولسا، ئۆزىمىزنى سەگەك تۇتايلى» دېيىشىپتۇ. پادىشاھمۇ يىگىتنى چاقىرتىپ، تۇلپارنى قولغا چۈشۈرۈپ، يىگىتكە بىر تۆھمەتنى ئارتىپ زىندانغا تاشلاش ئارقىلىق قىزنى ئوردىغا ئەكېلىۋالماقچى بوپتۇ - دە، ئەتىسى يىگىتنى پادىشاھ ھۇزۇرىغا چاقىرتىپتۇ. يىگىت پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا تۇلپارنى مىنىپ بېرىپتۇ. تۇلپارنى بىر يەرگە باغلاپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. پايلاقچىلار يوشۇرۇنچە تۇلپارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى ئەپقاچماقچى بوپتۇ. تۇلپار

ئالدىغا كەلگەننى چىشلەپتۇ، ئارقىسىدىن كەلگەننى تېپىپتۇ، ھېچكىمنى يېقىن كەلتۈرمەپتۇ. يىگىت بۇنى تۇيۇپ قاپتۇ. پادىشاھ بۇ يىگىتنىڭ ھېكمىتىگە ئۆزىنىڭ قۇدرىتى يەتمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپتۇ. يىگىت قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ ئاتىسىنىڭ ۋاقتىدىمۇ ۋەزىر بولغان، چاچ ـ ساقاللىرى ئاقارغان قېرى ۋەزىر پادىشاھقا مۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— ئەي شەۋكەتلىك شاھىمىز، مەرھۇم ئاتىلىرى بىر تىلسىماتقا بەكمۇ قىزىققانىدى، بىراق مەقسىتىگە يېتەلمىگەن. مەرھۇم بوۋىلىرىمۇ بۇ يولدا ئۇرۇنۇپ باققانىكەن. بىز بۇ يىگىتنى مۇشۇ يولغا سالساق، ئۇ بۇ ئىشنى ھەرگىز ئورۇندىيالمايدۇ. سىلى مەرھۇم ئاتا ـ بوۋىلىرىغا ئوخشاش: «بۇنى ئورۇندايسەن، ئورۇندىساڭ پادىشاھلىقىمنى بېرىمەن، ئورۇندىيالمىساڭ كاللاڭنى ئالىمەن» دەيدىلا. مانا بۇ مەقسەتلىرىگە يېتىشنىڭ چارىسى.

— خوش، بۇ تىلسىمات نېمىكەن؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئىككى تىلسىمات بارمىش، — دەپتۇ ۋەزىر، — بىرى، شۇنداق بىر سازمىش. ئۇنىڭغا ئېرىشكەندە، ئالەمدىكى جىمى نەغمە ـ ناۋادىن خالىغىنىنى ئۆزى چېلىپ بېرەرمىش، كۆڭۈلنى بەكمۇ خوش قىلارمىش. يەنە بىرى، ئىپار كېيىكمىش. ئۇنىڭغا ئېرىشكەندە، ئەتراپ خۇش پۇراققا تولارمىش، شۇ ئەتراپتىكى پۇقرالاردىن كېسەل بولغانلار ساقىيارمىش، زادى كېسەل بولماي، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ساغلام ئۆتەرمىش.

پادىشاھ بىرئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ ـ دە:

— يا شۇ قىزغا ئېرىشەي، يا بۇ تىلسىماتقا ئېرىشەي. بۇ تىلسىماتقا ئېرىشەلىسەملا، پادىشاھلىقىمدىن ۋاز كېچەي، — دەپتۇ.

يىگىت قايتا پادىشاھ ھۇزۇرىغا چاقىرتىلىپتۇ.
— ھەي يىگىت، — دەپتۇ پادىشاھ، — مەن سېنىڭ زېرەك ۋە ئەقىللىقلىقىڭغا قايىل بولدۇم. مېنىڭ ئىككى نەرسىگىلا ھاجىتىم بار، شۇنى ئورۇندىساڭ، پادىشاھلىقىمنى ساڭا ئۆتۈنىمەن، ھاجىتىمدىن چىقالمىساڭ، مېنىڭدىن رەنجىمە.
— قولۇمدىن كەلسىلا ھاجەتلىرىدىن چىقىشقا تەييارمەن، — دەپتۇ يىگىت.
پادىشاھ تىلسىمات قىلىنغان ساز بىلەن ئىپار كېيىكنى نەدىن بولسا، شۇ يەردىن تېپىپ يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ. يىگىت:
— خوپ، مەن ئەزەلدىن كىشىلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش يولىغا ئۆزۈمنى ئاتىغان، ئۆلمىسەملا تەلەپلىرىنى ئورۇندايمەن، — دەپتۇ.
يىگىت قايتىپ بارغاندىن كېيىن بولغان ۋەقەنى، پادىشاھنىڭ ھاجىتىنى خوتۇنىغا دەپ بېرىپتۇ. خوتۇنى مۇنداق دەپتۇ:
— ئاتام تۇرۇۋاتقان غاردىن قىرىق بىر كۈنلۈك يىراق بىر تاغنىڭ يېنىدا يەنە بىر غار بار. غارنىڭ ئىچىدە دېۋىلەر ئۇخلايدۇ. دېۋىلەر ئۇخلاپ قالغان بولسا، ئەتراپ تىمتاس، جىمجىتلىققا ئايلىنىدۇ، ئۇچار قۇشلارمۇ سايرىمايدۇ. بۇ چاغدا سىز يېتەرلىك ئوزۇق، ئۇسسۇزلۇق ئېلىپ، نېرىدىكى بىر كاماردا بىر جۈمەدىن بىر ئايغىچە يېتىڭ. قاچان ئۇچار قۇشلار سايرىغان، يېقىملىق ساز - نەغمە ئاڭلانغان چاغدىلا غارغا كىرىڭ. ئۇ چاغدا دېۋىلەر بىر يىللىق يەرگە سەپەر قىلغان بولىدۇ. سىز غارنىڭ بىرىنچى ئىشىكىنى ئاچقاندىن كېيىن، بىرىنچى ئۆيۈقتا ئالتۇن تاۋاقتا دانلاۋاتقان بىر دەمدەر بار. بۇ، دېۋىلەرنىڭ جىنى، سىز ناھايىتى چاققانلىق بىلەن يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ بويىنىنى ئۈزۈۋېتىڭ، بولمىسا

دېۋىلەر يېتىپ كېلىدۇ ـ دە، سىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بويىنىنى ئۈزگەندىن كېيىن، ئىككىنچى ئويۇقتىكى ئالتۇن ساندۇق ئىچىدە قىرىق ئاچقۇچ بار، ئۇنى ئېلىپ ئۆيلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئاچسىڭىز، قىرىقىنچى ئۆينىڭ ئىچىدە نۇر چاقناپ تۇرغان بىر گۆھەردىن ياسالغان هاسا بار، ئۇنى ئېلىپلا قېچىڭ. سىزنى بىر توپ ئاتلىقلار قوغلايدۇ. يېتىشەلمىسە، شۇ بويىچە يېنىپ كېلىڭ، يېتىشۋېلىپ ئارىغا ئېلىۋالسا: «ھەي ئەزىز تۇلپارىم» دەپ، تۇلپارنىڭ بېشىنى بىرلا سىلاپ قويۇڭ، مۇشكۇلىڭىز ئاسان بولىدۇ. پادىشاھنىڭ يەنە بىر هاجىتىنىڭ سىرىنى سىز سالامەت قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دەپ بېرىمەن.

يىگىت خوتۇننىڭ دېگىنى بويىچە سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. تاغنىڭ كامىرىدا ئىككى جۇمە يېتىپتۇ، خوتۇننىڭ دېگىنىنى بىرمۇبىر ئورۇنداپ، تىلسىمات هاسىنى ئالغان پېتى قېچىپتۇ. ئارقىسىدىن قوغلىغان بىر توپ ئاتلىقلار يىگىتنى يېرىم يولدا ئارىغا ئېلىۋاپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ: «ھەي ئەزىز تۇلپارىم» دەپ، تۇلپارنىڭ بېشىنى بىرلا سىلاپ قويغانىكەن، تۇلپار تولغۇلۇپ تۇرۇپ بىر سەكرەپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. قوغلىغانلار ئاسمانغا قارىغىنىچە چۆل ـ جەزىرىدە قاپتۇ. يىگىت سالامەت قايتىپ كېلىپ، پادىشاھقا تىلسىماتلىق گۆھەر هاسا شەكىللىك سازنى ئۆز قولى بىلەن تاپشۇرۇپتۇ. پادىشاھ سازنىڭ نەچچە مىڭ خىل نەغمە ـ ناۋاسىغا مەپتۇن بوپتۇ. ئۇ پۈتۈن تاجۇتەختىدىن ۋاز كەچمەكچى بوپتۇيۇ، لېكىن يەنە بىر تىلسىمات ھەققىدىكى سۆزىنى ئەسلەپ، ئىپار كېيىكنى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. يىگىت خوتۇنىدىن بۇنى تېپىپ كېلىش توغرىسىدىكى سىرنى دەپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. خوتۇنى مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي زېرەك باتۇرۇم، سىزنىڭ ئۆز جېنىڭىزنى كە-
شىلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشقا ئاتىغانلىقىڭىزغا قايىلمەن.
سىز ئەڭ قىيىن ئىشنى ئورۇندىدىڭىز. ئىپار كېيىكنىڭ جا-
پالىق يولىنى سىز ئاللىقاچان بېسىپ بولغان. ئەسلىدە ئىپار
كېيىك مېنىڭ ئىدى. سىز سورىمىغاندىن كېيىن، مەن ئېلىپ
كەلمىگەن. خەير، بوپتۇ، پادىشاھقا ھاجەتلىك بولسا بېرەيلى.
سىز ئاتامنىڭ ماكانىغا بېرىڭ، چارباغدا كېيىك بار، ئۇ ياتقان
بولسا زادى تۇتماڭ، ئوتلاۋاتقان بولسا تۇتۇڭ.

يىگىت خوتۇننىڭ مەسلىھەتى بويىچە غارغا بېرىپ،
چارباغقا كىرىپتۇ. ئۇ ئىزدەپ بارسا، ئىپار كېيىك ياتقۇدەك.
يىگىت يېرىم كۈن قاراپ تۇرۇپتۇ، كېيىك ئوتلاشقا باشلىغان-
دىلا قوغلاپتۇ. ئىپار كېيىك تۇتۇق بەرمەي ئويناقلاپ قېچىپ-
تۇ، قوغلاۋەرگەندىن كېيىن، بىر تاغنى ئاتلاپ، بىر ئۆيگە
قېچىپ كىرىپ كېتىپتۇ. يىگىت تۇلپارىنى بىر ياغاچقا
باغلاپ، ئىپار كېيىكنىڭ ئارقىسىدىن ئۇ ئۆيگە كىرىپتۇ. قا-
رىسا، قىزنىڭ ئاتىسى ناماز ئۆتەۋېتىپتۇ، كېيىك سەل بېرى-
سىدا كۆشەپ يېتىپتۇ. يىگىت قېيناتىسىنىڭ ناماز ئۆتەپ بو-
لۇشىغىلا سالام بېرىپ ئەھۋاللىشىپتۇ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىپار
كېيىكنى ئالغىلى كەلگەنلىكىنى دەپتۇ.

— ئوغلۇم، — دەپتۇ قىزنىڭ ئاتىسى، — بۇ ئىپار كې-
يىكنى بۇرۇنلا سورىماي، خېلى ئاۋارە بوپسەن، بۇنچىلىك
ئاۋارە بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. سەن دېمىڭنى ئېلىپ
ئاندىن قايتقىن، ئىپار كېيىك سېنىڭدىن بۇرۇن يېتىپ بارىدۇ.

يىگىت دېمىنى ئېلىپ، تۇلپارغا مىنىپ ئۆيىگە كەلسە،
دېگەندەك ئىپار كېيىك خوتۇننىڭ يېنىدا يېتىپتۇ. ئەتىسى
يىگىت ئىپار كېيىكنى يېتىلەپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ
كىرىپتۇ، راست دېگەندەك، ئوردىنى خۇش پۇراق قاپلاپتۇ. كېسەل

بولغانلار ساقىيىپتۇ، ھەممە كىشى كۆچكە تولغاندەك بوپتۇ.

پادىشاھ بۇ تىلسىماتقا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۆز تەۋەسىدىكى جىمى ئادەمنى توپلاپ، ئالدى بىلەن ئاتا - بوۋىسىنىڭ تىلسىمات يولىدا مەقسىتىگە يېتەلمىگەنلىكىنى سۆزلەپتۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۆزىنى بۇ تىلسىماتقا ئېرىشتۈرگەن زېرەك، ئەقىللىق، باتۇر يىگىتكە ۋەدىسى بويىچە پادىشاھلىقىدىن ۋاز كېچىپ، تاجۇ تەختىنى ئۆتۈنۈپتۇ. يىگىت ئەلگە قىرىق كېچە - كۈندۈز مەرىكە ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. يۇرت ئىچىدە يىگىت ۋە ئايالى ئابرۇي تېپىپتۇ، ئەل باياشاتلىققا ئېرىشىپتۇ. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، شۇ زامانلاردا تورغايلار قوينىڭ دۈمبىسىدە ئۇۋىلىغانىكەن.

# دىۋىنى قورقۇتقان باتۇر

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئاق كۆڭۈل، ياشانغان باغۋەن بىلەن نەشكەش بەڭگى تام قوشنا ئىكەن. باغۋەن ئۆزىنىڭ ئاتا كەسپى بولغان باغۋەنچىلىكنى بەكمۇ قەدىرلەيدىكەن. شۇڭا، ئۇ ئۆز بېغىدىكى ھەر خىل مېۋە كۆچەتلىرىنى، ھەر خىل گۈللەرنى ئۇلاپ تۇتقۇزۇپ، پەرۋىش قىلىش بىلەنلا قالماي، قولى بوش ۋاقىتلاردا باشقىلارنىڭ كۆچەتلىرىنىمۇ، گۈللىرىنىمۇ ئۇلاپ، پەرۋىش قىلىپ بېرىدىكەن. ھەر يىلى كۆچەت تىكىش مەزگىلىدە يىراق - يېقىندىكى دېھقان ۋە بېغى بار كىشىلەر بۇ باغۋەننى ئىزدەيدىكەن، بەزى يىللىرى تالاشتا قېلىپ تېگىشمەي قالىدىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ تۇرمۇشى خۇشال - خۇرام، ھال - كۈنى ياخشى ئۆتىدىكەن.

بەڭگى قوشنىسى ياش بولغان بىلەن ھەر كۈنى نەشە چېكىپ مەست بولۇپ، بېشىنى قاپاق قىلىپ، ئاپتاپقا قاقلىنىپ يېتىپ ئۇخلاپ، ئىش - ئوقەت قىلمايدىكەن، ھورۇن ئىكەن. بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈش يولى ئىككى خىل بولسىمۇ، قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتتە ناھايىتى ياخشى ئۆتىدىكەن. باغۋەننىڭ ئائىلىسى بىر كۈن پولۇ، بىر كۈن مانتا، بىر كۈن قۇيماق دېگەندەك ياخشى تاماقلارنى ئېتىپ يەپ، تۇرمۇشنى ياخشى ئۆتكۈزىدىكەن، ئۆزى يېگەن تاماقتىن

قوشنىسىغىمۇ سۇنۇپ بېرىدىكەن. بەگگى قوشنىسىنىڭ قولى قىسقا بولۇپ، ئۇنىڭ خوتۇنى تاماق ئېتەي، دەپ بىرنى تاپسا، بىرى يوق، يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىدە قىينىلىپ سېرىقتال ئۆ-تىدىكەن، ئۆيدە ئاش يوق تەڭقىسلىقتا قالغان كۆڭلىرى، باغ-ۋەن ئۇستامنىڭ ئۆيگە تەڭقىسچىلىقنى ئېيتىپ كىرسە، ئۇلار ئاش ياكى پۇل - پۇچەكنى ئۆتنە ھېسابىدا بېرىپ تۇ-رىدىكەن. بەگگى ئۆتنە ئالغان نەرسىنى ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بېرەلمەيدىكەن.

بەگگىنىڭ تۇرمۇشىدا مۇشۇنداق غورىبەتچىلىك بىرنەچچە يىل داۋام قىپتۇ. خوتۇنى تۇرمۇشنىڭ غورىبەتچىلىك ئەلىمىگە چىدىيالماپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئېرىگە تاپا - تەنە قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن ساڭا تەگمىسەم بوپتىكەن. باغۋەن ئۇستامنىڭ ئۆيدىكىلەر مانتا، پولۇ، پوشكال - قويماق ئاچقىپ بەرسە ھوزۇرلىنىپ يېدۇق. بىزچۇ؟ پولۇ ئۇياقتا تۇرسۇن، بىر تاۋاق ئۇماچنىمۇ ئۇلارغا ئاچقىپ بېرەلمىدۇق. «بار تاۋىقىم، يان تاۋىقىم، بېرىپ يانمىساڭ، ئوتتۇرىدىن سۇن تاۋىقىم» دەپتى-كەن. سەن ئىش - ئوقەت قىلماي ئۆيدە بىكار ياتساڭ، ساڭا پۇل نەدىن كېلىدۇ؟ ئاش - ئوزۇق نەدىن كېلىدۇ؟ سېنىڭ ھايات تۇرغىنىڭدىن ئۆلگىنىڭ ياخشى. ئۆيۈڭدە چىدىغۇچىلى-كىم قالمىدى، ئەمدى مېنىڭ خېتىمنى بەرگىن، ھەرقايسى-مىز ئۆز كۈنىمىزنى ئۆزىمىز ئالايلى.

بەگگى خوتۇنىنىڭ تاپا - تەنە، يامان گېپىگە چىداپ تۇرالماي سەپرايى ئۆرلەپ، بېشى راسا قېتىپتۇ. خورجۇنىنىڭ بىر بېشىغا خاكا كۆمۈر ئاپتۇ، يەنە بىر بېشىغا چىلىم قاپاق بىلەن سەيخانىلەرنى تىقىپ، خورجۇننى كۆتۈرگەن پېتى خو-تۇنىدىن يامانلاپ يولغا چىقىپتۇ. بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ،



ئېگىز تاغ باغرىدىكى دەرەخنىڭ تۈۋىگە كەپتۇ، دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ چىلىمغا نەشە ساپتۇ، خاكلاپ چېكەي، دەپ تۇرۇشىغا بېشى قازاندەك، قەددى - قامىتى مۇناردەك، بېشى بەھەيۋەت، قورقۇنچلۇق بىر دىۋە پەيدا بوپتۇ. ئۇ بەڭگىنى كۆرۈپ:

— ھەي، نېمە ئادەمسەن؟ بۇ جاي ماڭا تەئەللۇق، مېنىڭ ماكانىم بولىدۇ! ھەرقانداق ئۇچارقانات، جان - جانىۋارلار بولسا مېنىڭ ئېلكىمدە. ئادەمزات كەلسە، مەن ئەلۋەتتە ئۇلارنى يەيمەن. سەن مېنى يېسۇن، دەپ بۇ يەرگە كەپسەن، يۈر، سېنىمۇ بىر ۋاخلىق ئوزۇق قىلاي! — دەپتۇ. بەڭگى دىۋىدىن قورقۇپ قاچالماي جېنى چىققۇدەك بولۇپ، كۆزلىرىنى ئالاق - جالاق قىلىپ، قانداق قىلارمەن، دەپ تۇرۇپ قاپتۇ. بەڭگىگە ئاخىر ئەقىل كەپتۇ. ئوت يېقىپ قويغان چىلىمدىكى نەشىنى ئېلىپ راسا شوراپتۇ، ئوت خاكىغا تۇتاشقاندىن كېيىن چىڭقىلىپ تۇرۇپ تېشىغا پۈۋلىگەنىكەن، ئوت ۋال - ۋۇل قىلىپ چاقناپتۇ. دىۋە ئوتتىن قورقۇپ تىترەپ قېچىشقا باشلاپتۇ.

بەڭگى دىۋىنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ ۋارقىراپ:

— ھەي دىۋە، نەگە بارىسەن؟ مەن دوزاخ پادشاھى بولىمەن! دوزاخنىڭ بىر تال تۈۋرۈكى سۇنۇپ كەتكەنىدى،

ئۇزاقتىن بىرى سىنى دوزاختا تۇۋرۇك قىلاي، دەپ يۈرەتتىم، ماڭ بۇياققا ! — دەپتۇ.

دىۋە چىلىمدىن چىققان ئۇتنى: «دوزاختىن چىققان ئوت، ئوت چىقارغان مەخلۇق دوزاخ پادىشاھى» دەپ قاپتۇ ۋە:

— ۋاي پادىشاھىئالەم، مىنى دوزاختا تۇۋرۇك قىلمىسىلا، مەن سىلىگە ياخشىلىق قىلاي، مەن ماكانىمغا بىرىپ سىلىگە جىق ئالتۇن ئىلىپ كىلەي، ماڭا ئازراق ۋاقىت بەرسىلە، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. بەڭگى دىۋىدىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن:

— ھازىرلا ماڭ، يوقال كۆزۈمدىن ! ۋەدەڭدە تۇرمىساڭ، دوزاخنىڭ ئۇچقۇندىسىنى چىقىرىپ كۆيدۈرۈپ تاشلايمەن ! — دەپتۇ. دىۋە بىر پەرۋاز قىلىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ ۋە ھايال بولماي قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئۇچ تۇلۇم ئالتۇننى بەڭگىنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— ئاز بولسىمۇ بۇلارنى ئىلىپ، گۇناھىمدىن ئۆتسىلە، — دەپتۇ. بەڭگى بۇنچىلا ئالتۇنلارنى كۆرۈپ خۇشلۇقى ئىچىگە سىغماي قالغان بولسىمۇ، دىۋىنى يەنە بىر قىتىم قورقۇتماقچى بولۇپ:

— كۆتۈر بۇ نەرسەڭنى، ماڭا كىرىكى يوق ! سىنى ئاپىرىپ دوزاختا تۇۋرۇك قىلىمەن، — دەپ ۋارقىراپتۇ. دىۋە قورقۇپ جىنى چىققۇدەك بولۇپ يالۋۇرۇپتۇ. بەڭگى، — ئۇنداق بولسا، ئۇچ تۇرلۇك شەرتىم بار، قوبۇل قىلساڭ تەلدىڭگە ماقۇل بولاي، — دەپتۇ. دىۋە:

— شەرتلىرىنى ئىيتسىلا، بەجانىدىل قوبۇل قىلىمەن، — دەپتىكەن، بەڭگى مۇنداق دەپتۇ:

— بىرىنچى شەرتىم، ئۇچ تۇلۇم ئالتۇن بىلەن مىنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويىسەن؛ ئىككىنچى شەرتىم، دوزاخنىڭ تام-

غىسسنى سۆڭگىچىڭگە بېسىپ قويىمەن، دوزاخقا قاچان لازىم بولۇپ قالساڭ، دوزاخ ئەلچىسى سېنى ئىزدەپ تېپىپ ئاپىرىدۇ؛ ئۈچىنچى شەرتىم شۇكى، بۇ يەرگە كەلگەن ئادەمزات، جان-جانىۋار، ياۋايى ھايۋانلاردىن تارتىپ ھېچقانداق مەخلۇققا چېقىلمايسەن، ئەگەر خىلاپلىق قىلساڭ دوزاخقا تۇۋرۈك قىلىمەن، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ — دەپتىكەن، دىۋە دىر-دىر تىترىگەن ھالدا بەڭگى ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرگە ماقۇل بولۇپ قول باغلاپ تۇرۇپتۇ. بەڭگى دوزاخ تامغىسىنى قىزىتىمەن، دەپ چىلىمغا نەشە سېپتۇ، ئارقا-ئارقىدىن ئۈچ نۆۋەت چىلىمغا ئوت ئالدۇرۇپتۇ، چىلىمنىڭ سەيخانىسى قىزىپ ئوتتەك بولغاندىن كېيىن، سەيخانىنى ئاپىرىپ دىۋىنىڭ سۆڭگىچىگە يېقىپتۇ، ئاندىن بەڭگى ئۈچ تۇلۇم ئالتۇننى دىۋىگە ئارتىپ، دىۋىنىڭ گەدىنىگە مىنىپتۇ. دىۋە پەرۋاز قىلغىنىچە بەڭگىنى تىنچ-ئامان ئۆيىگە ئەكېلىپ قويۇپتۇ.

بەڭگىنىڭ خوتۇنى مۇنچە جىق ئالتۇنلارنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ، ئاندىن قوشنىسى باغۋەننىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى مېھمانغا چاقىرىپتۇ، تاماقتىن كېيىن باغۋەنگە ئون چىنە ئالتۇن ھەدىيە قىپتۇ ۋە باغۋەننىڭ ئىلگىرى ئۆز ئائىلىسىگە قىلغان ياخشىلىقلىرىغا رەھمەت ئېيتىپ، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ. بۇ ئىككى قوشنا تېخىمۇ ئىناق ئۆتۈپتۇ. دىۋە ئىگىدارچىلىق قىلىپ كەلگەن كەڭ يايلاققا ئادەملەر خاتىرجەم بېرىپ شىكار قىلىدىغان بوپتۇ. چارۋىچىلار ھەر يىلى چارۋىلىرىنى ئاچىقىپ قورقماي چارۋا بېقىپ، ئوۋ ئوۋلايدىغان بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە كىشى دىۋىنىڭ زوراۋانلىقىدىن قۇتۇلۇپ خاتىرجەم بولۇپ، باياشات ئۆتكەنىكەن.

# زىرەك

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى يىراقتىكى كاتتا بىر شەھەردە بىر مېھرىبان ئانا ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئاتىسىدىن يېتىم قالغان دانا، تادان، زېرەك دەيدىغان ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. دانا بىلەن تادانىنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى بار ئىكەن.

بۇ ئانا ئاتىسىدىن كىچىكلا يېتىم قالغان بۇ ئۈچ ئوغلىنى ئاتا مېھرىگە زار قىلماي قاتارغا قوشۇپتۇ. ئوغۇللارنىڭ چوڭى دانا قىلىچۋاز، ئوتتۇرانچى ئوغۇل تادان نەيزىۋاز بولۇپ يېتىلىپتۇ. كەنجى ئوغۇل زېرەك ئىككى ئاكىسىنىڭ ماھارىتىنى ئۆگەنگەندىن سىرت، ئوقيا ئېتىشقىمۇ ماھىر بولۇپ يېتىلىپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئانىسىنىڭ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار ئانىسىنىڭ كۆزىنى داۋالاشنىڭ ئامالىنى قىلالماي قاپتۇ ـ دە، ئۈچ ئوغۇل باش قوشۇپ: «ئانىمىز بىزنى چوڭ قىلغۇچە ئاز جاپا چەكمىدى. ئەمدى بىزنىڭ ئۇلارغا خىزمەت قىلىدىغان ۋاقتىمىز كەلدى. بىز ئانىمىزنىڭ كۆزىنى چوقۇم ساقايتايلى» دەپ مەسلىھەتلىشىپتۇ.

ئۇلار ھەر تەرەپتىن تېۋىپ ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ، لېكىن بىرەر ئۇستا تېۋىپ تاپالماپتۇ. ئۇلارنىڭ بېشى قېتىپ كېتىپ بارسا، ئالدىغا بىر قېرى دەللە ئۇچراپتۇ. دەللە ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— ئەي يىگىتلەر، نېمىگە شۇنچە دەردكە پېتىپ كەتتىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دەردىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. دەللە ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ:

— «كېسەلنىڭ ساقايغۇسى كەلسە، تېۋىپ ئۆزى كەپتۇ» دېگەن شۇدە. خۇدا مېنى سىلەرگە يولۇقتۇرۇپتۇ. مەن سىلەرگە ئوخشاش ئانىسى ئۈچۈن شۇنچە غەم يېگەن ئوغۇللارنى كۆرمىگەنىكەنمەن. مەن سىلەرگە ياردەم قىلىمەن، لېكىن بىر شەرتىم بار، ماقۇل بولساڭلار، ئاناڭلارنىڭ كېسىلىنى ساقايتىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرىمەن، — دەپتۇ. ئۇلار تەڭلا:

— ئەگەر ئانىمىزنىڭ كېسىلى ساقىيىدىغانلا ئىش بولسا، بىر شەرت ئەمەس، ئون شەرت بولسىمۇ ئورۇندايمىز، — دېيىشىپتۇ. دەللە چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ:

— مېنىڭ شەرتىم: مەن بۇيرۇغان دورىنى «يالغۇز قاپاق» دەيدۇ، ئۇنى پەقەت بىرلا ئادەم ئەكېلىشى كېرەك، — دەپتۇ.

ئۈچ ئوغۇل: «شۇنداق قىلىمىز» دەپ قەسەم ئىچىشىپتۇ. دەللە ئۇلارنىڭ قەسىمىنى ئاڭلاپ:

— سىلەر مۇشۇ يەردىن كۈنچىقىشقا قاراپ قىرىق كۈن يول يۈرسەڭلار، شەھرى خەربەرگە يېتىپ بارىسىلەر. ئۇ يەردە بىر چارباغ بار، چارباغدا ماڭا ئوخشاش بىر موماي بار، چارباغ ئاشۇ مومىينىڭ. چارباغدا قىرىق بىر ئۆي بار. ئۆيلەرنىڭ بىرىدە بىر تىلسىم قازان قايناپ تۇرىدۇ، ئۇ قايناپ تاشقاندا شىپالىق دورا قاپاققا چۈشىدۇ. «يالغۇز قاپاق» دېگەن شۇ. ئاشۇ دورا تېپىلسا، ئاناڭلارنىڭ كۆزى ئېچىلىدۇ، — دەپ يول كۆرسىتىپتۇ.

ئاكا - ئۇكىلار خۇشال بولۇشۇپ دەللىگە رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپتۇ.

ئۈچىسى مەسلىھەتلىشىپ دانانى يولغا سايتۇ. دانا قىرىق

كۆنلۈك ئوزۇق ئېلىپ، قىلىچىنى ھەمراھ قىلىپ يولغا چىقىپ-تۇ. ئۇ قىرىق كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، نۇرغۇن چۆل - جەزىرىلەرنى كەينىدە قالدۇرۇپ، دەللە كۆرسەتكەن چارباغقا يېتىپ بېرىپتۇ. دانا باغنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ كىرىپلا ئۆزلىرىگە يول كۆرسەتكەن مومايىنىڭ كۆزلىرىگە قان تولغان ھالەتتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ.

— ئەسسالام موما، — دەپ سالام بېرىپتۇ دانا.

— ئەگەر سالىمىڭ بولمىغان بولسا، بىر يالماپ يۇتۇۋېتەتتىم. مەن سېنىڭ كېلىشىڭنى كۈتۈپ تۇرغان. مانا ئاچقۇچ، دورىنى ئۆزۈڭ تېپىۋال، — دەپتۇ يالماۋۇز.

دانا قىرىق بىر ئاچقۇچنى ئېلىپ باغقا كىرىپتۇ. ئۇ بىرىنچى ئۆينىڭ ئالدىغا بېرىشىغا ئون ئىككى دىۋە ئالدىنى توسۇپتۇ. دانا دىۋىلەر بىلەن يەتتە كېچە - كۈندۈز ئېلىشىپ، ھەممىسىنى يەر چىشلىتىپتۇ. دانا بىرىنچى ئۆينىڭ ئىشىكى-



نى ئېچىپ ئىچىگە كىرىشىگە، يالماۋۇز كەينىدىن كېلىپ ئۇ-
نى سولاپ قويۇپتۇ.

تادان بىلەن زېرەك ئۇنىڭ يولىغا تەشنا بولۇپ ئولتۇرۇپ-
تۇ. ئارىدىن توقسان كۈن ئۆتۈپتۇ، دانا قايتىپ كەلمەپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن تادان يولغا چىقىپتۇ. تادان ئاكىسى بېسىپ
ئۆتكەن يوللارنى كەينىدە قالدۇرۇپ چارباغنى تېپىپ بېرىپتۇ.
تادانمۇ ئۇ يالماۋۇزدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ باغقا كىرىپتۇ. ئۇ
بىرىنچى ئۆيدىن تىنچ - ئامان ئۆتۈپ ئىككىنچى ئۆينىڭ
ئىشىكى ئالدىغا بېرىشىغا، يىلانلار ئالدىنى توسۇپتۇ. ئۇ
يىلانلارنى يەتتە كېچە - كۈندۈزدە ئۆلتۈرۈپ بوپتۇ. ئۇ ئەمدى
ئۆيگە كىرىشىگە، يالماۋۇز ئارقىسىدىن كېلىپ ئۇنى ئاكىسى-
نىڭ يېنىغا سولاپتۇ. ئاكا - ئۇكا ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ
ئالدانغانلىقىنى بىلىپتۇ. يالماۋۇز:

— ئەمدى زېرەك كەلسە ئۈچىڭلارنى تەڭ كاۋاپ قىلىپ
يەيمەن، — دەپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇلار يالماۋۇزنىڭ گېپىنى
ئاڭلاپ ھەسرەت چېكىشىپتۇ.

زېرەك تادانىنىڭ كېلىدىغان كۈنىنى ساناپ سەكسەن كۈن-
نى تەستە ئۆتكۈزۈپتۇ، لېكىن تادان كەلمەپتۇ. ئۇ بۇنىڭدىن
ئىككى ئاكىسىنىڭ خەتەرگە يولۇققانلىقىنى بىلىپ، ئانىسى-
نىڭ قوللىرىنى سۆيۈپ تۇرۇپ:

— ئەي ئانا، سېنى ئاللاغا تاپشۇردۇم. مەن ئىككى ئاكام-
نى تېپىپ، سېنىڭ كۆزۈڭنى داۋالاتمىسام قارا يۈز بولۇپ قا-
لىمەن، ماڭا دۇئا بەرگىن، — دەپتۇ.

ئانا ئوغلىغا ئاق يول تىلەپ دۇئا قىپتۇ. زېرەك سەپەر
تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ، ئاكىلىرىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپتۇ. زې-
رەك يەتتە كۈن يول يۈرۈپ بىر بۇلاق بېشىغا كېلىپ، بۇلاق
بويىدىكى چىنارنىڭ سايىسىدە ئارام ئاپتۇ. ئۇ ئۇخلاپ بىر

چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئاپئاق ساقال، قامەتلىك بىر بوۋاينى كۆرۈپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەۋاتقۇدەك. زىبەرەك بوۋايغا سالام بېرىپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىپ:

— ئەي ئوغلۇم، سەپىرىڭ قايان، مەقسىتىڭ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. زىبەرەك ئانىسى ۋە ئاكىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ئەي ئوغلۇم، سەن كۆرگەن ئۇ موماي ئادەم ئەمەس، يەتتە باشلىق يالماۋۇز، ئىككى ئاكاڭ ئۇ ئالۋاستىغا تۇتقۇن بولدى. ئۇيقۇڭنى ئاچ، پەخەس بول. ساڭا دۇئا قىلاي، — دەپتۇ.

زىبەرەك چۆچۈپ ئويغىنىپ، خۇدادىن مەدەت تىلەپ يولىنى داۋام ئېتىپتۇ.

يالماۋۇز پال سېلىپ، زىبەرەكنىڭ ئۆزىنى ھالاك قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى ۋەھىمە بېسىپتۇ. ئۇ زىبەرەكنى ئۆز يېنىغا كەلتۈرمەسلىكنى ئويلاپ كۆڭلىگە شۇملۇق پۈكۈپتۇ. ئۇ زىبەرەكنى كېلەر يولىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يولىغا نەچچە يەرگە سېھرىي جادۇ قۇرۇپتۇ.

زىبەرەك يولدا كېتىۋېتىپ بىرمۇنچە تۆگىلەرنى ھەيدەپ كېلىۋاتقان بىر ئادەمگە ئۇچراپتۇ. زىبەرەك ئۇ ئادەمگە سالام بېرىپتۇ. ئۇ ئادەم زىبەرەكنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىپ:

— سەن كىم؟ بۇ ئادەم ئاياغ باسماس چۆلدە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. زىبەرەك ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىپتۇ.

— ئەي ئوغلۇم، مەن شەھرى خەربەردىن كەلدىم. سەن خەتەرلىك يولغا مېڭىپسەن، شۇنداقتىمۇ يولۇڭدىن يانما. مەن ساڭا بىر نار تۆگەمنى بېرەي، پالاكەتچىلىككە يولۇقساڭ ئەسقېتىپ قالار، — دەپ بىر نار تۆگىنى تۇتۇپ بېرىپ كېتىپ قاپتۇ.

زىبەرەك نار تۆگىنى مىنىپ كېلىۋاتسا، يەنە بىر ئادەم

نۇرغۇن يىلقىنى ھەيدەپ كەپتۇ. ئۇلار كۆرۈشۈپ ئەھۋاللى-شىپتۇ. ئۇ ئادەم زېرەككە، بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە مۇشكۇ-لۇڭ ئاسان بولار، دەپ بىر ئايغىرنى تۇتۇپ بېرىپ كېتىپ قاپتۇ. زېرەك يولىنى داۋام قىلىپ كېتىۋاتسا، نۇرغۇن كا-لىلارنى ھەيدەپ يەنە بىر ئادەم ئۇچراپتۇ. ئۇلار ئەھۋاللىشىپ خوشلىشىدىغان چاغدا بۇ ئادەم، لازىم بولۇپ قالار، دەپ بىر بۇقىنى بېرىپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

زېرەك ئۇ كىشى بىلەن خوشلىشىپ تۆگىگە مىنىپ، ئاي-غىر بىلەن بۇقىنى يېتىلەپ مېڭىپتۇ. ئۇ شۇ ماڭغىنىچە ئۈچ كۈن يول يۈرگەندە، تۇساتتىن يەر - جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپتۇ. زېرەك ئاسماندا شۇنداق چوڭ بىر قۇشنىڭ ئۇچۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. نار تۆگە:

— ئەي ئىگەم، ئۇ بىر سار، ئۇنىڭ جاجىسىنى بەر، بولمىسا سېنى پالاكەت باسىدۇ، — دەپتۇ. زېرەك ئۇقيانى ئې-لىپ قۇشنى ئېتىپتۇ. قۇش ئېچىنىشلىق بىر چىرقىراپ پەيگە ئايلىنىپ توزۇپ كېتىپتۇ. زېرەك يەنە بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن چۆلدە بىر تاختاي ئۇچراپتۇ، تاختايغا: «بۇ سېھىرىي ماكان، كىم ئاياغ باسسا بۆرىگە يەم بولىدۇ» دەپ يېزىلغانىكەن. دەل شۇ چاغدا بىرمۇنچە بۆرە يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلاپتۇ. ئۇ بۆرىلەرنى يا بىلەن ئېتىپتۇ، بىر تال ئوقتا بىر بۆرىنى يەر چىشلىتىپتۇ، لېكىن بۆرە ئازلىماي، بىرى ئۆلسە ئونى كۆپىيىپتۇ. بۇ ئەسلىي يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ سېھ-رىي جادۇسى ئىكەن، ئاخىر زېرەكنىڭ ئوقى تۈگەپتۇ. ئۇ بۆ-رىلەرنى قىلىچ بىلەن چېپىشقا باشلاپتۇ. ئۇ بىر كېچە - كۈندۈز بۆرىلەر بىلەن ئېلىشىپ ماغدۇرىدىن كېتىپ قاپتۇ. شۇ چاغدا بۇقا زۇۋانغا كېلىپ:

— ئەي ئىگەم، مېنىڭ نوختامنى يېشىۋەت، — دەپتۇ.

زىرەك بۇقىنىڭ بىشىدىكى نوختىنى يېشىۋېتىپتۇ. بۇقا شۇ ھامان بۆرىلەرگە ئېتىلىپ، بىر كىچە ـ كۈندۈز ئېلىشىپ ماغدۇرىدىن كېتىپتۇ. شۇ چاغدا بۇقا يەنە:

— ئەي ئىگەم، مېنىڭ قارنىمنى يېرىۋېتىپ يولۇڭغا راۋان بول، — دەپتۇ. زىرەك ئىلاجسىز بۇقىنىڭ قارنىغا خەنجەر ئۇرۇپتۇ. بۆرىلەر قان ھىدىنى پۇراپ ھەممىسى بۇقىغا يېپىشىپتۇ. زىرەك تۆگىگە مىنىپ، ئايغىرنى يېتىلەپ كېتىپ قاپتۇ.

ئۇ بۆرىلەردىن قۇتۇلۇپ يەنە ئۈچ كۈن يول يۈرۈپتۇ. شۇ چاغدا جاھاننى يەنە قاراڭغۇلۇق قاپلاپتۇ. زىرەك ئاسمانغا قاراپ بىر پارچە قارا بۇلۇتنىڭ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شۇ چاغدا تۆگە يەنە:

— ئەي ئىگەم، ئۇنىڭ جاجىسىنى بەرگىن، — دەپتۇ.

زىرەك يانى قولىغا ئېلىپ، قارا بۇلۇتقا قارىتىپ ئوق ئۈزۈپتۇ. شۇ ھامان دەھشەتلىك چاقماق چېقىلىپ، بۇلۇت ئىس ـ تۈتەككە ئايلىنىپ تاراپ كېتىپتۇ، جاھان يورۇپتۇ. ئۇ بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ئالدىغا بىر تاختاي ئۇچراپتۇ، تاختايغا: «بۇ يەرگە قەدەم باسقانلار قۇزغۇنغا يەم بولىدۇ» دەپ يېزىلغانىكەن. زىرەك تاختاينى سۇندۇرۇۋېتىپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ئاسماندا بىرمۇنچە قۇزغۇن پەيدا بولۇپ ئۇنىڭغا ئېتىلىپتۇ. زىرەك قىلىچ بىلەن قۇزغۇنلارنى چېپىپتۇ. شۇ چاغدا ئايغىر زۇۋانغا كېلىپ:

— ئەي ئىگەم، مېنىڭ قارنىمنى يېرىۋېتىپ تېز يولۇڭغا راۋان بول، — دەپتۇ. زىرەك ئىلاجسىز ئايغىرنىڭ قورسىقىغا قىلىچ ئۇرۇپتۇ، ئايغىرنىڭ قارنىدىن قان چاچراپ چىقىپتۇ. قۇزغۇنلار قان ھىدىنى پۇراپ ئايغىرغا يېپىشىپتۇ.

زىرەك قۇزغۇنلاردىن قۇتۇلۇپ، تۆگىسىنى مىنىپ يولنى

داۋام ئېتىپتۇ. ئۇ ئۈچ كۈن يول يۈرگەندە ئالدىدىن قۇيۇنتاز كۆتۈرۈلۈپتۇ. قۇيۇنتاز يېقىنلاشقانچە ئۇنى دەم تارتىپ سۈمۈ-رۈشكە باشلاپتۇ. شۇ چاغدا تۆگە يەنە:

— ئەي ئىگەم، ئۇنىڭ جاجىسىنى بەرگىن، — دەپتۇ.

زېرەك قولىغا يانى ئېلىپ، قۇيۇنتازنىڭ مەركىزىنى نىشانلاپ ئوق ئۈزۈپتۇ. شۇ ھامان دەھشەتلىك گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ قۇيۇنتاز غايىب بوپتۇ. ئۇ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇ بىر يەرگە بارغاندا، ئالدىغا: «بۇ يەرگە قەدەم باسقانلار سېرىق ھەرىگە يەم بولىدۇ» دېگەن خەت يېزىلغان تاختاي ئۇچراپتۇ. ئۇ تاختاينى ئۇرۇپ چېقىۋېتىپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا كەپتەردەك - كەپتەردەك چوڭلۇقتىكى بىر توپ سېرىق ھەرە يوپۇرۇلۇپ كەپتۇ. زېرەك ئېلىشىشقا تەييار بولۇپ تۇرغاندا، نار تۆگە زۇۋانغا كېلىپ:

— ئەي ئىگەم، ئۇلار بىلەن ئېلىشقىلى بولمايدۇ. مېنىڭ قورسىقىمنى يېرىپ ئۇلارغا يەم قىلىپ بېرىپ يولۇڭغا راۋان بولغىن، — دەپتۇ. زېرەك تۆگىنىڭ قورسىقىغا قىلىچ ئۇرۇپتۇ. ھەرىلەر قان ھىدىنى پۇراپ تۆگىگە ئېتىلىپتۇ. زېرەك ھەرىلەردىن تىنچ - ئامان قۇتۇلۇپ يولىنى داۋام قىپتۇ.

ئۇ ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ، يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ بېغىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ تۇزلۇق قاپاقتەك ئولتۇرغان مومايىنى كۆرۈپ سالام بېرىپتۇ. موماي بېشىنى كۆتۈرمەي:

— ئەگەر سالىمىڭ بولمىغان بولسا، بىر تىنىقتىلا يۇتاتتىم. سەن بۇ يەرگە نېمە قىلغىلى كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. زېرەك كېلىش مەقسىتىنى ئېيتىپ:

— باغنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەرسىلە، — دەپتۇ. يالماۋۇز:

— مانا، ئۆزۈڭ ئېچىۋال، — دەپ قىرىق بىر تال ئاچ-

قۇچنى تاشلاپ بېرىپتۇ.

زېرەك يەردىن ئاچقۇچنى ئېلىش ئۈچۈن قولىنى سوزۇشىغا، يالماۋۇز بىر سىلكىنىپ ئەسلىي سىد- ياقىغا ئۆزگىرىپ زېرەك- نىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ:

— سەن مېنىڭ قو- لۇمدىن قۇتۇلۇپ چىقالى- ساڭ يالغۇز قاپاقنى بېرىمەن، بولمىسا جېنىڭنى ئالىمەن، — دەپ زېرەكنىڭ قولىنى سىقىپتۇ. زېرەكنىڭ بىلىكى قاراسلاپ، پۈتۈن بەدىنى سىرقىراپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپتۇ. زېرەك ئازابقا چىدىماي بوش تۇرغان قولى بىلەن يېنىدىن قىلىچنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ يالماۋۇزنىڭ قولىنى چېپىپتۇ. يالماۋۇزنىڭ قولى ئۈزۈ- لۈپ چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كەپتۇ. يالماۋۇز شۇ ھامان زېرەككە ئېتىلىپتۇ. زېرەك يالماۋۇز بىلەن ئېلىشىشقا باشلاپتۇ. زېرەك يەتتە كۈندە يالماۋۇزنىڭ ئالتە بې- شىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. يالماۋۇزنىڭ بىر بېشى قالغاندا، زېرەك ئوقياسىنى ئېلىپ يالماۋۇزنى نىشانلاپ ئېتىپتۇ. يالما- ۋۇز ئاخىر ئۆلۈپتۇ. زېرەك قىرىق بىر تال ئاچقۇچنى ئېلىپ باغنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپتۇ. ئۇ باغ ئىچىدىكى دەرۋازىغا يېقىن بېرىشىغا، ئىككى دىۋە پەيدا بولۇپ:

— ئەي مەرد يىگىت، بىزنى ئازاد قىلىۋەتسەڭ، — دەپتۇ.

زېرەك ئۇلارنىڭ پۇت - قوللىرىغا زەنجىر - كىشەن سېلىنغانلىقىنى كۆرۈپ:

— سىلەر بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سوراپ- تۇ. ئۇلار:

— يەتتە باشلىق يالماۋۇز بىزنى تۇتۇپ كېلىپ مۇشۇ دەرۋازىنى ساقلاشقا بەند قىلىۋەتكەن. بىزنى زەنجىر - كىشەندىن ئازاد قىلىۋەتسەڭ، سېنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭغا جاۋاب قايتۇرساق، — دەپتۇ.

زېرەك دىۋىلەرنىڭ پۇت - قولىدىكى زەنجىر - كىشەنلەرنى ئېلىپ تاشلاپ:

— سىلەر ئادەمزاتقا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەسلىككە ۋەدە بېرىپ، ئۆز ماكانىڭلارغا قايتىڭلار، — دەپتۇ. دىۋىلەر:

— ئەگەر بېشىڭغا كۈن چۈشۈپ، بىزگە موھتاج بولغاندا چېچىمىزنى كۆيدۈرسەڭ بىز تەييار بولىمىز، — دەپ، بىرى بىر تۇتامدىن چېچىنى يۇلۇپ بېرىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

زېرەك يەتتە دەرۋازىدىن كىرىپ قولىدىكى ئاچقۇچ بىلەن بىرىنچى ئۆينى ئېچىپتۇ. قارىسا تىلسىم قازان قايناپ، شىدىپالىق دورا قاپاققا چۈشۈۋاتقانىكەن. ئۇ قاپاق توشقاندا قاپاقنى ئېلىۋاپتۇ، شۇ ھامان قازان قايناشتىن توختاپتۇ. ئۇ ئىككى ئاكىسىنى ئىزدەپ باشقا ئۆيلەرنى بىر - بىرلەپ ئېچىپتۇ. ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدە ئادەم بار ئىكەن، ئىشىك ئېچىلىشىلا ئۆيدىكى ئادەملەر تەڭلا:

— مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز، مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز، — دەپ ۋارقىرىشىپتۇ.

زېرەك ھەممە ئۆيدىكى ئادەملەرنى ئازاد قىلىۋېتىپتۇ. ئەڭ ئاخىردا ئىككى ئاكىسىنى تېپىپ كۆرۈشۈپ ئەھۋاللىشىپتۇ. زېرەك ئاكىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، باشقا ئادەملەردىن:

— سىلەر نەدىن كەلگەن ئادەملەر؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇلار:

— ئەي پالۋان يىگىت، بۇ چۆل - جەزىرىدىكى باغ ئەس-

لىي بىر كاتتا شەھەر ئىدى. بۇ شەھەرنى شەھىرى خەربەر، دەپ ئاتايتتى. كۆنلەرنىڭ بىرىدە شەھەر پادىشاھىنىڭ يالغۇز قىزىنىڭ قولى تۇتماس، پۇتى باسماس بولۇپ قالدى. پۇتۇن يۇرتتىكى تېۋىپلار قىزنىڭ كېسىلىگە داۋا تاپالمىدى. ئاخىر پادىشاھ: «كىم قىزىمنىڭ كېسىلىنى ساقايتسا، شەھەرنىڭ يېرىمىنى بېرىمەن» دەپ جاكارلىدى. شۇ كۈنلەردە ئۇ يالماۋۇز موماي پەيدا بولۇپ پادىشاھىنىڭ قىزىنى داۋالاپ ساقايتتى. پادىشاھ لەۋزىدە تۇرۇپ شەھەرنىڭ يېرىمىنى ئۇنىڭغا بۆلۈپ بەردى. موماي شەھەرگە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، ھەر ۋاخلىق تامىقىغا بىر ئادەمنى يېيىشكە باشلىدى، ئاخىر پادىشاھىنىڭ قىزىنىمۇ يەپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ شەھەر خانىۋەيران بولدى. سىز ئۇ يالماۋۇزنى ئۆلتۈرۈپ بىزنى بالا - قازادىن قۇتقۇزۇپ قالدىڭىز. سىز بىزگە پادىشاھ بولۇپ بۇ شەھەرنى قايتا قۇرۇڭ، — دەپ زېرەكنىڭ ئايىغىغا ئۆزلىرىنى ئېتىشىپتۇ. زېرەك ئۇلارنى ئورۇنلىرىدىن تۇرغۇزۇپ:

— مەن سىلەرگە پادىشاھ بولغىلى ئەمەس، ئانامنىڭ كۆزىگە شىپالىق دورا ئىزدەپ كەتكەن ئىككى ئاكامنى ئىزدەپ كەلگەن. مەن ئىككى ئاكامنىمۇ، ئانامنىڭ كۆزىگە شىپا بولىدىغان دورىنىمۇ تاپتىم. ئەمدى بىز ئۆز شەھىرىمىزگە بېرىپ ئانىمىزنىڭ كۆزىنى ئاچقاندىن كېيىن، ئانىمىزنى ئېلىپ بۇ يەرگە كېلىمىز، شۇ چاغدا سىلەرگە پادىشاھ بولسام، — دەپتۇ. ئۇلار:

— ئەي مەرد يىگىت، ئانىڭىزنى بىز يۆدۈپ ئەكېلەيلى، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. شۇ چاغدا زېرەكنىڭ ئېسىگە ئۆزى قويۇۋەتكەن ئىككى دىۋە كەپتۇ. ئۇ دىۋىلەر بەرگەن چاچتىن بىر تالنى كۆيدۈرگەنىكەن، دىۋىلەر غارقىراپ ئۇچۇپ كەپتۇ. دىۋىلەر زېرەكنىڭ

ئايغىغا باش قويۇپ:
— ئەي مەرد يىگىت، نېمە تاپشۇرۇقىڭىز بار؟ — دەپ سوراپتۇ. زىبرەك دىۋىلەرگە:
— سىلەر مېنىڭ شەھىرىمگە بېرىپ، ئانام بىلەن ئىككى ئاكامنىڭ خوتۇن - بالىلىرىنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپتۇ.
دىۋىلەر زىبرەكنىڭ شەھىرىگە قاراپ ئۇچۇپتۇ. ئارىدىن يەتتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئىككى دىۋە زىبرەكنىڭ ئانىسى، ئىككى ئاكىسىنىڭ خوتۇن - بالىلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كەپ-تۇ. زىبرەك قاپاقتىكى شىپالىق دورا بىلەن ئانىسىنىڭ كۆزىنى يۇيۇپتۇ، ئانىسىنىڭ كۆزى ئېچىلىپتۇ. ئانا يورۇق دۇنيانى قايتا كۆرگەنلىكىگە خۇشال بولۇپ، ئوغۇللىرىنى باغرىغا بېسىپتۇ.
زىبرەك پادىشاھ بولۇپ تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. ئىككى ئاكى-سىنى ئوڭ قول ۋە سول قول ۋەزىر قىلىپ، شەھرى خەربەر-نى قايتا قۇرۇشقا بەل باغلاپتۇ. شەھەرنى ياخشى باشقۇرغاچقا، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي شەھرى خەربەردە ھايات قايناشقا باشلاپتۇ. بازارلاردا سودا قىزىپ، دوقمۇش - دوقمۇشلاردىن ناخشا - سازنىڭ ئاۋازى ئۈزۈلمەيدىغان بوپتۇ. شۇنداق كۈن-لەرنىڭ بىرىدە زىبرەك بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە بىر سا-ھىبجامال قىز بىردە رەڭگارەڭ گۈللەر ئارىسىدا پەرۋاز قى-لىپ، جانان چىنىدىن ئاۋاز چىققاندەك كۈلۈپ يۈرسە، بىردە يىلان - چايانلارنىڭ ئارىسىدا قېلىپ، بىردە، ئەجدىھانىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قېلىپ، قولىنى زىبرەككە سۇنۇپ زار - زار يىغلارمىش. زىبرەك ئۇنى تارتىپ چىقىرىۋالىمەن، دەپ قول سۇنۇپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. زىبرەك بۇ چۈشنى ئۇدا ئۈچ كې-چە كۆرۈپتۇ. تۆتىنچى كېچىسى يەنە شۇ چۈشنى كۆرۈپ، چۈشىدىكى مەلىكىدىن:
— ئەي دىلبەر، سەن قايسى باغنىڭ رەناسى، سېنى قايسى

باغدىن تاپىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز:

— مەن دىليار شەھىرىنىڭ مەلىكىسى، دىل كۆيەر جا-نانىنىڭ رەناسىمەن. مېنى ئىزدىسىڭىز جەبىر - مۇشەققەت چۆلىدىن تاپارسىز، — دەپ، ئەجدىھانىڭ چاڭگىلىدا تۇرۇپ قولىنى سۇنۇپ زار - زار يىغلاپتۇ. زىبرەك مەلىكىنىڭ يىغى-سىغا تاقەت قىلالماي، ئۇنى چاقىرىپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كې-تىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ زىبرەكنىڭ چىرايى ئېچىلماي، گېلىدىن تاماق ئۆتمەپتۇ. زىبرەكنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن ئىككى ئاكىسى:

— ئەي ئۇكام، ھەپتە كۈن بولدى، چىرايىڭ ئېچىلمايدۇ، كۆڭلۈڭگە نېمە مالامەت يەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ. زىبرەك ئا-كىلىرىغا كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ بېرىپ:

— ئەي ئاكىلار، بۇ گەپلەرنى سىلەرگە دېيىشكە تىلىم كۆيىدۇ، لېكىن چۈشۈمدە كۆرگەن ئاشۇ مەلىكىنى تېپىپ كەلمىسەم بولمايدۇ، — دەپتۇ.

دانا بىلەن نادان ئارتۇق گەپ قىلماي رازىلىق بېرىپتۇ. زىبرەك سەپەر تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ، يولغا چىقىش ئالدىدا، ئۆزى ئولتۇرۇۋاتقان تەختنىڭ ئىككى يېنىغا ئىككى تال ئال-تۇن زىخنى سانجىپ قويۇپ:

— ئەي ئاكىلىرىم، سىلەر مۇشۇ زىخلارنى ئوبدان كۆزد-تىڭلار. ئۇلۇڭ تەرەپتىكى زىختىن سۇ تامسا، ئىنىمىز ساق - سالامەت ئىكەن، دەپ خاتىرجەم بولۇڭلار، سول تەرەپتىكىسى-دىن قان تامسا، ئىنىمىز خەتەرگە ئۇچراپتۇ، دەپ مېنى ئىزدەپ دەرھال دىليار شەھىرىگە بېرىڭلار، — دەپ يولغا چىقىپتۇ.

زىبرەك نۇرغۇن چۆل - جەزىرىلەرنى كەينىدە قالدۇرۇپ، كۆپ جەبىر - جاپا چېكىپ دىليار شەھىرىگە يېتىپ بېرىپ-تۇ. زىبرەك شەھەردىكى ھەممە ئادەمنىڭ ماتەم تونى كىيىشكىنى-

نى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپتۇ. ئۇ بىر بوۋايغا سالام بېرىپ:
— ئەي بوۋا، بۇ ئادەملەر نېمىگە ماتەم تونى كىيىۋالدى؟ — دەپ سوراپتۇ. بوۋاي زېرەكنىڭ ئۇستۇبېشىغا قاراپ:
— ئەي ئوغلۇم، سەن بۇ شەھەرلىك ئەمەس ئوخشايسەن. بۇ شەھەرگە قىرىق كۈن ئىلگىرى بىر ئەجدىھا پەيدا بولۇپ قالدى. ئەجدىھا پادىشاھنىڭ چارباغدا سەيلە قىلىۋاتقان قىزىنى تۇتۇۋالدى. ئەجدىھا مەلىكىنى ئۇچار قۇشمۇ چىقالمايدىغان تاغنىڭ ئۇستىگە ئاچىقىپ قەپەسكە سولاپ قويۇپ، كۈندە كې-لىپ پادىشاھقا تەھدىت سېلىپ بىر قىزنى تۇتۇپ كېتىدۇ. پادىشاھ قارشىلىق كۆرسەتسە، ئېغىزىدىن ئوت پۈركۈپ شە-ھەرنى كۆيدۈرىدۇ. پادىشاھمۇ ئىلاج قىلالمىدى يا بىرەر مەرد پالۋان چىقىپ ئەجدىھانى يوقاتمىدى، شۇڭا ھەممە كىشى غەم - قايغۇدا قېلىپ، ماتەم تونى كىيىشتى، — دەپتۇ. زېرەك بوۋايدىن:
— ئاشۇ ئەجدىھا قايسى تەرەپتە؟ — دەپ سوراپتۇ. بوۋاي ئەجدىھا بار تەرەپنى كۆرسىتىپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ.
زېرەك يەتتە كۈن يول يۈرۈپ بوۋاي ئېيتقان تاغ تۈۋىگە يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ تاغ ناھايىتى ئېگىز بولغاچقا، زېرەك ھەرقانچە قىلىپمۇ تاغقا چىقالماپتۇ. ئۇ ئاخىر ئىلاج قىلالماي دېۋىلەرنىڭ چېچىنى كۆيدۈرۈپتۇ. دېۋىلەر شۇ زامات ئالدىدا پەيدا بولۇپ:
— ئەي مەرد يىگىت، نېمە ھاجىتىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ. زېرەك ئەھۋالنى ئېيتىپ:
— مېنى مۇشۇ تاغ ئۇستىگە ئاچىقىپ قويۇڭلار! — دەپتۇ. دېۋىلەر زېرەكنى تاغ ئۇستىگە ئاچىقىپ قويۇپتۇ. زې-رەك كۆپ ئىزدىمەيلا بىر ئۆينى تېپىپتۇ. ئۇ ئۆينىڭ يا ئى-شىكى، يا روجىكى يوق ئىكەن، ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە كىچىككىنە

بىر تۇخلۇك بار ئىكەن. زېرەك تۇخلۇكتىن قاراپ، ئىچىدە بىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ:
— كىم سەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۆي ئىچىدىن:
— ئۆزىڭىز كىم؟ ئادەم بولسىڭىز جېنىڭىزنى ئەپقېچىڭ، ئەجدىھا كېلىپ قالسا تىرىك قالمايسىز، — دېگەن قىز بالىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. زېرەك تۇخلۇكتىن قىزنى ئېنىق كۆرگەندىن كېيىن، بېلىدىكى يەتتە غۇلاچ كەمىرىنى يېشىپ ئۆي ئىچىگە تاشلاپ بېرىپتۇ. قىز بەلۋاغنى بېلىگە باغلاپتۇ، زېرەك قىزنى تارتىپ چىقىرىپتۇ. ئۇ چۈشىدە كۆرگەن قىز ئىكەن. ئۇ قىزنىڭ ھۆسن - جامالىنى كۆرۈپ يۈرىكى يايراپ كېتىپتۇ - دە، قىزغا سالام بېرىپ:
— ئەي مەلىكە، سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. مەلىكە:
— مەن دىليار شەھىرىنىڭ پادىشاھىنىڭ مەلىكىسى دىلسۇز بولىمەن، سىز ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ — دەپتۇ. زېرەك ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، ئاندىن:
— ئەي مەلىكەم، مەن سىزنى چۈشۈمدە كۆرۈپ ئاشىق بولغان. سىزنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىڭىزنى بىلىپ قۇتۇلدۇرغىلى كەلدىم، — دەپ، چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ:
— ئەي مەرد يىگىت، مەن بۇ يەردىن كەتكەن بىلەنمۇ ئەجدىھانىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلالمايمەن. ياخشىسى، سىز جېنىڭىزغا زامىن بولماڭ، بۇ يەردىن تېز كېتىۋېلىڭ، — دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. زېرەك:
— ئەي مەلىكە، مەن سىزنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن، ئەجدىھانىمۇ تىرىك قويمايمەن. قېنى ئېيتىڭا، ئەجدىھا قاچان كېلىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. مەلىكە:



— ئەجدىھا مەن كۈلسەم كېلىدۇ، يىغلىسام كېتىدۇ، — دەپتۇ.

— قېنى كۈلۈڭ، ئەجدىھا كەلسۇن، ئەجدىھادىن تېزرەك قۇتۇلۇپ، بۇ يەردىن كېتەيلى، — دەپتۇ زېرەك.

مەلىكە شۇنداق كۈلۈپتۇكى، ئۇنىڭ كۈلكىسىنى ئاڭلىغان بۇلبۇللار سايراشتىن توختاپتۇ. ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن زېرەك جىسمىغا كۈچ - قۇۋۋەت يىغىپتۇ. ئۇ ئوقياسىنى ئېلىپ قورام تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تۇرۇپتۇ. قىزنىڭ كۈلكىسى توختىشى بىلەن ئەجدىھا گۈركىرەپ يېتىپ كەپتۇ، ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن يەر - جاھان تىترەپ كېتىپتۇ. زېرەك ئەجدىھانىڭ قۇيرۇقىنىڭ ئۇ تاغدا، بېشىنىڭ بۇ تاغدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئەجدىھا زېرەكنى كۆرۈپ:

— سەن كىم، بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. زېرەك:

— مەن سېنىڭ جاجاڭنى بەرگىلى كەلگەن ئادەم! — دەپتۇ. ئەجدىھا قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— سەن مېنىڭ تىرنىقىمچىلىك تۇرۇپ مېنى قانداق يوقىتىسەن؟! قېنى، مەن سېنىڭ كارامىتىڭنى كۆرەي، — دەپتۇ. زېرەك ئوقياسىنى ئېلىپ:

— بۇ مەلىكىنى ئۇتقىنىڭنىڭ جاجىسى بولسۇن، — دەپ

بىر ئوق ئۈزۈپتۇ. ئوق ئەجدىھانىڭ ئوڭ تەرىپىگە تېگىپتۇ. ئەجدىھا بىر تولغىنىپ:

— يەنە باشقا كارامىتىڭ بارمۇ؟ — دەپتۇ. زىيەك يەنە بىر ئوقنى تەييارلاپ:

— بۇ بىگۇناھ ئۆلگەن قىزلار ئۈچۈن، — دەپ ئېتىپتۇ. ئوق ئەجدىھانىڭ يەنە بىر تەرىپىگە تېگىپتۇ. ئەجدىھا تولغىنىپ:

— يەنە نېمە كارامىتىڭ بار؟ — دەپتۇ. زىيەك يەنە:

— بۇ ئۆزۈم ئۈچۈن، — دەپ ئوق ئۈزۈپتۇ. ئوق ئەجدىھانىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تېگىپتۇ. ئەجدىھا يەنە بىر سىلكىنىۋېتىپ:

— سەن كارامىتىڭنى كۆرسىتىپ بولغان بولساڭ، مېنىڭ دەم تارتىشىمنى كۆر، — دەپ بىر سۈمۈرگەنىكەن، زىيەك غازاڭدەك ئۇچۇپ ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، قىلىچىنى چىقىرىپ مەيدىسىگە توغرا تۇتۇۋاپتۇ. ئەجدىھا شۇنداق سۈمۈرۈپتۇكى، بىر سۈمۈرۈشتە زىيەك ئەجدىھانىڭ ئېغىزىدىن كىرىپ، قۇيرۇقىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەجدىھا بىر سىلكىنىپ ئىككى پارچە بولۇپ كېتىپتۇ، ئەجدىھانىڭ قېنى دەريا بولۇپ ئېقىپتۇ. مەلىكە زىيەكنىڭ پالۋانلىقىدىن سۆيۈنۈپتۇ. مەلىكە زىيەككە:

— بىز بۇ تاغدىن قانداق چۈشىمىز؟ — دەپتۇ.

زىيەك قىلىچى بىلەن ئەجدىھانىڭ تېرىسىدىن تاسما تىلىپ، بىر - بىرىگە ئۇلاپ، تاغدىن پەسكە تاشلاپتۇ. ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى يوغان قورام تاشقا باغلاپ قويۇپ، ئارغامچىغا ئېسىلىپ تاغدىن چۈشۈپتۇ. ئۇلار تاغدىن چۈشۈپ بىرئاز مېڭىشىغا قاراقچىلارغا ئۇچراپ قاپتۇ. زىيەك ئۆزى يالغۇز بىر توپ قاراقچىلار بىلەن يەتتە كېچە - كۈندۈز ئېلىش-

شىپ، يەتتە يېرى يارىلىنىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ قاراقچىلارنىڭ بىر ئېتىنى تۇتۇپ، مەلىكە دىلسوزنى ئاتقا مىندۈرۈپ:
— خەير مەلىكە، جېنىڭىزنىڭ ئامالىنى قىلىڭ، ھايات بولساق كۆرۈشەرمىز، — دەپ ئاتقا بىر قامچا ساپتۇ. ئات بىرلا يۇلقۇنۇپ، قورشاپ تۇرغان قاراقچىلارنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.
زىرەك قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. قاراقچىلار زىرەكنى زىندانغا سولاپ قويۇپتۇ.
ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى مەلىكە دىلسوزدىن ئىشىتەيلى:
مەلىكە قاراقچىلارنىڭ ئارىسىدىن بۆسۈپ چىققاندىن كېيىن ئۇدۇل دىليار شەھىرىگە كېلىپ، بولغان ئەھۋالنى ئاتىسىغا سۆزلەپ بېرىپ:
— دەرھال ئاشۇ مەرد يىگىتكە ياردەم بېرىڭ، بولمىسا ئۇ قاراقچىلارنىڭ قولىدا بىھۇدە ئۆلۈپ كېتىدۇ، — دەپ يىغلاپتۇ. لېكىن، پادىشاھ قىزىنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئىشەنمەي:
— مېنىڭ ئىككى مىڭ لەشكىرىم تەڭ كېلەلمىگەن ئەجدىھانى بىر ئادەم قانداق يوقاتسۇن؟ سەن ئۇ يەردىن قېچىپ كېلىپ پۈتۈن شەھەرنى ۋەيران قىلمىدىغان بولدۇڭ. ئەجدىھا كەلگۈچە سېنى سولاپ قوياي، ئەجدىھا كەلگەندە چىقىرىپ بەرمىسەم بولمايدۇ، — دەپ مەلىكىنى سولاپ قويۇپتۇ. مەلىكە زار-زار يىغلىغان بولسىمۇ، پادىشاھ پەرۋا قىلماپتۇ.
ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى زىرەكنىڭ ئىككى ئاكىسى دانا بىلەن تاداندىن ئىشىتەيلى:
ئۇلار زىرەك سەپەرگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن يۇرتنى ئادىللىق بىلەن ياخشى باشقۇرۇپتۇ ھەم تەختنىڭ ئىككى يېنىغا سانجىپ قويغان ئالتۇن زىخقا ياخشى قاراپتۇ. ئۇلار نۆۋەتلىشىپ زىخلارنى دائىم كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ. كۆنلەرنىڭ بىرىدە

تەختىنىڭ سول يېنىغا سانجىلغان ئالتۇن زىختىن قان تام-چىلاپتۇ. ئۇلار بۇنى كۆرۈپ: «ئىنىمىز خەتەرگە ئۇچرىغان ئوخشايدۇ، دەرھال ياردەمگە بارمىساق بولمايدۇ» دېيىشىپ، نۇرغۇن لەشكەرلەرنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ دىليار شەھرىگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇ چاغدا پادىشاھ قىزىنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ، قىزىنى سولاقتىن بوشىتىپ:

— ئۇ مەرد يىگىتنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى مۇشۇ قىزىم بىلىدۇ. بۇ سىلەرگە يول باشلاپ بارسۇن، — دەپ مە-لىكىنى ئۇلارغا قوشۇپ قويۇپتۇ.

مەلىكە دانا بىلەن تادانىنى قاراقچىلار ماكانىغا باشلاپ بې-رىپتۇ. ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن قاراقچىلارنىڭ ھەممىسىنى يەر چىشلىتىپ، زىرەكنى زىنداندىن چىقىرىپتۇ. ئۇلار قۇ-چاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ ۋە دىليار شەھرىگە قايتىپ كەپتۇ. دىليار شەھرىنىڭ پادىشاھى قىزى ۋە زىرەكتىن ئەھۋال سوراپ-تۇ ھەم مەلىكە بىلەن زىرەكنىڭ توينى قىلىشقا پەرمان چۈشۈرۈپ، يەتتە كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ. زې-رەك بىلەن مەلىكە دىلسۇز ۋىسال تېپىپتۇ.

توي بولۇپ قىرىق كۈندىن كېيىن زىرەك دىليار شەھ-رىنىڭ پادىشاھىدىن خەربەر شەھرىگە كېتىشكە ئىجازەت سوراپتۇ. پادىشاھ رۇخسەت قىپتۇ. زىرەك، مەلىكە، دانا، تادانلار ئۆز شەھرىگە داغدۇغا بىلەن قايتىپ كەپتۇ. شۇنىڭ-دىن كېيىن ئۇلار خەربەر شەھرىنى ياخشى باشقۇرۇپ، ئادىل-لىق بىلەن يۇرت سوراپ، ئەل - يۇرتنى خاتىرجەم قىپتۇ.

# ئېنەك تاغ

بۇرۇنقى زاماندا ئەخمەت شاھ، دېگەن خەلقپەرۋەر، ئادىل بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ نەمدۇل، ھەمدۇل، نەۋۇل، نەھىم ئىسىملىك تۆت ئوغلى بار ئىكەن. ئۇلار پەقەت بىر ياشتىنلا پەرق قىلىدىكەن. ئۇلار ئون ئىككى ياشقا كىرگۈچە ئىلمۇ ھېكمەت ۋە ھەربىي ماھارەتتە كامالەتكە يېتىپتۇ. پادىشاھ ئوۋغا چىققاندا بالىلىرىنى بىللە ئېلىپ چىقىدىكەن. شاھزادىلەر دادىسىغا ئەگىشىپ يۈرۈپ، ئوۋ قىلىشنىمۇ ئۆگىنىپتۇ. بىر كۈنى چوڭ شاھزادە نەمدۇل ئۈچ قېرىندىشىنى بىر يەرگە يىغىپ:

— ئۇكىلىرىم، بىز چوڭ بولدۇق، ئەمدى دادىمىزغا ئەگىشىپ يۈرىۋەرمەي، ئۆز ئالدىمىزغا ئوۋ ئوۋلاپ كېلەيلى، قانداق دەيسىلەر؟ — دەپتۇ. ئۇكىلىرى ئاكىسىنىڭ دېگىنىنى توغرا تېپىپتۇ. تۆت ئوغۇل بىرلىكتە شاھ ھۇزۇرىغا كىرىپ، دادىسىغا سالام بەجا كەلتۈرۈپتۇ. جاۋاب سالامدىن كېيىن، شاھزادە نەمدۇل دادىسىغا قايتا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ:

— شاھ ئاتا، بىز تۆتىمىز نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سىزگە ئەگىشىپ ئوۋ قىلدۇق. ئەمدى بىزدە ئۆز ئالدىمىزغا ئوۋ ئوۋلاپ كەلسەك، دېگەن ئىستەك تۇغۇلدى. بۇ ئارزۇيىمىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئىجازىتىڭىزگە باغلىق، — دەپ قول قوش-

تۇرۇپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ بالىلىرىنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلۇق بى-لىپ، كۆڭلىدە، بالىلار چوڭ بوپتۇ، بۇلار چىنىقىشى، ئىس-سىق - سوغۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈشى زۆرۈر، ئۇنىڭ ئۈس-تىگە، بۇلار يالغۇز ئەمەس، بارسا بارسۇن، دەپ ئويلاپ:

— بالىلىرىم، تىلىكىڭلارغا ئاساسەن ئوۋغا چىقىشىڭلار-غا رۇخسەت قىلىمەن، لېكىن ئۈچ كۈندىن قالماي قايتىپ كېلىڭلار، ئەگەر ئۈچ كۈن ئىچىدە قايتىپ كەلمىسەڭلار، ئار-قاڭلاردىن ئىزدەپ چىقىشقا مەجبۇر بولىمەن. داداڭلارنى، ئا-ناڭلارنى ئىنتىزار قىلماڭلار، ئەندىشىگە سالماڭلار، — دەپتۇ. شاھزادىلەر خۇشال بولۇشۇپ، دادىسىغا مىننەتدارلىق بىلدۈ-رۈپتۇ. پادىشاھ ئوغۇللىرىغا يەنە ئون ئالتە چەۋەندازنى قوشۇپ بېرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن يىگىرمە ئاتلىق ئوۋچى يولغا چىقىپتۇ.

ئۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، لېكىن ھەممە جان - جا-نىۋارلارنى يەر يۇتۇپ كەتكەندەك، ئوۋ قىلغۇدەك بىرەرنەرسە ئۇچرىماپتۇ. ئۇلار دەشت - چۆللەرنى كېزىپ، خېلى يىراققا كېتىپ قاپتۇ، ئاردىن توققۇز كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئوزۇق - تۈ-لۈكمۇ تۈگەپتۇ. بىر چاغدا ئۇلار كۆپكۆك، پارقىراق، ئېگىز بىر يەرگە چىقىپ قاپتۇ. ئۇلار بۇنداق يەرنى كۆرۈپ باقمىغاچقا ھەيران بولۇشۇپتۇ. پەستە يايپېشىل بىر ئوتلاق يەلپۈنۈپ تۇرغا-نىكەن، ئاتلارنى بىر - بىرىگە چېتىپ شۇ ئوتلاققا قويۇۋېتىپ-تۇ. ئاچلىق ۋە يول ئازابى دەستىدىن ھالىدىن كەتكەن يىگىتلەر كۆپكۆك يەرنىڭ ئۈستىگە يېتىشى بىلەنلا كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپ-تۇ. كەنجى شاھزادە نەھىم چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە شۇنداق ئىش كۆرۈپتۇ: ئۇ شۇنداق يەرگە قارىسا، كۈن دېسە كۆزى بار، ئاي دېسە ئاغزى بار، سۈرەتتەك چىرايلىق بىر قىز ئۆزىگە قاراپ كۈلۈپ تۇرغۇدەك. قىز نەھىمگە خۇشخۇيلۇق بىلەن سالام بې-رىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئىسمىنى سوراپتۇ. نەھىم ئىسمىنى ئېيتىپ

بېرىپتۇ. قىز: «قېنى، كۆرۈشەيلى» دەپ قولىنى ئۇزىتىپتۇ. نەھەم قولىنى قىز تەرەپكە سوزۇشى بىلەن قولى يەرگە تېگىپتۇ. قىز قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ جاراڭلىق كۈلكە ئاۋازى ئالتۇن قوڭغۇراقتەك ياڭراپ كېتىپتۇ. نەھەم چۆچۈپ كۆزىنى ئاچسا چۈشى ئىكەن. ئۇ دەرھال ئورنىدىن قوپۇپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپتۇ، بىر ئاسمانغا، بىر يەرگە قاراپتۇ، شۇ چاغدا يەردە ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، بۇ يەرنىڭ ئەينەك تاغ ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئاسمان ئەينەكتە ئەكس ئەتمەكتە، دەپ ئويلاپتۇ. چۈشىدە كۆرگەن قىز كۆز ئالدىدا غۇۋا نامايان بوپتۇ. مەن بىر ساھىبجامالنىڭ شولىسىنى كۆرۈپتىمەن، دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ سىرنى ئاچماقچى بولۇپ، يىراق ـ يىراقلارغا نەزەر سېپتۇ. نېرىدا بىر تۈپ دەرەخ كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ باشقىلارنى ئويغاتماي، بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ دەرەخنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. بۇ بىر تۈپ ياش چىنار ئىكەن. قارىسا، چىنارنىڭ غولىدا: «شاھزادە نەھەم، ئەينەك تاغقا كەلگەندىن كېيىن پەرىزاتلار ماكانىنى كۆرمەي كەتمەڭ!» دېگەن خەت يېزىلغان بىر تاختاي ئېسىقلىق تۇرغۇدەك. نەھەم بۇنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ، شۇ چاغدا چۈشىدە كۆرگەن قىز يەنە كۆز ئالدىدا جىلۋىلىنىپتۇ، كۆڭلىدە شۇ قىزنى ئىزدەپ تېپىش ئىستىكى تۇغۇلۇپ، ئاكىلىرىغا تۇيدۇرماي، ئېتىنىمۇ ئالماي، ياياق پېتىچە تاختاينى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇ بىر كېچە ـ كۈندۈز مېڭىپتۇ، ئاخىر دەرماندىن كېتىپ، بىرئاز ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئولتۇرۇپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا: «ئوغلۇم، تۇر ئورنۇڭدىن» دېگەن سادا ئاڭلىنىپتۇ. نەھەم كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ساقىلى كۈمۈشتەك ئاپئاق، نۇرانە بىر بوۋاي تۇرغۇدەك. نەھەم:

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بوۋا، ــ دەپ سالام بېرىپتۇ.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئوغلۇم، ئۆزۈڭ يالغۇز بۇ چۆلگە

قانداق بولۇپ كېلىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي. نەھىم:
— ئوۋ قىلىش ئۈچۈن چىققانىدىم، ئەينەك تاغقا كەلگەندە پەرىزاتلار ماكانىغا تەكلىپ قىلىنغان بۇ تەكلىپنامىگە يولۇقتۇم، مېنى ئۆز ماكانىغا تەكلىپ قىلغان ساھىبخانىغا رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئىزدەپ ماڭدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بوۋاي:
— غەيرىتىڭگە بارىكاللا، ئوغلۇم، تولىمۇ قىيىن يولغا كىرىپ قاپسەن. «يىگىت سۆزىدىن، يولۋاس ئىزىدىن قايتماس» دېگەن گەپ بار. مەنمۇ سېنى يولۇڭدىن توسۇمايمەن. قۇلاق سال، گەپلىرىمنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت: كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ مېڭىۋەرسەڭ، يوغان بىر قىزىل دەرۋازىغا يېتىسەن. ئۇنىڭ ئىچىگە كىرسەڭ، ئىككى تەرەپتە ئىككى باغ كۆرۈنىدۇ. سول تەرەپتىكى باغقا كىرىپ قالغۇچى بولما. ئوڭ تەرەپتىكى باغقا كىرىپ، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يول بىلەن ماڭساڭ، ئالدىڭغا بىر مەرمەر كۆۋرۈك ئۇچرايدۇ. كۆۋرۈكتىن ئۆتسەڭ، ئىككى تەرىپىگە مەجنۇنتال قويغان يەنە بىر يولغا چىقىسەن. شۇ يول بىلەن مېڭىۋەرسەڭ، بىر يېشىل دەرۋازا ئالدىغا يېتىپ بارىسەن. بۇ سەن ئىزدىگەن پەرىزاتلارنىڭ ماكانى. بۇ يەردە قەھنۇر شاھنىڭ قىزى مەلىكە زۇنۇم پەرى تۇرىدۇ. سەن شۇ يېشىل دەرۋازىنى قاقساڭ، ئاق كىيىملىك بىر قىز چىقىپ، سەندىن: «نېمە كېرەك؟» دەپ سورايدۇ. «ماڭا زۇنۇم پەرى كېرەك» دېگىن. ئۇلار كىرىپ كېتىپ، بىرئازدىن كېيىن ئۈچ قىز چىقىدۇ. ئۇلار سەندىن: «سىزگە نېمە ئۈچۈن زۇنۇم پەرى كېرەك؟» دەپ سورايدۇ. سەن: «مەن تەكلىپكە بىنائەن پەرىزاتلار ماكانىغا زىيارەتكە كەلدىم. زۇنۇم پەرىگە رەھمەت ئېيتماقچىمەن» دېگىن. ئۇلار تەكلىپنامە يېزىلغان تاختايىنى ئەكىرىپ كېتىپ، قىرىق قىز چىقىدۇ.

ئۇلار سېنى باشلاپ قەسرىگە ئېلىپ كىرىدۇ، بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن بىر مەرمەر ئىشىك ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىدۇ، ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىن، يەرلىرىگە چىم ياتقۇزۇلغان ياپيېشىل بىر مەيدانغا چىقىسەن، مەيدانىنىڭ بىر تەرىپى گۈللۈك، بىر تەرىپى باغ، گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆرەك سەھنىسى بار. ئۇنىڭ نەقىشلەنگەن، تۈۋرۈكلىرىگە خىلمۇخىل نەپىس پەردە تۇتۇلغان بولۇپ، پەردىنىڭ ئىچىدىن پەرىزاتلارنىڭ بەزمە، ئۇسسۇل ۋە ھەر خىل كۆرۈنۈشلىرى چۈشۈرۈلگەن تام سۈرەتلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، گۈللۈكنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا يەنە بىر يېشىل ئىشىك ئېچىلىدۇ، بوسۇغىدىن ئاتلىشىڭ بىلەن ئۆزۈڭنى تام – تورۇسلىرى پۈتۈنلەي تاش ئەينەكتىن ياسالغان بىر ئۆيدە كۆرىسەن، ئالدىڭغا، ئارقاڭغا، ئىككى يېنىڭغا قارىساڭ، ئوخشاش تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان، چىراي – شەكلى بىر قېلىپتا قۇيغاندەك تۆت قىزنى كۆرىسەن. سەن كىرىپلا ئۇدۇلدا ئولتۇرغان قىزغا سالام بەر، ئۇ زۇنۇم پەرى، قالغانلىرى ئۇنىڭ ئەينەكتە ئەكس ئەتكەن سۈرىتى. مانا بۇ ساڭا مېنىڭ تۇتقان يوللۇقۇم، — دەپ، بىر ياغلىقتا ئورالغان نەرسە بىلەن بىر قاپاقنى بېرىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ياغلىقتا بىر نان، قاپاقتا سۇ بار ئىكەن. شاھزادە ناننى يەپ، سۇنى ئىچىپتۇ، ئەمما نان بىر توغرام قالغاندا پۈتۈنلىنىپ، قاپاقتىكى سۇمۇ تولۇقلىنىپ قاپتۇ. شاھزادە، مەن خىزىرغا يولۇققان ئوخشايمەن، دەپ تولىمۇ خۇشال بوپتۇ ۋە بوۋاي كۆرسەتكەن يول بىلەن سەپىرىنى داۋام ئېتىپتۇ.

چوڭ ئوغۇللار بىلەن چەۋەندازلار ئۇخلاپتۇ، ئاچلىق ۋە ھارغىنلىقتىن قانچىلىك ئۇخلىغىنىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەپتۇ. بىر چاغدا ئاتلار كىشنىشىپ كېتىپتۇ، ئۇلار ئويغىنىپ قارىسا، ئاتلار قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، بىر تەرەپكە قاراپ، نېمىدىندۇر

ئۆركۆگەندەك تۆۋاقلىرى بىلەن يەرنى تېپىپ، چاپچىپ تۇر-غۇدەك. شۇ ئەسنادا يىراقتىن بىر توپ بۇغا - مارال قېچىپ كېلىۋاتقانلىقى كۆزگە چېلىقىپتۇ. يىگىتلەر ئاتلىرىنى مىنىپ ئاتلانغۇچە، بۇغا - مارالالر كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىر جۈپ يولۋاس ئىز قوغلاپ كېلىۋاتقۇدەك. چە-ۋەندازلار ئوقيالىرى بىلەن ئىككى يولۋاسنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇلار جەم بولۇپ، شازادە نەھىمنىڭ يوقلۇقىنى سېزىپتۇ، ئۇ-ياقنى ئىزدەپتۇ، بۇياقنى ئىزدەپتۇ، تاپالماپتۇ. شاھزادىلەر، ئەمدى دادىمىزغا نېمە دەرمىز، دەپ پەرىشان بولۇشۇپتۇ. ئاخىر چە-ۋەندازلاردىن بىرى شاھزادىلەرگە تەسەللى بېرىپ:

— خاتىرجەم بولۇڭلار، شاھزادە نەھىمنى چوقۇم تاپى-مىز، ئۇنى تاپماي پادىشاھنىڭ ئالدىغىمۇ بارالمايمىز. ئەمما، شاھزادىنى ئىزدەش ئۈچۈن بىزدە دەرمان بولۇشى كېرەك. قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرمىغاندەك، ئاچلىقتىن يىقىلىپ قالدۇق. شۇڭا، بىر ئاتنى سويۇپ يەيلى، ماغدۇرىمىزغا كېلىپ شاھزادىنى ئىزدەيلى، — دەپتۇ. بۇ مەسلىھەتنى ھەممەيلەن ماقۇل تېپىپ، بىر ئاتنى سويۇپ گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يېيىشىپتۇ، ئېشىپ



قالغىنىنى ئاتلىرىغا غانجۇغىلاپ شاھزادىنى ئىزدەشكە ئاتلىنىپتۇ. بىراق، نەچچە كۈن ئىزدىگەن بولسىمۇ شاھزادىنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالماپتۇ. ئۇلار ماڭا - ماڭا بىر دۆڭلۈككە چىقىپ قارىسا، ئاسمان - پەلەك چاڭ - توزان كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان بىر توپ ئاتلىق كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلار بارغانچە يېقىنلاپتۇ، قارىسا دادىسىنىڭ لەشكەرلىرى ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە دادىسى ۋە ۋەزىرلەرمۇ بار ئىكەن. ئۇلار كۆرۈشۈپ، پادىشاھ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، كەنجى ئوغلىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا ياقىسىنى يىرتىپ زار - زار يىغلاپتۇ. ۋەزىرلەرنىڭ تەسەللىسى بىلەن غەزەپ تىغىنى غىلىپىغا سېلىپ، ئۈچ ئوغلىنى چەۋەندازلار بىلەن قوشۇپ زىندانغا مەھكۇم قىلىپ بىرقانچە ياساۋۇل بىلەن ئوردىغا ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئۆزى يەنە بىر ئايغىچە ئىزدەپتۇ، ھېچ يەردىن ئىز - دېرىكىنى ئالالماي ئوردىغا قايتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. پادىشاھ پۈتۈن شەھەردىكى قۇرئەندازلارنى يىغىپ قۇرئە سالدۇرۇپتۇ. قۇرئەندازلار ئىچىدىكى بىر مۇنەججىم مۇنداق دەپتۇ:

— كېرەملىك ئۇلۇغ شاھىم، بەخت مەڭگۈ سىلىگە يار، سەلتەنەت تەختلىرى مۇستەھكەم. ئول شۇڭقارلىرى ئاق قۇلار ماكانىدا سەيلە - تاماشا قىلىپ يۈرمەكتە. خۇدا بۇيرۇسا، ئۈچ يىلدا دىدار كۆرۈشكىلى نېسىپ بولغاي.

پادىشاھ ئۈچ يىل، دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ، ئوغلىنىڭ ھاياتلىقىدىن گۇمان قىپتۇ. پادىشاھ شۇ كۈندىن باشلاپ يۇرتقا نەزىر، غېرىب - غۇرۋا، يېتىم - يېسىرلارغا سەدىقە بېرىپتۇ، ئۈچ ئوغلى ۋە ئون ئالتە نۆكەردىن باشقا زىنداندا ياتقان بارلىق مەھبۇسلارنى ئازاد قىپتۇ.

ئەمدى شاھزادە نەھمگە كەلسەك، ئۇ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ قىزىل دەرۋازىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىگە كىرسە،

ئىككى تەرىپى ئاسمان ـ پەلەك قوپۇرۇلغان تام بولۇپ، ئوت-تۇرىسى يول ئىكەن. شاھزادە ئەنە شۇ يول بىلەن بىر كۈن ماڭغاندىن كېيىن بىر ـ بىرىگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل قارىشىپ تۇرغان ئىككى دەرۋازا ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ. ھەر ئىككى دەرۋازىنىڭ ئىچىگە قارىسا، شۇنداق گۈزەل، ياشناپ تۇرغان باغ ئىكەنكى، ئۇنى ھەرقانداق ئادەم كۆرمەي كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىمايدىكەن. شاھزادە بوۋاي ئېيتقان ئىككى باغ مانا مۇشۇ بولسا كېرەك، دەپ ئىككى باغنىڭ ئىشىكى ئوتتۇرىسىدا باغلارغا مەھلىيا بولۇپ قاراپ تۇرغاندا، سول قول تەرەپتىكى باغنىڭ ئاسمىنىدا بىر قىزىل تۇمشۇق قاغىنىڭ تىنماي: «قاق ـ قاق» قىلىپ ۋەھىمىلىك قاقىلدىغان ئاۋازى بىلەن تەڭ، ئۇ-نىڭ كەينىدىن شىددەت بىلەن قوغلاپ كېلىۋاتقان بىر قارا قۇش كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە دەرھال ئوقيانى قارا قۇشقا چەنلەپ-تۇ. شۇ ئەسنادا قاغا، ئۇنىڭ كەينىدىن قارا قۇش سول قول تەرەپتىكى باغقا قاراپ شۇڭغۇپتۇ. باغنىڭ ئېگىز تېمى تو-سۇۋالغاچقا، شاھزادە قۇشلارنى كۆرەلمەي، سول قول تەرەپتى-كى باغنىڭ ئىشىكىگە قاراپ مېڭىپتۇ. شۇ چاغدا بوۋاينىڭ: «سول قول تەرەپتىكى باغقا كىرىپ قالغۇچى بولما» دېگەن سۆزى قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە ئاڭلانغاندەك بولۇپ كەينىگە يېنىپ، ئوڭ قول تەرەپتىكى دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ دەرۋازىنى قېقىپ-تۇ. شۇئانلا ئاق كىيىملىك بىر قىز چىقىپ:

— نېمە كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ. نەھىم:

— ماڭا زۇنۇم پەرى كېرەك، — دەپتۇ. قىز ئۇن ـ تىنسىز كىرىپ كېتىپتۇ. بىرئازدىن كېيىن ئۈچ قىز چە-قىپتۇ. قىزلاردىن بىرى:

— سىزگە نېمە ئۈچۈن زۇنۇم پەرى كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ. نەھىم:

— مەن تەكلىپكە بىنائەن بۇ يەرگە زىيارەتكە كەلدىم، — دەپ، قولىدىكى خەت يېزىلغان تاختاينى قىزلارغا سۇنۇپتۇ. قىزلار تاختاينى ئەكىرىپ كېتىپتۇ. ئاردىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن دەرۋازا ئېچىلىپ ئارقا - ئارقىدىن قىرىق قىز چىقىپ، ئىككى تەرەپتە يىگىرمىدىن رەتكە تىزىلىپ تۇ-رۇپ نەھىمگە سالام بېرىپتۇ. ئۇلاردىن بىرى:

— ئەي ئەزىز مېھمان، قەسىرگە مەرھەمەت قىلغايسىز، — دەپ تەكلىپ قىپتۇ. نەھىم قەسىر ئىچىگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، بوۋاينىڭ ئېيتقىنىدەك مەنزىرىلەر نامايان بوپتۇ. نە-ھىم ئاخىر بىر ئەينەك ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۆينىڭ تۆت تەرىپىد-دە ئوخشاشلا گۈزەل بىر قىزنىڭ سىيماسى تۇرغۇدەك. شاھزادە بوۋاينىڭ سۆزى بويىچە ئۇدۇلغا قاراپ:

— سالام، مەلىكە زۇنۇم پەرى، — دەپ قولىنى كۆكسىد-گە قويۇپ، بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپتۇ.

— خۇش كېلىپسىز، ئەزىز مېھمان، قېنى، بۇياققا مەر-ھەمەت قىلىڭ، — دەپتۇ مەلىكە. نەھىم بېشىنى كۆتۈرۈپ قىزغا قايتا سالام بېرىپتۇ. قىز يۈزىدىكى نېپىز چۈمبەلنى ئېلىۋېتىپ، نەھىمگە يېقىن كەپتۇ. نەھىم قىزنىڭ گۈزەل، لاتاپەتلىك ھۆسنىگە بىر بېقىپتۇ - دە، خۇدىنى يوقىتىپ يى-قىلىپتۇ. قىزمۇ نەھىمگە ئۆزىنى تاشلاپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا كېنىزەكلەر ئۇيۇر - تۇيۇر بولۇشۇپ، ئۇلارنى گۈل سۈيى چېچىپ ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. نەھىم بىلەن زۇنۇم پەرى بىر - بىرىدىن ھال - ئەھۋال سورىشىپتۇ. ئاندىن زۇ-نۇم پەرى كېنىزەككە شاھزادىنى يۇيۇندۇرۇپ، خاس سەرپاي كىيىندۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. بۇ كۈن خۇشال - خۇراملىق ئىچىدە كەچ بوپتۇ. شاھزادە نەھىم خاس ھۇجرىغا جايلاشتۇرۇلۇپتۇ. بۇ كېچىسى نەھىم يېتىپلا خىيال دەرياسىغا غەرق بوپتۇ. تۇۋا،

مەن ئاكىلىرىمدىن ئايرىلغىلى ئۈچ ئايدەك بولدى، ئۇلار مېنى ئىزدەپ نېمە بولۇپ كەتكەندۇ، دادام، ئانام قانداق ھالغا چۈشۈپ قالغاندۇ، بۇ يەردىن كېتەي، دېسەم زۇنۇم پەرىدىن رىشتىمنى ئۈزەلمىسەم، كەتمەي دېسەم شاھ ئاتام، خانىش ئانام، ئاكىلىرىم مېنىڭ دەردۇ پىراقىمدا تۈگىشىپ كەتسە، ئۇ چاغدا ماڭا بۇ ھاياتلىقنىڭ نېمە كېرىكى، دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئاخىر زۇنۇم پەرىنى ئەكېتەي، دېگەن قارارغا كەپتۇ.

بۇ كېچىسى زۇنۇم پەرىنىڭمۇ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەپتۇ. ئۇ، دادام مېنىڭ كۆڭلۈمنى دەپ يەر يۈزىگە بۇ چارباغنى بىنا قىلدۇرۇپ بەردى، مانا شاھزادە نەھىمنىمۇ ئەكەلدىم. ئەمما، «ئەخمەقنىڭ ئەقلى كېيىن كېلىدۇ» دېگەندەك، ئۆز ۋاقتىدا ئاتا - ئانامغا يۈرىكىمدىكىنى نېمىشقا ئاشكارىلىمىغان بولغىيتتىم، ئەمدى نېمە دەرمەن، شاھزادىنى كەتسۇن دېسەم، ئۇنىڭ پىراقىدا كۆيۈۋاتقىنىمغا ئۇزۇن بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىدىگە، بۇ پالۋان، ۋاپادار يىگىت ئىكەن. ياق، بۇنى كەتكۈزمەيمەن، ئېپىنى تېپىپ ئاتا - ئانامغا ئېيتىپ ئېلىپ قالىمەن. ئەڭ ياخشىسى، ئالدى بىلەن ھەر جەھەتتىن سىناي، دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ. تاڭ ئېتىپتۇ. شاھزادە نەھىم دېرىزىدىن باغنى تاماشا قىلىپ تۇرۇپ، ئاسمانغا



سەككىز ئاق قۇنىڭ قاتارلىشىپ ئۇچۇپ چىققانلىقىنى كۆ-رۈپتۇ. شۇ ئەسنادا پەرى كېنىزەكلەردىن بىرى ئۇنى يۇزىنى يۇيۇۋېلىشقا تەكلىپ قىلىپ كىرىپتۇ. نەھىم كېنىزەكتىن سەككىز ئاق قۇ توغرىسىدا سوراپتۇ. پەرى:

— ئالدىدا ماڭغىنى مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى، ئىككىن-چىسى باش كېنىزەك، ئۈچىنچىسى زۇنۇم پەرى، قالغانلىرى مۇ-ھاپىزەتچىلەر. زۇنۇم پەرى دادىسى قەھنۇر شاھقا سالام بېرىش ئۈچۈن ئۈچىنچى ئاسمانغا چىقىپ كەتتى، ئاتا - ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ بىر سائەتتىن كېيىن قايتىپ چۈشىدۇ، — دەپتۇ.

شاھزادە نەھىم يۇزىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، باغنى سەيلە قىپتۇ. ئۇ گۈللۈكتە بىر گۈلنىڭ ئاجايىپ چىرايلىق ئېچىلغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ گۈلنى زۇنۇم پەرىگە تۇتۇش ئۈ-چۈن ئەمدى ئۈزۈپ تۇرۇشىغا، زۇنۇم پەرى ئاسماندىن قايتىپ چۈشۈپتۇ. شۇ چاغدا شاھزادە نەھىم گۈللۈكتىن چىقىپ كېلىپ:

— مەلىكەم، ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن. شاھ ئا-تىڭىز، خانىش ئانىڭىز ساق - سالامەت، ئوبدان تۇرۇپتىمۇ؟ — دەپ ئەھۋال سوراپتۇ. زۇنۇم پەرى شاھزادىگە رەھمەت ئېيت-تىپتۇ. ئاندىن نەھىم قولىدىكى گۈلنى مەلىكىگە تۇتۇپتۇ. مەلىكە ئۆز گۈللۈكىدە بۇنداق چىرايلىق گۈلنىڭ ئېچىلغىنىنى كۆرمىگەنىكەن، ئۇ گۈلگە قاراپ، شاھزادىگە:

— بۇمۇ سىزنىڭ شاراپىتىڭىز، بېغىمىزنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇلۇپتۇ، — دەپتۇ ۋە شاھزادىنى بىللە ئېلىپ زى-ياپەت زالىغا كىرىپتۇ. پەرىزات قىزلار ئۆز رېتى بويىچە ئول-تۇرۇشۇپ غىزالىنىپتۇ، ئاندىن سازلىرىنى چېلىشىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىپتۇ. زۇنۇم پەرىمۇ ئويناپتۇ. نۆۋەت شاھزادىگە كەپتۇ. بۇ چاغدا سازنى زۇنۇم پەرى چاپتۇ. شاھزادە نەھىم زۇنۇم پەرى چالغان ھەربىر پەدىگە شۇنداق كېلىشتۇ-

روپ ئويناپتۇكى، ئادەمزات ئۇسسۇلىنىڭ گۈزەللىكىدىن، مەنىلىكلىكىدىن پەرىلەرنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قاپتۇ. ئۇلار شاھزادىنى باشلاپ باغقا ئېلىپ چىقىشىپتۇ. خۇش پۇراق چېچەك تۇرغان خىلمۇخىل، رەڭگارەڭ گۈل - گىياھلارنى، سۇپسۇزۇك ئېقىۋاتقان سۇلارنى، تۇرلۇك قۇشلارنىڭ سۇرىتى چۇشۇرۇلۇپ نەقىشلەنگەن پېشايۋانلارنى، ھەر خىل ناۋادا سايراۋاتقان قۇشلارنى تاماشا قىلىشىپتۇ، كەچ كىرگەندە ئۆز خانىلىرىغا كىرىپ كېتىشىپتۇ. شاھزادە نەھىمنىڭ يەنە ئۇيقۇسى كەلمەپتۇ. ئۇ تۇرلۇك - تۇمەن خىياللار بىلەن تاڭنى ئاتقۇزۇپتۇ. ئەتىسى زۇنۇم پەرى كېنىزەكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا شاھزادە نەھىمنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئەھۋال سوراپتۇ، شاھزادىمۇ زۇنۇم پەرىدىن ھال سوراپتۇ، ئاندىن ئۇلار بىرلىكتە زىياپەت زالىغا كىرىپتۇ. زىياپەت زالى بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق زىننەتلەنگەن، داستىخاندىكى نازۇنېمەتلەرمۇ كۆپەيگەنىكەن، ئولتۇرۇش يەنە باشلىنىپتۇ. شاراب كەيپىدە قىزىغان زۇنۇم پەرى مۇھەببەت ئوتىدا جۇشقۇنلاۋاتقان سۆيگۇ ھېسسىياتىنى باسالماي، سازنى ئېلىپ غەزەلخانلىققا ئۆتۇپتۇ. ئۇ مۇنداق دەپ ناخشا ئېيتىپتۇ:

سەن ئۇچۇن مەنزىل قۇرۇپ، ئەينەكتىن تاغ ياسىدىم،
ھىدلىسۇن گۇلۇمنى دەپ، يول بويىغا باغ ياسىدىم.
نە ئۇچۇندۇر كەلمىدىڭ، پىشتىم پىراقىڭدا كۆيۈپ،
ھەر نەپەس بىر يىلغا تەڭ، ھىجران بىلەن چاغ ياسىدىم.

بەخش ئېتىپ ئاخىر ۋىسال، ھىجراننى باران ئەيلىدىڭ،
جان قوشۇپ جىنىمغا ھەم دەردىمگە دەرمان ئەيلىدىڭ.
ياشنىدى بۇ ئالمىزار، ھۆسنۇڭ بىلەن، مېھرىڭ بىلەن،
بىر ئۆمۇر بىللە ئۆتەي، كۆلبەمنى بوستان ئەيلىدىڭ.

شاھزادە نەھمم بۇ غەزەلنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەينەك تاغ ئەزەلدىن بار نەرسە بولماستىن، ئۇنى مەلىكە زۇنۇم پەرد-ىنىڭ ئۆزى ئۇچۇن بىر مەنزىل سۈپىتىدە ئاپىرىدە قىلغانلىد-قىنى، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ئۈمۇرۋايەت بىللە ئۆتۈشكە ئىرادە باغلىغانلىقىنى چۈشىنىپ، مەلىكىگە بولغان ئىشتىياقى ئۇل-غىيىپتۇ. ئۇ سازنى قولىغا ئېلىپ، سازغا تەڭكەش قىلىپ بۇ نەزمنى ئوقۇپتۇ:

ئى پەرى، كۈلۈپ بېقىپ، ئەقلىمنى ھەيران ئەيلىدىڭ،
بولدى تەن ئاتەش كەبى، قەلبىمنى گۈلخان ئەيلىدىڭ.
سايە سالدى كىرپىكىڭ بوستانى سەگىيمەن دېسەم،
چوغ سېلىپ شەھلا كۆزۈڭ، ئىشقىمنى چەندان ئەيلىدىڭ.

قاشلىرىڭ كاماندىن ئېتىپ قوشۇماڭ ئوقىنى،
باغلىغاندا قىپ ئەسىر، زۇلفۇڭنى ئارقان ئەيلىدىڭ.
جان سۆيۈندى لالىزارىڭ ھىدىدىن خۇشبۇي ئېلىپ،
ھەم تۇتۇپ سۆيگۈ شارابى، شانۇ خەندان ئەيلىدىڭ.

زۇنۇم پەرى باشلىق بارلىق پەرىزاتلار شاھزادە نەھمىنىڭ ساز چېلىش ماھارىتىگە، خۇش ئاۋازىغا شەيدا بولۇپ، ئۇنى ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە غەزەل ئوقۇتۇپتۇ. ئولتۇرۇش ئىنتايىن كۆڭۈللۈك بوپتۇ. ئۇچىنچى كۈندىكى زىياپەتتىن كېيىن، زۇنۇم پەرى پەرىزاتلارغا:
— ئەمدى سىرتتا جەڭ ماھارىتىنى كۆرسىتىشكە تەييار-لىنىڭلار! — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ. پەرىزاتلار جەڭ كىيىملىرد-نى كىيىپ ھازىرلىنىپتۇ. زۇنۇم پەرى شاھزادە نەھمىگىمۇ جەڭ كىيىمى كىيدۈرۈپ، ئۆزىمۇ جەڭ كىيىمى كىيىپ مەيدانغا بىللە

ئېلىپ چىقىپتۇ. پەرىزاتلار نەيزىۋازلىق، قىلىچۋازلىق قاتارلىق ھەر خىل جەڭ ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىپتۇ. ئاخىردا مەيدانغا زۇنۇم پەرى بىلەن شاھزادە نەھىم چۈشۈپتۇ. ئۇلار تازا ماھارەت كۆرسىتىۋاتقاندا، پەرىزاتلاردىن بىرى قەھنۇر شاھنىڭ ئاسمان-دىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، مەلىكىگە خەۋەر قىپتۇ. مەلىكە دەرھال شاھزادە نەھىمنى يوشۇرۇشنى بىر كې-نىزەككە تاپشۇرۇپتۇ، ئۆزى دادىسىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن مەيداندا تۇرۇپتۇ. پادىشاھ خانىش بىلەن بىللە بىرنەچچە ۋەزىر ـ ئەركانلىرىنى ئېلىپ چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ كېلىش سەۋەبى مۇنداق ئىكەن: زۇنۇم پەرى ھەر كۈنى ئەتىگەندە سالام بېرىش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىغا چىقىدىكەن، ئەمما ئىككى كۈندىن بېرى سالامغىمۇ چىقماپتۇ. قەھنۇر شاھ ۋە خانىش ئەنسىرەپ بىر خەۋەرچىنى ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىكەن، خە-ۋەرچى چارباغقا چۈشۈپ، ئەمدى مەلىكىنىڭ ھۇزۇرىغا كى-رىشكە تەمشىلىۋاتقاندا، جەڭ كىيىمى كىيگەن پەرىزاتلار چى-قىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن خەۋەرچى دەرھال بىر دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئەھۋالنى كۆزىتىپتۇ. مەيدانغا چىققانلار-نى ساناپ باقسا، مۇشۇ چارباغدا تۇرغۇچىلاردىن بىرى ئارتۇق چىقىپتۇ. ئۇ شۇ ھامان ئوردىغا قايتىپ، پادىشاھقا كۆرگەن ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قەھنۇر شاھ خانىشنى ئېلىپ قىزىنىڭ چاربېغىغا يېتىپ كەپتۇ.

— قىزىم، بۇ باغنىڭ ھەممە يېرىدىن ئادەمزاتنىڭ ھىدى كېلىۋاتىدىغۇ؟ — دەپتۇ قەھنۇر شاھ. زۇنۇم پەرى ساراسىمى-گە چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئانىسى:

— بالام، نېمە ئىش بولغان بولسا قورقماي ئېيتىۋەر. ئۆ-لۈكنى قارغا كۆمگىلى بولمىغىنىدەك، قىيىق ئىشنىمۇ يوشۇرۇپ قالغىلى بولمايدۇ. «قىيىق ئىش قىرىق يىلدا بىلىنەر» دېگەن

گەپ بار ئەمەسمۇ. راستچىللىق يۈزۈڭنى يورۇق قىلىدۇ، — دەپتۇ. مەلىكە:

— ئۇلۇغ شاھ دادا، بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچسىڭىز ئېيتىمەن، — دەپتۇ.

— قېنىمىزدىن دېگىنىڭ نېمىسى؟ سەندىن باشقا يەنە كىمنىڭ قېنىدىن كېچىمەن؟! — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— بىر ئادەم بار، — دەپتۇ مەلىكە مىڭ تەستە. قەھنۇر شاھ قىزىنىڭ كۆزىدىن يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ياش تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— كەچتىم، قېنى ئۇ ئادەم؟ — دەپتۇ. مەلىكە يوشۇرۇپ قويغان جايدىن شاھزادە نەھىمنى باشلاپ كېلىپ دادىسىغا توغرا قىپتۇ.

— كېرەملىك شاھ ئاتا، مانا مۇشۇ ئادەم، غەمخورلۇق قىلغايسىز، — دەپتۇ. شاھزادە نەھىم قەھنۇر شاھقا ھۆرمەت بىلەن سالام بېرىپتۇ ۋە شاھنىڭ پېشىنى كۆزىگە سۈرتۈپتۇ. قەھنۇر شاھ شاھزادە نەھىمنىڭ قەددى - قامىتىگە، چىرايىلىقلىقىغا ھەيران قاپتۇ. ئۇنىڭ قائىدە - يوسۇنلۇق، ئەدەپلىك ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ، بۇ ئاددىي ئادەملەردىن ئەمەستەك قىلىدۇ، دەپ ئويلاپ، قىزىنىڭ ھەرەمخانىسىغا باشلاپ كىرىپ سۆھبەتلىشىپتۇ. سۆزلەشكەنسېرى پادىشاھنىڭ چىرايى ئېچىلىپ، شاھزادىگە ھەۋەسلىنىپ قاراپ تۇرۇپ: «ئى خۇدا، مېنىڭمۇ مۇشۇنداق بىر ئوغلۇم بولغان بولسا» دېگەن سۆزنىڭ قانداقلارچە ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قاپتۇ. دادىسىنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق گەپ چىقىشى بىلەن زۇنۇم پەرى:

— ئەي پۈتۈن ئاسمان پەرىزاتلىرىنىڭ باشپاناھى، قىبلىگاھىم دادا، مېنى ئەپۇ قىلىپ، بۇ يىگىتنى ئېلىپ قالسى-

ڭىز، — دەپتۇ پەرىلەر زۇۋانىدا ئىلتىجا قىلىپ. ئانىسى:
— قىزىم، ئادەمزات بىۋاپا كېلىدۇ، سەن ھەرقانداق خام خىيالدا بولما، — دەپتۇ. شاھزادە نەھىم بۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئۇقالماي، بىردە شاھقا، بىردە خانىشقا، كىم گەپ قىلسا شۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. شاھزادىنىڭ بۇنىڭدىن بىرئاز بىئاراملىق ھېس قىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن قەھنۇر شاھ شاھزادىگە:
— بىز كېيىن يەنە سۆزلىشەيلى، — دەپ ئۇنى ئۆز خانىسىغا چىقىرىۋېتىپتۇ. زۇنۇم پەرى ئاتا ـ ئانىسىغا:
— بۇزرۇكۋارىم ئاتا، مېھرىبانىم ئانا، مەن تۇغۇلۇپ ھازىرغىچە سىلەرنىڭ سىزىقىڭلاردىن چىقمىدىم. مېنىڭ سىلەردىن بىر نەپەسمۇ ئايرىلىپ يەر يۈزىدە تۇرغۇم يوق. بىراق، ئۆزۈڭلاردىن بېرى سىلەردىن يوشۇرۇپ كەلگەن بىر سىرىم بار ئىدى، قىزلىق نومۇسۇم تۈپەيلى بۇ سىرنى ئاشكارىلاشقا خىجىل بولغانىدىم، ئەمدى ئېيتمىسام بولمايدىغان بولدى. بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى ئۇن تۆت ياشقا تولغان كۈنۈمنى يەر يۈزىدە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كېنىزەكلىرىمنى ئېلىپ چۈشكىنىمدە، بۇ يىگىتنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ يىگىت ئادەمزات دۇنياسىدىكى بىر پادىشاھنىڭ ئوغلى بولۇپ، دادىسى بىلەن شىكارغا چىقىپ، ئۆزى ئايرىم ئوۋ قىلىپ يۈرگەنىكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ يىگىتكە ئاشىقى بىقارار بولدۇم. بۇ ئەسنادا بۇ يىگىتكە دىۋىلەرنىڭ ھۇجۇم قىلماق بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم ـ دە، ئۇنىڭغا خېيىمخەتەر يېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن كېنىزەكلىرىم بىلەن بىللە دىۋىلەرگە قارشى جەڭ قىلدىم. دىۋىلەر چېكىنىدى، قارىسام شاھزادە يوق. مەن ئۇنى دىۋىلەر ئۆلتۈرۈۋەتتىمۇ، قانداق، دەپ ئەندىشە ئىچىدە يىغلاپ ئولتۇرسام، ئالدىمدا بىر ئاپئاق ساقال بوۋاي پەيدا بول-

دى. ئۇ: «مەلىكە، يىغلىما، شاھزادە ھايات. سەن ئاۋۇ تاغنىڭ ئۈستىنى تۈزلەپ ئەينەك ياتقۇزۇپ، بىر ئەينەك تاغ بىنا قىل، بىر تۈپ چىنار كۆچىتى تىكىپ، ئۇنىڭغا شاھزادىنى پەرىزاتلار ماكانىنى كۆرۈپ كېتىشكە تەكلىپ قىلىنغان بىر خەت يېزىپ ئېسىپ قوي. شاھزادىنىڭ ئىسمى نەھىم، ئاندىن مانا مۇشۇ ئۆلتۈرگان جايىڭغا بىر باغ ياساپ، شاھزادىنى مۇ-شۇ جايدا كۈت. سەن ھەر كۈنى ئاتا ـ ئاناڭغا سالام بەرگىلى ئۈچىنچى ئاسمانغا چىققاندا ئەينەككە قاراپ ئۆت. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ سېنى ئىزدەپ مۇشۇ يەرگە كېلىدۇ» دېدى. شۇڭا، مەن ئەينەك تاغ بىنا قىلدىم ھەم دىۋىلەرنىڭ يەر يۈزىگە باغ بىنا قىلغانلىقىنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارغا قارىمۇقارشى بۇ باغنى بىنا قىلىشنى سىلەردىن ئىلتىماس قىلدىم، بۇ ئىلتىماسىمنى ئورۇنداپ بەردىڭلار. بۇ يىگىت ئاخىر مېنى ئىزدەپ كەلدى، ئادەمزات بىۋاپا بولسا، بىر پارچە تەكلىپنا-مىنى كۆرۈپلا شۇنچە خېيىمخەتەرلەرگە قارىماي بۇ يەرگە كې-لەرمىدى؟ — دەپتۇ. قەھنۇر شاھ قىزىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— قىزىم، ئىككىڭلارنىڭ يولتۇزۇڭلار قوشۇلغان بولسا، تەقدىرىڭ بۇ بىكىتىشنى بىكار قىلىۋېتىشكە ھەددىم يوق، بوپتۇ، قالسا قالسۇن، ئەتە سالامغا چىققىنىڭدا بۇ يىگىتنىمۇ بىللە ئاچىق، — دەپتۇ ۋە خانىشنى ئېلىپ ئۆز ئوردىسىغا چىقىپ كېتىپتۇ. زۇنۇم پەرى بۇ خۇشاللىق تەنتەنىسىگە ئالاھىدە بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. ئەتىسى پەرى ـ كېنىزەكلەر شاھزادىنى كۆتۈرۈپ، زۇنۇم پەرى بىلەن بىللە قەھنۇر شاھ ھۇزۇرىغا ئېلىپ چىقىپتۇ. مەلىكىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى شاھزا-دىنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ. شاھزادە مېھماندارچىلىق ئىچىدە زۇنۇم پەرى بىلەن ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرۈپتۇ. قەھنۇر شاھ بىر ئايدىن كېيىن تەييارلىق قىلىپ، قىرىق كېچە ـ كۈندۈز

توي ئۈتكۈزۈپ قىزى زۇنۇم پەرىنى شاھزادە نەھىمگە نىكاھلاپ بېرىپتۇ. توي ئۈچىنچى ئاسماندا بوپتۇ. ھەرقايىسى ئاسمانلار دىكى پەرىلەر شاھلىرى تويغا قاتنىشىپتۇ. مۇرادىغا يەتكەن زۇ نۇم پەرى بىلەن شاھزادە نەھىم تويدىن كېيىن يەر يۈزىگە چۈشۈپ باغدا تۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى شاھزادە نەھىم غەمكىن بولۇپ قاپتۇ، بۇنى كۆر-گەن زۇنۇم پەرى شاھزادىدىن:

— سۆيۈملۈكۈم، نېمە بولدىڭىز؟ بىرئاز پەرىشان كۆرۈ-نىسىزغۇ، بىر يېرىڭىز ئاغرىمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە:

— مەلىكەم، مەن ئاتا - ئانامدىن ئايرىلغىلى ئۈچ يىل بولاي دەپ قالدى. ياش بالا ئىدىم، بۇرۇتۇم خەت تارتىپ يى-گىت بولدۇم، ھەتتا سىز بىلەن توي قىلىپ بىر جۈپ بول-دۇم، ئۆيۈن - كۈلكە، خۇشال - خۇراملىق ئىچىدە ئۆمۈر سۈردۇم. بىراق، ئاتا - ئانام، ئاغىنىلىرىم، ئۇرۇق - تۇغقان-لىرىم مېنىڭ دەردىمدە نېمە بولۇپ كەتكەندۇ؟ ئەگەر سىز مېنى ياخشى كۆرسىڭىز، دادىڭىزدىن ئىجازەت ئالسىڭىز، مې-نىڭ ئاتا - ئانامنىمۇ كۆرۈپ كەلسەك، — دەپتۇ. زۇنۇم پەرى شاھزادىنىڭ تەلىپىنى دادىسى قەھنۇر شاھقا يەتكۈزۈپ-تۇ. قەھنۇر شاھ:

— شاھزادە نەھىم ئەقىللىق بالا ئىكەن، ئاتا - ئانىسى-نى يادىدىن چىقارماپتۇ. ئۇنىڭمۇ ئاتا - ئانىسى بولغاندىكىن، ئۇلارنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشى، ئۇلارنى جۇدالىق دەردىدىن خالاس قىلىشى كېرەك. سېنىڭمۇ بىللە بېرىپ قېيناتا - قېينانا-نى، قېيناغىلىرىڭنى كۆرۈپ كېلىشىڭ، ئۇ يەردە كېلىنلىك بۇرچۇڭنى ئادا قىلىشىڭ، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشىڭ كېرەك، — دەپ، سوۋغا - سالاملارنى تەييارلاپ، سوۋغا - سالاملارنى مەنزىل، كەنزىل، تەنزىل، سەيىل دېگەن تۆت با-

تۇرىغا كۆتۈرتكۈزۈپ، قىرىق كېنىزەك ۋە نۇرغۇن مۇھاپىزەت-
چىلەر بىلەن بىرلىكتە شاھزادە نەھىم بىلەن قىزىنى ئۇزى-
تىپ قويۇپتۇ. شاھزادە نەھىم ئاق قۇغا ئوخشاش پەرىزاتلار
بىلەن بىللە ئۇچۇۋاتقىنىغا ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكى-
دىن ئۆز مەملىكىتىگە كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەي قاپتۇ.
ئۇلار يەرگە چۈشۈپ ئوردىغا كىرىپتۇ، ئاتا - بالا قۇچاق-
لىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. شۇ ئەسنادا كېنىزەكلەر خانىشنى يۆلەپ
چىقىپ كەپتۇ. خانىش شاھزادە نەھىمنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ
ئەما بولۇپ قالغانىكەن. زۇنۇم پەرى بىر خىل مېھرىگىياھنى
سۈرتكەنىكەن، خانىشنىڭ كۆزى ۋاللىدە قىلىپ ئېچىلىپ
كېتىپتۇ. ئۇلار ئۆزئارا تونۇشۇپ كۆرۈشكەندىن كېيىن پادى-
شاھ بىلەن خانىش كېلىنىنىڭ، پەرى قىزلارنىڭ پېشانىسىگە
سۆيۈپتۇ. پۈتۈن ئوردا ئەھلى ۋە شەھەر خەلقى شاھزادە نە-
ھىمنىڭ ئۈچىنچى ئاسماندىكى پەرىلەر شاھىنىڭ قىزىغا ئۆي-
لىنىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئارقا - ئارقىدىن مۇ-
بارەكلەپ كەپتۇ. پادىشاھ پەرى، لەشكەرلەر، باتۇرلار، كېنى-
زەكلەرنى خاس ھۇجرىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. سوۋغا -
سالاملار تەقدىم قىلىنىپتۇ. ئەمما، مۇشۇنچىۋالا دەبدەبە -
تەنتەنە ئىچىدە شاھزادە نەھىم ئاكىلىرىنىمۇ، ئۆزىنىڭ چە-
ۋەندازلىرىنىمۇ ئۇچراتماپتۇ. ئۇ دادىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ:
— ئۇلۇغ شاھ ئاتا، ئاكىلىرىم قېنى؟ چەۋەندازلىرىم نە-
گە كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىشاھ:
— ئاكىلىرىڭ ساڭا ياخشى قارىمىغانلىقى ئۈچۈن چە-
ۋەندازلار بىلەن بىللە زىندانغا تاشلانغان، — دەپتۇ. شاھزادە
دادىسىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئازابلىنىپتۇ. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ:
— دادا، گۇناھ مەندە، ئاكىلىرىمۇ، چەۋەندازلارمۇ گۇناھ-
سىز، مەن ئۇلارغا دېمەي كېتىپ قالغان. ئاكىلىرىمنى، چە-

ۋەندازلارنى بوشىتىۋېتىڭ. مەن ئۇلاردىن گۇناھىمنى تىلەي، ئەپۇ قىلمىسا، ئۇلارنىڭ ئورنىدا زىنداندا مەن ياتاي، — دەپ-تۇ. پادىشاھ زىنداندىكى بالىلىرى بىلەن چەۋەندازلارنى ئاچىق-تۇرۇپتۇ. شاھزادە نەھىم ئاكىلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئاياغ-لىرىغا باش قويۇپ:

— ئاكىلىرىم، مېنى كەچۈرۈڭلار، — دەپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئاكىلىرى ئۇكىسىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ:

— ئۇكام، كەلدىڭمۇ؟ بىز خاتىرجەم بولدۇق، — دېيىشىپتۇ.

بالىلىرىنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتىنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ كۆزىدىن خۇشاللىق ياشلىرى تۆكۈلۈپتۇ. شاھزادە نەھىم دادىسى، ئاكىسى ۋە نۆكەرلەرگە ئۆز سەرگۈزەشتە-لىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاكىلىرى بۇ قىسسىنى ئاڭلاپ ھاڭ-تاڭ بولۇشۇپ قاپتۇ. پادىشاھ بالىلىرىغا:

— ئوغۇللىرىم، سىلەرنىڭ بىر - بىرىڭلارغا بولغان كۆ-يۈمچانلىقىڭلار، مۇئامىلەڭلار مېنى سۆيۈندۈردى، كۆڭلۈم سى-لەردىن سۇ ئىچتى، مەن ئەمدى خاتىرجەم كۆز يۇمىدىغان بول-دۇم. سىلەر بۇنىڭدىن كېيىن بىر - بىرىڭلارنى تېخىمۇ ئىز-زەت - ھۆرمەت قىلىپ، ئىتتىپاقلىقىڭلارنى چىڭىتىپ، ھەر ئىش-نى با مەسلىھەت قىلىڭلار. قەدىمىڭلار تەگكەن جاي گۈللەپ ياشنىسۇن، ئاغزىڭلاردىن خەلققە دۇردانىلەر چېچىلىپ تۇر-سۇن، — دەپ نەسىھەت قىپتۇ.

پادىشاھ ئەتراپلىق ئويلاشقاندىن كېيىن ئۈچ پادىشاھلىققا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلار بىلەن قۇدىلىشىشنى پۈتۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تەييارلىق قىلىپ، تۆت ئوغلىنىڭ تويىنى بىراقلا باشلاپ-تۇ. قەھنۇر شاھ ۋە ئۇنىڭ خانىشى باشلىق ئاسمان دۆلەتلىرى-نىڭ پەرىزاتلىرى، شاھلىرى ۋە يەر يۈزىدىكى قوشنا پادىشاھ-لىقلارنىڭ شاھلىرى تويغا تەكلىپ قىلىنىپتۇ. توي خۇشال -

خوْرام ئاياغلىشىپتوْ. ئەخمەت شاھ قوْدىسى قەھنوْر شاھ باشلىق يىراق - يېقىن دۆلەتلەردىن كەلگەن ئەزىز مېھمانلارغا ئۆز لايىقىدا سوۋغا - سالاملارنى تەقدىم قىپتوْ. قەھنوْر شاھ ئەخمەت شاھقا:

— باللار بىر ئاي سىزنىڭ قېشىڭىزدا، بىر ئاي بىزنىڭ قېشىمىزدا توْرسا، — دەپ تەكلىپ بېرىپتوْ. ئەخمەت شاھ بوْ تەكلىپنى قوبوْل قىپتوْ. مەلىكە زوْنوْم پەرى كېنىزەكلىرى بىلەن ئەخمەت شاھ ئوردىسىدا قاپتوْ. قەھنوْر شاھ شادىيانە سادا ئىچىدە ئوْزاپتوْ. شوْنداق قىلىپ، ئاسمانلىقلار بىلەن زېمىنلىقلار قوشوْلوْپ بىر ئائىلە بوپتوْ، جوْدالىقلار توْگەپ، موْراد - مەقسەت ھاسىل بولوْپ، بەخت قوْشى سايراپتوْ.



# خىزىر نىياز

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى، ھازىر نامى ئۆچكەن ماكاندا بىر شەھەر بولغانىكەن. شەھەرنىڭ پادىشاھى ئادىل، خەلقپەرۋەر ئىكەن. پادىشاھنىڭ ئادىللىقىدا يۇرت باياشات، ئاۋات، خەلق خاتىرجەم ئىكەن. پادىشاھنىڭ خەزىنىلىرىمۇ دەپىنە دۇنياغا توشۇق ئىكەن. پادىشاھنىڭ ئۈچ خوتۇنى بولۇپ، كىچىك خوتۇنى دىۋە قىزى گۈلرۇھ ئىكەن. پادىشاھنىڭ ئاشۇ خوتۇنىدىن بىر ئوغلى بار ئىكەن، پادىشاھ ئوغلىنى ئۆز جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ، شاھزادە ئون بەش ياشقا كىرىپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنىڭ جاھانغا كۆز ئاچقان كۈنىنى قۇتلۇقلاپ يۇرت ئەھلىگە داستىخان سېلىپ، كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. ئەل - جامائەت شاھزادىگە بەخت - ئامەت تىلىشىپ، ئۇستۈۋىشىدىن ئالتۇن، ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى چاچقۇ قىلىپ چېچىشىپتۇ. شاھزادە ئەل - جامائەت بىلەن خۇشال - خۇرام كۈلۈپ، قۇتلۇق كۈننى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈپتۇ. مەرىكە ئاخىرلىشىپ، ئەتىسى شاھزادە: «ئاھ يۈرىكىم» دەپ كۆكسىنى مىجىپ زارلىنىشقا باشلاپتۇ. شاھزادىنىڭ زارىغا چىدىمىغان پادىشاھ پۈتۈن يۇرتتىكى داڭلىق تېۋىپلارنى يىغىپ، شاھزادىنىڭ كېسىلىنى داۋالاشنى ئەمر قىپتۇ. پۈتۈن

يۇرتتىكى تېۋىپلار پادىشاھ ئوردىسىغا يىغىلىپتۇ. نى داڭلىق، مەن ـ مەن دېگەن تېۋىپلارمۇ شاھزادىنىڭ كېسىلىنى تاپالماپتۇ. ئىلاجسىز قالغان تېۋىپلار پادىشاھقا شاھزادىنىڭ كېسىلىنىڭ ئادەتتىكى كېسەل ئەمەسلىكىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. پادىشاھ تېۋىپلارنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، ئون بەش ياشقا كىرگەن ئوغلىنىڭ تۇگىمەس دەردكە مۇپتىلا بولغانلىقىنى ئويلاپ بېشىغا غەم تېغى يىقىلىپ، يېگەن تامىقى ئوغا بوپتۇ، كۆزىگە جاھان قاراڭغۇ كۆرۈنۈپ، كۆز ياشلىرىنى باھار يامغۇرىدەك تۆككىنىچە ئوغلىدىن ئەھۋال سوراپتۇ، شاھزادە ھېچ نەرسە دېمەپتۇ، خانىش ئانىسى قان ـ قان يىغلاپ ئەھۋال سوراپتۇ، ئانىسىغىمۇ ھېچنېمە دېمەپتۇ. پادىشاھ ئىلاجسىز قېلىپ، پۈتۈن شەھەرگە: «كىمدەكىم شاھزادىنىڭ دەردىگە دەرمان بولسا، پادىشاھلىق تەختىمنىڭ يېرىمىنى ئۆتۈنۈپ بېرىمەن» دەپ پەرمان چىقىرىپتۇ، لېكىن شاھزادىنىڭ دەردىگە دەرمان بولغۇچى چىقماپتۇ. شاھزادىدىن كۆرە پادىشاھ بىلەن خانىشنىڭ چىرايى ساماندەك سارغىيىپ، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ. شاھزادە ئاتىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ھالىغا قاراپ ئىچى ئاغرىپ:

— ئەي ئاتا، ئانا، مېنىڭ كېسىلىمگە داۋا كەتمەيدۇ، ھازىر مېنىڭ كۆڭلۈم جاھان كېزىشنى تارتىۋاتىدۇ، ماڭا ئىجازەت بەرسەڭلار، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئوغلىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ھەشەمەتلىك سەپەر تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلاپتۇ. شاھزادە :

— ئەي ئاتا، مېنىڭ كۆڭلۈمنى خۇش قىلىشنى خالىسىڭىز، ئۆزۈمنى تەنھا يولغا سېلىپ قويۇڭ، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— ئەي يۈرەك پارەم، سەن مېنى بۇ دۇنيادىن كۆزى ئوچۇق كەتمىسۇن دېسەڭ، مېنىڭ ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىل، — دەپتۇ.

شاھزادە ئىلاجسىز ماقۇل بوپتۇ. شاھزادىنىڭ ئاپىسى گۈلرۇھ ئوغلىنىڭ سەپەرگە چىقىشىغا تاقەت قىلىپ تۇرالماي:

— ئەي ئوغلۇم، بۇ خىزىر نىياز ساڭا ھەمراھ بولسا، مەن خاتىرجەم بولىمەن. مەن بۇ خىزىر نىيازنى كۆھقاپتىن ئۆزۈم بىلەن بىرگە ئېلىپ كەلگەن، بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدۇ، — دەپ يېنىدىن ئالتۇن ساپلىق، ئالماس بىسلىق بىر شەمشەرنى چىقىرىپ ئوغلىغا بېرىپتۇ.

پادىشاھ بىلەن خانىش كۆز ياشلىرىنى سەلدەك تۆككىنىچە شاھزادىنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. شاھزادە ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھەردىن ئايرىلىپ، يەتتە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، ئۆزى بىلەن بىرگە ماڭغان قىرىق قېچىردىكى ئوزۇق - تۈلۈك، مال - مۈلۈك بىلەن ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن قىرىق يىگىتنى ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇۋېتىپ، ئۆزى يالغۇز كېتىپ قاپتۇ. ئۇ شۇ يۈرگەنچە يەتتە كۈندىن كېيىن بىر كارۋانغا ئۇچراپتۇ. كارۋان بېشى شاھزادىنىڭ ئۇستۇۋېشىغا قاراپ:

— ئەي ئوغلۇم، نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە:

— ئاتا - ئانامنىڭ مېھرىدىن كېچىپ، مېھىر ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ. كارۋان بېشى شاھزادىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا مېھرى چۈشۈپ:

— ئەي ئوغلۇم، ماڭا ئوغۇل بولغىن، مەقسىتىڭگە يەتكۈزەي، — دەپتۇ. شاھزادە:

— ئەي ئاتا، سىلىگە رەھمەت، مەن ئۆزۈمنىڭ نەگە بېرىپ، نەدە تۇرىدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن. سىلى مەنزىل كۆزلەپ ماڭىدىغان ئادەم، شۇڭا يولىمىز تۇگىگۈچە مېنى ھەمراھ قىلىۋالسىلا، — دەپتۇ.

كارۋان بېشى ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ. شاھزادە كارۋانلارغا

قوشۇلۇپ مېڭىپتۇ. شاھزادە يول بويى قونالغۇلاردا كارۋان بېشىنىڭ يۇگۇر - يېتىم ئىشلىرىنى قىلىپ، تۆگىسىنى سۇغىرىپ، چېيىنى قاينىتىپ بېرىپ كۆڭۈل ئۆتكۈزۈپتۇ. كارۋان نەچچە ئۆتەڭلەردىن ئۆتۈپ، يۇرتلارنى كەينىدە قالدۇرۇپ بىر تاغ جىلغىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئىچكىرىلەپ مېڭىپتۇ. ئۇلار جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېتىپ بارغاندا تۆت تەرەپتىن قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈلۈپ، قاراقچىلار ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ كەپتۇ. ئاتلارنىڭ تۇيىقىدىن ئۆرلىگەن چاڭ - توزان دەستىدىن كۈن نۇرى توسۇلۇپ، جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپتۇ. كارۋان ئەھلى پاتىپاراق بولۇپ كېتىپتۇ. كارۋان بېشى جان قايغۇسىدا قېلىپ:

— ئەي بۇرادەرلەر، جېنىڭلارنىڭ ئامالىنى قىلىڭلار. ئەي بالام، سەنمۇ ئۆزۈڭنى دالدىغا ئال، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

بۇ ۋەھىمىلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ شاھزادىنىڭ ئېسىگە ئاپىسىنىڭ ئېيتقان سۆزى كەپتۇ - دە، بېلىدىكى خىزىر ئىنيازنى تۇتۇپ:

— ئەي خىزىر نىياز، بۇ قاراقچىلارنى تاشقا ئايلاندۇرۇۋەتكىن، — دەپتۇ. شۇ ھامان قاراقچىلار تاشقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. كارۋان بېشى بۇ كارامەتنى كۆرۈپ شاھزادىگە مىڭلارچە رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ تۆگىسىگە مىندۈرۈپتۇ. كارۋان بېشى شاھزادىدىن:

— ئەي ئوغلۇم، قاراقچىلارغا نېمە كارامەت ئىشلەتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە:

— بۇ مېنىڭ كارامىتىم ئەمەس، — دەپ، باشقا ھېچ نەرسە دېمەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كارۋان بېشى شاھزادىنى ھېچقانداق ئىشقا سالماي، ئۆزى بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرغۇزۇپ مېھمان قىلىپ مېڭىپتۇ. شاھزادە كارۋان ئەھلىد-

نىڭ ئەزىز مېھمىنى بولۇپ قاپتۇ. كارۋانلار ئاخىر مەنزىلگە يېتىپتۇ. شاھزادە ئۇلار بىلەن خوشلىشىپتۇ.

ئۇ يول يۈرۈپتۇ، شۇ يۈرگىنىچە ئالتە شەھەرنى ئارىلاپ ئۆتۈپتۇ، ھېچ يەردە تۇرۇپ قېلىشقا رايى بارماپتۇ، ئاخىر يەتتىنچى شەھەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ بويى ئۆسۈپ، يېشى ئون يەتتىگە توشۇپ قاپتۇ، شەھەرگە كىرىپلا كۆڭلى يورۇپ، روھى كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك ھېس قىپتۇ، شەھەرنى ئايلىنىپ، رەستىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ ۋە ئايلىنىپ يۈرۈپ، شەھەر سىرتىدىكى ئورمانلىققا چىقىپ قاپتۇ. ئۇ بۇلبۇللارنىڭ چاڭقىلداپ سايرىشىغا مەست بوپتۇ، ئورمانلىقنى ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر بۇلاق بويىغا بېرىپ قاپتۇ. بۇلاق سۈيىدە يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ، شەربەتتەك سۈنى قانغۇچە ئىچىپتۇ، گىردە بىلەن قورسىقىنى تويغۇزۇپ، شۇ يەردە ئۇخلاپ چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە بىرى ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ: «ئەي ئوغلۇم، سەن مۇشۇ شەھەردىن مۇرادىڭنى تاپىسەن، ئورنۇڭدىن تۇر» دېگۈدەك. ئۇ بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ ئەتراپىقا قاراپ ھېچكىمنى كۆرمەپتۇ. ئۆزىنىڭ چۈش كۆرگەنلىكىنى بىلىپ، چۈشىنى ئويلىغىنىچە شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ شەھەرگە يېتىپ كىرگۈچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپ، نەگە بېرىپ، نەدە تۈرۈشنى بىلەلمەي، ئاخىر كوچا دوقمۇشىدىكى بىر ناۋاينىڭ ئىشىكىنى قېقىپتۇ. ئۆي ئىچىدىن بىر ئادەمنىڭ:

— كىم سەن؟ — دېگەن ئاۋازى چىقىپ، ئىشىك ئېچىلىپتۇ. شاھزادە ئۆي ئىگىسىگە سالام بېرىپ:

— ئەي ئاتا، مەن بىر مۇساپىر - غېرىب، بالىسى يوققا بالا بولىمەن، چاكىرى يوققا چاكار بولىمەن. بۈگۈن كېچە ئۆيلىرىدە پاناھلىق بەرسىلە، كەچتە شەھەردە تەمتىرەپ قال-

دىم، ــ دەپتۇ.

ناۋاي شۇنچە ئۇزۇن ياشىغان بولسىمۇ پەرزەنت يۈزى كۆرمەي، ئاللادىن پەرزەنت تىلەپ يۈرگەنىكەن. ئۇ شاھزادىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، خۇدا مېنىڭ تىلىكىمنى ئىجابەت قىلىپ بۇ بالىنى ماڭا ئەۋەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ:

ــ ئەي بالام، ئاتاڭنىڭ ھۈنىرى نېمە ئىدى؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ئاتامنىڭ ھۈنىرى ناۋاي ئىدى، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاھزادە چاندۇرماي. ناۋايغا بۇ جاۋاب يېقىپ كېتىپتۇ. شۇنداق تۇرغاندا، ناۋاينىڭ ئايالى چىراغ كۆتۈرۈپ چىقىپ:

ــ ئەي دادىسى، ئىشىك تۈۋىدە نېمىدەپ سەۋدايىدەك



ۋاتىلداپ تۇرىلا؟ — دەپتۇ. ناۋاي شاھزادىنى كۆرسىتىپ:

— بۇ بالا پاناھ ئىزدەپ كەپتۇ، بالا قىلىۋالاي دەيمەن، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ — دەپتۇ. ئايال ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، شاھزادىنى ئۆيگە باشلاپتۇ.

ناۋاي ئەتىسىدىن باشلاپ شاھزادىنى سۇ توشۇش، ئۇن تاسقاش، ئۇتۇن يېرىش، تونۇرنىڭ كۈلىنى ئېلىش، تونۇرغا ئوت سېلىشقا ئوخشاش يۇگۇر - يېتىم ئىشلارغا سېلىشقا باشلاپتۇ. نېمە ئىشقا بۇيرۇسا، شاھزادە شۇ ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك قىپتۇ. ناۋاي ئۇنىڭ ئىشىدىن رازى بوپتۇ. شاھزادە ئىشقا كىرىشكەن دەسلەپكى كۈنى ناۋاي ئىككى تونۇر نان يېقىپ ھەممىسىنى سېتىپ تۈگىتىپتۇ. ناۋاي بۇنىڭدىن ھەم ھەيران، ھەم خۇشال بوپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ناۋاينىڭ سودىسى ئېقىپ، غەللىسى كۈندە پارقىراق تىللالار بىلەن توشىدىغان بوپتۇ.

ئارىدىن تۆت يىل ئۆتۈپتۇ. بۇ چاغدا ناۋايمۇ كاتتا بايغا ئايلىنىپ، ئەسكى ئۆيلىرىنىڭ ئورنىغا ھەشەمەتلىك ساراي - ئىمارەتلەرنى سېپتۇ، چاكارلارنى ياللاپ، ساراي - ئىمارەتلەرنىڭ ئىچىنى زىلچا - گىلەملەر بىلەن بېزەپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ناۋاينىڭ كۆڭلىگە بىر ئىش يېتىپ، ئايالىغا:

— ئەي خوتۇن، بۇ بالىنىڭ ئايىغى تازا ياراشتى: ئىلگىرى بىر تونۇر ناننى ئۇن كۈندىمۇ سېتىپ بولالمايتتۇق، ھازىر كۈنىگە ئون تونۇر نانمۇ يېتىشمەيۋاتىدۇ. ئەسكى كەپىمىز ھەشەمەتلىك سارايغا ئۆزگەردى. بىرى ئون بولدى، ئونى يۈز بولدى. ئەسكى جەندىمىز تاۋار - دۇردۇنغا ئۆزگەردى. سارىيىمىز زىلچا - گىلەمگە تولدى. ئەمدى ئۇنى ئۆيلەپ قويۇپ، قەرزىمىزنى ئادا قىلىۋەتسەك قانداق؟ — دەپ مەسلى-

ھەت ساپتۇ. ئايالى ماقۇل بوپتۇ. ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ، شاھزادىنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ئەي ئوغلۇم، سەن بۇ ئۆيگە كىچىك كەلگەنىدىڭ، ئەمدى چوڭ بولدۇڭ، بىز مەسلىھەتلىشىپ، سېنى ئۆيلەپ قوياي-لى دېيىشتۇق، — دەپتۇ ناۋاي، ئەمما شاھزادە ماقۇل كۆرمەپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ ناۋاي شاھزادىنى توي قىلىشقا سۈي-لەپ، شاھزادە رازىلىق بەرمەي، ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ كې-تىپتۇ، ھەر ئىككىسى ئۆز نىيىتىدىن يانماپتۇ. شاھزادە ئاخىر:

— ئەي ئاتا، مەن ئۆيلەنمەيمەن دېسەم، ئۆز سۆزلىرىدە چىڭ تۇرۇۋاللا، ئۇنداق بولسا، مەن كىمنى ئالىمەن دېسەم، شۇنى ئېلىپ بېرىڭلا، — دەپتۇ.

— ۋاي بولىدۇ، بالام، — دەپتۇ ناۋاي.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ شاھزادە، — مۇشۇ شەھەر پادىشاھىنىڭ قىرىق بىر قەۋەتلىك راۋاق ئۈستىدە ئاي بىلەن كۈنگە كۆرسەتمەي بېقىۋاتقان بىر قىزى بار، ماڭا ئاشۇ قىزنى ئېلىپ بەرسىلە.

ناۋاي پادىشاھنىڭ ئاشۇنداق بىر قىزى بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغاچقا، شاھزادىنىڭ گېپىگە ئەجەبلىنىپ:

— سەن پادىشاھنىڭ شۇنداق قىزى بارلىقىنى قانداق بى-لىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ئون بەش ياشقا توشقان كۈنى مەلىكە مېنىڭ چۈشۈمگە كىرگەن. مەن شۇ چۈشنى كۆرگەندىن كېيىن غې-رىب - مۇساپىرلىق يولىغا كىرىپ، بۇ شەھەرگە يېتىپ كەل-دىم. شۇنىڭدىن بېرى سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا خىزمەت قىلىۋا-تىمەن، — دەپ ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ناۋاي پېشانىسىگە ياققىدە بىرنى ئۇرغى-نىچە، خوتۇنىنىڭ يېنىغا چىقىپ:

— ھەي خوتۇن، ھەي خوتۇن، ئۇنى ئۆيلەيمىز، دەپ چا-تاق قىلدۇقمۇ، نېمە؟ ئۇ پادىشاھنىڭ قىزىنى ئالىمەن دەيدۇ. بىز ناۋاي تۇرساق، قانداقمۇ پادىشاھقا تەڭ كېلەلەيمىز؟ بۇ بالا ئەمدى مېڭەمنى يەيدىغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

— نېمە غەم يەيلا؟ — دەپتۇ ئايالى، — «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دەپتىكەن، ئاۋۋال بېرىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ باقمامدۇ.

ناۋاي ئايالىنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىپ، ھېيت - ئايەملەردە كىيىدىغان تون - كەمزۇل، تۇمىقىنى كىيىپ، كۆمۈش توقۇملۇق جەدە ئاتقا مىنىپ، غادايغىنىچە پادىشاھ ئوردىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ ياساۋۇللارغا سالام بېرىپ، كېلىش مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. ياساۋۇللار خەۋەرنى پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. شۇ كۈنلەردە ناۋاينىڭ ياخشى نام - شەرىپى پادىشاھنىڭ قۇلىقىغىمۇ يەتكەنىكەن، شۇڭا پادىشاھ ناۋاينىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىپتۇ. ناۋاي پادىشاھنىڭ ئالدى-غا كىرىپ يەتتە ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، ئىجازەت كۈتۈپ تۇ-رۇپتۇ.

— ھە، ناۋاي، بۇياققا ئۆتۈپ قاپسەن، — دەپتۇ پادىشاھ ئۇ-نىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىپ، — نېمە ھاجەت بىلەن كەلدىڭ؟

— مېنىڭ ھاجىتىم ناھايىتى ئېغىر، — دەپتۇ ناۋاي.

— نېمە سۆزۈڭ بولسا دەۋەرگىن، — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئۆلۈمدىن قورقىمەن، — دەپتۇ ناۋاي.

— بولدى، بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم، — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئەي شانۇشەۋكەتلىك پادىشاھىم، سىلى بىر قىز چوڭ قىپتىكەنلا، مەن بىر ئوغۇل... — دەپ ناۋاي سۆزىنى باشلى-شى بىلەن تەڭ، پادىشاھ:

— جاللات، بۇ بەتبەختنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار ! —

دەپ ۋارقىراپتۇ.
— بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن، — دەپتۇ ناۋاي تىز-لىنىپ تۇرۇپ.
— قېنى، تىلىكىنى چاينىماي سۆزلە، — دەپتۇ پادىشاھ.
ناۋاي يەردىن ئۇستۇن قارىيالماي، تىترىگىنىچە:
— مەن بىر ئوغۇل چوڭ قىلغان. ئوغلۇم بالاغەتكە يەت-كەندە، ئۆيلەپ قويايلى دېسەم: «پادىشاھنىڭ قىزىنى ئالىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى، ئامالسىز ھۇزۇرلىرىغا كېلىشكە مەجبۇر بول-دۇم. بىھۇدە ئۆلۈشنى خالىمايمەن، — دەپتۇ.
بىر ناۋاينىڭ ئۆز قىزى ئۈچۈن خېرىدار بولۇپ كەلگەن-لىكىگە پادىشاھ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي غەزەپلىنىپ تۇر-غاندا، ۋەزىرى يول كۆرسىتىپ مۇنداق پىچىرلاپتۇ:
— ئەي پادىشاھئالەم، ئەلچىگە ئۆلۈم يوق. «بەرمەس قىزنىڭ تويلۇقى ئېغىر» دەپتىكەن. ناۋاينى ئۆلتۈرسەك بول-مايدۇ، شەرت قويايلى، ئۇ يىگىت راستىنلا قەتئىي نىيەتكە كەلگەن بولسا، ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئىچىدە سايغا پادىشاھ ئوردىسىدەك بىر ساراي بىنا قىلسۇن، سارايىنىڭ ئىچى - تې-شىغا زىلچا - گىلەمدە پاياندار سالسۇن. ئەگەر ئۇنى قىلال-مىسا يىگىتنىڭ كاللىسىنى ئالايلى، — دەپتۇ. پادىشاھ ۋە-زىرنىڭ بۇ تەكلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ:
— ئەي ناۋاي، مەن قىزىمنى ئوغلۇڭغا بەرسەممۇ بېرەي، ئەمما ئوغلۇڭ شەھەر سىرتىدىكى سايغا ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئىچىدە بىر شەھەر بىنا قىلسۇن، شەھەرنىڭ چارباغلىرى بولسۇن. شەھەر ئىچىدە سودا قايىنىغان، ئاشپەز، ناۋاي، سودى-گەرلەر رەت - رېتى بىلەن ئورۇن ئالسۇن. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، بالاڭنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، سېنىڭ پۈتۈن مال - دۇنيايىڭنى مۇسادىرە قىلىمەن، — دەپتۇ.

ناۋاي پېشانىسىگە پاققىدە بىر شاپىلاق ئۇرغىنىچە ئورىدى-
دىن چىقىپ ئۆيىگە غەمكىن قايتىپ كەپتۇ. ناۋاينىڭ پەرىشان
قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئايالى:
— ۋاي دادىسى، نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ. ناۋاي:
— ئاغرىمىغان بېشىمغا ئالتە تاياق بولدى، — دەپ، پا-
دىشاھنىڭ شەرتىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.
— ھەي، نېمىدىن غەم قىلىلا؟ — دەپتۇ ئايالى، — تازا
ئەخمەق ئىكەنلا. ھېچبولمىغاندا ئىككىمىز پۇل - پۇچەك،
ئالتۇن - يامبۇلارنى بىر خۇرجۇنغا قاچىلاپ، بىر ئاتقا مىنىپ
قېچىپ كېتىمىز. ئۇ ئۆزى تاپقان بالاغا ئۆزى قالامدۇ؟
— پەمىڭ بار جۇمۇ سېنىڭ، — دەپتۇ ناۋاي. ئۇلارنىڭ
سۆزى تۈگىشىگە، شاھزادە ئۆيگە كىرىپ:
— دادا، قانداق بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ. ئانىسى پادى-
شاھنىڭ شەرتىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپتۇ.
— بولمىدۇ ئەمىسە، مەن پادىشاھنىڭ تەلىپى بويىچە شە-
ھەر بىنا قىلاي، سىلەر غەم قىلماڭلار، — دەپتۇ شاھزادە.
ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپتۇ. ناۋاي ئوغلىنىڭ ئۇخلاپ يات-
قانلىقىغا ھەيران بولۇپ:
— ئوغلۇم، ئۇخلاپ ياتىسەنغۇ، سەن پادىشاھنىڭ شەھەر
سېلىشقا مۆھلەت بەلگىلەپ بەرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ —
دەپتۇ. شاھزادە:
— بولدى، غەم قىلماڭ دادا، — دەپ ئۇيقۇسىنى ئۇخلاپتۇ.
ئىككى كۈن ئۆتۈپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى ناۋاي ئالتۇن -
كۈمۈش، يامبۇلىرىنى خۇرجۇنغا قاچىلاپ، خوتۇنىنى ئەيقىپچىپ
كەتمەكچى بولۇپ دەرۋازا ئالدىغا چىقسا، پادىشاھنىڭ لەشكەر-
لىرى قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ تۇرغۇدەك. لەشكەرلەر ناۋاي
بىلەن ئايالىنى تۇتۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ.

شاھزادە ئۇلارنى لەشكەرلەرنىڭ تۇتۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، شەھەر سىرتىدىكى سايلىقتا بېرىپ قويىنىدىكى خىزىر نىيازنى چىقىرىپ:

— ئەي خىزىر نىياز، بېشىمغا كۈن چۈشتى، مۇشۇ سايلىقتا پادىشاھنىڭ تەلىپىدىنمۇ ھەشەمەتلىك بىر شەھەر بىنا قىلغايسەن ! — دەپ ئەمىر قىلىپ قويۇپ، ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئوردا ئىچىگە كىرگەندە، پادىشاھ ناۋايىنى سوراق قىلىۋاتقانىكەن.

— سەن بۈگۈن مۆھلەت كۈنىنىڭ توشقانلىقىنى بىلمەمسەن، مەن دېگەن شەھەر ـ ساراي قېنى؟ — دەپتۇ پادىشاھ ناۋايغا. ناۋاي يىغلاپ تۇرۇپ:

— پادىشاھىئالەم، مەن بۇ بالىنى بېقىۋالغانىدىم. قىزلىرىنى ئالىمەن، دېگەن مۇشۇ بالا، — دەپ ئىشىكتىن كىرىۋاتقان شاھزادىنى كۆرسىتىپتۇ. پادىشاھ شاھزادىنىڭ



ئۇستۇپشىغا قاراپ:

— جاللات، مۇنۇ بەتبەختنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار !— دەپتۇ.

— توختىسىلا، شاھ ئالىيلىرى، — دەپتۇ شاھزادە، — سىلى ماڭا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بەرگەن. ئەگەر ئادىل پادىشاھ بولسىلا، بۈگۈن كەچ كىرگۈچە تەخىر قىلسىلا، مەن بىنا قىلغان شەھەرنى كۆرۈپ بېقىپ بىرنېمە دېسىلە.

پادىشاھ ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنىڭ مەسلىھىتى بويىچە شەھەرنى كۆرۈپ بېقىشقا ماقۇل بوپتۇ. پادىشاھ ئوردا ئەھلىنى باشلاپ سايغا بارسا ئاجايىپ بىر شەھەر تۇرغۇدەك، ئەيىۋەتلىك، ئاسمان، شەھەردە ئادەم دەريادەك ئېقىپ تۇرغۇدەك. پادىشاھ ياساۋۇللىرىنى ئىشقا سېلىپ يول ئېچىپ، شەھەر رەستىلىرىنى ھەيرانلىق ئىچىدە كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ. رەستىلەرنىڭ شۇنچە رەتلىك، يوللارنىڭ مەرمەر، سارايلارنىڭ چىرايلىقلىقىدىن كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئۆز ئوردىسىنىڭ بۇ سارايىنىڭ ئالدىدا بىر ئەسكى كەپىچىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ. پادىشاھ شاھزادىنىڭ كارامىتىگە قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، قىزىنى بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ ھەمدە توي تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ قىرىق كېچە - كۈندۈز توي ئۆتكۈزۈپ، مەلىكىنى شاھزادىنىڭ سارىيىغا كۆچۈرۈپ بېرىپتۇ. شاھزادە مەلىكە بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇپ، مۇراد - مەقسىتىگە يېتىپتۇ. بۇ خۇشاللىق كۈنلەردە ناۋايمۇ ئۆزىنى پادىشاھنىڭ قۇدىسى ساناپ، مەيدىسىنى كېرىپ يۈرۈپتۇ.

شۇ كۈنلەردە شاھزادە مەلىكىنىڭ شېرىن ۋەسلىگە يېتىپ، ۋىسال شادلىقىدا ئۆزىنىڭ ئۆتكەنكى كۈنلىرىنىمۇ ئۇنتۇشقا باشلاپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەتتا خىزىر نىيازنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپتۇ. خىزىر نىيازنى توپا - چاڭ بېسىشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا شاھزادىنىڭ بېشىدا كۆرۈنمەس بالا -

قازا سايە تاشلاپ يۈرگەنىكەن، چۈنكى ئەسلىدە ئۇ مەلىكىگە يەنە بىر دىۋە ئاشىق ئىكەن. پادىشاھ ھەر كېچىسى قىزىنىڭ سارىيىنىڭ ئەتراپىغا ئوت يېقىپ، قىزىنى ئامان - ئېسەن ساقلاپ كېلىۋاتقانىكەن، بۇ سىرنى شاھزادىگە ئېيتىپ بەرمىگەنىكەن. بىر كېچىسى ئوت قالغۇچىلارنى ئۇيقۇ بېسىپ ئۇخلاپ قېلىپ، ئوت ئۆچۈپ قاپتۇ. دىۋە شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كېلىپ مەلىكىنى، خىزىر نىيازنى ئېلىپ كېتىپتۇ. دەھشەتلىك ئاۋازدىن شاھزادە چۆچۈپ ئويغىنىپ، ئۆزىنىڭ داق يەردە تەنھا ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئەتراپقا قارىسا، شەھەر، سارايلاردىن ئەسەر يوق. ئۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ئەي پادىشاھىئالەم، مەلىكىنىڭ بىرەر دۈشمىنى بارمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىشاھ ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ:

— ئەي ئوغلۇم، بۇ مەندىن ئۆتكەن سەۋەنلىك، مەن بۇ سىرنى ساڭا ئېيتىپ بەرمەپتىمەن. ئەسلى قىزىمغا بىر دىۋە ئاشىق ئىدى، ئۇنى ھەر كېچىسى ئوت يېقىپ قوغداپ قوغدايتتۇق. قىزىمنى چوقۇم ئاشۇ دىۋە ئېلىپ كەتتى. ئەمدى قانداق قىلماق كېرەك؟ — دەپ زار - زار يىغلاشقا باشلاپتۇ. شاھزادە ئىشنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ:

— ئەي شاھ ئاتا، مەن مەلىكىنى تېپىپ كېلىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن سىلى يەتمىش پاتمان تۆمۈردە كەش، يەتمىش پاتمان تۆمۈردە ھاسا، يەتمىش پاتمان تۆمۈردە جەندە - كۇلاھ سوقتۇرۇپ بەرسىلە، — دەپتۇ. پادىشاھ شاھزادىنىڭ تەلىپى بويىچە ئىش قىپتۇ.

شاھزادە يولغا چىقىپتۇ. ئۇ تاغلاردىن ئېشىپ، چۆللەرنى كېزىپ، دەريالارنى كېچىپ، نەچچە شەھەرلەرنى ئىزدىگەن بولسىمۇ، ھېچ يەردىن مەلىكىنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالماپ-

تۇ. ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتى، چاچلىرى ئۆسۈپ، يۈزىنى قاسماق بېسىپ دەرۋىشكە ئوخشاپ قاپتۇ، يەتمىش پاتمان تۆمۈر ھاسىسى ئۇپراپ قوشۇقتەك قاپتۇ، كەشىنىڭ چەمى ئۇپراپ تېشىلىپتۇ، ئۇچىسىدىكى تۆمۈر جەندىسى ئۇپراپ قەغەزدەك قاپتۇ. شۇ ھالەتتە ئۇ كۆز يەتكۈسىز بىر جەزىرىدىكى يالغۇز چىنار تۈۋىدىكى بۇلاق بويىغا بېرىپ قاپتۇ. ئۇ بۇلاقتىن ئۆزىنىڭ ئالۋاستىدەك ئىسكەتىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. شاھزادە شۇنداق تۇرسا، بىر قىز كېلىپ بۇلاقتىن قاپاقتا سۇ ئاپتۇ. شاھزادە قىزغا سالام بېرىپ:

— ئەي قىز، قاپىقىڭىزنى بەرسىڭىز، ئۇسسۇزلۇقۇمنى قاندۇرۇۋالسام، — دەپتۇ. قىز قاپىقنى شاھزادىگە بېرىپتۇ. شاھزادە قاپاقتىكى سۇنى بىراقلا ئىچىۋېتىپ، قاپاقنى قىزغا قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. قىز ئۇنىڭغا قىزىقىپ:

— ئەي ئادەمزات، بۇ ئادەمزات ئاياغ باسىدىغان يەر ئەمەس، سەن نېمە ۋەجىدىن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە قىزنىڭ سوئالىغا ھەيران بولۇپ:

— سىز ئۆزىڭىز ئادەمزات ئەمەسمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ئادەمزات ئەمەس، دىۋىنىڭ قىزى. سەن نېمە ۋەجىدىن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ قىز يەنە. شاھزادە ئۆزىنىڭ ھەممە كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ:

— مەن دىۋە ئېلىپ قاچقان مەلىكەمنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم. سىزنىڭ ئۇنىڭدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز كۆز ياشلىرىنى باھار يامغۇرىدەك تۆكۈپ:

— بايا سەن ئاپاڭنىڭ ئىسمىنى نېمە دېدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە قىزنىڭ كۆز ياشلىرىغا ئەجەبلىنىپ:

— ئاپامنىڭ ئىسمى گۈلرۇھ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. قىز بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ ئۆزىنى شاھزادىنىڭ باغرىغا ئېتىپ:

— ۋاي جېنىم قىرىندىشىم، — دەپ شاھزادىنى چىڭ قۇچاقلاپتۇ.

شاھزادە بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ. دىۋە قىز ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ:

— ئەي ئوغلۇم، مەن سېنىڭ كىچىك ئاپاڭ بولىمەن، سېنىڭ ئاپاڭ گۈلرۇھ مېنىڭ ئاچام بولىدۇ. بىز بىر ئانىدىن ئۈچ ئاچا - سىڭىل ئىدۇق، دائىم پەرىزاتقا ئايلىنىپ ئۇچۇپ جاھان كېزىپ سەيلە قىلاتتۇق. بىر قېتىم سەيلىگە چىقىپ قويۇق ئورمانلىقتا گۈل تېرىپ يۈرۈپ ئاتاڭنى ئۇچرىتىپ قالدۇق، شۇنىڭدىن كېيىن ئاچامنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمىدى. بىز ئۇنىڭ ئاشىق بولغانلىقىنى بىلىپ، نىيىتىدىن يېنىشنى دەۋەت قىلدۇق، چۈنكى ئاتىمىز بىزنىڭ ئادەمزات بىلەن بېرىش - كېلىش قىلغىنىمىزنى بىلىپ قالسا بىزنى قاتتىق جازالايتتى. لېكىن، ئاچام ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، ئاتاڭ بىلەن توي قىلىۋالدى. ئاتام بۇ خەۋەرنى تويدىن كېيىن بىلدى. ئاتام غەزەپكە پايلىماي ئاچامنى قايتۇرۇپ كېلىپ قاماپ قويدى، ئۇنىڭ كۆز يېشى ئاخىر قانغا ئايلاندى. ئاچامنىڭ كۆز يېشىغا قاراپ ئۇنىڭغا ئاچا - سىڭىل ئىككىمىزنىڭ ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى ئېرىنىڭ يېنىغا قايتۇرۇۋەتمەكچى بولدۇق ۋە ئاتامنىڭ خىزىر نىياز، دېگەن خىسلەتلىك ئەڭگۈشتەر شەمشىرىنى ئوغرىلاپ ئاچامغا بەردۇق. ئۇ ئاشۇ خىزىر نىيازغا ئەمر قىلىپ ئاتامنىڭ قەپىسىدىن قۇتۇلدى. ئاچام قېچىپ كەتكەندىن كېيىن بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، ئاتام بىزنى بۇ يەرگە پالىۋەتتى. بۇ يەردە ئاچام ئىككىمىز ياشايمىز. شۇنىڭدىن بېرى ئاپاڭنى كۆرمىدۇق، يا خەۋىرىنى ئالالمىدۇق. ئوغلۇم، مەن ئېرىمگە ئېيتاي، ئۇ سېنى ئىككىنچى ئاچامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارسۇن. ئۇ بىر ئامالىنى قىلىپ مەلىكەڭنى تېپىپ بېرەر، —

دەپ ئۆيگە باشلاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ ئېرى قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ، شاھزادىنى كۆتۈرۈپ ئىككىنچى ئاسمىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. شاھزادە ئۇلار بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ ئەھۋالنى سۆزلەپتۇ. ئوتتۇرانچى دىۋە قىز:

— سېنىڭ مەلىكەڭ بەلكىم كۆھىقاپتا بولۇشى مۇمكىن، مەن سېنى كۆھىقاپقىچە ئاپىرىپ قوياي، ئۇنىڭ نېرىسىنىڭ ئامالىنى ئۆزۈڭ قىلغىن، — دەپتۇ.

شاھزادە ماقۇل بوپتۇ. ئوتتۇرانچى دىۋە قىز شاھزادىنى كۆھىقاپقا ئاپىرىپ قويۇپ:

— ئەمدى ئۆزۈڭ ئامال قىل، — دەپ كېتىپ قاپتۇ.

شاھزادە كۆھىقاپقا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ كېتىۋېتىپ بىر تورغاينى تۇتۇۋېلىپ، لازىم بولۇپ قالار، دەپ قوينىغا سېلىۋاپتۇ. ئۇ تاغ ئېغىزىغا يېقىن بېرىشىغا توپا - چاڭ كۆتۈرۈلۈپتۇ، قارىسا ئىككى دىۋە سوقۇشۇۋاتقانىكەن. شاھزادە دىۋىلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— سىلەر نېمىشقا سوقۇشىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. دىۋىلەر شاھزادىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ سوقۇشۇشتىن توختاپتۇ ۋە بىرسى:

— سەن ئۆزۈڭ كىم؟ بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭ؟ — دەپتۇ.

— مەن سىلەرنىڭ جېدىلىڭلارنى ئاجرىتىپ قويغىلى كەلدىم. سىلەر كىم؟ نېمىنى تالىشىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ شاھزادە.

— بىز سۇلايمان قالپىقىنى تالىشىۋاتىمىز. ئۇنى كىيگەن ئادەم ھېچكىمگە كۆرۈنمەيدۇ، ئۇ بىر خاسىيەتلىك قالپاق. سەن بۇ جېدەلنى ئايرىپ قويالامسەن؟ — دەپتۇ دىۋىلەر. شاھزادە ئويلانغان قىياپەتتە بىرئاز تۇرۇپ:

— مەن بىر تاشنى يىراققا قارىتىپ ئاتاي، شۇ تاشنى

كىم ئاۋۋال مېنىڭ يېنىمغا ئېلىپ كەلسە قالپاق شۇنىڭ بولسۇن، بۇنىڭغا رازى بولامسىلەر؟ — دەپتۇ. دىۋىلەرنىڭ ھەر ئىككىسى بۇ تەكلىپكە ماقۇل بوپتۇ. شاھزادە:

— قېنى، سىلەر قالپاقنى ئاۋۋال ماڭا بېرىڭلار، ئاندىن مەن تاشنى ئاتاي، — دەپتۇ. دىۋىلەر قالپاقنى بېرىپتۇ. شاھزادە قالپاقنى قولىغا ئېلىپ، قوينىدىن تورغاينى چىقىرىپ:

— مانا تاشنى ئاتتىم، — دەپ ئاسمانغا قارىتىپ ئېتىپتۇ. تورغاي بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسلەپ ئۇچۇپ، ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئىككى دىۋە تورغاينى تۇتىمىز، دەپ يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ. شاھزادە شۇ ھامان قالپاقنى بېشىغا كىيىپ كۆھقاپنىڭ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ. شاھزادە كۆھقاپ ئىچىدە مەلىكىنى ئىزدەپ ئۇزاق يول يۈرۈپ، ئاخىر مەلىكىنى ئۇچرىتىپتۇ. قارىسا مەلىكە بىر قەپەسكە سولانغان بولۇپ، چاچلىرى ئاقىرىپ، چىشلىرى چۈشۈپ، قورۇق بېسىپ، ماك - ماك موماي-غا ئايلىنىپ كەتكەنىكەن. شاھزادە مەلىكىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ، بېشىدىن قالپىقىنى ئالغانىكەن، ئۇمۇ بىردەمدە بىر بوۋايغا ئايلىنىپ قاپتۇ. مەلىكە شاھزادىنى كۆرۈپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. شاھزادە مەلىكىنى مىڭ تەسلىكتە ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. مەلىكە شاھزادىگە:

— سىز بۇ يەردىن تېز كېتىڭ، دىۋە ئويغىنىپ كەتسە ئامان قالمايسىز، — دەپتۇ.

— ياق، مەن سىزنى قۇتقۇزىمەن، دىۋە نەدە؟ مەن ئۇنى ئۆلتۈرىمەن، — دەپتۇ شاھزادە.

— دىۋىنىڭ جېنى ئۆزىدە ئەمەس، — دەپتۇ مەلىكە.

— ئۇنىڭ جېنى نەدە؟ — سوراپتۇ شاھزادە.

مەلىكە مۇنداق دەپتۇ:

— مۇشۇ يەردىن ئالدىڭىزغا قاراپ ماڭسىڭىز يەتتە

دەرۋازا بار، ھەربىر دەرۋازا تۈۋىدە نەچچە خىل يىرتقۇچ ھايۋان تۇرىدۇ. سىز ئۇلاردىن قورقماي، مەلىكىنىڭ ئەمرى دەپ ماڭسىڭىز، ئامان ـ ئېسەن يۇرۇۋېرىسىز. يەتتىنچى دەرۋازىدىن كىرسىڭىز، بىر كىچىك ئىشىك بار، ئىشىكنى ئاچسىڭىز، ئۇنىڭ ئىچى قاراڭغۇ. ئىشىكتىن، مەلىكىنىڭ ئەمرى دەپ، قەدەم باسسىڭىز يورۇيدۇ. بىر ھۇجرىغا كىرسىڭىز، ھۇجرىدا بىر تەخت بار، تەختنىڭ ئاستىدا بىر ساندۇق بار. ساندۇقنى ئاچسىڭىز، ئىچىدە بىر تۇخۇم بار. شۇ تۇخۇمغا دىۋىنىڭ جېنى بەند قىلىنغان. تۇخۇمنى چېقىۋېتەلىسىڭىز، دىۋىنى ئۆلتۈرەلەيسىز.



شاھزادە ماقۇل بولۇپ، مەلىكىنىڭ دېگىنى بويىچە يەتتە دەرۋازىدىن ئۆتۈپ كىچىك ئىشىك ئارقىلىق ھۇجرىغا كىرىپتۇ ۋە چاققانلىق بىلەن ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ تۇخۇمنى ئېلىپ يەرگە قاتتىق ئۇرغانىكەن، تۇخۇم چېقىلىپ ئىچىدىن بىر جۈجە چىقىپ دىۋە تەرەپكە قېچىپتۇ. شاھزادە ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ. شۇ چاغدا دىۋە ئويغىنىپ:

— ئەي ئادەمزات، ئۇنى ئۆلتۈرمە، نېمە تەلەپىڭ بولسا ئورۇنداي، — دەپتۇ. شاھزادە:
— ئۇنداق بولسا بۇ يەردىكى ھەممە سېھىرنى يوقات، — دەپتۇ.
دىۋە بۇ تەلەپكە ماقۇل بولمىغانىكەن، شاھزادە چۈجىنىڭ بوينىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ، شۇ ھامان دىۋىنىڭ جېنى چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھزادە مەلىكىنى قەپەستىن بوشىتىپ، خىدىر نىيازنى تېپىپ:
— ئەي خىزىر نىياز، مەن ساڭا نېمە قىلغان، نېمە ۋەجدىن مېنى تاشلاپ كېتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. خىزىر نىياز زۇۋانغا كىرىپ:
— ئەي شاھزادە، سەن ئىلگىرى مېنى ئۆزۈڭدىن ئايرىماي ساقلايدىغان، قاچان خوتۇن ئالدىڭ، مېنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەتتىڭ، كارىڭ بولمىدى، شۇڭا كەتتىم، — دەپتۇ.
شاھزادە ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكىنى بوينىغا ئاپتۇ ۋە مەلىكە بىلەن يۇرتىغا قاراپ راۋان بوپتۇ. ئۇلار تاغلاردىن ئېشىپ، چۆللەرنى كېزىپ، بىر جەزىرە ئىچىدىكى بۇلاق بويىغا كېلىپ چۈشۈپتۇ. ئۇلار بۇلاق سۈيىدە يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ، سۇدىن قانغۇچە ئىچىپ، راھەتلىنىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. شاھزادە چۈشىدە ئاپئاق ساقال، نۇرانە چىراي بىر بوۋاينى كۆرۈپتۇ. بوۋاي: «ئەي ئوغلۇم، سىلەر ئەمدى مۇشۇ بۇلاقتا يۇيۇنساڭلار ئەسلىڭلارغا قايتىسىلەر» دەپتۇ. شاھزادە ئويغىنىپ، مەلىكىگە كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇلاق سۈيىدە يۇيۇنۇپتۇ - دە، دەرھال ئەسلىگە كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار بۇنىڭدىن چەكسىز خۇشاللىققا چۆمۈپ، خۇداغا ھەمدۇسانا ئوقۇپتۇ. ئۇلار يولنى داۋاملاشتۇرۇپ بىر تاغقا كەلگەندە، ئالدىدىن بىر دىۋە چىقىپ كەپتۇ. ئۇ دىۋە شاھزادىگە:

— ئەي شاھزادە، مانا مەن سەن ئاتقان تاشنى تېپىپ كەلدىم، قالپاقنى بەرگىن، — دەپ تورغاينى شاھزادىگە بېرىپتۇ. شاھزادە:

— سېنىڭ ھېلىقى ھەمراھىڭ قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ ئاچچىققا چىدىماي ئۆلۈپ قالدى، — دەپتۇ دىۋە. شاھزادە ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ:

— سەن ئادەمزاتقا زىيان يەتكۈزمەسلىككە ۋەدە بەرسەڭ قالپىقىڭنى قايتۇرۇپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

دىۋە ئادەمزاتقا زىيان يەتكۈزمەسلىككە ۋەدە بېرىپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ قالپىقىنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. دىۋە قالپاقنى بېشىغا كىيىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

شاھزادە بىلەن مەلىكە ئاخىر يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، شاھ ۋە ناۋاي بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. پادىشاھ بالىلىرى بىلەن قايتا جەم بولغانلىقىغا خۇشال بولۇپ، كاتتا توي قىلىپ بېرىپتۇ.

كۈنلەر، ھەپتىلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھزادىنىڭ چۈشىگە ئۆز ئاتا ـ ئانىسى كىرىپتۇ. شاھزادە ئۆز يۇرتى، ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنى سېغىنىپ، ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، پادىشاھتىن ئىجازەت سوراپتۇ. پادىشاھ شاھزادىنىڭ ئۆز شەھىرىگە قايتىشىغا رۇخسەت قىپتۇ. شاھزادە پادىشاھ بىلەن خوشلىشىپ، مەلىكە بىلەن بىللە ئۆز شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ ئۇزۇن يوللارنى كەينىدە قالدۇرۇپ، ئۆز شەھىرىگە ئامان ـ ئېسەن يېتىپ بېرىپ، شاھ ئاتىسى، خانىش ئانىسى بىلەن خۇشال كۆرۈشۈپتۇ. شەھەر خەلقى شاھزادىنىڭ قايتىپ كەلگىنىگە تەنتەنە قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شاھزادە ئۆمرىنى ئۆز يۇرتىدا ئاتا ـ ئانىسى، ئامراق ئايالى بىلەن خاتىرجەم ئۆتكۈزۈپتۇ.

# قۇدرەتنىڭ كەچۈرمىشلىرى

بار ئىكەنۇ يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ توق ئىكەن، بۇرۇنقى زامانلاردا بىر تىلسىمات قاپاق بولغانىكەن. بۇ تىلسىمات قاپاقتا بەند قىلىنغان بىر پەرىزات بولغانىكەن. شۇ زامانلاردا بىر ئەر - خوتۇن ياشىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قۇدرەت ئىسىملىك يالغۇز ئوغلى بار ئىكەن، ئاتا - ئانىسى ئۇنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى قۇدرەتنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنى داڭلىق بىر موللامغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭغا ياخشى تەلىم - تەربىيە بېرىشنى تاپىلاپتۇ.

قۇدرەتمۇ ئىلىم ئۆگىنىشكە قىزىقىپتۇ. ئۇ ئىلىمدىمۇ، ياشتىمۇ تازا بالاغەتكە يېتەي، دېگەن چاغدا تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئۇستازى قازا قىپتۇ. يېقىن ئەتراپتىكى باشقا موللىلارغا ئۇنىڭ تازا ئىخلاسى بولمىغانلىقتىن ئوقۇشتىن توختاپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قۇدرەت چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ھۆسن - جامالدا تەڭدىشى يوق بىر ساھىبجامال قىز بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغۇدەكمىش. ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ ئۆزىنىڭ چۈش كۆرگەنلىكىنى بىلىپ، شۇ كۈندىن باشلاپ چۈشىدە كۆرگەن قىزغا غايىبانە ئاشىق بوپقاپتۇ، قىزنىڭ ئىشقىدا ھەسرەت چېكىپ، رەڭگىرويى كۈندىن - كۈنگە سارغىيىپ كېتىپتۇ.

ئاي، يىللار ئۆتۈپ، قۇدرەتنىڭ يېشى يىگىرمىگە يېتىپ-

تۇ. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىپ قويۇش كويىغا چۈشۈپتۇ ھەمدە نۇرغۇن گۈزەل قىزلارنى ئۇنىڭغا سايە قىپتۇ، بىراق قۇدرەت ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ياقتۇرماپتۇ. بىر كۈنى قۇدرەتنىڭ ئاتىسى:

— ئوغلۇم، كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغىنىڭنى بىر كۆرەي. ئاناڭ بىلەن ئىككىمىزدە ماغدۇر قالمىدى، بۇگۈن بار بولغىنىمىز بىلەن ئەتە يوق. سېنىڭ تويۇڭنى كۆرسەك بىئارمان كېتەر ئىدۇق، — دەپتۇ قۇدرەتكە. قۇدرەت ئاتىسىنىڭ گېپىنى رەت قىلىشنى ئەپ كۆرمەي:

— بولىدۇ ئاتا، — دەپتۇ ئىنتائەتمەنلىك بىلەن، — سىلەرنىڭ دېگىنىڭلارچە بولسۇن. پەقەت ماڭا بىرئاز مۆھلەت بېرىڭلار. مەن يېقىندا بىر چۈش كۆردۈم، چۈشۈمگە قارىغاندا، سەپەرگە چىقمىسام بولمايدۇ. مېنىڭ توي ئىشىمنى مەن سەپەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سىلەرنىڭ دېگىنىڭلار بويىچە بىر تەرەپ قىلايلى.

ئاتىسى ئوغلىنىڭ گېپىگە رازى بولۇپ، سەپەر تەرەددۇتىنى قىلىشقا باشلاپتۇ.

ئاتا پاتىھە بېرىپ ئوغلىنى يولغا سېلىپتۇ. قۇدرەت يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ، قانچىلىغان چۆل ـ باياۋانلارنى بېسىپ ئۆتۈپتۇ. نىھايەت، ئاسمان ـ پەلەك بىر تاغقا يېتىپ كەپتۇ. بۇ تاغدا ھەر خىل يىرتقۇچ ھايۋانلار كۆپ ئىكەن. ئۇلارنىڭ دەھشەتلىك ھۆۋلاشلىرىنى ئاڭلىغان قۇدرەت بىرەر پاناھ جاي تېپىپ يوشۇرۇنۇش قارارىغا كەپتۇ. نۇرغۇن مۇشەققەتلەر بىلەن تاغنىڭ تۆپىسىگە چىقىپتۇ. تۇساتتىن ئۇنىڭ ئالدىدا ئاپئاق ساقىلى كۆكسىنى يېپىپ تۇرىدىغان بىر نۇرانە بوۋاي پەيدا بوپتۇ.

— ھەي ئوغلۇم، يولۇڭ قاياققا؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي

قۇدرەتتىن.

— باشپاناھ ئىزدەپ يۈرىمەن، بوۋا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قۇدرەت.

— قەيەرلىكسەن؟ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

— ئەسلي شەھرى ئاباتلىقمەن. بۇ يەردە قىلىدىغان ھېچقانداق ئىشىم يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قۇدرەت.

— ئەمدى نەگە بارماقچىسەن؟ — ياندۇرۇپ سوراپتۇ بوۋاي.

— ھەي بوۋا، قەيەرگە بېرىپ، قەيەردە تۇرۇشۇمنى ئۆزۈممۇ ئېنىق بىلمەيمەن. چۈشۈمدە بىر گۈزەل قىزنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالدىم. قانداقلا بولمىسۇن شۇ قىزنى ئىزدەپ تاپماقچىمەن، — دەپتۇ قۇدرەت كۆڭلىدىكىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ.

— ئەي بالام، سەن بەكمۇ خەتەرلىك يولغا ئاتلىنىپسەن. سەن چۈشۈڭدە كۆرگەن قىز دېۋىلەر پادىشاھىنىڭ قىزى. دېۋىلەرنىڭ ماكانىغا بارغان كىشىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئامان قايتمىغان. «يىگىت سۆزىدىن، يولۋاس ئىزىدىن قايتماس» دېگەن تەمسىل بار. نىيەت قىپسەن، ئەمدى يولۇڭدىن يانما! مەن ساڭا يول كۆرسىتەي، — دەپتۇ بوۋاي، — مانا مۇشۇ يول بىلەن مېڭىۋېرىسەن. يولۇڭدا يەتتە تاغ ئۇچرايدۇ. ئۇلۇغ تەرەپكە قاراپ ماڭساڭ، بىر چىغىر يول بار. ئەگەر ئادىشىپ سول تەرەپكە مېڭىپ قالساڭ، يالماۋۇزلار ماكانىغا بېرىپ قالىسەن. ئۇدۇل ماڭساڭ تاغنىڭ تۆپىسىگە چىقىسەن. بىراق، تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە چۈشىدىغان يول يوق. ئەگەر ئۇلۇغ تەرەپتىكى چىغىر يول بىلەن ماڭساڭ، قېلىن قار - مۇزلۇقلار ئۇچرايدۇ. ئەمما، يول ئازابىدىن قورقما. بۇ يول سېنى دەريا

بويىغا ئېلىپ بارىدۇ. دەريانى ياقىلاپ مېڭىۋېرىسەن. بىر جاي-
غا بارغاندا دەريا ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. دەريانىڭ ئوڭ تارمىقىدىن
ئۆتۈپ كۆنپېتىش تەرەپكە قاراپ ماڭساڭ، يولۇڭدا ئاندا ـ
ساندا قۇرۇغان دەرەخلەر ۋە تەرەپ ـ تەرەپتە قۇم دۆۋىلىرى
ئۇچرايدۇ. دەل شۇ يەردە يەر ئاستى شەھىرى بار. بۇ شەھەرنى
ئادەمزات ئۇياقتا تۇرسۇن ئۇچار قۇشلارمۇ بىلمەيدۇ. شەھەر-
نىڭ دەرۋازىسى تىلسىم قىلىنغان. قۇمنىڭ ئارىسىدا چوڭ
بىر توگمەن تېشى ئۇچرايدۇ. شەھەرنىڭ دەرۋازىسى شۇ يەردە.
ئەمما، يەر ئاستى شەھىرىگە چۇشكۇچە قىرىق بىر دەرۋازىدىن
ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھەربىر دەرۋازىغا بىردىن قۇلۇپ سې-
لىنغان، قۇلۇپلارنىڭ رەڭگى بىر ـ بىرىگە زادىلا ئوخشىمايـ-
دۇ، ھەربىر قۇلۇپنىڭ ئۆز ئاچقۇچى بار. ئاچقۇچلار توگمەن
تېشىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇلغان. ئاچقۇچلارنى ئېلىش
ئۇچۇن توگمەن تېشىنى ئوڭ تەرەپكە ئايلاندۇرۇشقا توغرا كې-
لىدۇ. ئەگەر ئادىشىپ سول تەرەپكە ئايلاندۇرۇپ قويساڭ، ئاچ-
قۇچلار بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇپ جاراڭلاپ، ئەتراپنى غەلىتە
ئاۋازلار قاپلاپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا يىرتقۇچ ھايۋانلار سېنى پا-
رە ـ پارە قىلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، تاش جايىدىن قوز-
غىلىپ كېتىپ دەرۋازا ئېچىلمايدۇ، ئاچقۇچلارنىمۇ تاپالمايـ-
سەن. شۇنىڭ ئۇچۇن ئالدىرىماستىن تاشنى ئوڭ تەرەپكە قى-
رىق بىر قېتىم ئايلاندۇرسەن، ئاچقۇچلار ئۆزلۈكىدىن قو-
لۇڭغا چىقىدۇ. دېۋىلەر دەرۋازىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى سەزمەيدۇ.
دەرۋازىلارنى ئېچىشتىن بۇرۇن قۇلۇپ ۋە ئاچقۇچلارنىڭ رەڭ-
گىگە ئوبدانراق قارا. ئەگەر ھەربىر قۇلۇپقا ئۆز ئاچقۇچىنى
سالمىساڭ، يەنە غەلىتە ئاۋازلار پەيدا بولىدۇ. قىرىق بىر قۇ-
لۇپنىڭ قىرىق بىر خىل سىرى بار. ئەگەر قۇلۇپ قارا بول-
سا، ئاق رەڭلىك ئاچقۇچ بىلەن ئېچىلىدۇ. قىزىل رەڭلىك

قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچى ھاۋا رەڭ بولىدۇ. ئاچقۇچلارنىڭ رەڭگى قۇلۇپلارنىڭ رەڭگىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. قۇلۇپلارغا ئاچقۇچ سېلىنغاندىن كېيىن ئوڭ تەرەپكە قىرىق بىر قېتىم ئايلاندۇرىسەن، شۇ چاغدىلا دەرۋازىلار جىمجىت ئېچىلىدۇ. دەرۋازا ئېچىلغاندىن كېيىن چوقۇم ئالدى بىلەن دەرۋازا ئىچىگە ئوڭ پۇتۇڭ بىلەن قەدەم قوي، ئەگەر سول پۇتۇڭ بىلەن قەدەم قويساڭ، دەرۋازا يېپىلىپ سېنى قىسىۋالىدۇ ـ دە، دىۋىلەر ئويغىنىپ سېنى تىتىپ تاشلايدۇ. قىرىق بىرىنچى دەرۋازىنى ئېچىپ ئىچكىرىگە كىرسەڭ، ئوڭ تەرەپتە قىرىق بىر قاپاق بار، قاپاقلارمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. ئەمما، بۇ قاپاقلارنىڭ ئارىسىدا بىرسىنىڭ بويىنىنىڭ يۇقىرى تەرىپى بىر قارىساڭ ئانارغا، بىر قارىساڭ ئالمىغا ئوخشايدۇ. شۇ قاپاقنى سول قولۇڭغا ئالغىن ـ دە، ئوڭ قولۇڭنىڭ ئوتتۇرا بارمىقى بىلەن قىرىق بىر قېتىم چېكىپ، ئوڭ تەرەپكە قىرىق بىر قېتىم ئايلاندۇر. شۇندىلا ئۇنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ، سەن چۈشۈڭدە كۆرگەن قىز چىقىپ كېلىدۇ. خەير، ئىشىڭ ئوڭدىن كەلسۇن، — دەپ بوۋاي كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

قۇدرەت بوۋاي كۆرسەتكەن يول بىلەن مېڭىۋېرىپتۇ، نۇرغۇن تاغ، دەشتۇ باياۋان، دەريالاردىن ئۆتۈپتۇ، نۇرغۇن بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇپ قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈگمەن تېشىنى تېپىپتۇ. ئۇنى بوۋاي ئېيتقاندەك ئوڭغا ئايلاندۇرۇپ ئاچقۇچلارنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ. دەرۋازىلارنى ئېھتىيات بىلەن ئېچىپ قىرىق بىرىنچى ئۆيگە كىرىپتۇ. قىرىق بىر قاپاقنىڭ ئارىسىدىن بوۋاي ئېيتقان قاپاقنى تېپىپ قىرىق بىر قېتىم چېكىپتۇ ـ دە، ئوڭ تەرەپكە ئايلاندۇرۇپتۇ، قاپاقنىڭ بېشىنى قىرىق بىرىنچى قېتىم ئايلاندۇرۇۋاتقاندا: «توختاڭ، مەن مۇشۇ يەردە» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ ۋە قاپاقنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ،

ئىچىدىن بىر ساھىبجامال قىز چىقىپتۇ. قۇدرەت قىزنى كۆرۈپ ھوشىنى يوقىتىپ يىقىلىپتۇ. قىز بولسا قۇدرەتنى بىر ئەپسۇن بىلەن ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. قىز قۇدرەتنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ:

— بۇ يەردە ئادەمزاتنىڭ ياشىشى مۇمكىن ئەمەس، بىز بۇ يەردىن تېزرەك كېتەيلى. ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ئەركىن - ئازادە ياشايلى، — دەپتۇ.

— مەنمۇ شۇ نىيەتتە سىزنى ئەكەتكىلى كەلگەنمەن، — دەپتۇ قۇدرەت ۋە قىزنى يېتىلەپ يەر ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپتۇ. ھەممە دەرۋازىنى قۇلۇپلاپ، ئاچقۇچلارنى تۈگمەن تېشىنىڭ ئاستىغا ئاۋۋالقىدەك باستۇرۇپ قويۇپتۇ.

قۇدرەت بىلەن قىز ئۇزاق يول يۈرۈپ، ئاخىر بىر دەشت - باياۋانغا يېتىپ كەپتۇ. قۇدرەت ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ھالسىراپ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. قىزنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ دەرھال كۆز يېشى قىلىپ ئەپسۇن ئوقۇپتۇ، شۇ ھامان چۆل ياپيېشىل مايسىلار بىلەن قاپلىنىپتۇ. ئەتراپتا تۈرلۈك - تۈمەن چېچەكلەر ئېچىلىپ، خىلمۇخىل مېۋىلەر پىشىپ كەتكەن، سۈپسۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرغان باغ پەيدا بوپتۇ. قىز قۇدرەتنى باغنىڭ ئىچىدىكى شىپاڭغا ياتقۇزۇپتۇ. قۇدرەت ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچسا، ئاجايىپ گۈزەل باغنىڭ ئىچىدە ياتقۇدەك. ئىككىسى بۇ يەردە خۇشال - خۇرام ياشاشقا باشلاپتۇ. ئارىدىن خېلى ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن، قۇدرەت ئەتراپتا يۇرت بار - يوقلۇقىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. قىز ئۇنى دەريا بويىدا ئۇزىتىپ قاپتۇ. شۇ چاغدا بىر قېرى كەمپىر كېلىپ، ئۇنىڭ كىملىكىنى سوراپ، شېرىن سۆزلەر بىلەن ھال - ئەھۋال سوراپتۇ، قۇدرەتنىڭ قەيەرگە، نېمە ئىش بىلەن كەتكەنلىكىنى نا-

هايىتى زەن سېلىپ تىڭشاپتۇ. قىز ئۇنىڭ جادۇگەر ئىكەنلى-
كىنى بىلمىگەچكە، بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى بىر - بىرلەپ
سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— خېنىم، سىزگە جېنىم پىدا بولسۇن. گەرچە ھۆسن - جا-
مالدا تەڭداشسىز، پەرى سۈپەت قىز بولسىڭىزمۇ، بىر ئەيىبى-
ڭىز بار ئىكەن، — دەپتۇ جادۇگەر ئۆزىنى قىزغا مېھرىبان
كۆرسىتىپ، — چېچىڭىز ۋاقىتسىز چۈشۈشكە باشلاپتۇ. ئەگەر
مۇشۇ دەريانىڭ سۈيىدە بېشىڭىزنى يۇسىڭىز، چېچىڭىز باشقى-
دىن قويۇق چىقىدۇ.

قىز باش يۇيماقچى بولۇپ دەرياغا ئېڭىشىپتۇ. جادۇگەر
بۇ پەيتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۇنى دەرياغا ئىتتىرىۋېتىپتۇ.
قىز سۇدا بىر چۆكۈپ - بىر لەيلەپ ئېقىشقا باشلاپتۇ. جا-



دۇگەر قىزنىڭ ئۆلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بىر ئەپسۇن بىلەن ئۇنى ئاتقا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ. جادۇگەر دەرھال قىزنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ ئۆزىنى پەردازلاپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، قۇدرەت سەپەردىن قايتىپ كەپتۇ. جادۇگەر قىزنىڭ سىياقىدا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. قۇدرەت سىنچىلاپ قارىسا، ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئايالىغا زادىلا ئوخشىماسمىش. قۇدرەت، بۇ يەردە بىزدىن باشقا بىرەر ئادەمزات بولمىسا، يېقىن ئەتراپتا ھېچكىم ياشىمىسا، بۇ قانداق سىر بولدى، ئەجەب ئىش، ئۇ بىرقانچە كۈن ئىچىدىلا شۇنچە ئۆزگىرىپ كېتەرمۇ، يۈزلىرى پۈرلىشىپ، رەڭگىدە قان قالماپتۇ، قارىسا ئادەم قورقىدۇ، بۇ زادى نېمە ئىشتۇ، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپتۇ. جادۇگەر ئۇنىڭ گۇمانلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، چېچىنى يۇلۇپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

— سىزگە نېمە بولدى؟ نېمىگە يىغلايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ قۇدرەت.

— مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟ — دەپ ۋايساپتۇ جادۇگەر، — سىز مېنى مىڭ بىر جاپا بىلەن ئەكەلگەنىدىڭىز، ئەمدى قارىغۇڭىزمۇ كەلمەيۋاتىدۇ. سىز سەپەرگە كەتكەن كۈندىن باشلاپ گېلىمدىن سۇمۇ ئۆتمىدى، يولىڭىزغا تەلمۈرۈپ كۆزۈم ئۇيقۇ كۆرگىنى يوق. يالغۇزلۇقتا ھەسرەت چېكىپ رەڭگىرويىم سامان بولدى. شۇنچە كۆيگىنىم يەتمىگەندەك، ئەمدى مېنى خارلاۋاتامسىز؟

جادۇگەر قۇدرەتنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپتۇ. قۇدرەتنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كېلىپ كۆڭلى ئېرىپتۇ. ئۇلار يەنە بىرگە ياشاشقا باشلاپتۇ.

ئارىدىن تالاي كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى سەھەردە قۇدرەت ھويلىغا چىقسا، ئېغىلدا ئاتنىڭ كىشنىگىنى ئاڭلى-

نىپتۇ. كىرىپ قارىسا، بىر ئاق ئارغىماق تىپچەكلەپ تۇر-غۇدەك. ئارغىماق قۇدرەتنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپتۇ، بىراق ئۇنىڭ قەيەردىن پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ تې-گىگە يېتەلمەپتۇ. شۇ تەرىقىدە كۈنلەر يەنە ئۆتۈپتۇ. جادۇگەر تائامنى كۆرسە ھۆ تۇتىدىغان ئادەتنى چىقىرىپتۇ.

— نېمە بولدى؟ نېمىشقا تاماق يېمەي ئۆزىڭىزنى قىيى-نايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ قۇدرەت ئۇنىڭدىن تەشۋىشلىنىپ.

— تاماقنىڭ ھىدى دىمىغىمغا ئۇرۇلسىلا كۆڭلۈم ئاينىي-دۇ، — دەپتۇ جادۇگەر.

— كۆڭلىڭىز نېمىنى تارتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قۇدرەت.

ئېغىلدا پەيدا بولۇپ قالغان ئارغىماقنىڭ ئۆزى سېھىرلەپ ئاتقا ئايلاندۇرۇۋەتكەن قىز ئىكەنلىكىنى بىلگەن جادۇگەر:

— ئاق ئاتنىڭ گۆشىنى كۆڭلۈم تارتىدۇ، شۇ ئاتنى سو-يۇپ گۆشىنى پىشۇرۇپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ يىغلامسىراپ.

قۇدرەت ئاتخانىغا كىرسە ئارغىماقنىڭ كۆزلىرى چاقناپ، خۇددى ئاسمانغا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك ئەلپازدا چاپچىپ تۇرارمىش. بۇنى كۆرۈپ قۇدرەتنىڭ ئاتنى ئۆلتۈرۈشكە كۆڭلى قىيماي قايتىپ چىقىپتۇ.

— ئاتنى ئۆلتۈرۈشكە زادىلا كۆڭلۈم بارمايۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا گۆش تېپىپ بېرەي، — دەپتۇ قۇدرەت جادۇگەرگە.

— سىزگە مەندىن ئات ئەلا ئىكەن - دە. مەن سىزگە ئەگىشىپ ئاتا - ئانامنى تاشلاپ بۇ يەرگە كەلدىم، سىز بول-سىڭىز مېنى بىر ئاتچىلىكمۇ كۆرمەيۋاتىسىز. مېنى بۇنچىلىك قىيىنىغاندىن كۆرە دەرياغا تاشلىۋېتىڭ، — دەپ داد - پەرياد سېپتۇ جادۇگەر. قۇدرەت نائىلاج ئاتنى سويۇپ گۆشىنى پىشۇ-رۇپ بېرىپتۇ.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ئاتنىڭ قېنى تۆكۈلگەن جايدىن

بىر توپ ئالما ئۈنۈپ چىقىپتۇ. ئالما چېچەكلەپ مېۋە بېرىپ-
تۇ. ئاردىن يىل ئۆتۈپتۇ، جادۇگەر قوشكېزەك تۇغۇپتۇ. بالا-
لىنىڭ بىرى ئوغۇل، بىرى قىز ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ:
— باللارغا بۆشۈك كېرەك، ئالمىنىڭ ياغىچىدىن بۆشۈك
ياساپ بېرىڭ، — دەپتۇ.
— بۆشۈكنى باشقا ياغاچتا ياسىساممۇ بولىدۇ. ھويلى-
مىزغا ھۆسن قوشۇپ تۇرغان بۇ ئالمىنى كېسىشنىڭ نېمە
ھاجىتى؟ — دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ قۇدرەت.
— قانداق بىمېھىر ئادەمسىز؟ — دەپتۇ جادۇگەر، —
بالىڭىزنى شۇ دەرەخچىلىك كۆرمەمسىز؟
قۇدرەت نائىلاج بىر شەھەرگە بېرىپ بۆشۈك ياسايدىغان
بىر ئۇستا تېپىپتۇ - دە، ئۆيگە باشلاپ كەپتۇ. ئۇستام ئال-
مىنى كېسىپ بۆشۈك ياساشقا كىرىشىپتۇ. ئۇنىڭ غوللىرىنى
ھەرىدەپ يونۇۋاتسا، ئىچىدىن دۆشە قىلغىلى بولغۇدەك چاقتاز-
غىنە بىر بۆلىكى ئۆزلۈكىدىن ئاجراپ چىقىپتۇ. ئۇستا بۆ-
شۈكنى ياساپ بولۇپ ھېلىقى دۆشىنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىپ،
ھېچكىمگە كۆرسەتمەي ئۇن ساندۇقىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ
قويۇپتۇ، ئەتىسى بالا - چاقىلىرى بىلەن ئېتىزغا ئىشلىگىلى
كېتىپتۇ. كەچقۇرۇن ھېرىپ - چارچاپ قايتىپ كەلسە ئۆي-
لەر رەتلىك يىغىشتۇرۇلغان، ئايئاق داستىخاندا ھورى چىقىپ
تۇرغان تۇرلۈك - تۈمەن تائاملار تەييار تۇرغۇدەك. ئۇستا بۇ
سىرنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ھەيران بوپتۇ، ئەمما ئۇن ساندۇ-
قىنى ئېچىپ بېقىش ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەپتۇ. شۇ تەرى-
قىدە كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ. بىر كۈنى ئۇستا ئېتىزلىققا بارماي
ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ماراپ تۇرغانىكەن، ساندۇقنىڭ ئىچىد-
دىن ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار بىر گۈزەل
قىز چىقىپ كەپتۇ ۋە ئۆينى سىيرىپ - سۈپۈرۈپتۇ، بىردەم-

دىلا تائاملارنى پىشۇرۇپ داستىخانغا قويۇپتۇ. ئۇستا دەل شۇ چاغدا ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرگەنىكەن، قىز ساندۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

— ئەي جامالىدىن نۇر ياغىدىغان گۈزەل پەرىزات، ماڭا كىملىكىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭ، قانداق تەلىپىڭىز بولسا ئېيتىڭ، قولۇمدىن كېلىشىچە بەجا كەلتۈرەي، — دەپ ئىلتىجا قىپتۇ ئۇستا.

بىردىن ساندۇقنىڭ ئىچى يورۇپ، نۇرانە چىراي قىز چىقىپتۇ. ئۇستا بىلەن قىز سالاملاشقاندىن كېيىن، خۇددى ئاتا-بالىدەك يانمۇيان ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىپتۇ. قىز بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى بىر-بىرلەپ بايان قىپتۇ. ئۇستا بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن تەسىرلىنىپتۇ ۋە قۇدرەتنى خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن دەرھال سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. قۇدرەتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، بولغان ئەھۋالنى ئۇنىڭغا دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قۇدرەت خۇددى قانات چىقىرىپ ئۇچقان قۇشتەك يۈرۈپ قىزنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئۇلار ئىنتىزارلىق ئىچىدە كۆرۈشۈپ ھال-ئەھۋال سورىشىپتۇ. قۇدرەت جادۇگەرنىڭ سېھىرىگە ئالدىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن قىزدىن ئەپۇ سوراپتۇ. ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ جادۇگەرنى ۋە باللىرىنى تۇتۇپ، ھەرقانچە يالۋۇرۇپ-يىلىنغىنىغا قارىماي ئادەم قەدىمى يەتمەس دەشت-باياۋانغا ئاپىرىپ جېنىدىن جۇدا قىپتۇ-دە، يېقىن-يىراقتىكى جامائەتنى چاقىرىپ توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ، قىز بىلەن بەنە خۇشال-خۇرام جەم بوپتۇ، ئاندىن ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، باشقا بىر شەھەرگە كۆچۈپ بېرىپتۇ. ئەمما، ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ شەھەرگە باشقا بىر مەملىكەتنىڭ پادىشاھى ئۇرۇش ئېلان قىپتۇ. قورال كۆتۈرۈشكە قۇربى يېتىدىغانلىكى ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى ئۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىن-

نىپتۇ. قۇدرەتمۇ ئەل قاتارى جەڭگە ئاتلىنىپتۇ. بىراق، دۈش-
مەن كۈچلۈك كېلىپ، نۇرغۇن يەرلەرنى ئىشغال قىلىۋاپتۇ. پادىشاھ پۈتۈن يۇرتقا قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن دۈشمەننىڭ يولىنى توسۇش چارىسىنى تېپىش ھەققىدە پەرمان چىقىرىپ-تۇ. قۇدرەت كەچقۇرۇن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ پادىشاھنىڭ ئەمرىنى ئايالىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئايالى بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن، ئۇرۇشتا يېڭىشنىڭ ئامال - چارىلىرىنى قۇدرەتكە بىر - بىرلەپ دەپ بېرىپتۇ. ئەتىسى قۇدرەت پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، خوتۇنى كۆرسەتكەن چارىلەرنى پادىشاھقا با-يان قىپتۇ. بۇ چارىلەر پادىشاھقا يېقىپتۇ. نەتىجىدە، شۇ چارە - تەدبىرلەر بويىچە جەڭ قىلىپ، نەچچە كۈن ئۆتمەي دۈشمەن چېكىندۈرۈلۈپتۇ. پادىشاھ قۇدرەتنى باش سەركەردە قىلىپ تە-يىنلەپتۇ. قۇدرەت باشچىلىقىدىكى لەشكەرلەر جان پىدالىق بىلەن كېچە - كۈندۈزلەپ جەڭ قىلىپ، دۈشمەننى تاكى ئۆز مەملىكىتىگىچە قوغلاپ بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ غەلىبىنىڭ شە-رىپىگە چوڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈپتۇ ھەمدە قۇدرەتنى ئۆزىنىڭ قىرىق بىرىنچى ۋەزىرى قىلغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. ئەسلىدە پادىشاھنىڭ قىرىق ۋەزىرى بولۇپ، ھەر كۈنى بىرى پادىشاھقا ئاتاپ ئۆيىدىن تائام پىشۇرۇپ ئەكېلىدىكەن. ئارىدىن قىرىق كۈن ئۆتۈپ، نۆۋەت قۇدرەتكە كەپتۇ. قۇدرەتنىڭ ئايالى تاماق ئېتىپتۇ. ئۇنى ئۇسۇشتىن بۇرۇن تۇزىنى تېتىپ كۆرۈپتۇ ھەمدە قازاننى يەنە بىر قېتىم ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن تاماقنى ئۇسۇپتۇ. ئۇنىڭ لېۋى تەگكەن چۆمۈچتىن تاماققا بىر لەززەت قوشۇلۇپتۇ. قۇدرەت تاماقنى پادىشاھقا ئاپىرىپتۇ. پادىشاھ تا-ماقنى تېتىپ كۆرۈپ، ھۇزۇر بىلەن ئاغزىنى تامشىپتۇ.

— ئۆمرۈمدە بۇنداق لەززەتلىك تاماقنى يېمىگەنىدىم. ئايالىڭىز تاماققا ئىنتايىن ئۇستا ئىكەن، — دەپ ماختاپتۇ

پادىشاھ قۇدرەتنى.

ئارىدىن يەنە قىرىق كۈن ئۆتۈپتۇ. پادىشاھقا تاماق ئاپىرىش نۆۋىتى يەنە قۇدرەتكە كەپتۇ. بۇ نۆۋەت پادىشاھ ۋەزىرلىرىدىن بىرىنى قۇدرەتنىڭ ئارقىسىدىن پايلاقچىلىق قىلىشقا ئەۋەتىپتۇ. ۋەزىر ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ تۈڭلۈكتىن قاراپ تۇرۇپتۇ. قۇدرەتنىڭ ئايالى تاماقنى ئۇسۇشتىن بۇرۇن يەنە تۇزىنى تېتىپتۇ. قۇدرەت تاماقنى پادىشاھقا ئېلىپ بېرىپتۇ. تاماق ئالدىنقى قېتىمقىسىدىنمۇ لەززەتلىك ئىكەن. پايلاقچى ۋەزىر پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ:

— ئەي پادىشاھىئالەم، ئەمرىڭىزنى بەجا كەلتۈردۈم. تاماقنى ئۇسۇشتىن بۇرۇن خوتۇنى بىر قېتىم تۇزىنى تېتىپ كۆرىدىكەن، بۇنىڭدىن باشقا بىرەر سىرنى بايقىمىدىم. قۇدرەتنىڭ خوتۇنى شۇ قەدەر گۈزەل ئىكەنكى، ئەگەر يۈزىدە چوقىسى بولمىسا، ھۆسنى ئاسماندىكى ئاينىمۇ خىرە قىلىپ قويغۇدەك. ئۆمرۈمدە بۇنداق پەرى رۇخسار ئايالنى كۆرمىگەنمەن، — دەپتۇ. ۋەزىرنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان پادىشاھ قۇدرەتنىڭ ئايالىغا غايىۋانە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ پادىشاھ قۇدرەتنى كۆزدىن يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئايالىنى قولغا چۈشۈرۈش كويىغا چۈشۈپتۇ. پادىشاھ قىرىق ۋەزىرىنى چاقىرىپ، بۇ ھەقتە مەسلىھەت سوراپتۇ. قىرىق ۋەزىر قىرىق خىل مەسلىھەت بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ مەسلىھەتى پادىشاھقا يېقىپتۇ. ئۇنىڭ مەسلىھەتىچە، قۇدرەت كۆھقاپقا بېرىپ دىۋىلەرنىڭ بېغىدا ئۆسىدىغان سىرىقگۈلدىن بىر دەستە ئەكېلىشى كېرەك ئىكەن. ۋەزىر قۇدرەتنىڭ كۆھقاپقا بېرىپ ساق - سالامەت قايتىپ كېلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە، دىۋىلەرنىڭ ئۇنى بىردەمدىلا پارە - پارە قىلىپ تاشلايدىغانلىقىغا پادىشاھنى ئىشەندۈرۈپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ

مەسلىھەتى بويىچە قۇدرەتنى كۆھىقاپقا بېرىپ گۈلنى ئەكې-
لىشنى تاپشۇرۇپتۇ.
قۇدرەت ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئايالىدىن مەسلىھەت
سوراپتۇ. ئايالى ئۇنىڭ چىرايىدىكى تەشۋىشنى كۆرۈپ، ئۇ-
نىڭغا تەسەللى بېرىپ:
— سىز زادىلا غەم يېمەڭ. پادىشاھ ئاتامنىڭ بىغىدىكى
سېرىقگۈلنى ئەكېلىشنى بۇيرۇپتۇ. مەن دىۋىلەرگە خەت پۈتۈپ
بېرىمەن، ئۇلار سىزنىڭ بارلىق ئىستىكىڭىزنى ھەل قىلىپ
بېرىدۇ، — دەپتۇ ۋە شۇ زامات خەتنى پۈتۈپ، قۇدرەتنى يول-
غا سېلىپتۇ. قۇدرەت تېخى مەھەللىنىڭ سىرتىغا چىقىپ بول-
مايلا تۇرۇپ، ئايالى تامنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ - دە، بىر تال
چېچىنى كۆيدۈرۈپتۇ. شۇ زامات تۆت دىۋە پەيدا بوپتۇ. ئۇ
دىۋىلەرگە قۇدرەتنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا يولدا ھەمراھ بو-
لۇشنى، چارچىسا كۆتۈرۈپ مېڭىشنى، ئاچ قالسا تاماق تېپىپ
بېرىشنى تاپىلاپتۇ.
دىۋىلەر قىزنىڭ ئەمرىنى كەم - كۈتىسىز بەجا كەلتۈ-
رۈپتۇ، قۇدرەتنى ساق - سالامەت كۆھىقاپقا يەتكۈزۈپ، سې-
رىقگۈلنى ئېلىپ قۇدرەتكە تۇتقۇزۇپتۇ. تۆت دىۋە ئۇنىڭغا
ھەمراھ بولۇپ ئاسمانغا ئۆرلەپ، كەچتە قۇدرەتنى ئۆيگە يەت-
كۈزۈپ قويۇپتۇ.
قۇدرەت كۆھىقاپقا توپتوغرا بەش كۈندە بېرىپ كەپتۇ.
ئالتىنچى كۈنى سەھەردە پادىشاھ ۋەزىرلىرىنى ھۇزۇرىغا چا-
قىرىپتۇ ۋە ۋەزىرلەرگە:
— ئەمدى قۇدرەتتىن قۇتۇلدۇق. ئۇ قايتىپ كېلەلمەيدۇ.
ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئايالىنىڭ نېمە كويدا، نېمە قىلىپ
يۈرگەنلىكىنى بىلىپ كېلەيلى، — دەپتۇ. ۋەزىرلەردىن بىرى
ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرۇڭ، — دەپتۇ. پادىشاھ قوشۇ-
لۇپتۇ. ئۇ بېرىپ دەرۋازىنى ئۇرسا، قۇدرەت ئۆزى چىقىپ
ئېچىپتۇ. ۋەزىر ھودۇقۇپ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي:
— قاچان كەلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
— تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قۇدرەت
خاتىرجەم ھالدا ۋە ئۆيگە كىرىپ گۈلنى ئاچىقىپتۇ. قۇدرەت
ۋەزىر بىلەن بىللە پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەپتۇ. پادىشاھ لام
- جىم دېيەلمەي قاپتۇ. پادىشاھ قۇدرەتنى ئۆيىگە قايتۇرۇۋې-
تىپتۇ - دە، ۋەزىرلىرىنى يىغىپ:
— ئىش بىز ئويلىغاندەك بولمىدى. قۇدرەت ئۈچ يۈز
يىللىق يولنى بەش كۈندە بېسىپ كۆھىقاپقا بېرىپ كەلدى.
ئەمدى قانداق چارە - تەدبىر قوللانساق ئۇنىڭدىن قۇتۇلىمىز؟ —
دەپ مەسلىھەت ساپتۇ. ۋەزىرلىرىدىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ
مۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ:
— ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ پەقەت بىرلا يولى بار. ئەتىدىن
باشلاپ خەلققە ئۈچ كۈنلۈك يانتاق سېلىقى سالىمىز. ئۇلار
ئەكەلگەن يانتاقنى قۇدرەت ئۇدۇللۇق رەتلەپ دۆۋىلىسۇن.
قۇدرەت دۆۋىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان پەيتتە ئاستىدىن ئوت قو-
يۇۋېتىمىز، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆيۈپ تۈگىشىدۇ.
بۇ مەسلىھەت پادىشاھقا يېقىپتۇ، ئەتىسىلا خەلققە يانتاق
سېلىقى ساپتۇ، ئاندىن قۇدرەتنى چاقىرتىپ كېلىپ:
— ئەتىدىن باشلاپ كىشىلەر ئەكەلگەن يانتاقنى ئۇدۇللۇق
دۆۋىلەڭ، — دەپتۇ.
قۇدرەت ئاخشىمى ئۆيىگە قايتىپ، ئايالىغا پادىشاھنىڭ
دېگەنلىرىنى ئېيتىپتۇ. ئايالى پادىشاھنىڭ مەقسىتىنى بىلىپ-
تۇ - دە، قۇدرەتكە چېچىدىن بىر تال يۇلۇپ بېرىپ:
— ئەگەر بىرەر خەۋپ - خەتەرگە ئۇچرىسىڭىز، مۇشۇ

چىچىمنى كۆيدۈرسىڭىز قۇتۇلىسىز، — دەپتۇ.

ئەتىسىدىن باشلاپ قۇدرەت يانتاقنى دۆۋىلەشكە باشلاپتۇ. يانتاق ئاسمان - پەلەك ئېگىزلەپتۇ. قۇدرەت ئەنە شۇ دۆۋىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان پەيتتە ۋەزىرلەر ئۇنىڭغا ئوت يېقىۋېتىپتۇ. قۇدرەت دەرھال ئايالى بېشىدىن يۇلۇپ بەرگەن چاچنى ئېلىپ كۆيدۈرۈپتۇ. شۇ زامات تۆت دىۋە پەيدا بوپتۇ - دە، قۇدرەتنى ئاسمانغا ئاچىقىپ كېتىپتۇ، كۆن قايرىلىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە، يەرگە پەسلەپ ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ ۋەزىرلىرىدىن بىرىنى چاقىرىپ، قۇدرەتنىڭ ئۆيىدىن خەۋەر ئەكېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. ۋەزىر بېرىپ دەرۋازىنى قاققانىكەن، قۇدرەت ئۆزى چىقىپ ئېچىپتۇ. ۋەزىرنىڭ تىلى گەپكە كەلمەي، دۇدۇقلاپ:

— پادىشاھ سىزنى ھۇزۇرىغا چاقىرىۋاتىدۇ، — دەپتۇ. قۇدرەت ۋەزىر بىلەن بىللە سارايغا كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ مەڭدەپ قاپتۇ.

— ئادەم ئەۋەتكەن ئىكەنسىز، مانا كەلدىم، ماڭا يەنە قانداق خىزمەت بار، پادىشاھىئالەم؟ — دەپتۇ قۇدرەت پادىشاھقا خۇددى ھېچ نەرسە بولمىغان قىياپەتتە.

پادىشاھ خېلىغىچە نېمە دېيىشنى بىلمەي جىمىپ قاپتۇ، بىرھازادىن كېيىن ئەس - ھوشىنى يىغىپ شۇنداق دەپتۇ:

— مېنىڭ ئانام ئەسلىي پەرىشتىلەردىن ئىدى. بىلىدىغانسىز، ئۇ ھازىر يەتتىنچى قەۋەت ئاسماندا. خەۋىرىڭىز بار، مەن مۇشۇ كۈنلەردە بىداۋا كېسەلگە مۇپتىلامەن. مېنى بۇ دەردتىن خالاس قىلىش پەقەت سىزنىڭ قولىڭىزدىن كېلىدۇ. تېۋىپلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئانامنىڭ ھېچكىمگە كۆرسەتمەيدىغان يېپەك كۆڭلىكىنى يۇزۇمگە سۈرتسەم ساقىيار ئىكەنمەن. سىز يەتتىنچى ئاسمانغا چىقىپ، ئانامنىڭ شۇ كۆڭلىكىنى ئېلىپ

چۈشسىڭىز.

قۇدرەت پادىشاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ، ئوردىدا بولغان گەپلەرنى ئايالىغا ئېيتىپتۇ. ئايالى ئۇنىڭ قىلچە تەشۋىشلەنمەي دەم ئېلىشىنى، ئەتىگىچە كۆڭلەكنىڭ تەييار بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ۋە كېچىچە ئولتۇرۇپ پادىشاھ ئېيتقاندىنمۇ ئېسىل بىر كۆڭلەك توقۇپتۇ، كېيىن پادىشاھنىڭ ئانىسىنىڭ نامىدىن پادىشاھنى يەتتىنچى ئاسمانغا تەكلىپ قىلىپ خەت يېزىپتۇ. قۇدرەت خەت بىلەن كۆڭلەكنى پادىشاھقا تاپشۇرۇپتۇ. پادىشاھ خەتنى ئوقۇپ:

— ئانام مېنى ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىپتۇ. سىز ماڭا يول كۆرسىتىڭ. تا مۇشۇ كۈنگىچە سىز ماڭا ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلدىڭىز، بۇ ئىشنى سىزدىن باشقا ھېچكىم بېجىرەلمەيدۇ. ئاسمانغا بىر چىقىپ چۈشەيلى، — دەپتۇ. قۇدرەت ماقۇل بوپتۇ.

— ئاسمانغا قانداق چىقىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ قۇدرەتتىن.

— خەلققە يەنە يانتاق يىغىشنى بۇيرۇڭ. بىز ئۇنىڭ تۈپىسىگە چىقىپ تۇرىمىز، شۇ چاغدا ۋەزىرلەر يانتاققا ئوت يېقىۋېتىدۇ. شۇ پەيتتە سىز مېنىڭ پاچىقىمغا ئېسىلىسىز، ئوت يالقۇنىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆرلەپ، ئاندىن ئاسمانغا چىقىۋالىمىز، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئەتىسى كىشىلەرنى يانتاق يىغىشقا بۇيرۇپتۇ. پادىشاھ قۇدرەت بىلەن ياناتاقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ دەسسەپ چىڭداۋاتقاندا، ۋەزىرلەر ئاستىدىن ئوت يېقىۋېتىپتۇ. پادىشاھ قۇدرەتنىڭ پاچىقىغا ئېسىلىپتۇ. قۇدرەت دەرھال يېنىدىكى چاچنى كۆيدۈرۈپتۇ. تۆت دىۋە پەيدا بولۇپ، قۇدرەتنى ئاسمانغا

ئېلىپ ئۇچۇپتۇ. پادىشاھ قۇدرەتنىڭ پاچىقىنى تۇتۇپ بىر-
ھازادىن كېيىن مادارى قالماي قويۇۋېتىپتۇ - دە، كۆيۈپ
تۇرغان يانتاق ئۈستىگە چۈشۈپ كۆلگە ئايلىنىپتۇ. قۇدرەت
ئوت ئۆچكىچە يەرگە چۈشۈپ بوپتۇ ھەمدە شەھەر خەلقىنىڭ
تەلىپى بويىچە پادىشاھ بوپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ قۇدرەت
خەلققە زۇلۇم سالغان زالىم ئەمەلدارلارنى، نادان ۋەزىرلەرنى
جازالاپتۇ، ھەر خىل سېلىقلارنى بىكار قىپتۇ، يۇرتتا ئادالەت
ئورنىتىپتۇ. دەرھال ئاتا - ئانىسىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، ھەم-
مىسى بىرلىكتە ئۇزاق يىللار خۇشال - خۇرام تۇرمۇش كە-
چۈرۈپتۇ.

# شەيتاننى ئالدىغان تاز

قەدىمكى زاماندا، خوتەن دىيارىدىكى خانلار خەلققە ئالۋان - ياساق دەپ ئىت چىۋىنىدەك چاپلاشقان چاغدا، بىر باينىڭ بىر تاز خىزمەتكارى بولغانىكەن. تاز كېچە - كۈندۈز ئىشلىسىمۇ باي ئۇنىڭغا بىر تىيىنمۇ ھەق بەرمەيدىكەن. تازنىڭ كىيىملىرى يىرتىلىپ جۇل - جۇل بولۇپ كېتىپتۇ. ھېيت كۈنى، باينىڭ خوتۇنى ئۇنىڭغا ئىرىنىڭ ئەسكى كۆڭلىكىنى كىيگۈزۈپ قويۇپتۇ، ئاندىن بىر چېلەك ئۇماچ بېرىپ:

— بۇنى يەر ئاغدۇرۇۋاتقان مەدىكارلارغا ئاپىرىپ بەرگىن، — دەپتۇ. تاز مەدىكارلارغا ئۇماچنى ئەكېلىپ بېرىپتۇ.

مەدىكارلار ئۇماچنى ئىچىپ بوپتۇ. تاز چېلەكنى پاكىز يۇيۇپ، ئۇنى داپ قىلىپ چېلىپ ئۆيگە يېنىپتۇ. شۇ ئەسنادا قاتتىق يامغۇر يېغىشقا باشلاپتۇ. كىيىمگىنى نىمىشقا ھۆل قىلغۇەتتىڭ، دەپ باي مېنى ئۇرمىسۇن دىگەننى ئويلاپ، تاز كۆڭلەك - ئىشتىنىنى سېلىپ چېلەككە ساپتۇ، چېلەكنى بولسا بېشىغا كىيىۋاپتۇ، يامغۇر توختىغاندا تاز كىيىملىرىنى يەنە كىيىپتۇ. مەھەللىگە يېقىنلاشقاندا، سەللىسىمۇ، يەكتەكىمۇ، كۆڭلىكىمۇ چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن بىر ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

— ھەي تاز، بۇياققا كەل ! — دەپ قىچقىرىپتۇ ئۇ. تاز

ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— سەن نېمىشقا يامغۇردا ھۆل بولمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى كىشى.

— مېنىڭ ئوقۇيدىغان ئەپسۇنۇم بار.

— ماڭىمۇ ئۆگەت.

— كىمسەن؟

— شەيتانمەن.

— ھەي شەيتان، ئاۋۋال سەن ئەپسۇنلىرىڭنى ماڭا ئۆگەت، ئاندىن مەن ساڭا ئەپسۇنۇمنى ئۆگىتىپ قوياي، — دەپتۇ تاز.

شەيتان ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپ ئەپسۇنلىرىنى ئۆگىتىپتۇ.

— ئەمدى سەن ئۆگەت، — دەپتۇ شەيتان.

— دائىم چېلەك كۆتۈرۈپ يۈر، — دەپتۇ تاز، — يامغۇر ياغقاندا كىيىملىرىڭنى سېلىپ چېلەك ئىچىگە تىق، كېيىن چېلەكنى بېشىڭغا كىيىۋال. مانا بۇ مېنىڭ ئەپسۇنۇم.

شەيتاننىڭ ئاچچىقى كېلىپ، تىللاپ - تىللاپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

تاز چېلەكنى باينىڭ ھويلىسىغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ، كېيىن ئانىسىنى يوقلىغىلى كېتىپتۇ.

— ئۆيدە يېگىلى ھېچ نەرسە يوق، — دەپتۇ تازنىڭ ئانىسى.

— سىزگە بىر تاۋاق پولۇ بەرسەم يەمسىز؟ — دەپتۇ تاز مەغرۇر ھالدا.

— نەدىن تاپىسەن؟ — دەپتۇ ئانىسى.

شۇ ۋاقىتتا تاز شەيتاندىن ئۆگەنگەن ئەپسۇننى ئوقۇپتۇ، بىردىنلا داستىخاندا بىر تاۋاق پولۇ تەييار بوپتۇ. موماي بىلەن تاز پولۇنى يەپ تويۇپتۇ.

كېيىن تاز يەنە بىر ئەپسۇن ئوقۇغانىكەن، پۈتۈن يۇرت

ئوتسىز قاپتۇ. ئادەملەر ھەرقانچە ئامال قىلىپمۇ ئوت چىد-
قىرالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممە كىشى بىرلىشىپ پادىشاھ-
نىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ تەرەپ - تەرەپكە ئادەم چىد-
قىرىپ: «كىمدەكىم ئوت ياقالىسا، بېشىدىن ئالتۇن چاچى-
مەن» دەپ جاكارلاپتۇ. تاز جاكارچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇ-
دۇل ئوردىغا بېرىپتۇ. ئوردا ئالدىدا ناھايىتى كۆپ ئادەم تۇر-
غانىكەن، ھەممە كىشى:
— بۇنداق پادىشاھ كېرەك ئەمەس، يوقالسۇن ! — دەپ
ۋاڭ - چۇڭ قىلىشىۋاتقانىكەن.



— نېمە جاڭجال؟ — دەپ سوراپتۇ تاز.
— ھەممە پادىشاھتىن ئوت تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.
— ئۇ قانداق ئوت تاپالىسۇن؟ ! بېرىپ ئېيتىڭلار، مەن تاپىمەن.
ھەممە كىشى كۈلۈشۈپ، تازنى مازاق قىلىشقا باشلاپتۇ. غالچىلار پادىشاھقا: «بىر تاز ئوت تاپماقچىكەن» دەپ خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ.
— ئۇنى دەرھال ھۇزۇرۇمغا كەلتۈرۈڭلار ! — دەپتۇ شاھ. تاز كېلىپ تەزىم قىپتۇ.
— ھەي تاز، سەن ئوت تاپالىساڭ بېشىڭدىن ئالتۇن قۇيىمەن، تاپالمىساڭ بېشىڭنى ئالىمەن، — دەپتۇ پادىشاھ.
— ئى پادىشاھ، بۇ باش ئۆزۈمگىمۇ لازىم. ھەممە كىشى ئۆز ئۆيىگە كەتسۇن. ئوت ھازىرلا پەيدا بولىدۇ، — دەپتۇ تاز. پادىشاھ خەلققە: «ئۆيلىرىڭلارغا كېتىڭلار» دەپ ئەمر قىپتۇ.
تاز پادىشاھنى باشلاپ باغقا ئېلىپ چىقىپتۇ. باغدا بىر ئالا ئىت ئۆلۈك ياتقانمىش.
— ئوت ئاشۇ ئىتنىڭ ئىچىدە، — دەپتۇ تاز، — ئىتنىڭ مەقئىتىدىن كۈچەپ پۈۋلەڭ، ئاغزىدىن ئوت چىقىدۇ.
— بۇ سۆزنى قايسى ئاغزىڭ بىلەن دەۋاتىسەن؟ ئەگەر ئوت چىقسا، تىلىگىنىڭنى بېرىمەن. سەن پۈۋلىگىن، — دەپتۇ پادىشاھ.
— مەن مىڭ قېتىم پۈۋلىسەممۇ ئوت چىقمايدۇ، پادىشاھ پۈۋلىسىلا چىقىدۇ، — دەپتۇ تاز.
«پۈۋلىسەم پۈۋلەي، — دەپ ئويلاپتۇ پادىشاھ، — بولمىسا خەلق مېنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ».
شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ ئىتنىڭ مەقئىتىدىن بىر پۈۋ-

لىگەنىكەن، ئۆلگەن ئىتنىڭ ئاغزىدىن چاقماقتەك ئوت چىقىپتۇ، كېيىن يەنە يوقىلىپتۇ.

— بولدى، تەقسىر، ئەمدى ھەممە ئۆيدە ئوت يانىدۇ، — دەپتۇ تاز كۈلۈپ.

پادىشاھ تازنى سارايغا چاقىرىپ كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ، زىياپەتتىن كېيىن ئات باقارلارغا ئىككى ئاتنى ئېگەرلەپ، ئىككى لاچىن ئەكېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

— ھەي تاز، ئوۋغا بارىمىز، — دەپتۇ پادىشاھ.

پادىشاھ ئۆلگەن ئىت توغرىسىدىكى ئىشنى بىركىمگە دەپ قويمىسۇن، دەپ ئويلاپ، تازنى چۆلدە قىيناپ ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ. ئۇلارغا بىر قىرغاۋۇل ئۇچراپتۇ. پادىشاھ لاچىنىنى سالغانىكەن، لاچىن باشقا تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىپتۇ، تاز لاچىنىنى سالغانىكەن، قىرغاۋۇلنى قاماللىغان پېتى تازغا ئەكېلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ لاچىنىنى قانچىلىك چاقىرسىمۇ كەلمەپتۇ. پادىشاھ ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ:

— ئۇھ، ھېرىپ كەتتىم، ھەي تاز، لاچىنىڭنى بەرگىن، سەن مېنىڭكىنى چاقىرىۋال، — دەپتۇ.

تاز بىر ئەپسۇن ئوقۇغانىكەن، دەرەختە ئولتۇرغان لاچىن ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ قولىغا قونۇپتۇ.

پادىشاھ شۇ چاغدا تازنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، قىلىچىنىڭ دەستىسىنى تۇتۇپتۇ، تاز پادىشاھنىڭ نىيىتىنى بىلىپ قېلىپ:

— ئى جانابىي پادىشاھ، — دەپ ئۇز ئېتىنى توختىتىپتۇ، — بۇ يەردە مېنىڭ ئانام تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا ئېيتىدىغان ئىككى ئېغىز سۆزۈم بار ئىدى.

ئۇلار بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ. تاز ئەپسۇن ئوقۇپ «ئانىسى»نى چاقىرىپتۇ. ئىشكتىن شۇنداق چىرايلىق

بىر ساھىبجامال چىقىپتۇكى، پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ ئاتتىن يىقىلغىلى تاس قاپتۇ. ئۇنىڭ دېمى تىقىلىپ:

— كىم بۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مېنىڭ ئانام.

— ئاناڭنى ماڭا خوتۇنلۇققا بەر، تىلىگىنىڭنى بېرەي، — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئۇنداق بولسا: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن تاز مېنىڭ تەخت ۋارىسىم» دەپ ۋەسىيەتنامە يېزىڭ، ئاندىن ئانامنى بېرەي، — دەپتۇ تاز.

پادىشاھ ئوردىغا كېلىپ ۋەسىيەتنامە يېزىپ تازنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ. پادىشاھ نەچچە كۈن توي - تاماشا قىلىپ تازنىڭ «ئانىسى»نى ئاپتۇ. كەچ كىرگەندە پادىشاھ خۇشال - خۇرام ھەرەمخانىغا كىرىپ قارىسا، دەرمانسىز بىر موماي ئولتۇرغۇدەك. پادىشاھ دەرھال تازنى چاقىرىپ:

— ھەي پاخشەك تاز، مېنى نېمە ئىشلارغا دۇچار قىلىپ يۈرىسەن؟ سېنى ئەمدى ئۆلتۈرىمەن! — دەپتۇ.

تاز بىر ئەپسۇن ئوقۇپ پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، تاز دۆلەتنىڭ ھۆكۈمدارى بولۇپ قاپتۇ.



# مېھرى نىقاب

قەدىمكى زاماندا، بىزگە نامەلۇم بىر ماكاندا بىر دۆلەت بار ئىكەن. بۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھى ناھايىتى ئاق كۆڭۈل كىشى بولۇپ، بۇ پادىشاھ سەلتەنەت، تاجۇ دۆلەتتە يېگانە ئىكەن. تالاي - تالاي ئەللەر ئۇنىڭغا پەرمانبەردار ئىكەن، ئۇنىڭ قولى يەتتە ئىقلىمغا يېتىدىكەن. پادىشاھنىڭ گۈلقەھقەھ ئىسىملىك بىر ۋەزىرى بولۇپ، ئۇ كىشى شۇنداق خاسىيەتلىك ئىكەنكى، ئۇ بىر كۈلسە ئەتراپ پايانسىز گۈل - گۈلىستانلىققا ئايلىنىپ، رەڭمۇرەڭ گۈللەرنىڭ شاخلىرىدا بۇلبۇللار، تۇتى قۇشلار سايراپ كېتىدىكەن، ئۇ مەيلى قەيەردە بولسۇن شۇنداق ھالەت پەيدا بولىدىكەن. پادىشاھ بۇ ۋەزىرنىڭ كارامىتىدىن چەكسىز ئىپتىخار ھېس قىلىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھ ئالتۇن تەختىدە ئولتۇرۇپ مۇنداق خىيالغا پېتىپتۇ: مەن دۇنيادا شەۋكەتلىك بىر شاھمەن، يەتتە ئىقلىم مېنىڭ سەلتەنىتىمدىن ئەيمىنىدۇ، قولۇمنى قاياققا ئۇزاتسام يېتىدۇ، جاھان شاھلىرى ئىچىدە شان - شۆھرىتىم چەكسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەزىرىم گۈلقەھقەھ شۇنداق كارامەت ئىگىسىكى، ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن باياۋان بۇلبۇللارغا تولغان گۈلىستانلىققا ئايلىنىدۇ. دۇنيادا مېنىڭ ۋەزىرىمدەك يەنە بىر كارامەت ئەھلى يوقتۇر. شۇنداق ئىكەن،

مەن نېمىشقا جاھاندىكى بارلىق شاھلارنى يىغىپ ۋەزىرىمنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ شان ـ شەرەپىمنى يەنە بىر ھەسسە كۆتۈرمەيمەن؟

پادىشاھ شۇنداق ئويلاپ، ئاخىر پۈتكۈل شاھلارنى يىغىپ گۈلقەھقەھنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىش قارارىغا كەپتۇ ۋە دەرھال گۈلقەھقەھ ۋەزىرنى يېنىغا چاقىرىپ:

— ئى سادىق، پاراسەتلىك ۋەزىرىم، سەن مېنىڭ ئالتۇن قانىتىم ھەم سەلتەنىتىمنىڭ ۋاپادار ھامىيسى. سەن تەڭداشسىز پاراسەتكە ھەم ئالەمدە يېگانە كارامەتكە ئىگە زاتسەن. مەن ھەرقاچان ۋە ھەر زامان سەن بىلەن پەخىرلىنىمەن. ئىككىمىزنىڭ تىرىشچانلىقىمىزدا ئەھلى يۇرت بۈگۈنكىدەك قوۋناق ھايات، خاتىرجەم تۇرمۇشقا مۇشەررەپ بولۇپلا قالماي، بەلكى سەلتەنىتىمىز جاھاندا يەكتادۇر، يەتتە ئىقلىم شەۋكەتلىك دۆلىتىمىز ئالدىدا پەرمانبەرداردۇر. مەن مۇشۇ خۇسۇستا ناھايىتى شەۋكەتلىك شاھمەن، سەنمۇ ھەم شۇنداق بولۇشۇڭ كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سېنىڭ كارامىتىڭ شەۋكەتلىك سەلتەنىتىمىزنىڭ گۆھەر كۆزىدۇر. شۇڭا، ئويلاپ ـ ئويلاپ مۇنداق قارارغا كېلىپ قالدىم: بىز ئەتراپتىكى ئەللەرگە مەكتۇپ يوللاپ، شاھ ـ سۇلتانلارنى جەم قىلىپ كارامىتىڭنى ئۇلارغا كۆرسىتەيلى، ئۇلار ھەيران ۋە ئەقلى لال بولسۇن، شۇ ئارقىلىق جاھان بىزنى يەنە بىر تونۇسۇن. قانداق، ۋەزىرىم، بۇ ئويلىغانلىرىم ساڭا ماقۇل كېلەرمۇ؟ — دەپتۇ.

ۋەزىر ناھايىتى ئىتائەتمەنلىك بىلەن پادىشاھقا مۇنداق دەپتۇ:

— جانابلىرى ھەقىقەتەن ئوبدان ئويلاپلا. پېقىر قۇللىرى ئۆزلىرى تەرىپلىگەندەك يۈكسەك ئادەم بولمىساممۇ، جانابلىرىنىڭ سەلتەنەتلىك تەختىگە يەنىمۇ سەلتەنەت قوشۇش ئۈچۈن

ھەرلەھزە تەييارمەن.
پادىشاھ ئۆز ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ماقۇللۇق بىلدۈرگەن ۋەزىرگە رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتىپ:
— بارىكاللا ! ئۇنداق بولسا بۈگۈنلا ئەلچىلەرنى يولغا سېلىپ، ئەتە تەييارلىق كۆرۈپ، ئۆگۈنلۈككە پۈتۈن جاھان شاھ - سۇلتانلىرىغا كارامەت كۆرسىتىپ شەۋكىتىمىزگە شەۋكەت قوشايلى ! — دەپتۇ.
ۋەزىر قانداقتۇر بىرنېمىنى ئويلىغاندەك بىر پەس جىممىدە تۇرۇپ قاپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ بىرنەرسە ئۈستىدە ئۆزىدىن ئىجازەت سورىماقچى بولۇپ سورىيالمايۋاتقانلىقىنى پەملەپتۇ ۋە ۋەزىردىن سوراپتۇ:
— ۋەزىرىم، كۆڭلۈڭدە بىر گەپ بارغۇ دەيمەن؟ ئايانماي ئېيت.
— شاھىم، — دەپتۇ ۋەزىر ئىنتائەتمەن بىر قىياپەتتە، — ئۆزلىرىگە مەلۇمكى، ئايالىم مەن بىلەن بىللە ئەمەس. مەن ھەر ئايدا بىر قېتىم ئۇنى يوقلاپ باراتتىم، ئۇنىڭ دىل تەشنالىقىنى مېھىر - مۇھەببەت كەۋسىرىنى قويۇپ، ئۈچ كۈن ھەمراھ بولۇپ قايتاتتىم. بۈگۈن دەل ئۇنىڭ سەۋر پەيمانى تولغان كۈندۇر. ئەتە مەن ئۇنىڭ قېشىغا بارىدىغان كۈنۈم ئىدى. ناۋادا ئەتە مەن ئۇنىڭ قېشىغا بارالماي قالسام، ۋاپادار مەھبۇبەم ھىجران ئوتىدا كۆل بولغۇسىدۇر. شۇڭا، ئۆزلىرىدىن دەرھال رۇخسەت سورىيالماي تۇرۇپ قېلىشىم. جانابلىرىنىڭ ئىجازىتى بولسا، كارامەت كۆرسىتىشنى بىرنەچچە كۈن كېچىكتۈرسەك، مەن دىلدارىمنىڭ قېشىغا بېرىپ كېلىۋالسام قانداق بولاركىن، ئۇلۇغ شاھىم؟
پادىشاھ سەل ئويلىنىپ قاپتۇ - دە:
— بولمامدىغان، ئۇنداق بولسا كارامەتنى سەن كەلگەندىن

كېيىن كۆرستەيلى، — دەپتۇ.

ۋەزىر گۈلقەھقەھ پادىشاھىنىڭ ئالدىدىن چىقىپ قىممەتلىك سوۋغا - سالاملىرىنى تەييارلاپ ئارغىماق ئاتقا مىنىپتۇ - دە، مەشۇقى تەرەپكە يول ئاپتۇ. بىر ئايدىن بېرى ئىشق - مۇھەببەت پىراقىدا يۈرىكى كاۋاپ بولۇپ كەتكەن ۋەزىر ئاتنى بوراندەك چاپتۇرۇپ، مەشۇقى تۇرۇشلۇق قەسىرگە يېتىپ كەپتۇ. ۋەزىرنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئايالى: «ئاھ باغرىم، ئاھ جانجىگىرىم، ئاھ يۈرەك پارەم، كۆزۈمنىڭ نۇرى، ھاياتىمنىڭ شامى» دەپ ئۆزىنى ۋەزىرنىڭ قۇچىقىغا تاشلاپتۇ. ئۇلار ھەشقىپىچەكتەك چىرمىشىپ، مۇھەببەت شارابىدا مەستۇ مۇستەغرەق بولۇپ بىر - بىرىگە قېنىشماي ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. ۋەزىرنىڭ ۋاقتى توشۇپتۇ. ئۇلار ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي كۆز يېشى قىلىشىپتۇ، بولۇپمۇ ۋەزىرنىڭ ئايالى: «ئاھ جېنىمنىڭ جانانىسى، يەنە قاچانمۇ كېلەرسىز؟» دەپ ۋەزىرنىڭ بوينىغا ئاق بېلىقتەك بىلەكلىرى بىلەن مەھكەم گىرە سېلىپ ئۇزاق يىغلاپتۇ. ۋەزىر ئايالىغا بىرمۇنچە تەسەللى بېرىپ، ئوردىغا قاراپ ئات چاپتۇرۇپتۇ. ئۇ خېلى ئۇزاق يەرگە بارغۇچە، ئايالىنىڭ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ بىرنېمىلەرنى دەپ يىغلاۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ. ۋەزىر ئارقىسىغا قاراپ - قاراپ قويۇپ كېتىۋېرىپتۇ، ئاخىر مەشۇقىنىڭمۇ قارىسى غايىب بوپتۇ. ۋەزىر ئايالىنىڭ ئۆزىگە مۇشتاقلىقىدىن، ۋاپادارلىقىدىن سۆيۈنۈپ كۆزلىرىگە ياش ئاپتۇ. ۋەزىر شۇنداق كېتىپ بارسا، ئالدى تەرەپتىن بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپتۇ. بۇ ئادەمنىڭ كۆتۈرگەن پەريادى يەر - زېمىننى لەرزىگە سالپتۇ. ۋەزىر ئاتنى قامچىلاپ، ھېلىقى ئادەم بار تەرەپكە تېز يۈرۈپتۇ. قارىسا، جۇلدۇر - جۇلدۇر جەندىگە ئورالغان بۇ ئادەمنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ياش قاسماق باغلاپ كەتكەن يۈزلىرىنى

بويلاپ تارامىلاپ ئېقىپتۇ. ۋەزىر، بۇ دەرۋىشكە نېمە بولغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ ئۇنى چاقىرىپتۇ:

— ھوي دەرۋىش، نېچۈك بۇنچىۋالا ياش تۆكىسەن؟ نېمە دەردىڭ بار ئىدى؟ قاياقتىن كېلىپ، قاياققا كېتىپ بارىسەن؟

دەرۋىش سۈپەت بۇ ئادەم ۋەزىرنىڭ سۆزلىرىگىمۇ ئېرەن قىلماي، پەريادىنى پەلەككە كۆتۈرۈپ ئۆز يولىغا مېڭىۋېرىپتۇ. ۋەزىر يۇقىرىقى سوئالنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىغان بولسىمۇ، ئۇ جاۋاب بەرمەپتۇ. ئۇنىڭ پەريادىدىن بىر دىلدارنىڭ ئىشقىدا جىگىرى خۇن بولغانلىقى ئايان بوپتۇ. ۋەزىر رەھىمدىل، ساخاۋەتلىك ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ بىچارىنى قايسى مۇتتەھەم بوزەك قىلغاندۇ؟ ئۇنىڭ دەردىگە يېتىشىم زۆرۈر دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، سوئالىنى يەنە تەكرارلاپتۇ، ئەمما دەرۋىش سۈپەت جىگىرى خۇن ئاشىق ۋەزىرنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋامۇ قىلماپتۇ. ۋەزىر ئارغىماقنىڭ بېشىنى بۇراپ دەل ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ ـ دە، قىلىچىنى قىنىدىن يېرىم سۇغۇرۇپ:



— توختا ! سەن زادى نېمە ئادەم، نېمىشقا پەرياد كۆتۈ-
رىسەن؟ نېمىشقا سوئالىمغا جاۋاب بەرمەيسەن؟ ئېيت ! ئەگەر
ئېيتمىساڭ بۇ غەمكىن بېشىڭنى ئاچ - زارلىققا گىرىپتار
بولغان تېنىڭدىن بىر يولىلا جۇدا قىلىپ، جېنىڭنى ئايۋانى
باقىيغا سەپەر قىلدۇرىمەن، — دەپ ۋارقىراپتۇ. ھېلىقى ئا-
دەم چۆچۈپ يىغىسىدىن توختاپتۇيۇ، دىر - دىر تىترەپ ئاغ-
زىغا گەپ كەلمەپتۇ. ۋەزىر ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، بىرمۇنچە
كۆڭلىنى ياساپتۇ. دەرۋىشنىڭ قېپىدىن چىقىپ كەتكەن ئىما-
نى سەل جايىغا چۈشۈپ سۆزلەپتۇ:
— مەن بىر ناتىۋان بىچارە ئاشىق، مېنىڭ ساھىبجامال
ئاشنام مۇشۇ سەلتەنەتلىك دۆلەت ۋەزىرىنىڭ ئايالى بولىدۇ.
مەشۇقۇمنىڭ گۈلقەھقەھ دېگەن ئېرى ھەر ئايدا بىر قېتىم
كېلىپ مېنى ئۈچ كۈن جۇدالىق ئوتىغا تاشلايدۇ. مانا بۈگۈن
مەن ئاشنامدىن ئايرىلغىلى ئۈچ كۈن بولدى، چۈنكى ئۇنىڭ
ۋەزىر ئېرى كەلگەنىدى. بۇ ئۈچ كۈن بىزگە شۇنداق تەس ئۆ-
تىدۇ. ھەر قېتىم ۋەزىر كېلىپ ئۈچ كۈن ئايرىلساق، ھەر
ئىككىمىزگە بۇ ئۈچ كۈن ئۈچ مىڭ يىلدەك ئۇزۇن تۇيۇلىدۇ.
بۇ ئۈچ كۈنلۈك ھىجراننىڭ ئازابى بىر ئايلىق ۋىسال دەملىد-
رىدىمۇ ئۇنتۇلۇپ كەتمەيدۇ. مانا بۈگۈن دەل ۋەزىر ئوردىغا
قايتىدىغان كۈن. مەن ناھايىتى ئالدىراش، تەقسىر، مەھبۇبەم-
نىڭ يۈرەكلىرى چاك - چاك بولۇپ، كۆزلىرى تېشىلەي دېدى
ھەقچان. شۇڭا، مېنىڭ يولۇمنى توسۇمىسىلا، ئۆتۈنۈپ
قالاي، جېنىم تەقسىر.
ۋەزىر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيران بوپتۇ، بىر ئىشىنىپ،
بىر ئىشەنمەي تۇرۇپلا قاپتۇ. ئىشىنەي دېسە، ۋاپادار ئايالىنىڭ
ئۇنداق شەرمەندە ئىش قىلىدىغانلىقىغا كۆزى يەتمەپتۇ. ئى-
شەنمەي دېسە، بۇ ئاشىقى سەرگەردانىنىڭ گەپلىرى راست.

شۇڭا، بىرپەس خىيالغا پېتىپتۇ.

— ھەي ئاغزى قۇرغۇر، باياتىن نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن زادى؟ — دەپتۇ ۋەزىر دەرۋىشكە تىكىلىپ.

— ئەلۋەتتە، دەۋاتقان سۆزلىرىم ئېسىمدە، تەقسىر.

— ئۇنداق بولسا راست گەپ قىل، — دەپتۇ ۋەزىر خەنجەرنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، خەنجەر كۈنىنىڭ نۇرىدا ۋالىلداپ، دەرۋىش سۈپەت ئاشىقنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە سېپتۇ. ۋەزىر خەنجەرنىڭ بىسىنى دەرۋىشنىڭ گېلىغا تەگكۈزۈپ تۇرۇپ، — راست گەپ قىلساڭ ئامان قالىسەن، يالغان ئېيتساڭ ئەجەلىڭنى ئۆزۈڭدىن كۆر. ئېيتە، راست گۇلقەھقەھ ۋەزىرنىڭ ئايالى سېنىڭ ئاشنايىڭمۇ؟ — دەپتۇ.

— خوش تەقسىر، ھەرگىز يالغان ئەمەس.

— ئۇنداقتا، نېمە ئىسپاتىڭ بار؟

— ئىسپاتىم تولۇق، — دەپتۇ دەرۋىش يۇتىدىكى چورۇقنى كۆرسىتىپ، — بۇ چورۇقتىن ئۇ ئىككىمىز تىككەن، بىرىنى ماڭا، بىرىنى ئۆزىگە. ئۇ ۋەزىر كەلمىگەن كۈنلەردە ئاشۇ چورۇقنى كىيىۋالىدۇ.

— يەنىچۇ؟

— يەنە، — دەپتۇ دەرۋىش مەيدىسىنى ئېچىپ، ۋەزىر ئۇنىڭ كىر باغلاپ كەتكەن قوللىرىدا قايرىلغان ياقىسىنىڭ ئىچىگە قارىغانىكەن، بويىندا بىر تېرە تاسما تۇرغۇدەك، — بۇ سىېغىنىش تاسمىسى، ئاشىقلىقىمىزنىڭ بەلگىسى. بۇ تاسما ئۇ ساھىبجامالنىڭ بويىنىدىمۇ ھەم بار.

ۋەزىر ئۆتكۈر خەنجىرىنى دەرۋىشنىڭ بويىنىدىن ئېلىپ غىلىپىغا سېپتۇ ـ دە، ئاتنىڭ بېشىنى ئايالى تەرەپكە بۇراپ ئۇچقاندەك يورۇپتۇ. قەسىرگە يېقىنلىشاي دېگەندە، بىرئايالنىڭ چىدىغۇسىز ئاھلىرى تولغان ناخشا ياڭراپتۇ. ۋەزىر قە-

سىر دەرۋازىسىدىن ئاتلىق ئۆتۈپ، ئايالىنىڭ ھۇجرىسىغا ئۇچقاندەك كىرىپتۇ. ۋەزىر قارىغۇدەك بولسا، ئايالى زارلاپ يىغلاپ ئولتۇرغۇدەك. ۋەزىرنى كۆرگەن ئايالى ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— قايتىپ كەپسىزغۇ، قەدىرلىكىم، بىرنەرسىڭىز ئۇنتۇلۇپ قاپتىمۇ؟

— نېمىگە ئۇنچە يىغلاپ كەتتىڭ، ئاپئىقىم؟ — دەپتۇ ۋەزىر كىنايە ئارىلاش.

— نېمىشقا يىغلايدىغانلىقىمنى تېخى بىلمىدىڭىزمۇ، پادىشاھىم؟ — دەپتۇ ئايال ئۆزىنى كۆلكىگە زورلاپ.

ۋەزىر ئايالىنىڭ يۈتىغا قارىغانىكەن، راست دېگەندەك ھېلىقى دەرۋىشنىڭ يۈتىدىكى چورۇققا ئوخشايدىغان بىر چورۇق تۇرغۇدەك. ۋەزىر غەزىپىنى باسالماي ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدىن بىرلا تارتقانىكەن، ئايالىنىڭ كۆڭلىكى يىرتىلىپ ھېلىقىدەك تېرە تاسما كۆرۈنۈپتۇ. ۋەزىرنىڭ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، يەر - جاھان پىرقىراپ كەتكەندەك بوپتۇ. غەزەپلەنگەن ۋەزىر شۇئان خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ ئاپتۇ - دە، ئايالىنىڭ بويىنىغا «شارتتىدە» بىر ئۇرۇپ، بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. ئايالىنىڭ تولۇن ئايدەك يۈزى قانغا بويىلىپ، بېشى تەپكەن توپتەك يۇمىلىنىپ يەرگە چۈشۈپتۇ، پۇت - قوللىرى ئېگىز - پەس تولغىنىپتۇ. ۋەزىر خەنجىرىنى ئايالىنىڭ كىيىمىگە سۈركەپ تازىلاپ قىنىغا ساپتۇ. ۋەزىر بۇ قىلغان ئىشىغا بىر ئېشىنىپ، بىر ئېشەنمەي ئاتقا مىنىپ دەرۋىش تەرەپكە قاراپ يول ئاپتۇ. قارىسا، ئۇ دەرۋىش بايامقىدىنمۇ بەكرەك پەرياد كۆتۈرۈپ كىلىۋاتقۇدەك. ۋەزىر ئۇنىڭ قېشىدىن ئۇچقاندەك يانداپ ئۆتكەچ قىلىچىنى بىر شىلتىغانىكەن، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا دەرۋىشنىڭ بېشى تې-

ىندىن جۇدا بولۇپ يەرگە چۈشۈپتۇ.
ۋەزىر ئوردىغا كەلسە، پادىشاھ ئۇنىڭ يولىغا قاراپ تاقـ. تى تاق بولۇپ تۇرغانىكەن. پادىشاھ گۈلقەھقەھ ۋەزىر كەلگۈ. چە بارلىق تەييارلىقلارنى پۈتكۈزۈپ تەخ قىپتۇ. جاھان شاھـ. لىرىمۇ بىر ئاجايىپ كارامەتنى كۆرۈشكە تەقەززا بولغان ھالدا جەم بولۇشقانىكەن. پادىشاھ گۈلقەھقەھنى ئەگەشتۇرۇپ سورۇنغا كىرىپتۇ. يۈزلىگەن شاھلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، پا. دىشاھ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرلىرىگە ئېھتىرام بىلدۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئالتۇن تەختىدىن ئورۇن ئاپتۇ، ۋەزىر ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ھەشەمەتلىك زال ئاجايىپ سۇر ۋە ھەيۋەتكە تول. غان بولۇپ، پۈتكۈل شاھلار پادىشاھقا ئۇنسىز تىكىلىپ تۇ. رۇشۇپتۇ. پادىشاھ شاھ ـ سۇلتانلارغا تەكشى قاراپ، مەردانە خىتاب قىپتۇ:

— ئى شەۋكەتلىك شاھ ـ سۇلتانلار، جاھاننىڭ پاسىبان. لىرى، مىسكىنلەرنىڭ پۈشتىپاناھلىرى، بۈگۈن ھەربىرىڭلارنى ھۇزۇرىمىزغا ئاتايىتەن تەكلىپ قىلىشتىكى مەقسەت شۇكى، ۋەزىرىم گۈلقەھقەھ ئاجايىپ بىر ھېكمەتلىك ئادەمدۇر. تەڭ. رىم ئۇنىڭغا شۇنداق كارامەت ئاتا قىلغانكى، ئۇ بىرلا كۈلسە ئەتراپ گۈل ـ گۈلىستانلىققا ئايلىنىپ، خۇشناۋا بۇلبۇللار سايراپ، پانىي دۇنيادا جەننەت بەرپا بولىدۇ. ۋەزىرىمنىڭ بۇ خىل كارامىتىنى ھەربىرىڭلارنىڭ تاماشا قىلىشى ئۈچۈن بۇ يەرگە جەم بولدۇق.

پادىشاھ ئەتراپقا مەغرۇر نەزەر تاشلاپ، بىر دەقىقە جىم بوپتۇ. پادىشاھلار بىر ـ بىرىگە ھەيرانلىق نەزەرىدە قارىشىپ سۈكۈتكە چۆكۈپتۇ.

— قېنى، دانىشمەن ۋەزىرىم گۈلقەھقەھ ئۆزىنىڭ كارا. مىتىنى كۆرسەتسۇن ! — دەپتۇ پادىشاھ.

ۋەزىر ئورنىدىن تۇرۇپ قانچە كۈلەي دېگەن بولسىمۇ، كۈلەلمەپتۇ، ھەجىيىپ بېقىپتۇ، ئاغزىنى كۈلكىگە زورلاپ بېقىپتۇ، ئەتەي ھى - ھى - ھى، دەپ شۇنچە كۈچەپ باققان بولسىمۇ، زادىلا كۈلەلمەپتۇ.

پادىشاھلار بىر - بىرىگە قارىشىپ مەسخىرىلىك ھىجىيىشىپتۇ، خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ ۋەزىر گۈلقەھقەھ ھېچ كۈلىدىغاندەك ئەمەس. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ:

— ھوي ۋەزىرىم، نېمە بولدۇڭ؟ كۈل دەيمەن، — دەپ يېلىنىپتۇ.

ۋەزىر بىرقانچە مەرتەم ئۆزىنى زورلاپ ھەجىيىپ بېقىپتۇ، زادىلا قاملاشتۇرالماپتۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى تەر بېسىپ چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھ تىت - تىت بولغان ھالدا ۋەزىرنى كۈلۈشكە بۇيرۇق قىپتۇ، ئەمما ۋەزىر پەقەتلا كۈلمەپتۇ. خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ۋەزىردىن ھېچقانداق كارامەت چىقماپتۇ. ئۇلار شۇنداق قىيىن ئەھۋالدا تۇرغاندا، شاھ - سۇلتانلار ئىچىدىكى مەسخىرىنى سىغدۇرالماي قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئابرۇيى تايىمەن، دەپ مات بوپتۇ. غەزەپلەنگەن پادىشاھ:

— جاللات ! — دەپ بىرلا ۋارقىرىغانىكەن، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان جاللاتلار:

— لەببەي، شاھىم ! — دەپ ھازىر بوپتۇ. پادىشاھ:

— بۇ تۈزكور، ئۆز شاھىنىڭ شەۋكىتىنى يەرگە ئۇرغان بەتبەختنى ئات ئېغىلىغا ئاپىرىپ ئوقۇرغا جاي سېلىپ بېرىڭلار، — دەپ پەرمان قىپتۇ.

بىرقانچە جاللات ۋەزىرنى يالاپ ئوردىنىڭ ئات ئېغىلىغا سولاپ قويۇپتۇ. ھايال ئۆتمەي كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ. ۋەزىر بىر ئوقۇرغا بىر باغ بېدە تاشلاپ ئۈستىدە يېتىپ-

تۇ. ۋەزىرنىڭ زادى ئۇيقۇسى كەلمەپتۇ، بېشىغا كەلگەن بۇ كېلىشمەسلىكنى ئويلاپ كۆڭلى بۇزۇلۇپتۇ. ئېغىر ئەلىياتقۇ مەھەل بولغاندا بىركىم ئات ئېغىلىنىڭ ئىشىكىنى ئاستا ئېچىپ كىرىپ، يان تەرەپتىكى ئات باقارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ھېلىقى ئادەم ئات باقارنىڭ ئىشىكىدىن كىرىشىگە، ئۆينىڭ ئىچىدىن ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ:

— ھۇ پاسكىنا، ۋاقىت نەۋاخ بولدى؟ مۇشۇ چاغقىچە ساقلىتامسەن ئادەمنى؟ !

ۋەزىر بۇ ئاۋازنىڭ ئات باقارنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى دەرھال پەملەپتۇ. ئۇ، بۇ ئات باقار كىمگە مۇنچە كايىيدىكىنە؟ بويتاق ئادەم ئىدى، بىرەر ئاشنىسى بارمىكىن يا؟ دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئوقۇردا جىممىدە يېتىپتۇ. ئارقىدىنلا بىر نازىنىن ئايالنىڭ يېلىنغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ:

— خاپا بولمىسىلا، غوجام، مۇشۇ چاغقىچە چىداش ماڭىمۇ ئاسان دەملا؟

— ھۇ ئىپلاس، ئەمىسە نەلەردە يۇردۇڭ؟

— خاپا بولمىسىلا، غوجام، — دەپتۇ ئايال تىترەڭگۇ ئاۋازدا، — خاپا بولماي غىزالىنىۋالسىلا. پاقلان گۆشى باسقان پولۇ ئالغاچ كەلدىم. يەنە...

ئايالنىڭ گېپى تۈگىمەيلا ئات باقارنىڭ يەنە ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ:

— ھۇ رەسۋا، كۆتۈر بۇ نەرسىلىرىڭنى !

ئارىدا جاراڭ ـ جۇرۇڭ ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ۋەزىر ئوقۇردىن ئاستا قوپۇپ ئات باقارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كەپتۇ. ئايال بىلەن ئات باقار بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ، ئاخىر ئات باقار ئايالنى سۆر ـ توقاي قىلىپ ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئايال ھە دەپ ئات باقارغا يالۋۇرۇپ پۈتلىرى-

نى قۇچاقلاپتۇ، ئەمما ئات باقار پەيلىدىن ياندىغاندەك ئە-
مەس. ئۇ ئاتخانىدىكى ئارىلارنى ئېلىپ ئايالنىڭ بەدەنلىرىنى
كۆكەرتىۋەتكۈدەك ئۇرۇپتۇ. ۋەزىر سەپسېلىپ قارىغانىكەن، بۇ
ئايال باشقا بىر كىم ئەمەس، دەل پادىشاھئىئالەمنىڭ خانىشى
ئىكەن. توۋا، بۇ نېمە كارامەتتۇ؟ دەپ ئويلاپتۇ ۋەزىر ئىچىدە،
مەنغۇ بىر ئاددىي ئادەم، ئايالىم ۋاپاسىزلىق قىلىپ يۈرى-
كىمنى قان قىلدى. شۇ ئەلەم قەلبىمنى بېسىۋېلىپ پۈتۈن
شاھ - سۇلتانلارنىڭ ئالدىدا كۈلەمەي مات بولۇپ ئات ئېغى-
لىغا بەند بولدۇم. مانا ئەمدى قارىمامدىغان بۇ خۇدانىڭ تەق-
دىرىگە، پادىشاھ ھەزرەتلىرىنىڭ بۇ ئۇلۇغ خانىشىنىڭ نېمە
قىلغىنىدۇ بۇ زادى؟ ئادەتتە پادىشاھ بۇ خانىشنى شۇنچىلىك
ئىززەتلەر ئىدىكى، ھەتتا ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى قولۇم بىلەن
تۇتسام ئاغرىيدۇ، دەپ قوللىرىغا ماموق يۆگەپ تۇتاتتى. بۇ
ئىززىتىنى بىلمىگەن خوتۇن بۇ قارا زەڭگىنىڭ، بۇ تېزەك
پۇراپ تۇرىدىغان ئات باقارنىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ يالۋۇرۇپ
يۈرگىنى نېمىسى؟ مېنىڭ ئايالىمغۇ ھەر ئايدا مەندىن يىگىر-
مە يەتتە كۈن ئايرى-
لىپ تۇراتتى،
شۇڭلاشقىمۇ ئاشۇ
پەسكەشلىككە قەدەم
تاشلاپ سالغانمىدى-
كىن، ئەمما بۇ خا-
نىشنىڭ نېمىسىگە
نېمە يەتمىگەندۇ، ۋە-
زىر شۇنداق ئويلاپ
ئىچىگە كۈلكە كى-
رىۋاپتۇ، ئۇ ئۆزىنى



باسالماي قاپتۇ، كۆلمەي دىسمۇ ئىچ - ئىچىدىن شەيتىنى قوزغاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ تاشلاپتۇ. ئۇ توختىماي كۈلۈپتۇ. بۇ چاغدا پادىشاھ ھەزرەتلىرى خاقانلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ ئولتۇرغانىكەن. پادىشاھ ۋەزىرىنىڭ ئۆزىنى ئوسال قىلغانلىقىدىن ھەم خاپا بولۇپ، ھەم مېھمانلاردىن ئەپۇ سوراپ پەردىشان ئولتۇرغان شۇنداق بىر پەيتتە، ئات ئېغىلى تەرىپىدىن ياڭرىغان كۈلكە ساداسى ئوردا ئاسمىنىنى لەرزىگە سAپتۇ. پادىشاھ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپتۇ -دە، كۈلكە ئاۋازىغا قۇلاق سAپتۇ. بۇ دەل گۈلقەھقەھنىڭ ئاۋازىغۇ، دەپ ئويلاپتۇ. پادىشاھ بۇ ھالدىن ھەم ھەيران، ھەم غەزەپلەنگەن ھالدا ئات ئېغىلى تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. بەزمىگە جەم بولغان شاھلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، گۈلقەھقەھ ۋەزىر توختىماي كۈلۈۋاتقۇدەك، ئات ئېغىلى گۈل - گۈلىستانلىققا ئۆزگىرىپ، بۇلبۇللار گۈل - غۇنچىلارغا قونۇپ خەندان ئۇرۇپ سايرىشىپ تۇرغۇدەك. گەرچە ئالەم قاپقاراڭغۇ بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئات ئېغىلى كۈندەك روشەن نۇرلىنىپ تۇرغۇدەك. كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىرپەس داڭقېتىشىپ قاپتۇ. بۇ ئىشتىن تېخىمۇ غەزەپلەنگەن پادىشاھ جاللاتلارغا پەرمان بېرىپ، گۈلقەھقەھ ۋەزىرنى دارقىرىتىپ ئالدىغا ئەكەلدۈرۈپتۇ.

— بۇ زادى نېمە قىلىق؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ شاھ ۋەزىرگە قول شىلتىپ.

ئەمما، ۋەزىر يەنىلا كۈلكىسىنى توختاتماي كۈلىۋېرىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ تېلىقىپ كۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىمۇ كۈلۈپ تاشلاپتۇ. قاراپ تۇرغان شاھلارمۇ مەقسەتسىزلا كۈلكىگە جور بوپتۇ. بىرپەستىن كېيىن ۋەزىر ئاران دېگەندە كۈلكىدىن توختاپ:

— ئەپۇ قىلغايلا، شاھىم، — دەپتۇ. پادىشاھنىڭ كۆڭ-لىگە بىر گۇمان چۈشۈپ سوراپتۇ:

— ئەي ۋەزىرىم، بۇ زادى نېمە قىلغىنىڭ؟ ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ بۇ ئەزىز مېھمانلارنى جەم قىلغانىدۇققۇ، — پادىشاھ ئەتراپتىكى تېخىچە ئەقلى لال بولۇشۇپ تۇرغان شاھلارنى كۆرسىتىپتۇ، — ئۇلار سېنىڭ كارامىتىڭنى كۆ-رۈشكە تەقەززا ئىدى. بايا شۇنداق كاتتا سورۇندا كۈلمەي، ئەمدىلىكتە بىر ئات ئېغىلىدا ئۆزۈڭنى توختىتالماي كۈلگى-نىڭ نېمىسى؟ بۇ مېنى كۆزگە ئىلمىغىنىڭمۇ، قانداق؟

— ئۇلۇغ شاھىم، — دەپتۇ ۋەزىر پادىشاھقا قول باغلاپ تۇرۇپ، — بۇ سوئالنى سورىغانلىرى ناھايىتى ئوبدان بولدى. بايام كۈلمەسلىكىمنىڭ سەۋەبىنى دېسەم، ئايالىم بىر دەرۋىش بىلەن نامەھرەم ئىشقا قەدەم باسقىلى خېلى بولغانىكەن. مەن ئايالىمنى بەك ياخشى كۆرگەچكە، ئايالىمنىڭ ئۇنداق سەت ئىش قىلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىكەنمەن. ئۇنىڭ ئۇ شەرمەن-دىچىلىكى ماڭا قاتتىق ئەلەم قىلغاچقا ئۇنىڭ بېشىنى ئالدىم، ئۇ ئۆلدى. گەرچە ئايالىم بۇزۇق ئايال بولسىمۇ، ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بېرى ماڭا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن. مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپلا ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا كەلگەنىدىم. كۆڭلۈم بى-ئارام بولغاچقا قانچە كۈلەي دەپمۇ كۈلەلمىدىم. ئاخىر غەزەپ-لىرىگە ئۇچراپ بۇ ئاتخانىغا سولاندىم. ئوقۇردا ياتسام، بىرى ئات باقارنىڭ خانىشىغا كىرىپ كەتتى. ئات باقار ئۇنى: «نې-مىشقا ۋاقتىدا كەلمەيسەن؟» دەپ ئارا - تاتقۇلار بىلەن ئۇرۇپ ئاللا - تووۋىسىنى چىقاردى. بېرىپ قارىسام، ئۇ ئايال ئۆزلى-رىنىڭ خانىشى ئىكەن. ھەيران بولدۇم. مەنغۇ بىر ئاددىي ئا-دەم. ئۆزلىرىدەك كاتتا سەلتەنەت ئىگىسىنىڭ ئايالىنىڭمۇ مۇشۇ تېزەك پۇرايدىغان زەڭگى بىلەن بولغان ئىشىنى كۆرۈپ

ئۆزۈمنىڭ بىھۇدە ئازابلىنىپ يۈرگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم ـ دە، بۇ ۋاپاسىز دۇنياغا بولغان مەسخىرەم ئىچىمگە سىغماي قاتتىق كۈلۈپ تاشلىدىم.

پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ساقال ـ لىرى تىترەپ كېتىپتۇ.

— يالغان سۆزلىمىگەنسەن؟ — دەپتۇ پادىشاھ. ۋەزىر:

— يالغان سۆزلىگەن بولسام، جېنىم لەھەتكە يوللانسۇن.

پادىشاھ پالاقشىپ مېڭىپ خانىسىغا كىرسە، خانىش ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئولتۇرغۇدەك، پادىشاھ بارغانچە بېرىپ خا ـ نىشنىڭ كىيىملىرىنى تارتىپ سالدۇرغانىكەن، راست دېگەن ـ دەك، ئۇنىڭ بەدەنلىرى كۆك ـ زېدىلەرگە تولغانىكەن. پا ـ دىشاھ گەپمۇ سوراپ ئولتۇرماي خانىشنىڭ بېشىنى ئاپتۇ. ئەتىسى ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن شاھ ـ سۇلتانلار ئۆز دۆلەتلىرىگە قايتىشىپتۇ. پادىشاھ ئۆز يۇرتىدا يۈزىنى كۆتۈ ـ رەلمىگۈدەك ھالەتكە يېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ تاجۇ ـ تەختىنى تاشلاپ، بۇ ۋاپاسىز دۇنيانى تەرك ئېتىپ ياشاش قارارىغا كەپتۇ. ۋەزىر پادىشاھنىڭ قارارىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ـ مۇ ئاللىبۇرۇن شۇنداق ئويلىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇلار خە ـ زىنىلىرىنى پۇقرالارغا ئۈلۈغ ئېچىۋېتىپ، يۇرتىدىن چىقىپتۇ.

ئەلقىسسە: پادىشاھ بىلەن ۋەزىر تاجۇ دۆلەت، سەلتەنەت، يۇرت ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ، ۋاپاسىز دۇنيادىن قول ئۈزۈپ، ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە يول ئاپتۇ. پادىشاھ بىلەن ۋەزىر ئۇزۇن يول يۈرۈپتۇ، چۆللەردە ئېزىپتۇ، دەريالاردا ئېقىپتۇ، پۇتلىرى تېشىلىپتۇ، ئەمما ئۇلار توختىماي مېڭىۋېرىپتۇ. ئۇلار ئۆز ـ لىرىمۇ نەدە كېتىۋاتقانلىقىنى، نەگە بارماقچى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىكەن. تالاي تۈنلەر ئۆتۈپ، تالاي تاڭلار ئېتىپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھ بىلەن ۋەزىر بىر دۆڭگە

كېلىپ قاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، دۆڭنىڭ توپىسى يۇمشاق، يېتىپ ئارام ئالغىلى ئەپلىك ئىكەن. ئۇلار دۆڭنىڭ ئۇستىگە چىقىپ يانپاشلاپ يېتىپتۇ. پادىشاھ يېتىپلا ئۇخلاپ قاپتۇ، ۋەزىر خىيال سۈرۈپ ئۇخلىماپتۇ. ئۇ شۇنداق خىيال بىلەن ئولتۇرسا، قۇلىقىغا: «چۇھ، چۇھ،چۇھ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىد-نىپتۇ. ۋەزىر بۇ يەردە ئادەم بارمۇ نېمە، دەپ ئويلاپ، ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلغانىكەن، دۆڭنىڭ يان باغرىدا بىر دېھقان دۈم-بىسىگە يوغان بىر ساندۇقنى تېڭىپ، يۇدۇپ يۈرۈپ قوش ھەيدەۋېتىپتۇ. ئېتىزنىڭ ئۇ بېشىغا بارغاندا ساندۇقنى قىرغا قويۇپ بىردەم ئارام ئېلىۋالىدىكەن، بۇ بېشىغا كەلگەندە يەنە بىردەم ئولتۇرۇۋالىدىكەن. ۋەزىر ھەقىقەتەن ھەيران بوپتۇ. ئۇ، بۇ ئادەمنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ؟ بۇ ساندۇقنى قىردا قويۇپ قويۇپ يەر ھەيدىسە بولمامدىكىنە، دەپ ئويلاپتۇ ئىچىدە. ۋە-زىر بۇ ئىشتىن سەل گۇمانسىراپ، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ كۆز ئۇزمەي قاراپ تۇرۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن دېھقان ساند-دۇقنى قىردا قويۇپ ئۇنىڭغا يۆلەنگىنىچە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا ساندۇقنىڭ ئاغزى ئاستا ئېچىلىپ، ئىچىدىن ئون سەككىز ياشلاردىكى بىر ساھىبجامال قىز چىقىپتۇ. ۋەزىر، ئەمدى نېمە بولاركىن؟ دەپ تېخىمۇ يوشۇرۇنۇپ كۆزىتىپتۇ. ھېلىقى ساھىبجامال دېھقاننىڭ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن تۆش يانچۇقىدىن باشمالتەقتەك بىر قۇتى-نى ئاپتۇ. ئۇ قۇتىنىڭ ئاغزىغا «توك» كىدە بىر چەككەند-كەن، ئۇنىڭ ئىچىدىن يىگىرمە ياشلاردىكى بىر يىگىت ھىجى-يىپ چىقىپتۇ. ۋەزىر «تۇۋا !» دەپتۇ ياقىسىنى چىشلەپ، قا-رىغۇدەك بولسا، ھېلىقى ساھىبجامال قىز بىلەن قۇتىنىڭ ئىچىدىن چىققان يىگىت بىر - بىرىگە چىرمىشىپ ئىشرەت تۈزۈپتۇ. ۋەزىر ئۇن - تىن چىقارماي كۆزىتىپ ئولتۇرۇپتۇ.

بىر چاي قاينىغۇدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن دېھقان ئاستا ئەسنەپ ئويغىنىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھېلىقى يىگىت شاقىقىدە قۇتىنىڭ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ، ساھىبجامال قىزمۇ يۇزلىرىنى پەرەنجە بىلەن مەھكەم يۆگەپ، ساندۇقنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇ- نۇپتۇ. دېھقان ئورنىدىن تۇرۇپ ساندۇقنىڭ ھەممە تەرىپىنى سىلاپ چىققاندىن كېيىن، يەنە ساندۇقنى يۇدۇپ ئاۋۋالقىدەك يەر ئاغدۇرۇشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ.

ۋەزىر پادىشاھنى ئويغىتىپ:

— شاھىم، تۇرسىلا، تۇرسىلا، ئاجايىب بىر ئىشنى كۆر- دۈم، — دەپتۇ. پادىشاھ كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ:

— ھە، نېمە ئىشنى كۆردۈڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھازىر بىلىلا، شاھىم، — دەپتۇ ۋەزىر. پادىشاھ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەي ۋەزىرگە ئەگىشىپ دېھقاننىڭ قې- شىغا كەپتۇ. ۋەزىر دېھقاندىن سوراپتۇ:

— ھەي ئاغىنە، نېمە قىلغىنىڭ بۇ، ساندۇقنى قىردا قويۇپ ئاغدۇرساڭ بولمامدۇ بۇ يەرنى؟

— يوقسۇ، تەقسىر، — دەپتۇ دېھقان ئۇلارغا، — بۇ ساندۇقنى ئۆزۈمدىن بىر قەدەم نېرى قىلالمايمەن.

— نېمە بار ئىدى بۇ ساندۇقۇڭدا، ئۇنچە ئەتىۋارلاپ، ئالتۇن بارمۇ يا؟ — دەپتۇ ۋەزىر. پادىشاھ بولۇۋاتقان گەپلەر- گە قۇلاق سالغىنىچە جىممىدە تۇرۇپتۇ.

— ئالتۇن، ئالتۇن دېدىلىما؟ ھا - ھا - ھا، — كۇلۇپ كېتىپتۇ دېھقان، — ئالتۇن دېگەن قانچىلىك نېمىدى ئۇ؟ ئالتۇن بولسا مۇنچىلىك قىلىپ كەتمىگەن بولاتتىم، تەقسىر، ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك نېمە بار بۇ ساندۇقتا !

— ئۇنداق بولسا ساندۇقنى ئاچ، كۆرۈپ باقايلى، — دەپتۇ ۋەزىر.

— ياق، ياق، بولمايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە باشقا نەرسە ئە-
مەس، مېنىڭ خۇدايىم بەرگەن ھالال جۇپتۇم بار دېسىلە. ئۇ
روپاش. ئايالىم مەندىن باشقا ئادەم ئەمەس، ھەتتا ئەركەك چىۋىن-
نى كۆرۈشنىمۇ خالىمايدۇ، تەقسىر، — دەپتۇ.

— ئاچ دەيمەن، ئاچ! — بۇيرۇق قىپتۇ ۋەزىر. دېھقان
قانچە يالۋۇرغان بولسىمۇ ۋەزىر ئۇنىماي چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. پا-
دىشاھ، بۇ ۋەزىرىم نېمانچە قىلىپ كېتىۋىدىغاندۇ، ئايالىنىڭ
گېپىنى ئاڭلاپ تۇرالمايلا قالدىغۇ بۇ، ئېھتىمال ۋەزىرىم ئايال
سېغىنىپ قالغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ خاپا بوپتۇ، ئەم-
ما گەپ قىلماپتۇ. دېھقان ۋەزىرنىڭ پۇتىنى قۇچاقلاپ ساند-
دۇقنى ئېچىشقا مەجبۇرلىماسلىقنى قانچە ئۆتۈنگەن بولسىمۇ،
بىراق ۋەزىرنىڭ جەھلى تۇتۇپ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئاپتۇ-دە:

— ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن، ساڭا كىمنىڭ گەپ قى-
لىۋاتقانلىقىنى بىلە-



مەن؟ بۇ كىشى، —
دەپتۇ ۋەزىر پادىشاھنى
كۆرسىتىپ، — يەتتە
ئىقلىمغا مەشھۇر پادى-
شاھ، مەن ئۇنىڭ ۋەزى-
رى. دەرھال ئاچ! —
دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

دېھقان: «پادىشاھ
بولسىڭىزمۇ ئاچمايمەن»
دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ.
ۋەزىر ساندۇقنىڭ قۇلۇ-
پىغا خەنجەرنىڭ دەستى-
سى بىلەن بىرنى ئۇرغا-

نىكەن، قۇلۇپ ئىككى پارە بولۇپ، ساندۇق ئېچىلىپتۇ. ساندۇق ئېچىلىش بىلەن ھېلىقى ساھىبجامال: «مەرھابا، قەدىرلىكىم» دەپ يۈزىدىن پەرەنجىسىنى شۇنداق ئالغانىكەن، ناتونۇش ئىككى ئادەمنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ جامالىنى رومال بىلەن توسۇپتۇ.

— ۋىيىيەي، نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ — دەپتۇ ساھىبجامال ئېرىگە قېيىدىغان قىياپەتتە، — نامەھرەم بولار دېمىدىڭىزمۇ؟

— يۈزۈڭنى ئاچ! — ۋارقىراپتۇ ۋەزىر. ئايال قورقۇپ - تىترەپ يۈزىنى ئېچىپتۇ. ۋەزىر ئۇنىڭ تۆش يانچۇقىدىن قوتىنى ئاپتۇ - دە، ئايالغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ سوراپتۇ:

— بۇ نېمە؟

— قۇتا.

— ئىچىدە نېمە بار؟

— ئەڭلىك.

— ئاچ!

— بولمايدۇ، تەقسىر.

ۋەزىر قۇتىنىڭ ئاغزىغا تولۇقىدە بىرنى چەككەنىكەن، ئىچىدىكى يىگىت ھىجايغان پېتى بېشىنى چىقىرىپتۇ - دە، ئەتراپتىكى ئادەمنى كۆرۈپ غىپپىدە قۇتىنىڭ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ. ۋەزىر ۋارقىراپ تۇرۇپ قۇتىدىكى يىگىتنى مەجبۇرىي چىقىرىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ داڭقېتىپلا قاپتۇ.

— ھەي نائىنساپلار، ھەي نومۇسسىز شەرمەندىلەر، بۇ بىچارە ئادەم ئىككىڭنى يۇدۇپ يەر ئاغدۇرۇپتۇ. سەنلەر ساندۇقنىڭ ئىچىدە ئىپلاسلىقلارغا غەرق بولۇشۇپسەن. بۇ جاپاكەش دېھقان يۈزمىڭ مۇشەققەت بىلەن سەنلەرنى بېقىپ يۈرۈپتۇ. ئەي پەسكەش خوتۇن، سەن رويپاشمۇ؟ بايا بۇ ئادەم ئۇخلاپ قالغاندا قىلغان ئىشلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى مەن ئاۋۇ

دۆڭدە ئۆلتۈرۈپ كۆردۈم. سەنلەر ئۆلۈمگە مەھكۇم ! — دەپتۇ ۋەزىر غەزەپلىنىپ.

بۇ ئاھانەتكە چىدىيالمىغان دېھقان ھوشىدىن كېتىپتۇ. بىرپەس ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ھوشىغا كەپتۇ ـ دە، يىغلاپ تۇرۇپ ۋەزىردىن بۇ ئىككى مەلئۇننىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ بېرىشنى ئىلتىجا قىپتۇ. ۋەزىرنىڭ قىلىچى قانغا بويىلىش بەدىلىگە ئىككى باش يەرگە دومىلاپ چۈشۈپتۇ. دېھقان ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى سورىغانىكەن، ۋەزىر پادىشاھ بىلەن ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. دېھقان ئۆزىنىمۇ ھەمراھ قىلىۋېلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ، پادىشاھ بىلەن ۋەزىر ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دېھقانمۇ بۇ ۋاپاسىز دۇنيادىن قول ئۈزۈپ، پادىشاھ بىلەن ۋەزىرنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپتۇ.

ئۇلار يەنە كۆپ يوللارنى بېسىپتۇ. چۆللەردىن كەنتلەرگە، كەنتلەردىن باياۋانغا كىرىپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئۇلار شۇنداق مېڭىپ بىر جاڭگالدا كېتىۋاتسا، يىراقتىن بىر ئۆيدەك نەرسە كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلارنىڭ قورساقلىرى ئېچىپ، ئۇسساپ كەتكەنىكەن. ئۇلار بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ھېلىقى ئۆينىڭ ئالدىغا كەپتۇ، بۇ چاغدا شام ۋاقتى بولغانىكەن. ۋەزىر ئىشىكنى «گۇم، گۇم» قىلىپ ئۇرۇپتۇ، ئارقىدىن:

— ئادەم بارمۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— سىلەر كىم؟ — ئۆينىڭ ئىچىدىن بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

— ئىشىكنى ئېچىڭ، بىز پادىشاھ بىلەن ۋەزىر، — دەپتۇ ۋەزىر.

— ئۆيدە ئەر كىشى يوق، ئېرىم ئوتۇنغا كەتكەن، خاپا بولۇشمىسلا، ئىشىكنى ئاچالمايمەن، — دەپتۇ ئايال ئۆينىڭ

ئىچىدە تۇرۇپ، ئۇلار نائىلاج قاپتۇ. ئۇچەيلەن مەسلىھەتلىشىپ بوگونكى كېچىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزمەكچى بوپتۇ. پادىشاھ بىلەن دېھقان جەينەكلىرىگە بېشىنى قويۇپ ئۇيقۇغا غەرق بوپتۇ. ۋەزىر ئۇخلىماي ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئۆينىڭ ئىچىنى كۆزىتىپتۇ: ئاپال ئايىغى - ئايىغىغا، قولى - قولىغا تەگمەي بىر ياغلىق ھېسىپنى قويۇپتۇ، ھېسىپ پىشقاندىن كېيىن ئاسقۇغا ئىلىپ قويۇپتۇ، ئارقىدىن تازا قىيمىلىق قىلىپ بىر گۆشنانىنى پىشۇرۇپ داستىخانغا ئوراپ قويۇپتۇ، يۇگۇرۇپ يۇرۇپ بىر قازان چۆچۈرىنىمۇ پىشۇرۇپتۇ، ئاندىن كارىۋاتنىڭ قېشىغا كېلىپ: «چىقىڭ» دېگەنىكەن، كارىۋات ئاستىدىن بىر يىگىت چىقىپتۇ. ۋەزىر تېخىمۇ سەگەكلىشىپ، كۆزىنى ئۇزمەي قاراپ تۇرۇپتۇ. ئاپال ياغلىق ھېسىپ، گۆشنانىنى ئېلىپ يىگىتنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. چۆچۈرىنى ئۇساي دېگەندە تالا تەرەپتە تاراق - تۇرۇق بولۇپ، ئېرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئاپال دەرھال ھېلىقى يىگىتنى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا، تەييارلىغان غىزالىرىنى ئۇيەر - بۇيەرگە يوشۇرۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئاپالنىڭ ئېرى ئوتتۇندىن قايتىپ كەلگەنىكەن.

— ھوي، نېمە ئادەم سىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ ئوتتۇنچى ئىشىك ئالدىدىكىلەرگە قاراپ. ۋەزىر دەرھال جاۋاب بېرىپتۇ:

— بىز پادىشاھ بىلەن ۋەزىر. ئاپالىڭىز ئىشىكىڭىزنى ئاچمىدى. شۇنداق بولسىمۇ مۇشۇ يەردە تۇنىۋالايلى، دەپ يېتىپ تۇرغانىدۇق.

— ھوي خوتۇن، ئىشىكنى ئېچىڭلا، ماۋۇ خوتۇننىڭ نېمە قىلغىنىدۇ بۇ؟ ئەزىز مېھمانلارنى تالادا قوندۇرغىنىڭلا نېمىسى؟ — دەپتۇ ئوتتۇنچى. ئاپال ئىشىكنىڭ زەنجىرىنى ئاچقاچ:

— ئۆيدە سىلى بولمىسىلا، مەن يالغۇز كېچىدە قانداق ئىشىك ئاچاتتىم؟ — دەپتۇ. ئۇلار ئوتتۇنچىنىڭ قىزغىن تەك-

لىپ قىلىشى بىلەن ئۆيگە كىرىپتۇ.

— هە خوتۇن، ئۆيدە بار ياخشى نەرسىلىرىڭلىنى ئېلىپ بۇ ئەزىز مېھمانلارنى ئوبدان مېھمان قىلىڭلا ! شاھ ئالىيلىرى بىلەن ۋەزىرئەزەمنىڭ غېرىب كۆلبىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلىشى ئويلىمىغان بەخت، خوتۇن، — دەپتۇ ئوتۇنچى ئايالىغا چۈشەندۈرۈپ. ئايال ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئوڭ قېشىنى يۇقىرىسىغا بىر ئېتىپتۇ - دە:

— ئوتۇنچىنىڭ ئۆيىدە نېمە بولماقچىدى، مۇسۇلمان؟ — دەپتۇ. ئاندىن ئىككى دانە قېتىپ قالغان قوتۇرماچ بىلەن بىر ھېجىر چىنىدە سوغۇق سۇ كەلتۈرۈپتۇ. قارىماﻣدىغان ماۋۇ خوتۇننى، يا گۆشناننى، يا ھېسىپنى، ھېچبولمىسا چۆچۈرىنى بولسىمۇ ئەكەلسىچۇ، دەپ ئويلاپتۇ ۋەزىر. ئۇ قېتىپ قالغان زاغرا قوتۇرماچنى بىر چىشلىگەنىكەن، ئېغىز چىشى زىڭڭىدە قىلىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىرنىڭ بۇ ئايالغا بولغان غەزىپى تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ. قارىسا، ئوتۇنچى ھېلىقى قاتتىق ناننى سۇغا چىلاپ كاراسلىتىپ تازا مەززە قىلىپ يەپ ئولتۇرغۇدەك. بىردىنلا ۋەزىرنىڭ ئاغزى قىچىشىپتۇ:

— ئەي دوستلار، مەن ئاجايىپ بىر چۈش كۆردۈمكى، ئەييۇھەنناس، ئاجايىپ ئىش دەڭلار.

— قانداق ئىش؟

— زادى قانداق ئىش؟

— ئېيتىڭچۇ !

— ئولتۇرغانلار ھەيران بولۇپ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سورىشىپتۇ. ۋەزىر گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالىۋېتىپ، گېلىنى قىرىپ سۆزلەپتۇ:

— چۈشۈمدە بىر ئەجەل بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ شۇنداق ۋەھشىي ئەجەلكەنكى، جېنىڭنى ئالىمەن، دەپ ئالدىم-

غا يىلاندەك تولغىنىپ كەلدى. راست گەپنى دېسەم، ئۇ بىر يىرتقۇچ يىلان ئىكەن. يىلاننىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى قانچىلىك دېمەمسىلەر؟ چوڭلۇقى ئاشۇ ئاسقۇدىكى ھېسىپقا ئوخشاپ كېتىدۇ، ــ ۋەزىر قولىنى چېنەپ ھېسىپنى كۆرسىتىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئاسقۇدا ھېلىلا سوزۇۋېلىنغان ياغلىق ھېسىپ ھور چىقىرىپ تۇرغۇدەك. ئوتۇنچى ئايالىغا بىر ئالىيىپ قويۇپتۇ. ۋەزىر سۆزىنى داۋاملاشتۇرىۋېرىپتۇ، ــ قانداق قىـ



لىشمىنى بىلمەي ئارقامغا قاراپ قاچتىم، يىلان قوغلىدى. بىر ئامال قىلاي دەپ كۆزلىرىم چەكچەيگەن ھالدا ئەتراپقا قارىسام، ياپىلاق بىر تاش تۇرۇپتۇ. ئۇ تاش ھەم ياپىلاق، ھەم يۇمىلاق ئىكەن. تاشنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى دەل مۇشۇ گۆشناندەك بار دەڭلار، — ۋەزىر يوگۇرۇپ بېرىپ داستىخانغا ئوراپ قويۇلغان گۆشناننى ئېلىپ كۆرسىتىپتۇ. داستىخاننىڭ ئېچىلىشى بىلەن تارقىغان خۇشبۇي پۇراق دىماغلارغا گۈپپىدە ئۇرۇلۇپتۇ. ئايالنىڭ چىرايى ئۆڭۈشكە باشلاپتۇ.

— كېيىن قانداق بولدى؟ تېزرەك دېسىڭىزچۇ ئادەمنى تىتىلداتماي، — دەپتۇ ئولتۇرغانلار. ۋەزىر ئالدىرىماي، بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— يىلان قوغلاپ كەلدى، مەن تاشنى كۆتۈرۈپ ۋاققىدە بىرنى سالدىم، — دەپتۇ.

— ھە، كېيىنچۇ؟

— يىلان ئۆلدىمۇ؟

— ئۆلمەمدىغان، — دەپتۇ ۋەزىر سوزۇپ سۆزلەپ، — تاش يىلاننىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا تېگىپ ئۇنىڭ تېنى مەلەق - مەلەق بولۇپ كەتتى، خۇددى ماۋۇ قازاندىكى پىشىپ ئېزىلىپ كەتكەن چۆچۈرىدەك، — دەپ شۇنداق بېرىپ قازاننىڭ تۇۋىقىنى ئاچقانىكەن، ئولتۇرغانلار قازاندىكى لىققىدە چۆچۈرىنى كۆرۈپ: «يائاللا» دېيىشىپتۇ.

— شۇنداق بولدى دەڭلار، — دەپتۇ ۋەزىر، — ئاشۇ ھېسسىپتەك يىلاننى، مۇشۇ گۆشناندەك تاش بىلەن بىرنى قويۇۋىدىم، بەدەن - بەدەنلىرى مۇشۇ چۆچۈرىدەك مەلەق - مەلەق بولۇپ كەتتى. يىلانمۇ ئۆلدى، مەنمۇ ئامان قالدىم. ئەمما، قارىسام يىلاننىڭ ئىككى كۆزى ماۋۇ كارىۋاتنىڭ ئاستىدا ياتقان يىگىتنىڭ كۆزىدەك پارقىراپلا قاپتۇ، — ۋەزىر بېرىپ

كارۋاتقا يېپىپ قويغان كىگىزنى شۇنداق قايرىغانىكەن، بىر يىگىت لاغىلداپ تىترەپ، كۆزىنى پارقىرىتىپ ياتقۇدەك. ۋەزىر گەپ قىلماي ئارقىسىغا يېنىپ ئۆز جايىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمىگەن ئوتۇنچىنىڭ ئۆڭى ئۆچۈپ، دەرغەزەپ بولغان هالدا كارۋات ئاستىدىكى يىگىتنىڭ ياقىسىدىن سۆرەپ چىقىرىپتۇ. بىر ياقتا قاراپ تۇرغان ئايالمۇ قورقۇپ - تىترەپ كېتىپتۇ. پادىشاهمۇ ۋەزىرىنىڭ ئەقلىگە هەيران بوپتۇ.

— هۇ بەتبەخت، كىم سەن؟ بۇ يەردە نېمىش قىلىسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ ئوتۇنچى يىگىتنىڭ گېلىدىن سىقىپ تۇرۇپ.

— مەن، مەن... — تىترەپ گەپ قىلالماي قاپتۇ يىگىت. ئوتۇنچى بۇرۇلۇپ خوتۇنىنىڭ چېچىدىن ئاپتۇ - دە، ۋارقىراپتۇ:

— ئېيتە، بۇ كىم؟ ئەجەب مەن تونۇمىدىمغۇ؟

— مېنى كەچۈرسىلە، مەن ئازدىم... — ئايال هەممىنى دەپتۇ.

مەلۇم بوپتۇكى، بۇ يىگىت ئوتۇنچىنىڭ ئايالىنىڭ ئاشنىسى ئىكەن. ئوتۇنچى هەر قېتىم جاڭگالغا كەتكەندە ئۇلار جەم بولۇپ بۇزۇقچىلىق قىلىدىكەن. ئوتۇنچى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تاقەت قىلالماي ئايپالتىسىنى ئاپتۇ - دە، يىگىت بىلەن ئايالنى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە تۆت پارە قىلىۋېتىپتۇ. ئوتۇنچى ئۆزىنى يەرگە ئۇرۇپ، تۇپراقنى قۇچاقلاپ هۆكرەپ يىغلاپتۇ. پادىشاه، ۋەزىر ۋە دېهقان ئۇچەيلەن ئۇنى يۆلەپ، ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى ئۇنىڭغا سۆزلەش ئارقىلىق تەسەللى بېرىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ تۆتەيلەن هەمسەپەر بولۇپ، ۋاپاسىز دۇنيادىن كۆڭلى ئاغرىپ، هازىرغىچە يۇرت ئارىلاپ يۈرگەنمىش.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAyMDk5MDMuemlw",
  "filename_decoded": "40209903.zip",
  "filesize": 42398859,
  "md5": "d432e24b0aeeb5383cd12dfb4004769d",
  "header_md5": "9ab81fef5df5823c3babf18750724b9f",
  "sha1": "d142526baa4708c2644483695d3765a29ee22550",
  "sha256": "e0dde75fe64e9d15172a1d03d26e0283b24e1b6e7ffc99b06ca14fb04ea57405",
  "crc32": 1591203215,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 43274392,
  "pdg_dir_name": "\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u251c\u00b1\u255d\u03a3\u2563\u2569\u2569\u252c \u2534\u2219 \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209903",
  "pdg_main_pages_found": 358,
  "pdg_main_pages_max": 358,
  "total_pages": 369,
  "total_pixels": 1463774592,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}